ئەختەم ئۆمەر



# دولقۇنلۇق ۋاقىتتىكى سۆيگۈ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرى

غېرىب - سەنەم (1) (2)

باياۋاننىڭ سىرى (1) (2)

چۈمبەللىك ساھىبجامال

دىلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ

ئاھ، رەھىمسىز دەريا

قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ

يېگانە ئارال

ISBN 978-7-228-11820-5
9 787228 118205 >
定价：34.00元

ئەختەم ئۆمەر

# دېلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# دىلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ (ھېكايىلەر)

ئاپتورى : ئەختەم ئۆمەر
مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نىغمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى : رىشىت ھاجى ۋاھىدى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991—2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 12
نەشرى : 2008 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى : 2008 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11820—5
باھاسى : 34.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

胆怯的爱：维吾尔文/艾合塔木·吾买尔著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 9
ISBN 978—7—228—11820—5

Ⅰ. 胆… Ⅱ. 艾… Ⅲ. 短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 138732 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 艾合塔木·吾买尔 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 热西提·瓦依提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·萨力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 12 |
| 版　　次 | 2008 年 10 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 10 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 34.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# مۇندەرىجە

قاغجىرىغان تىنىق ........................ 1
خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى ........................ 7
ئۇيقۇلۇق سەھەر ........................ 13
قەدىمىي زەرداب ........................ 32
شائىر ........................ 60
كېچىنىڭ كۆزى ........................ 66
تۇگىمەس ئازاب ........................ 88
لەنجۇ كوچىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ........................ 100
ساماۋى چەمبىرەك ........................ 124
دېلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ ........................ 127
قارا جاڭگال ........................ 130
مەن ياشىغان دۇنيا ........................ 136
قىرتاق سوققا ........................ 142
قىز كېتىدۇ ........................ 146
ئۇرۇمچىنىڭ ئارقا كوچىسى ........................ 158
كونا پاختا........................ 164

بوران ........................................................ 189
تورغاي ........................................................ 194
تىرىلىش ........................................................ 200
رېستوراندىن ئىشرەتخانىغا ........................................................ 208
چىراغ ........................................................ 217
كونا قالپاقنىڭ سايىسى ........................................................ 221
شامال ئۆتمەيدىغان تام ........................................................ 225
شېرىك ........................................................ 239
رەمبال ........................................................ 242
ئۇزاق كېچە ........................................................ 249
ئەڭ ئاخىرقى تارىم يولۇۋسى ........................................................ 269
مۇسا كالا پوقى ........................................................ 280
قارچىغا بالىسى ........................................................ 317
ئۇلاق ........................................................ 335
ھېيىنىڭ ئالا مۇشۇكى ........................................................ 345
كېچىدىكى مەرگەن ........................................................ 355

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قاغجىرىغان تىنىق

پەقەت يىقىلىپ ياتقىنىمنىلا بىلىمەن . بۇ يىقىلىش ئۇيقۇنىڭ بېسىپ كەلگىنىمۇ ، كېسىلىمنىڭ تۇتۇپ قالغىنىمۇ ياكى ئۆلۈپ قالغىنىمۇ ، بىلمەيمەن . ئايىغىمنىڭ ئۇچىنى بىرنەرسە يالىغاندەك قىلدى ، ھەقىچان سۇ ياكى قۇم بولۇشى مۇمكىن . سەزگۈلىرىم ئۆلگەندەك قىلىدۇ . بەدىنىمدە گۆشۈم بارمىكىن؟ بەلكىم گۆش ئارىلاپ يىپ تارتقان تومۇرلىرىم يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان ، زورۇقۇپ ئىگىزلەۋاتقان ئادەمنىڭ تومۇرىدەك قارامتۇل ، كۆكۈچ تۇرغاندۇ . ھازىر چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ياكى ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن روھىم سەيلە قىلىۋاتامدۇ ؛ تومۇرۇم باردەك ، تېخى قۇرۇپ كەتمىگەندەك . ئۇنىڭدا پەقەت ئېرىق ئاستىغا ئولتۇرۇشۇۋالغان شىلىمشىق لايغا ئوخشاش بىرنەرسە باردەك قىلىدۇ . ئۇنىڭ رەڭگى بۇرۇنقىدەك قىزىلمىكىن دەي دېسەم ، مەن يا ئۆلگىنىمنى ، يا ئۇخلاۋاتقىنىمنى بىلمەي سوزۇلۇپ ياتىمەن ، پەقەت شۇنى ، ئېگىز قۇم بارخىنى ئۈستىدە ياتقىنىمنى غۇۋا ھېس قىلىمەن . مەن ئۆلۈم بىلەن چۈشنىڭ ئارىلىقىنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بۇرۇنمۇ ئاڭلاپ باقمىغان . تومۇرۇم قۇرۇپ كەتمىگەن بولسا ، ئۇنىڭدا قالغىنى قىزىل قان ئەمەستۇ . ئۇزاق ، ناھايىتى ئۇزاق قىمىر قىلماي يېتىۋېرىپ قىنىمنىڭ رەڭگى ئېھتىمال يېرىڭدەك ئاقۇچ بىرنېمىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك . بۇنىمۇ تولۇق راست دېيەلمەيمەن ، قان ئارىلاش يىرىڭ ياكى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان

يىرىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئېقىۋاتامدىكىن دېسەم، شەپىسىز؛ ئاقمامدىكىن دېسەم، بىر چاغلاردا (كىچىكىدىمۇ، كۆندۈزدىمۇ، سۇبھىدىمۇ، بىلمەيمەن) قىلدىن ئىنچىكە يىپ سۆرەلگەندەك ناھايىتى زەئىپ بىر شەپە كەلدى. مەن بۇنى شەپە دەپ سەزگۈلىرىمنى يىغىپ بولغۇچە (سەزگۈلىرىمنىڭ راست بار-يوقلۇقىغا ئىشەنمەيمەن) غايىب بولدى. شۇ شەپە راست بولغانمۇ، يوق، ھازىرلا ئۆتۈپ كەتتىمۇ. بەلكىم ھازىر ئۇنداق شەپە بولمىغاندۇ. قەدىمكى بىر شەپىنى چۈشەكىگەن ئوخشايمەن دەپ قالدىم.

قارىغاندا تەنلىرىمنىڭ گۆشلىرى سىزىپ تۈگەپ، سۆڭەكلىرىم قاقشال بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. قۇم ئۈستىگە يىقىلغان چاغلىرىم راست ئېسىمدىمۇ ياكى شۇنى چۈشەكىۋاتىمەنمۇ؟ بەدەنلىرىمنى بىر قىز سىلىغان. ئۇيقۇلۇقمۇ، يېرىم ھوشسىزمۇ، يەنىلا ئېسىمدە يوق. كۆزۈم ئاجىز كۆرۈش سەزگۈسىدە قىزنى كۆرگەن. كۆرۈۋېتىپ كۆرۈش سېزىمىم يوقالغان. يەنە كۆرۈۋاتقاندا، يەنە كۆزۈم يۇمۇلۇپ قىلىپ قىينىلىپ ئاچسام يەنە يۇمۇلۇپ قالغان. شۇ تەكرار ئېچىلىش - يۇمۇلۇشلار ئىچىدە سۇمبۇل چاچ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئالمىدەك يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان بىر قىز لاكلانغان ئۇزۇن تىرناقلىق قوللىرىنى ئاق شايى ئىچىدىن ئاي نۇرىدەك سوزۇپ چىقىرىپ بەدەنلىرىمنى سىلىماقتا ئىدى. ھەممە يېرىمگە ئىللىق سېزىم تارقالدى. مەندە بىر چاغلاردىكى غالجىرلىشىپ تۇرىدىغان ئەسەبىي يىگىتلىكىمدىن ئەسەرمۇ يوق. قىزنىڭ سىلىشىدىن ئويغانمىغان يىگىت ھەرقاچان ئۆلگەن يىگىت. دېمەك، مەن ئۆلگەن ئوخشايمەن. ئەمما، بۇنىڭغا تەن بەرگۈم يوق. قارىغاندا يۈرىكىم سەل قىمىرلىغان ئوخشايدۇ. مەن نېمە بولدۇم؟ ئۆلسەممۇ ئاياللارغا بولغان تەئەللۇقاتىم ئۆلمىگەندۇ دەپ ئويلىدىم. بىر چاغلاردا مەدداھنىڭ ئاغزىدىن ئادەم ئۆلۈپ دوزاختا كۆيۈپ پاكلىنىپ جەننەتكە كىرگەندە، قىز ئالغان

www.uyghurkitap.com

خوتۇنى بىلەن جەننەتتە يەتمىش ئىككى خىل نۇر ئىچىدە ئۇچرىشىدۇ. ئەرنىڭ كۆزى بۇ نۇرلاردىن ئالا چەكمەن بولىدۇ. چۈنكى جەننەتتىكى ھەربىر نۇر جەننەتتىن شۇ ئەرگە ئاتاپ قىلىنغان بىردىن قىز بولۇپ، ئەر بىرلا ۋاقىتتا خوتۇنىدىن باشلاپ ئاشۇ يەتمىش ئىككى قىز بىلەن بىرگە بولىدۇ. شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ يىگىتلىكى بېسىلمايدۇ، قىلچە چارچىمايدۇ. ئاشۇ ھۆر ـ پەرىلەرمۇ يەنىلا قىز پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئەر بۇ ئالەمدە يات ئايال بىلەن بىر قېتىم ھارام مۇناسىۋەتتە بولسا، جەننەتتىكى نېسىۋە — ھۆرلەردىن بىرى ئازلايدۇ، دەپ ئاڭلىغان. توۋا، ئەر ئۆلسىمۇ يىگىتلىكى ئۆلمەيدىكەن، دەپ خۇشال بولغانىدىم. ئەمدى ئۆلگىنىمنى بىلمەيمەن، ھەرقاچان ئۆلمىدىم دەپ ئويلايمەن. مانا كۆزۈمنى زورۇقۇپ ئاچتىم. يەنە بىر قىز، ياق ... ئوخشىمايۋاتىدۇ، پەقەت ئورىلىۋالغان ئاق شايىسىلا كۆرۈندى. ئوبدانراق زەن سالسام ئۇ قارا سۇمبۇل چاچ ئەمەس، سېرىق بۇدۇر چاچ؛ ئاق يۈز، قارا كۆز ئەمەس، سېرىق يۈز، يېشىل كۆز؛ قارا كىرپىكلىرى مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئەمەس، سېرىق كىرپىكلىرى قايرىلىپ تۇرىدۇ. بىر گۈزەلمۇ؟ بىر جۈپ گۈزەلمۇ؟ بەلكىم ئىككىلىسى بىر گۈزەل. ھەرقاچان بۇ گۈزەل شەرق گۈزىلىدەك كۆرۈنۈپ يىگىتلىكىمنى ئويغىتالماي، غەرب گۈزىلىدەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ئوخشايدۇ. ھەي ئاللا، بۇ نېمە كارامەت؟! ئەر ئۆلسىمۇ يىگىتلىكى ئۆلمەيدىغان قىلىپ يارانتقانكەنسەن، قېنى مېنىڭ يىگىتلىكىم؟ ۋاي توۋا قىلدىم. خۇدا گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن. ئالجىپتىمەن، مېنىڭ ئۆلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىم ئېنىق ئەمەس. ئۆلدۇممىكىن دېسەم ئۆلۈمنىڭ ئالامىتى قويۇق. ئاھ، مېنى ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا قويغان ئوخشىمامسەن؟ ئۆلسەم دوزاخقا سالاتتىڭ، چۈنكى مەن سېنىڭ سىناق ـ پەرمانلىرىڭنى ئادا قىلمىغانلىقنىڭ سىرتىدا ئۆزۈمنىمۇ، ئانامنىمۇ خار

قىلدىم . ئۇ ياقا يۇرتقا بارماي تۇرۇپ مۇساپىر ، خار ـ زار بولدى . شۇنىڭ ئۇچۇنلا دوزاختا كۆيدۈرۈلۈشتىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن دوزاخقا سالىدىغانلىقنى كۆڭلۈمگە ئالدىم. بۇلارنى كۆڭلۈمگە سالغان ھەرقاچان ئۆزۈڭ . دوزاخقا سالمىغاندىكىن ئېھتىمال ئۆلمىگەندىمەن . سېرىق چاچلىق ، يېشىل كۆزلۈك جانانىم مېنى سۇمبۇل چاچلىق ، قارا شەھلا كۆزلۈكۈمدەك مامۇق قولىدا سىلاۋاتىدۇ . بۇلۇتتەك كۆكسىنى قاغجىرىغان مەيدەمگە يېقىۋاتىدۇ . قېنى مەندىكى يىگىتلىك ؟ ئىككى تەنلىك ، بىر يۈرەكلىك قىز . ھەي ، تىرىك ياكى ئۆلۈك ۋاقتىمدا ئۇچرىغان بولساڭلار مۇشۇ قومدا سىلەرنى دېڭىزدىكى بېلىقتەك يايراتماسمىدىم . ئەمدى ئۇنداق قىلالمايمەن . مەن ئەسلىدە ئەر ئىدىم . يىگىتلىكىم ئۆلگەندىن كېيىن مەن ئەرگىمۇ ، ئايالغىمۇ ئوخشىمايدىغان ، ھاياتنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم بولۇپ خۇدانىڭ لەنىتىگە قالغان بىر مەخلۇققا ئايلاندىم . شۇ تاپتا ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ بىھوش ياتماقتىمەن . ھېسسىياتسىز ناجىنس ئىسكىلىت . ياق ، ئىسكىلىتمۇ ئەمەس . بىر يەرلىرىم قاقشال بولسىمۇ ئەپلەشمىگەن يەرلىرىمدىن يەر مەرىزىدەك گۆشلىرىم ئۆسۈپ ، ئۇنى ئۆزۈن ، ئېشەك قۇيرۇقىدەك موي لار بېسىپ كەتتى . يېلىنجىغان تىننىقلار قاغجىرىغان زەئىپ دىماغلىرىمغا تەسىر قىلمايدۇ ، ئاھ ، گۈزىلىم ، ياق ، سەن ئالۋاستى . مېنى ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا ياتقۇزۇپ قويغان ، قۇيرۇقۇمنى قومغا باستۇرغان دەل ئىككى تەنلىك ، بىر يۈرەكلىك قىز سۈرىتىدىكى ئىككى يۈزلۈك ئالۋاستى . مېنىڭ يىگىتلىكىمنى ئۇ يۇمشاق قوللىرى ، شېرىن لەۋلىرى ، يۇمران كۆكسى بىلەن شوراپ خوراتقان . ئاھ ... ئالجىپتىمەن ، راست ئالجىپتىمەن ! چۈشەكىگەندىمەن تايىنلىق . مەن ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا قومدا سوزۇلۇپ ئوڭدا ياتقان يېرىم تەنلىك بىر مەخلۇق . يا قەبرىگە كىرمىگەن ئۆلۈك ، يا قەبرىدىن قاچقان تىرىك . مەن شېھىت بولغان

www.uyghurkitap.com

ئوخشايمەن . ئۇنداقمۇ ئەمەستۇرمەن . مۇشۇنداق سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇزاققىچە ئۆلمەيدىغان ئوخشايمەن . شامال چىقسا قايىقىم تارتقاندەك قىلىدۇ . سەزگۈلىرىم قاپىقىمدىن قومۇش ئۇنىڭغا بېشارەت قىلدى . قومۇشقا قاغىلار قونۇۋاپتۇ . ئۇلار كۆزۈمنى ماراپ قاقىلدىشىدۇ . شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىشىدۇ . مەن كۆزۈمنى جىن چىراغدەك پىلدىرلىتىپ ياتىمەن . ئۇلار سەل ئەيمىنىدۇ . ئەگەر پەسكە چۈشىدىغانلا بولسا كۆزلىرىمنى چوقۇپ يەپ كېتىشى تۇرغان گەپ . ئاۋازىم چىقمايۋاتىدۇ ، چۇقان سېلىپ ئۇلارنى ئۈركۈتۈۋېتەلمەيمەن . ئىككى قولۇم كېرەككە كەلمەيدۇ ، تېپەلمەيمەن . يىگنە سانجىغاندەك ئاغرىق سېزىمەن ، شۇ چاغدا ، يەنە يۈرىكىمنىڭ بارلىقىنىمۇ غۇۋا ھېس قىلىمەن . كۆزۈمگە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ قان تامچىلىغان تەلەتى پەيدا بولىدۇ . كېيىن چىشلەيدۇ...

تىنىقلىرىم ھاياتمىدۇ ؟ تىنىمسام ئۆلدۈم . ئۇزاق زاماندىن بېرى مەن بىھوش سوزۇلۇپ ياتقان قۇملۇققا تىرىك ئادەم ئاياغ باسقانمىدۇ ؟ ئەگەر تىرىك ئادەم ئاياغ باسسا ، ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كەلسە ، مېنىڭ گۆشۈمدىن ئوزۇقلانغان يىرتقۇچلار پېتىرارمۇ ؟ ئۆلجىسىغا چىدىماي ئۇنىمۇ قوشۇپ يېقىتارمۇ ؟ تىرىك ئادەم كەلسە بۇلار پېتىراپ كېتىدىغاندەك . ئۇ ئادەم مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ . راست ، مەن چۈشەكىمەيتىمەن ، خىيالمۇ قىلماپتىمەن . مېنى بىرى يۆلەۋېتىپتۇ . بىر جۈپ يېشىل نۇر كۆزۈمنى چېقىپ كەتتى . ئۇزاق يىل ئاپتاپ كۆرمىگەندەك ، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمىدىم . كۆز ئالدىم ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلدى . چۆچۈپلا ھوشۇمدىن كەتتىم . مېنى يۆلىگىنى ئاجايىپ بىر مەخلۇق . بېشى بۆرىگە ئوخشايدۇ ، تېنى چۈپۈرلۈق ، ئەمما ئادەمگە ئوخشايدۇ . بۇ ئادەم ئەمەس ، بۇنداق ئادەمنى مەن ھەرگىز كۆرۈپ باقمىغان ، ئاڭلاپمۇ باقمىغان . بىر چاغدا يەنە ئاستا ـ ئاستا ئىلغا

قىلالىدىم. ناھايىتى يىراقتا ... ۋاھ، مەن يۇلتۇزنى كۆرمىگىلى قانچە ۋاقىتلار بولغاندۇ. يىراقتىن، يىراق كۆكتىن بىر جۈپ يۇلتۇزنى كۆردۈم. يۇلتۇز شۇنچە روشەن كۆرۈندى. كۈمۈشتەك نۇر ئەمەس، بىر خىل كۆك نۇر چاقنايدۇ. يۇلتۇزنى ئوراپ غۇۋا بىر چىراي يەنە كۆرۈنۈپ يەنە يوقايدۇ. بۇلار بىر جۈپ يۇلتۇزدەك ۋە يەنە بايىقى بۆرىنىڭ كۆزىدەك كۆرۈنىدۇ. غۇۋا چىرايلار ئاشۇ كۆك نۇرلۇق بىر جۈپ يۇلتۇزغا يېقىن كۆرۈندى. چەكچىيىپ تۇرغان ئېيىق، يەنە ھېلىقى تۈكلۈك ئۇزۇن تۇمشۇق مەخلۇق يەنە قانداقتۇر غۇۋا چىرايلار چەكچىيىپ قاراشقاندەك قىلدى. كۆك نۇر چاقنىغانچە تىنىقلىرىم پەيدا بولۇپ كۈچەيمەكتە ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# خوتۇننىڭ ئاشنىسى

— ئىست سەندەك نىمگە خوتۇن بولغۇچە ئى كوچىدىكى مەدىكارغا خوتۇن بولسامۇ، بېشىغا ئېلىپ خوتۇن قىلار ئىدى، — دېدى خوتۇنى چىرايلىق قوللىرىنى ئېرىنىڭ تاتىرىپ قورۇلۇپ كەتكەن يۈزىگە شىلتىپ تۇرۇپ.

— سەن... سەن... ھېلى باكا بىر قويۇپ ئوتتۇز ئىككى چىشىنى تۆكۈۋېتىمەن ماۋۇ كاسكىنىڭ، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە دەيمەن، — ئېرى ئۇرىدىغاندەك مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلىدى.

— بولسا بىرنى قويۇپ باقە قېنى، ئاناڭ شۇمەك سالغان بولغاندىكىن لەۋزىڭدە تۇرۇپ بىرنى ساله. سېنىڭ مۇشتۇڭ قانداق بولىدۇ بىر كۆرەي. بىرنى قويدۇرالماي كېلىۋاتىمەن ئىتتىكرەك قۇتۇلارمەن دەپ، — دېدى ئايالى چىرايلىق مەڭزىنى ئېرىنىڭ ئۆزىگە تەڭلەنگەن مۇشتىغا يېقىن ئەكېلىپ.

— مانا ئەمەسما، بىرنى قويىمەن دەپ بولغۇچە كۆكەملىك قىلىپ ئاران تۇرىسەن ئالەمنى مالەم قىلىپ مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرگىلى، ھەممىلا يەردە داد ئېيتىپ ئەرز قىلىپ يۈرەرسەن ھەقىچان؟

— يا ئەرز قىلارمەن، يا قىلماسمەن، بىرنى قويامسەن قېنى ئەر كىشى بولساڭ.

— ئوبدان خوتۇن، ئادەمنى ئۇنداق خاپا قىلما دەيمەن، باكا ئۇرسام ساڭىمۇ، ماڭىمۇ پايدىسى يوق، ئۇرماي مۇشۇنداق

چىرايلىق مەڭزىڭگە سۆيۈپ قويا ي .

ئېرى ئاغزىنى ئەكېلىشىگە ئاران تۇرغان خوتۇنى يەنە ئاغزىنى قويۇۋەتتى :

— تۇفى ! يۈزى قېلىن ئوغرى ، سەندەك نېمىنىمۇ ئەركىشى دېگىلى بولامدۇ ، يا پىياز ئەمەس ، يا لازا . يا ئەرلەرگە خاس ۋىجدانىڭ بولمىسا سېنىڭ . ئەركىشى دېگەن سەندەك لاۋزا ـ تېتىقسىز بولماس دۇنيادا ، ئىسىت ، ئىسىت… نېمىشقىمۇ تېگىپ قالغان بولغىيتتىم بۇ لىكتاسمىغا ؟ كوچىدىكى هارۋىكەشكە تەگكەن بولسامىمۇ ئېتىنى ئوت قېتىم قامچىلىغاندا بولسىمۇ بىر قېتىم ئاچچىقى كېلەتتى .

— نېمىشقا هارۋىكەشكە تەگمەي ماڭا تەگكەن ؟ هە قاچان خىزمەت ئورنۇم يۇقىرى بولغاچقا مائاشىمنى دەپ تەگكەن بولغىيتتىڭ ـ هە ، — ئەر غالىبلارچە گىدەيدى .

— چىرايلىق ياسىنىپ گالستۇك تاقاپ ، چىمەندوپپا كىيىپ ، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زىيالىي ، ئۇنۋانىم ئالىي ئىنژېنېر دېسەڭ تېگىپتىمەن . هۆ… هۆ… زىيالىي ، ئىنژېنېر دېگەنمۇ سەندەك بولامدۇ ، مەن ئۆلەي .

— هېلى باكا جۇما ، مېنى هاقارەتلىمە .

ئەمدى رەسمىي ئاچچىقى كەلگەن ئەر ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ ئۇرغىلى چىدىماي مۇشتۇمىنى ، مۇرىسىگە پاتۇرۇپ ئىتتىرىۋەتتى .

— ۋايجان ، ۋاي مەن ئۆلدۈم ، هەي قاتىل ، هەي يۈندىخور قاتىل ، مېنى ئۆلتۈرۈپ يەمسەن ، ۋايجان ، ئۇردۇڭما ؟ !…

ئايال قۇلاقنى ياك قىلغۇدەك چىرقىراپ ، توۋلاپ ۋايجانلاپ كەتتى . سىرتتا تۇرۇپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانلار ، قوشنىلار : «خوتۇن كىشىنىمۇ شۇنداق قاتتىق ئۇرغان بارمۇ ، بۇنى قانداق ئەر كىشى دېگىلى بولسۇن» دېيىشىپ ئەرنى قارغاشتى . ئايالنىڭ بوغۇلۇپ خىرقىراپ چىقىۋاتقان ئاۋازى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى . «كىرىپ ئاجرىتىپ قويايلى . ئاچچىقىدا يامان يەرگە ئۇرۇپ سېلىپ

بالانىڭ چوڭى چىقمىسۇن» دېدى قوشنىسىنىڭ ئايالى تىپىرلاپ ئولتۇرالماي .

— غىت قىس . ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، — دېدى ئېرى زەردە بىلەن .

ئايال كارىۋات ئۈستىدە تولغىنىپ قار ـ يامغۇر يىغلاۋاتقىنىدا ئەر ئۇنىڭ بېشىدا ھەم تاپا قىلغان، ھەم يالۋۇرغان تەرزدە گەپ ئاچتى :

— ۋاي ئوبدان خوتۇن، جېنىم خوتۇن، مەن بىر خۇش بولاي، بۇنداق سەت چىرقىرىماڭلار، قوشنىلار ئاڭلىسا سەت تۇرىدۇ . مېنىڭ ئىككى پۇللۇق يۈزۈم قالمايدۇ . مەن نەدە سىلىنى ئۇردۇم دەيمەن .

— تازا ئاڭلىسۇن، ئاڭلىسۇن، ھۇ ئۆلمەيدىغان سەت ئوغرى، قىلىش ئوغرى ! سېنىڭ نەدە ئىككى پۇللۇق ئىناۋىتىڭ بارتى . ئۇرمىدىم دەپ تېنىۋالالمايسەن، تازا يىغلايمەن، تازا... — ئايال تېخىمۇ قاتتىق ھۆكرەپ يىغلىغىلى تۇردى . ئۇلارنىڭ ئۈچ ياشلىق بالىسىمۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئانىسىغا تەڭكەش بولۇپ يىغلىغىلى تۇردى . شۇ چاغدا ئۆيگە ۋىجىك، قارىمۇتۇق، مايمۇن چىراي بىر ئەر كىردى :

— ۋاي يەنە نېمە بولۇشتۇڭلار ئاداش ؟ — دېدى ئۇ خىجىل بولغاندەك ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرۇپ . ئەر ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى :

— كۆر... كۆرمەمسەن، ئاداش، ما خوتۇننىڭ يوقىلاڭ ئىشقا ئادەمنىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىپ جېدەل قىلغىنىنى، مانداق ئىتتىرىپ قويسام مېنى ئۇردۇڭ دەپ...

— ھە ئۇرمىدىڭمۇ، لامزەللە ؟ مانداق ئىتتىرىپ قويدۇم دەۋاتىسىنا ؟ يوقىلاڭ ئىشقا جېدەل قىلىۋاتىدۇ دەيسىنا ! سەن زىيالىي، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىڭ بار . ئايلىق مائاشىڭ قېنى نەگە كېتىدۇ ؟ ھەر ئايدا مائاشىڭ قېنى دېسە، ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ يوقىتىسەن . مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن . سەن ئۇ باشلىق، بۇ باشلىققا خۇشامەت قىلىپ توخۇدىن ـ توخۇ،

بىلىقتىن ـ بىلىق ، ھەتتا يەيدىغان نان ، ئىشلىتىدىغان ئوتيېشىغىچە ئۆيگە توشۇيسەن . كېچە ـ كۈندۈز قولتۇقىدىن چىقمايسەن . ئۆز ئۆيىمىزگە بىر پۇڭ خەجلىمەيسەن . بالام نېمە يەۋاتىدۇ ، خوتۇنۇم ئۆيىنى نېمە بىلەن تۇتۇۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپمۇ قويمايسەن . سېنىڭ شۇنچىۋالا مائاشىڭ خۇشامەتكە كېتىدۇ . ۋاي سەن خۇشامەت قىلمىساڭ كۈن ئالالامسەن ، ئەمىلىڭنى ئېلىۋېتەمدا ؟ ناھايىتى بىر گۇرۇپپا باشلىقى ئىكەنسەنغۇ شۇ . ئەمىلىڭدىن ئېلىۋەتسىمۇ سەن ئىلىم ئەھلى ، ئىنژېنېر بولغاندىكىن بىر كىشىلىك كۈن ئالالايسەنغۇ ! ئىدارەڭدىكى باشقىلار خۇشامەت قىلمايدىكەن ، يا ئۇلارنى ئىدارىسىدىن قوغلىۋەتمەپتۇ . بىر سىنىت مائاشى كەملەپ كەتمەپتۇ . يەنە شۇلارمۇ بىر كىشىلىك جاھاندارچىلىق قىلىۋېتىپتۇغۇ . ھەممىسى ئالدىڭدا ھە ـ ھۇ دەپ قويغىنى بىلەن ، كەينىڭدىن مازاق قىلىپ كۈلىدىكەن ، تىللايدىكەن . ساڭا ھار كەلمىسە ، مەن ساڭا خوتۇن بولغاندىكىن مېنىڭ نومۇسۇم كېلىدىكەن . ھۇ... ھۇ...

ئايال ئەمدى رەسمىي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى . كىرگەن مېھمان ئوتتۇردا تەڭلىكتە تۇرۇپ قالدى .

— ماڭا قارىسىلا ، سىلە ئاغىنىكەنلا ، مەن بىر جېنىمغا بۇ ئۆيىنى قانداق تۇتىمەن . قورسىقىدا ئۇمچى بار دېسە راستىكىن دەپتىمەن ، ئالىي مەكتەپتىنمۇ مۇشۇنداق يا ئىلىم ، يا ۋىجداننىڭ سۇنۇقى يوق ناچىنىس چىقامدا ھە ؟

مېھمان گەدىنىنى قاشلىدى .

— يەنە بۇ ئايلىق مائاشىنى ئېلىپلا جىڭ چۇجاڭ ئۇرۇمچىگە يىغىنغا بارىدىكەن ، مائاشىمنى يوللۇق تۇتىمەن دەيدۇ . ماقۇل خۇشامەت قىل ، ئەمدى شۇنچىۋالامۇ قىلامسەن ؟ ! گېلىڭغا يەپراق خۇشامەتچىلىك قىلمىساڭ ، ماغدۇرۇڭدىن كېتىپ يىتىپ قالارسەن ھەقاچان . مائاشىدىن بېرىدۇ دەپ خىيال قىلما ، ساڭا بېرىدىغان بىر سىنىتمۇ يوق . كىمگە خۇشامەت قىلغان بولساڭ شۇنىڭ يالىقىنى يالا . مائاشىمنى بالا بىلەن خەجلەيمەن . ساڭا بېرىدىغان بىر قاچا

ئاشمۇ يوق .

— هاي… هاي… بۇ بەك ئېشىپ كەتتى ، — دېدى مېھمان .

ئەر ئۆزىنىڭ ھىمات تاپقىنى ئۈچۈن دەررۇ بېشىنى كۆتۈردى ۋە مېھماننىڭ يېڭىدىن تارتىپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئاداش ، سەن مېنىڭ جان دوست ئاغىنەم ، شۇنداقمۇ ؟

ئەر مېھمان بېشىنى لىڭشىتتى .

— سەن خوتۇنغا چۈشەندۈرۈپ قويساڭ . مەن مۇشۇ قېتىم شۇ ئادەمنى بىر ئۆزىتىۋېلىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسام بولمىدىمۇ ؟ بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالما . يېقىندا مېنى ئىنژېنېر بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرمەكچىدى دېگىنە . ئەمدى باشلىق ماڭا خەيرخاھلىق قىلىۋاتقاندا بۇنچىلىك يارىشىقىنى قىلمىسام بولامدۇ دەيسەن .

ئۇ بويىنىنى قىسقان ھالدا سائىتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى .

— ۋوي ئايروپىلان ئۇچۇشقا ئەللىك مىنۇت قاپتۇ . سەن خوتۇنغا چۈشەندۈرگەچ ئوبدان بىر نەسىھەت قىلىپ قوي ، ئوبدان ئاداش . مەن سەندىن بىر خۇش بولۇپ قالاي . بۇ ئىشلىرىم بىلەن ھېچ كارى بولمايدىغان بۇ خوتۇننىڭ بۈگۈن ئۆزىچە بىكاردىن سۈركىشىپ جېدەل تېرىغىنىنى دېمەمسەن . ئەجەب ۋاقتىدا كېلىپ ئەسقاتتىڭ ئاداش ، بولمىسا بۇ خوتۇندىن قۇتۇلۇپ بولغۇچە كېچىكىپ قالىدىكەنمەن . ماقۇل ئاداش ، مەن ئۆزىتىپ قويۇپلا كېلىمەن .

ئەر شۇلارنى دەپلا ئاغىنىسىنىڭ گەپكە ئۈمەللىگەن ئاغزىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپلا چاپىنىنى كىيىشكە ئۈلگۈرمەي كۆتۈرۈپ ، يۈگۈرگەنچە ئىشىكنى گۈم قىلىپ يېپىپلا چىقىپ كەتتى . ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ قالدى . ئايال ۋارقىرىدى :

— ھەي لامزەللە ، نەگە بارىسەن ؟ خېتىمنى بەر دەيمەن !

بۇنىڭغا ئېرىنىڭ يۈگۈرۈپ پايپاسلاپ يىراقلاپ كەتكەن ئاياغ تاۋۇشىدىن باشقا جاۋاب بولمىدى . ئايال چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەپ ئەر مېھمانغا قاراپ پىخىلداپ كۈلدى :

— قانداق ، مەن نېمىدېگەن ؟ ! تاسلا قالدىلا كەلمىگىلى .
— يائاللا ، رەسمىي بالاكەنسەن ، ساڭا قول قويدۇم ، — دېدى ئەر پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ .
ئايال بالىغا قارىدى . بالا يىغلاپ - يىغلاپ يەنە ئۇخلاپ قالغانىدى . ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىۋەتتى .
ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنى يەۋەتكۈدەك بېقىشقىنىچە چىڭ گىرەلىشىپ كەتتى .
— كاۋاپ قورۇپ قويغان ، ئاۋۋال يەۋالامىلا ؟
— قويە ئۇنداق بىرنېمەڭنى ، هازىر سەندىن باشقىغا تاۋىم يوق ، — دېدى ئەر تىنىقى يېتىشمەي ئۇنى ئىچىگە چۈشكەن هالدا .
— ئېرىمدىن شۇنداق بىر ئېغىز گەپ ئاڭلىسام كاشكى !

1988 - يىل 12 - ئاي ، قەشقەر



www.uyghurkitap.com

# ئۈيقۇلۇق سەھەر

## 1

سەھەردىكى ئۈيقۇ شەيتان ئۈيقۇسى . ئۇ ئۈيقۇ ئىچىدىكى ئەڭ لەززەتلىك ئۈيقۇ . ئۇنىڭدىن ئايرىلىش — مەشۇقىدىن ئايرىلغان ئاشىقتەك كۆڭۈلگە ئېغىر كېلىدۇ . ھېسسىياتى ۋۇجۇدىنى قىزىتىپ تۇرالمايدىغان ياشلار ئۈچۈن بۇ ئۈيقۇدىن تاتلىق يەنە بىرلا لەززەت بار . بۇ ئۈيقۇدىن ئانا مىڭنى توۋلاپ ئويغىتالمىغان ياش ئوغۇلنى ئاشۇ لەززەتنىڭ پۇرىقى ئويغىتالايدۇ . بۇمۇ بىر شەيتان . بۇ — شەيتان لەززىتى ، بۇ پۇراق — قىزدىن كېلىدىغان ئۆتكۈر ، خۇشبۇي ، يېقىملىق پۇراق . ئۆيىنى سۇ باسسا كارىۋات بىلەن لەيلەپ ئۇخلايدىغان ياش يىگىت قىزنىڭ سۇمبۇل چېچىنى تارىغان شەپىسىدىن ئويغىنىدۇ .

تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قايىم شاراقلىتىپ ئۇرۇلغان ساپايى ، يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتى . «ۋۇي تاڭ ئېتىپتۇ . تىلەمچى ئايال ئويغىتىپ قويمىسا نەۋاققىچە ئۇخلار ئىدىمكىن» دېگىنىچە يوتقاندىن بېشىنى كۆتۈردى . دېرىزىدىن چۈشكەن قىزغۇچ كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى چاقاتتى .

— ئانا ، ھەي ئانا ، سائىل كەلدى... — ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىرنىمىنى ئېسىگە ئالغاندەك ۋارقىراشتىن توختاپ گەدىنىنى تاتى-

لىدى : «ھەي ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق ئۇنتۇپ قالغىنىمنى ، ئاتا ـ ئانىلار تۈنۈگۈن ھامىمامنىڭ قىزىنىڭ تويىغا كەتكەن ئەمەسمۇ… »

قايىم كۆزىنى ئۇۋىلىغاچ قوپۇپ ، ئىرىنچەكلىك بىلەن كىيىملىرىنى كىيىپ ، قولىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن ، تەكچىدىكى ئاق ناندىن بىرنى ئالدى ـ دە ، ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ ، ئۆرە ئىشكاپنىڭ ئەينىكىدىن ئۆز سىياقىنى كۆرۈپ مەستلىكى كەلدى بولغاي ، پاخپايغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى .

ئۇ دەرۋازىدىن چىقىۋىدى ، كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تۈگەپ ، قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان ئاق چۈمبەللىك تىلەمچى ئايال توختاپ قالدى . ئايالنىڭ قولىدا سىرىق تۈچ بىلەن قاپلانغان كۆپ ھالقىلىق ساپايى ، ئۇڭ مۈرىسىدە ئالا خۇرجۇن بار ئىدى . «كەلمىگەن تىلەمچىغۇ بۇ ، تۇرقىدىن قارىغاندا ياش ئايالدەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى قايىم .

— خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ ، ئىلىك ، ماۋۇ ناننى ئېلىپ ئاندىن قايتامسىز ؟ — ئۇ ئايالنىڭ نېپىز چۈمبەل ئىچىدىكى چىرايىنى كۆرۈش ئۈچۈن خېلى سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ ، پەرق ئېتەلمىدى ، — ساپايىنى بەك ئوبدان چالىدىكەنسىز ، ناخشىڭىزمۇ بەك مۇڭلۇقكەن ، يەنە بىر چېلىپ بەرمەمسىز .

— ئالدىرايمەن . يەنە بىر نۆۋەت كەلگەندە چېلىپ بېرەرمەن .

— نېمىگە ئالدىرايسىز . تەلپىمنى ئورۇندىسىڭىز بەلەن بىرنىمە بېرىمەن .

— باشقا ئۆيلەرگە بارمىسام بولمايدۇ .

— ۋايىيەي ، كېلىڭا ، كېلىڭ ، ھەممىسى ئوخشاش گەپ . كەچكىچە نەچچە ئۆيدىن تىلەيسىز ؟ بوپتۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن ئۇيالسىڭىز سورىماي . كۆڭلۈمدىكىدەك بىر چېلىپ بېرىپ ، نېمە تەلەپ قىلسىڭىز بېرىۋېتىمەن…

قايىم سەل پوچىلىق قىلىپ قويغىنىنى سىزىپ ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . چۈنكى ، ھازىر دېۋانىلارنىڭ ھالى بەك

يوغـــىنـاپ كـېـتـىـۋاتاتتى .ھەدېسە قوتاندىكى پاقلانغا ، پېشايۋان ئاستىدىكى تەڭلىمات كىگىزگە ، ئۈچىڭىزدىكى چاپانغا دۇئا قىلىشىم دەپ بېزىرىپ تۇرۇۋالاتتى . بۇنداقلاردىن قۇتۇلماق ئاسان ئەمەس ئــىدى . قايىم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنىڭ داۋامىنى تەۋەككۇل قىلىپلا دەۋەتتى :

— كــەچكىچە ھەرقانچە بارسىڭىز يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئۆيگە بارارسىز . تېخى ۋاقچىراق قالسىڭىز خەق نان ئورنىغا تىل ـ دەشنام بـېـرىدۇ . چۈشكە ، چۈشتىن كېيىنگە قالغان تىلەمچى ئائىلىگە شۇملۇق تىلەيدۇ دەپ كىم سىزگە بىرنېمە بېرەر ؟ ! مەن شۇنىڭغا لايىق ، تېخى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق بېرەي ، كېلىڭا…

قايىم ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ ، ھويلىغا ئېلىپ كىردى . شۇ تاپتا ئۇ بىر تىلەمچى ئايالنى نېمە مەقسەتتە بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

— ھــەي ، ھــوي ، ئــوھــۇش… قانداق ئادەمسىز ؟ نېمىشقا قولۇمنى تۇتىسىز ؟

— ھە ، ھە… نامەھرەم بولىدۇ دەمسىز ؟ خاتىرجەم بولۇڭ ، سىزنىڭ قولىڭىزنى يامان نىيەت بىلەن تۇتقىنىم يوق . رەنجىسىڭىز بولدى قويۇۋېتەي .

بــۇ چــاغـدا تىلەمچى ئايال ھويلىغا كىرىپ بولغانىدى . ئۇ ســىــلــكــىـشــلــەپ قولىنى تارتىۋاتقاندا ، قايىمنىڭ كۆزى ئۇنىڭ بىغىشىدىكى «يالت ـ يۇلت» قىلىپ تۇرغان بىلەزۈككە چۈشتى : «ۋۇي ، ئالتۇن بىلەزۈكمۇ نېمە ؟ ياقەي ، بۇ قەلەندەرنىڭ قولىدا ئالتۇن بىلەزۈك نېمە قىلسۇن ! مىس بىلەزۈكتۇ ھەرقاچان… »

— نەگە بارىسىز ؟ ھويلىغا كىرگەنىكەنسىز ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ بىرەر پەدە ساپايى چېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك . مەنمۇ سىزنى ئوبدان رازى قىلىمەن . ھە ، بولمىسا چىقىقىلى قويمايمەن .

قايىم شۇنداق دەپ تىلىنى چىقىرىپ ، كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ، ھــويــلا دەرۋازىسىنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ قۇلۇپ سالدى . ئايال

بىردەم جىممىدە تۇرغاندىن كېيىن، ساپايىنى سوقۇپ ناخشا باشلىدى:

قەلەندەر شاھىمەن،
شاھلار بېشىنىڭ تاجىمەن.
بار جاھان مېنىڭكىدۇر،
كېزىپ دەۋران سۈرىمەن.
...

لەرزان ئېيتىلغان ناخشا قايىمنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئەپسۇسكى، بۇ قىسقا ناخشا پەقەت قايىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئېيتىلغانىدى.

— ناخشىنى ئەجەب بەلەن ئوقۇيدىكەنسىز. پۇل دەمسىز، ئاشلىق دەمسىز بېرەي ياكى كىيىم دېسىڭىزمۇ مەيلى. يەنە ئوبدانلىرىدىن بىرنەچچىنى ئوقۇپ بېرىڭا، ھە ئۆيدە لۆيۈكچى بار، دەيگە[1] ئېلىۋالاي. جۇرۇڭ، ئۆيگە كىرىڭ. ئىچىم پۇشسا ئاڭلاپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرارمەن. «ئالتۇن تاتايمۇ، يامبۇ تاتايمۇ» دېگەندەك ناخشىلار يۈرەكنىڭ پىژىلدىغان يېرىگە بارمايدىغان بولۇپ قالدى، — قايىم سۆزلىگەچ شوخلۇق بىلەن مەيدىسىنى سىلاپ قويدى.

تىلەمچى ئايال ئەمدى ھېچقانداق قارشىلىق قىلمايلا ئۆيگە كىردى. قايىم ئۇنىڭ قولىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ، توپا - چاڭ باسقان سۇپىنىڭ بۇرجىكىگە قويدى. ئايال تۆردىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان دۇخاۋا كۆرپىگە چىقىپ بەھۇزۇر ئولتۇردى. «يالۋۇرۇپ قويسام، ماۋۇ دىۋانىنىڭ ھالىنى كۆر...» ئىچىدە مەسخىرە قىلدى قايىم.

① ئۈنئالغۇ بىلەن لېنتىنى دېمەكچى.

— هه ، خېنىم ، بۇ ئۆيدە باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن چۈمبەلنى ئېلىۋېتىپ چالارسىز . مانا لۈيۈگجىمۇ تەييار ، — قايىم ئۈنئالغۇنى ئايالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ، كۇنۇپكىنى بېسىشقا تەييارلىنىپ تۇردى .

تىلەمچى ئايال چۈمبەلنى شۇنداق ئېلىۋېدى ، روھىيىتى گويا بۇلۇت ئارىسىدىن تولۇن ئاي ، لاي سۇ ئىچىدىن ئالتۇن بېلىق چىقـقاندەك داۋالغۇپ كەتكەن قايىم «ئەجەب چىرايلىق كاساپەتكىنا...» دەۋەتتى ئىچىدە .

ئۇ سېھىرلەنگەندەك قېتىپلا قالغانىدى . تىلەمچى تازا ۋايىغا يېتىپ ھۆسنىگە تولغان گۈزەل قىز بولۇپ ، قايىمنىڭ بۇ قەدەر چىرايلىق قىزنى كۆرۈشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى . قىز قايىمغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ، ساپايىنى سوقۇشقا باشلىدى . قايىم بولسا ئۈنئالغۇنى بېسىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەي ئولتۇراتتى . ئۇ قايىمنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىۋېتىپ ، ئۈنئالغۇ كۇنۇپكىسىنى ئۆزى باستى ـ دە ، ساپايىنى سوقۇپ ناخشىسىنى باشلىدى :

كۆكۈلنىڭ كەينىگە كىرمە ،
كۆكۈل ھەر جايغا باشلايدۇ .
سەمەرقەنت ئالمىسىدەك
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ .

سەمەرقەنتتىن ئالما ئالدىم ،
قەشقەردىكى يىگىتكە دەپ .
قەشقەرلىكىم ئاش بولمىدى ،
كۆكۈل ئالامنى موككىدە يەپ .

قەشقەردىن راۋاب ئالدىم ،
بوم تارىسى پەي ،

زوقۇڭ بولسا كەل يارىم ،
ئالتۇن جامىڭدا تۇتۇپ مەي .

...

قىز ناخشىسىنى تۈگىتىپ ، ئۇنىئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى ـ دە ، تېخىچە بۇتتەك قاراپ تۇرغان قايىمغا بېقىپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن :

— قېنى ماڭا نېمە بېرىسىز ؟ — دېدى .

— سىز... سىز... نېمە ؟ — قايىم چۇش كۆرگەندەك چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى .

— ۋىيەي ، قانداق يېتىم ماۋۇ ، مەن نېمىكەنمەن ، — قىزنىڭ گۈلدەك چىرايى تۇتۇلۇپ ، بادام قاپاقلىرى تۈرۈلدى .

— ياق ، ياق... مەن سىزنى ئادەممۇ ياكى...

— مەن ئادەم بولماي نېمىكەنمەن ؟ تىلەمچى ئادەم ئەمەسما ؟— قىز ئاچچىقى كېلىپ قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى .

— ياق ، ياق ، خېنىم ، مەن ئۇنداق دېمىدىم ، مەن سىزنى بايىلا ئەسكى رومال ئېچىدىكى دىۋانىتىڭىز ، هازىر پەرىزاتتەك...— شۇ تاپتا پۈتۈنلەي بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغان قايىمنىڭ تۇزۇكرەك گەپ تاپالماي قىزغا قارىغىنى قارىغاندى . ئۇ كۆڭلىدە راستتىنلا قىزنىڭ ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى .

چۈنكى ، ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان پەرىزات هەققىدە كۆپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان . يەنە كېلىپ پەرىزات ئادەملەرگە يولۇققاندا دىۋانە قىياپىتىدە كۆرۈنەرمىش ، دېگەن گەپ دائىم ئېسىدە ئىدى .

— هە ، مەن تېخى مېنى ئادەم سۈرەتلىك ئالۋاستى دېدىمىكىن دەپتىمەن . هەيران بولماڭ ، مەن ئادەم. بۇ بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز . پۈتۈن ئائىلىمىز دىكىلەردىن ئانامنىڭ قوچىقىدىكى ئۇكامنى هېسابقا ئالمىغاندا يەتتە ئادەمنىڭ هەممىسى تىلەمچىلىك قىلىمىز .

— بەك يوقسۇل ئوخشايسىلەر ـ هە ؟

— ياق، سىلەردەكتىن نەچچىنى سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يېتىدۇ.

— نېمە، نېمە؟ بىزدەكتىن نەچچىنى سېتىۋالالايسىلەر؟

— شۇنداق، بۇ بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز دېدىمغۇ، بۇنى قىلمىساق پىركور بولىمىز.

— سىز… سىز… قىلمىسىڭىز بولمامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— مەن سىزگە… يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام سىزگە كۆيۈپ قالدىم. ماڭا تەگسىڭىز، بۇنداق پەس ئىشنى قىلمىسىڭىز.

قىزنىڭ يۈزلىرى پاللىدە قىزاردى، ئۇ قايىمدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ شۇئان يەرگە قارىۋالدى. قولى بولسا ساپايىنىڭ ھالقىلىرى ئارىسىدا قىمىرلاپ تۇراتتى.

— راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا، راست گەپ. ئىشەنمىسىڭىز قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ؟ مانا ئالدىمىزدا كۆن تۇرۇپتۇ، تۇزمۇ، قۇرئانمۇ بار.

قايىم ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىچە ئۇياق ـ بۇياققا پىرقىراپ، ئۆي ئىچىنى بىر ئايلاندى. بۇ ھالنى كۆرگەن قىزنىڭ كۆلكىسى قىستاپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى. كېيىن ئاغزىنى نەچچە قېتىم ئۆمەللەپ، تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى:

— مەن، مەن… سىزگە… كۆيگىلى نەۋاخ.

— قايىمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— ۋۇي… سىز مېنى بۇرۇن كۆرگەنما؟

ئۇلار بارا ـ بارا يېقىنلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشتى.

— ئۆتكەن يىلى كەلگىنىمدە سىز ماڭا قۇيماق ئەپچىقىپ بەرگەن… شۇنىڭدىن تارتىپ…

قىزنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، يىگىتنىڭ نەپسىدىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چىقىقان ئوتلۇق تىنىق ئۇنىڭ يەنە سۆزلىگۈدەك دەرمانىنى قويمىغانىدى .

## 2

— هوي ئاتىسى ، ئوغلىمىزنىڭ كۆڭلى شۇ بولغاندىكىن تويىنى قىلىپ قويمىزمۇيا ؟ — زۇبەيدىخان قورقۇمسىراپ تۇرۇپ دېدى .

— يوقال ، سەنمۇ كۆزۈمدىن . ھەممىڭ قاغا مېڭىسى يېگەن سارائلار . بارغانچە ئەقلىڭدىن ئازغىلى تۇرۇشتۇڭ . ئۇنداق ئىشەك ئەمگەن دۆيۈزنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى تۈزۈك . ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ ئاچلىقتىن ئۆلسەكمۇ خەققە بويۇن قىسقان ئەمەسمىز . پۇشتۇمدىن مۇنداق بىر ناكەسنىڭ تامغىنىنى بۇرۇن بىلگەن بولسام ، ئىتنىڭ كۈچۈكىنى كۆمگەندەك ئەسكى تامنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتمەسمىدىم . توۋا... توۋا قىلدىم ، خۇدايىم . ھېچبىر ئادەمنىڭ كەينىدىن كۈلگىنىمنى بىلمەيمەن . قارىمامدىغان ماڭا كەلگەن كەلگۈلۈكنى ئەمدى . ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى ، مېنىڭ ئۇنداق ئوغلۇم يوق... — ئاتا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى . ئاۋازى بوغۇلۇپ ، ھەتتا ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغۇدەك كۇسۇرلاپ قالدى ،— ئاشۇ ، ئاشۇ دېۋانىلارغا بالا بولۇپ كەتسۇن . ئۇ ھەرقانچە باي بولۇپ كېتىپ ، يامبۇدا ئىشلىك تاقىسىمۇ ، تاپقان دۇنياسىنىڭ ھەممىسى ھارام .

سايىم بوۋاي سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۆزىنى توپىلىق يەرگە تاشلاپ ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى توپىغا مىلەنگەن بولۇپ ، قوللىرى توپىنى مىجىقلايتتى ، پۇتلىرى خۇددى كىچىك باللارنىڭكىدەك تېپچەكلەيتتى . ئۇ بىر دەمدىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، توپىغا مىلەنگەن ساقاللىرىنى تىترىتىپ يىغا ئارىلاش ئېيتتى .

— خەلقئالەم ئالدىدا ماڭا نى ئات ، نى نومۇس . مەن ئەمدى

يۇرت ئىچىدە يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەيمەن؟ پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا يۇرتنى تاشلاپ يىراق يەرگە كېتەيمۇ؟ ھۇ ئەقىلسىز بەدرەك، سېنىڭ كۆيۈپ - پىشقىنىڭ ئاخىر بېرىپ ئاشۇ دىۋانىنىڭ قىزى بولدىمۇ؟ نى - نى ئادەملەرنىڭ قىزلىرى يارىماي، ئاشۇ دىۋانىنىڭ قىزى يارىدىما؟ ھۇ كۆڭلى پەس...

بوۋاي يىغلايتتى، قاقشايتتى، خۇداغا نالىلەر قىلىپ ئوغلىنى قارغايتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ خارتىلداپ قالدى.

## 3

قايىم تىلەمچىلەر ئائىلىسىگە كېلىپ ھەيرانۇھەس قالدى. تىلەمچى قىزنىڭ ئىسمى سائادەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى دۆلەتباي ئەللىك ياشلاردىكى دوغىلاق ئادەم ئىدى. ئانىسى ئاغىچىخان بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىگىز بوي، چىرايلىق ئايال ئىدى. بۇ ئائىلىدە بىر يۇرۇش سەككىز ئىغىزلىق ئۆي بولۇپ، ھەممىسى لىم ياغاچلىرىغا نەقىش چېكىلىپ، ۋاساجۇپ قىلىپ يېپىلغان؛ ئۆيلەرنىڭ تاملىرىمۇ ئىسىل نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ، گىلدا سىرلانغان؛ ھەر خىل نۇسخىدىكى ئوتقاشتەك گىلەملەر ئازادە مېھمانخانىنى تېخىمۇ ھەشەمەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۆيدە يەنە زامانىۋى پاسوندىكى ئىشكاپ، تېلېۋىزور، ئۇنئالغۇ دېگەندەك ئۆي جابدۇقلىرىمۇ تولۇق ئىدى. قايىمنى ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قالدۇرغىنى مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئالتە يېرىم گەز ئۇزۇنلۇقتىكى تېمىنىڭ پۈتۈنلەي ئەينەك بىلەن قاپلانغانلىقى بولۇپ، ئۆيئىچى ئەينەكتە ئەكس ئېتىپ، ئۆينى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى.

بۇ ئائىلىدىكىلەر ھەر ئايدا ئون بەش كۈن ئات ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كونا كىيىملەرنى كىيىشىپ،

باشقا يۇرتلارغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. بۇ مەزگىلدە بىرسى ئۆيدە قېلىپ، بىرنەچچە ئەر ـ ئايال ھەققەمسايىلىرى بىلەن ئائىلە ئىشلىرىغا قارايدىكەن. تىلەمچىلىككە چىققانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاپقىنىنى سېتىپ پۇل قىلىدىكەن، قالغان ئون بەش كۈننى دەم ئېلىش، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن.

دۆلەتباي قىزى سائادەتنى مۇشۇ «جاپاسىز» كەسىپنى ئۆگىنىش ھەم ئۆزلىرى بىلەن تەڭ «ھۈنەر» قىلىش شەرتى بىلەن قايىمغا نىكاھلاپ بېرىپ، ئۇنى ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. تويدىن كېيىن بۇ ئائىلىدىكى سائادەت بىلەن قايىمدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ يىراق يۇرتلارغا بىر ئايلىق ئوقەتكە چىقىپ كەتتى. سائادەت ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، شېرىن ئاينى ئۆتكۈزگەچ، قايىمغا بىر يۇرۇش تىلەمچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەتتى. كۈنلەر شۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىكى، مۇرادى ھاسىل بولغان بۇ ئىككى ياش بىر ـ بىرىگە قانمايتتى، شېرىن سۆھبەتلەرنىڭ ئايىغى چىقمايتتى. ھەتتا قايىم ئۆز ئائىلىسى، ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ سىڭىل قېرىنداشلىرى ھەم يېقىن دوستلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوي ـ پىكرى ۋە ۋۇجۇدى سائادەتكىلا باغلانغان بولۇپ، دىلبىرىنىڭ قوندۇزدەك چېچىنى سىلاپ، پۇراپ تويمايتتى. سائادەت بولسا قايىمنىڭ مەيدىسىگە مەڭزىنى قويۇپ، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشايتتى. بەزىدە قايىم شوخ پەدىلەرگە دۇتار چېلىپ مۇھەببەت ناخشىلىرىنى توۋلايتتى، سائادەت كېپىنەكتەك كېيىنىپ، گىلەم ئۈستىدە چېكىپ دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. بۇنداق چاغلاردا، قايىم چۈمبەلگە پۈركەنگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساپايى چېلىپ تىلەۋاتقان بىچارە قىزنىڭ مۇشۇ سائادەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك كۆز ئۈزمەي ئۇزاق ـ ئۇزاق قاراپ كېتەتتى.

بىر كۈنى، قايىم ھېرىپ ـ تەرلەپ، تۆشەك ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. سائادەتمۇ تۆپىلەپ ئۆزىنى تاشلاپ، نازۇك قوللىرى

بىلەن ئۇنىڭ چىكىسىدىكى تەرنى سۈرتتى .
— ھەي··· شېرىن ۋىسال پەيتلىرىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئاران ئۈچ كۈن قاپتۇ ، — دېدى قايىم چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — ھېلىقى جەندە كىيىملەرنى كىيىپ ، ئەسكى خۇرجۇننى دولامغا سېلىپ ، ساپايى سوقۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىگە بىرشىنى ئويلىسام ، پۈتۈن تېنىم تىكەنلىشىپ ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ ، ئەسكى تام بېسىۋالىدىغاندەك بولۇپ كېتىمەن !
— دەسلەپ شۇنداق بولىدۇ . بىر مەزگىلدىن كېيىن ، ماگىزىندىن بىرنېمە سېتىۋالغاندەك ، دەيدىغاننى دەپ ، بەرگەننى ئېلىۋېرىدىغان بولىسىز - دە ، كۆنۈپ كېتىسىز .
— مۇشۇ بەستىم بىلەن خەقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارسام ، ئۇلار ماڭا بىرنېمە بېرىشنىڭ ئورنىغا تىل - دەشنەم بېرىشى تۇرغان گەپ .
— نەچچە قېتىم ئېيتسام يەنە ئۇقمىغىنىڭىزنى قاراڭ ، ھېلىقى ساقال - بۇرۇتنى قاملاشتۇرۇپ تاقاپ ، ياساپ قويسام ھەرگىز چانمايسىز . خەقنىڭ ئالدىدا بىچارە ، كېسەلمەن بوۋاي سىياقىدا تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز بولىدۇ . قېنى دوراپ بېقىڭا ، مەن كۆرۈپ باقاي ، — دېدى سائادەت قايىمنىڭ قولىدىن تارتىپ .
قايىم ئۇنىڭ قولىنى سىلىكىۋەتتى :
— بەك ھېرىپ كەتتىم ، بىردەم ئارام ئالغىلى قويۇڭا !
— ئاشۇ كۆزىڭىزنىزە ، قولۇمنى بىر تىنىۋەتسەم تازا ! ئادەمگە قارايدىغان بولىسىڭىز نەشتەرنىڭ ئۆزى ، — دېدى سائادەت ناز بىلەن قايىمنىڭ كۆزىگە لېۋىنى تەگكۈزۈپ .
— ھەي سائادەت ، سىلەر شۇنچىۋالا باي بولغاندىكىن ئەمدى تىلەمچىلىكنى تاشلىساڭلار بولمامدۇ ، نومۇس قىلمامسىلەر ؟
— ھىم ، نومۇس قىلمامسىلەر دەمسىز ؟ سىز خەقلەرنىڭ ئوغرىلىق ، پارىخورلۇق ، ساختىپەزلىك ، ئالدامچىلىق ۋە قاتىللىق قىلىپ ، ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ۋەج يىغىۋاتقىنىنى ، خەقنى قاقشىتىپ ئۆزىنى سەمرىتىۋاتقىنىنى

كۆرمىدىڭىزما؟ بىز خەق بەرسە ئالىمىز، بەرمىسە خاپا بولمايمىز. خەققە ئوخشاش چىرايلىق سۆزلەپ بۇلىۋالمايمىز. قارا نىيەتلىك بىلەن بايلىق توپلىمايمىز. ئەجەب ئاشۇنداقلار نومۇس قىلماي بىز نومۇس قىلامدىكەنمىز؟ بۇ بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز. مەن سىزگە دەپ قويay، سىز مۇشۇ گەپنى هازىرقىسى بىلەن تۆت قېتىم دېدىڭىز، ئەجەب بۇرۇن نومۇس قىلىشنى بىلمەستىن، ئاتا ـ ئانىڭىز ۋە يۇرتىڭىزنى ئۇنتۇپ، مۇشۇ هۇنەرنى قىلىشقا رازى بولغانتىڭىز، ئەمدىلىكتە بىزنى، بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىزنى پەس كۆرۈۋاتىسىز. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ كەسىپ ئاتامغا چوڭ ئاتىسىدىن، چوڭ ئاتىسىغا بوۋىسىدىن قالغانىكەن. ئاتا كەسپىنى ئەۋلادىغا قالدۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇش — ۋارىسلىق قىلىش زاماندىن زامانغا كېلىۋاتقان قائىدە. قانداق قىلىمىز ئەمدى. تەقدىر پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتۈۋېتىكەن تۇرسا. ئاتام بىزگە ئۆگەتتى، بىز باللىرىمىزغا ئۆگىتىدىغان گەپ. مېنى سىزگە بېرىشتە، ئاتام بەك كەڭ قورساقلىق قىلدى دەڭا! بولمىسا بىزنىڭ يوسۇنىمىزدا، باشقا يەرگە قىز بەرمەيدۇ، باشقا يەردىن قىز ئالمايدۇ. بىزگە ئوخشاش ئوقەت قىلىدىغانلار بىلەن ئۆزئارا قۇدا بولۇشىدىغان گەپ. سىز پەقەت بىز بىلەن ئوقەت قىلىشقا ماقۇل بولغىنىڭىز ئۈچۈنلا ئاتام مېنى سىزگە بەردى. ئاڭلاڭ، مەن سىزگە مۇنداق بىر چۆچەكنى سۆزلەپ بېرەي:

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئادالىتىدىن پۈتكۈل خەلقى خۇشال، باي ـ باياشات ياشايدىكەن. كىشىلەر بۇ پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىكەن. بىر كۈنى كەچتە پادىشاھنىڭ خانىشى ئېرىگە ئۆزىنىڭ بويىدا قالغانلىقىدىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ هۇجرىسىغا ئالاھىدە ئۆزى كەپتۇ. ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە، هۇجرا ئىچىدىن پادىشاھنىڭ بوش، ئەمما ئېنىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ھەقدوست! نەخشۇەندى پىرىم، سېخىي جەننىتى، خۇدا

www.uyghurkitap.com

رەھىمىتى ، غېرىبىنىڭ قەدىمى يەتتى ، بالانىڭ قەدىمى يەتمىگەي ، ئامىن ! خۇدا رەھمەت قىلغاي…

بۇ غەلىتە گەپلەردىن خانىش ھەيران بولۇپ ، ئېشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، پادىشاھ شاھانە تونىنىڭ پېشىنى چوڭ ئېچىپ ، تامىنىڭ ھەربىر تەكچە ، نۆۋەيلىرىنىدىن پارچە ـ پارچە نانلارنى ئېلىپ ، ناننى ئالغاندا ، بايىقى گېپىنى ياندۇرۇپ دەپ ، پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ، ئېتىكىگە سېلىۋاتقۇدەك . خانىش كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ ، داڭ قېتىپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن ، ئېرىنىڭ ھەرىكىتىنى يەنە داۋاملىق كۆزىتىشكە باشلاپتۇ . بىر دەمدىلا پادىشاھنىڭ ئېتىكى پارچە نانغا لىق تولۇپتۇ . ئۇ پىچىرلاپ بىرمۇنچە دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئاستا بىرىپ تەختىكە ئولتۇرۇپتۇ ـ دە ، ئېتىكىدىكى نانىدىن ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم ، بۇنىڭدىن بىر بۇردا يەپ ، ئاللاغا شۈكۈر ـ سانا ئېيتىپتۇ .

خانىش كىرەيمۇ ، كىرمەيمۇ دەپ ، ئۇزاققىچە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ ، ئاخىر پادىشاھنى خىجىل قىلىپ قويماي ، دەپ ئاستا كەينىگە يېنىپتۇ… خانىش بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنماپتۇ ، بىراق ، بۇنىڭ زادى قانداق سىر ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ ، زادىلا تۇرالماپتۇ . يىل ئۆتۈپ ، ئاي ئۆتۈپ بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويغان چاغدا ، بۇنى تەسلىكتە سوراپتۇ . شۇئان ، پادىشاھنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ، ئۇزاققىچە بىرنەرسە دېمەي ، شۈك بولۇپ قاپتۇ . خانىش تولا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، پادىشاھ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، ئاخىر مۇنداق دەپتۇ :

— خوتۇن ، بۇنى سورىمساڭ ئوبدان بولاتتى ، بىلىپ قاپسەن ، دېمەي بولمىدى . مەن ئەسلىي دېۋانىنىڭ ئوغلىمەن…

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، خانىش ئەنسىز ۋارقىراپ تاشلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قاپتۇ . ئەمما ، شۇئان ئۆزىنى ئوڭشاپ ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپتۇ . پادىشاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ :

— مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ، ئاتامنىڭ ئاشۇ تىلەپ تاپقان

نىننى يەپ، تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ يىغقان ۋەجىدە ئالىي مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، بۈگۈنكىدەك پادىشاھ بولغانمەن. مانا شۇ سەۋەبتىن، ئاتامنى، ئەسل - نەسلىمىزنى، ئۆتكەن كۈنىمىزنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ پات - پات يوشۇرۇنچە مانا مۇشۇنداق قىلىمەن. كاتتا، شاھانە تائاملارنى يېسەممۇ، ئاغزىمغا قاتتىق نانچىلىك تېتىمايدۇ. بۇ نانلار ناۋات تېتىيدۇ. سەن بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما!

خانىش ئېرىنىڭ سەمىمىيلىكىدىن، ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ...

سائادەت سۆزلەپ بولۇپلا قايىمنىڭ بوينىغا گىرە سالدى:

— قانداق؟ پادىشاھمۇ قىپتىكەنغۇ بۇ ئىشنى! ئەمدى بىز قىلساق بولمامدىكەن؟ بايا دېگىنىمدەك، بىزنىڭ ئىشىمىز ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن مىڭ ياخشى.

— ئۆزۈڭ دېدىڭ، پادىشاھمۇ كېيىن ھېلىقى ھۈنىرىنى تاشلاپ پادىشاھ بوپتىكەنيا؟

— بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئوخشىمايدۇ، بىز ئۇلارغا ئوخشىمايمىز، بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ بولغاندىكىن، بىزدە نېمە چارە؟ — سائادەت شۇنداق دەپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى قايىمغىمۇ يىغا ئولاشتۇردى. ئاخىر، ئۇمۇ سائادەتنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئۈنسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، دۆلەتبايلار ئوقەتتىن قايتىپ كەلدى.

ئۇلار بۇ قېتىم بەش تاغار قوناق، سەككىز تاغار بۇغداي، ئۈچ تاغار پاختا، بىر تاغار گۈرۈچ، ئون بەش تاغار ھەر خىل نان، ئوتتۇز قۇر كونا - يېڭى كىيىم، ئون بەش جۈپ قىشلىق - يازلىق ئاياغ، توققۇز پارچە كىگىز، ئون ئىككى قوي، ئۆچكە تېرىسى، ئۈچيۈز توقسان يەتتە كوي نەق پۇل، يەنە بىرمۇنچە ئارغامچا، توقۇناق، كەكە، كەتمەن، پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرگە ئىشلەپ

كەلگەندى . شۇ كۈنى ئاخشىمى ، دۆلەتباغ ئالدىغا بىر تاۋاق قوناقنى ئەكېلىۋېلىپ ، قوناق تىزىپ ، ئوقەتنىڭ ھېسابىنى چىقاردى . كېيىن ، ئۇ پىرىنى سېغىنىپ بۇي ـ ئىسرىقتۇ سىيلىپ ، ياغ پۇرىتىپ بىرمۇنچە دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇدى . قايىم بىلەن سائادەتكە ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىشنى بۇيرۇدى . قېيناتىسىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقى قايىمنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى . ئۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى ، شۇنداقتىمۇ ، قېيناتىسىنىڭ سۆزىنى يېرىۋېتىشكە ئامالسىز ئىدى .

ئەتىسى تېخى تاڭ ئاتماستىنلا سائادەت ئۆزىنىڭ تىلەمچىلىك كىيىمىنى راۋۇرۇس كىيدى ـ دە ، بۇلۇڭدا مەيۈس ئولتۇرغان قايىمغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى . ئاۋۋال ئۇنىڭ ئات يايلىدەك يىرىك ، ئۆسكىلەڭ قارا چېچىنى ماشىنىدا ئېلىشقا باشلىدى . چېچى ئېلىنىۋاتقان قايىم گويا يۇرىكى سۇغۇرۇلۇۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتى . «ھەي كۆكۈل ، ھەي قايىم ، بەرجەس بىر يىگىت تۇرۇپ ، كۆكۈلنى دەپ تىلەمچىلىك كوچىسىغا كىرىپ كېتەرسەنمۇ ؟...» دەپ ئويلىدى ئۇ .

سائادەت تاشقى قىياپىتىگە ماس بولمىغان ناز ـ كەرەشمە بىلەن چىرايى بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن قايىمنىڭ مەڭزىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈپ قويدى .

— دەسلەپ شۇنداق بولىسىز ، كېيىن كۆنۈپ كېتىسىز ، — دېدى ئۇ قايىمنىڭ ياسىما ساقىلىنى تاقاۋېتىپ .

قايىم ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ ، ئەينەكلىك ئۆيگە كىردى . ئۇ كۆردىكى ، ئېسىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن بۇ ئازادە ئۆيدە يىرگىنچلىك بىر جۇلدۇر كېپەن دىۋانە كۆزىنى پىلدىرلىتىپ تۇراتتى . ئۇ قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى زادىلا تونۇيالماي قالدى ۋە چۈشۈمىكىن دەپ يۈزىنى چىمدىپ كۆرۈۋىدى ، شۇ ھامان ئاغرىقنى سەزدى . مەينەت ، چىگىشلىشىپ كەتكەن ياسالما ساقال ئاستىدا ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان سىلىق يۈزلەر كۆرۈنمەيلا قالغانىدى . «ياپىر ، ئادەم پاكىز ، چىرايلىق كىيىملەر بىلەن

ئادەمكەن جۇمۇ؟ » دەپ ئويلىدى قايىم .

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ سول مۇرىسىگە ئۇستى - ئۇستىلەپ يامىلىۋېرىپ ئەسلىي ھالىتىنى ئاللىبۇرۇنلا يوقاتقان ، يىرتىق ئاغزىدىن ساپايىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر خۇرجۇن چۇشتى . قايىم گويا بوينىغا يىلان يۆگەشكەندەك شۇركىنىپ كەتتى . سائادەت ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ، ساقاللىق يۇزىگە ئامراقلىقى تۇتقان ھالدا ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچىنى سۆيدى . شۇ تاپتا ھېچكىممۇ ئۇنى يېڭىلا تويى بولغان ياش جۇۋان دېمەيتتى . چۇنكى ، ئۇ ئاللىقاچان ھالىدىن كەتكەن قېرى مەزلۇمنىڭ سىياقىغا كىرگەنىدى .

## 4

سائادەت بىلەن قايىم بوستانلىق بىر يۇرتقا كېلىپ توختاپ ، ئىككىسى مەھەللىنىڭ ئىككى بېشىدىن چۇشىدىغانغا كېلىشتى - دە ، سائادەت چۇمبەلگە پۇركىنىپ ، كەچ قالغان بازارچىدەك ئالدىراپ مەھەللىگە كىرىپ كەتتى . قايىم بولسا ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى . «مۇھەببەت ، سائادەت... كۆڭۈل ، ئاھ ، قايىم ! مۇھەببەت سېنى راستىنلا مۇشۇ كويغا سالدىمۇ ؟ ئاھ ، سائادەت ! سەن نېمىشقا بۇ ئاتا مىراس ھۇنىرىڭدىن كېچەلمەيسەن ؟ سەن بۇ ھۇنىرىڭنى مەندىن ئەۋزەل كۆرەمسەن - ھە ؟ خەق ئالدىدا بويۇن قىسىشنى راۋا كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىسەن . مەن سېنى ھەرقانچە بولسىمۇ مېنى بۇ ئىشقا زورلىماس ، ئاتا - ئانىسى زورلىسىمۇ قىزى زورلىماس دەپ ئويلاپتىكەنمەن . ئەمما ، ھېچقايسىڭلار مېنى قىلچە ئاياپ قويمىدىڭلار . مېنىڭ ھەممە نەرسەمدىن كېچىپ سىلەرنىڭ ئۆيىڭلەرگە كەلگىنىممۇ يېتىپ ئاشاتتى... » قايىم تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئاستا سوزۇپ ، يالغان ساقىلىنى يۇلدى . خۇرجۇننى مۇرىسىدىن ئېلىپ ، جەندە كىيىملەرنى سېلىپ ، يەرگە قويغاندىن كېيىن ، سائادەت كىرىپ كەتكەن مەھەللە تەرەپكە بوينىنى قىسقان ھالدا قارىدى . ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىدىن يىپپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تامچىلىرى ئاقماقتا ئىدى . ئۇ قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ، دۈگلىشىپ تۇرغان نەرسىلەردىن يىراقلاشتى . بىراق ئۇن قەدەم ماڭمايلا يەنە توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ــ دە ، يەنە ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە بىر ــ بىرلەپ قولىغا ئېلىپ بۇرنىغا يېقىن تۇتۇپ پۇرىدى . ئۇ سائادەت كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە ، قولىدىكى نەرسىلەرنى قايتىدىن بىر پۇرىۋېتىپ ، يول ياقىسىدىكى ئېرىقتا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا تاشلىدى . بۇ ئاپرېلنىڭ باشلىرى بولۇپ ، يۇزىگە چاچرىغان سۇ ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى . سۈزۈك ئاسماننىڭ شەرق تەرىپى قان رەڭگىگە كىرگەن بولۇپ ، ئېرىققا تىكىلگىنىچە ئولتۇرغان قايىمنىڭ يۈزىدىكى تامچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ سۇغا قوشۇلماقتا ئىدى .

## 5

— ئاتىسى ، كۆزلىرىنى ئاچسىلا . ئوغۇللىرى ئەقلىنى تېپىپ ، سىلىدىن كەچۈرۈم سوراپ كەپتۇ ، كۆزلىرىنى ئاچسىلا ، — زىۋىدىخان قار ــ يامغۇر ياش تۆكۈپ تۇرۇپ سايىم بوۋاينىڭ بېشىنى ئاستا يۆلىدى .

سايىم بوۋاي كۆزلىرى چەك يۇمۇلغان ھالدا ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ ياتاتتى . ئۇنىڭ بېشىدا بالا ــ چاقا ، ئۇرۇق ــ تۇغقان ، ئاغىنە ــ بۇرادەر ۋە قولۇم ــ قوشنىلىرى ئۇنىسىز كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇشاتتى . ئۇ قايىم ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ئازابلىنىپ يىقىلغانچە ئۆرە بولالمىدى ، گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى ، كېسىلى كۈندىن ــ كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى . پات ــ پات : «قايىم ، ئوبدان بالام… قايىم… ئوغلۇم…» دەپ جۆيلۈپ ۋارقىرايتتى .

مانا بۈگۈن بوۋاينىڭ كۆزىنىمۇ ئاچماي ، زۇۋانىمۇ سۈرمەي ياتقىنىغا ئۈچ كۈن بولغانىدى . قايىم ئۇنىڭ باش تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى . شۇ تاپتا ، ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش

ئورۇقلاپ، تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

بوۋاينىڭ گېلى توساتتىن «خالاپ ـ خالاپ» قىلىپ، ئارقىدىنلا «قايىم، قايىم، ئوغلۇم...» دەپ توۋلىغان زەئىپ ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ يېرىم ئېچىلغانىدى.

— ئاتا، جېنىم ئاتا، مانا مەن، — قايىم يىغا ئارىلاش ئاۋازدا توۋلاپ، ئاتىسىنىڭ تارىشىدەك قېتىپ، مۇزلاپ كەتكەن قولىنى چىڭ تۇتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا چوڭ ئېچىلىپ قايىمغا تىكىلدى. بۇ كۆزلەردىن ھېچقانداق بىر ئىپادىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ قايىمغا ئۇزاق تىكىلىپ، گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىتىۋىدى، شۇئان قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ، ئىككىنى يۆتەلدى ـ دە، كۆزلىرى چەكچەيگىنىچە ئېچىلىپ قالدى.

— ئاتا!... ئاتا!...

## 6

سەھەر. شەبنەم گۆرىستانلىقنىڭ ئۈستىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەمدىگەنىدى. بىرسى دۆۋىلەنگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان قەبرە توپىسىنى قۇچاقلىغىنىچە قىمىر قىلماي ياتاتتى. بۇ قايىم بولۇپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى ياغاقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنى قايىم دېسە، بۇرۇن بىلىدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنمەيتتى. ئۇ قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدىكى قېرى توغراق دەرىخىگە قونۇۋالغان قاغىنىڭ قاقىلدىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئاتىسى قازا قىلغان بىر ئايدىن بۇيان ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى مانا مۇشۇ تەرىقىدە بېقىپ يېتىۋاتاتتى.

قايىم ئويغىنىپلا پۈتنى ئېغىر بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك ھېس قىلدى. پۈتنى مىدىرلىتالمىغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قاراپ، ئاياغ تەرىپىدە بىر ئايالنىڭ ئۆز پۈتىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۇۋۇلاپ، ئۇخلاپ ياتقان ئايالنىڭ سائادەت ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئۆز

كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . ئۇنىڭ ئۇچىسىدا تىلەمچىلىك كىيىملىرى يوق بولۇپ ، ئورنىغا قارا سوكنودىن ياتىشىملىق پەلتو كىيگەن ، بېشىغا ئاق داكا ياغلىق چىگكەن ، بىلىكىگە ئاق باغلىۋالغانىدى .

قايىمنىڭ مىدىرلىشى بىلەن سائادەتمۇ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ نۇرلۇق ، قارا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، يۈز سۆڭەكلىرى بىلىنىپ قالغان چىرايى سېرىق كۆرۈنەتتى . ئۇ ئويغىنىپلا قايىمغا قايغۇلۇق نەزەردە تىكىلدى .

— سىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بۈگۈنكىدەك تاتلىق ئۇخلاپ باقمىغۇدىم ، ئاتىمىز... — دەپلا بېشىنى سالدى ئۇ .

— نېمىشقا كەلدىڭ ؟ — قايىم يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ، بوزۇلغان ئاۋازىنى يېرىم ـ يارتا چىقىرىپ سورىدى .

— سىزنى دەپ... — سائادەت بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى ، قايىم ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا سىمابتەك لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى كۆردى .

— تالاغا چىقىدىغانغا كىيىدىغان كىيىملىرىڭ قېنى ؟

— ئۇنى... ئۇنى... ئەمدى ماڭا سىز بولمىسىڭىز... باشقا ھېچنېمىنىڭ لازىمى يوق ، بىلمەيتتىكەنمەن... بولدى ئەمدى ، ئۇنى سورىماڭ ! سىزدىن خۇش بولاي ! — سائادەت شۇنداق دەپلا قايىمنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى .

قايىم ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىدىكى توپىلارنى ئاستا سۈرتۈۋېتىپ ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ياغلىقىنى ئاۋايلاپ ئارتىپ قويدى . ئۇ توختىماي مۇنداق دەپ پىچىرلايتتى :

— مەن ئۇمىدىمنى ئۈزگەندىم... ئەمما سېنى چۈشىمىگەن بىرمۇ كېچە يوق... بىردەممۇ يادىمدىن چىقمىدىڭ . قاچاندىكى ، قوشۇقتىكى ئاشتىمۇ سەن قاراپ تۇرىسەن ، سائادەت... سائادەت ، جېنىم سائادەت ، پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمىدىڭ... ئۈمىدنى ئۈزگەن ، ئەمما سېنى سېغىنمىغان چاغلىرىم يوق...

1985 ـ يىل 2 ـ ئاي ،
1987 ـ يىل 11 ـ ئاي ، قەشقەر

# قەدىمى زەرداب

## 1

بامداتقا ئەزان چىققاندا تېخى تولۇق يورۇق چۈشمىگەنىدى. ئەمما، ئاي نۇرى كېچىدىكىدىن خېلى غۇۋالىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاق قۇشقاچلار قارىيىپ تۇرغان جىگدە، سۆگەت، تېرەكلەر ئارىسىدىن ئاندا - ساندا ۋىچىرلاشقىلى تۇردى.

— بۈگۈن يەنە بازارلىغىلى بارامدا، — دېدى ئايلىخان جايىنامازنى راسلاپ، رومىلىنى تۈزەشتۈرگەچ.

— كاللاك نەگە كېتىدىغاندۇ خوتۇن. مەن ئاخشام ئەتە يۇنۇس ئۇستامنىڭ ئۆيىدە چاي بولىدۇ، شۇ يەردە كەچكىچە هەلقە - سۆھبەت بولىدىغان گەپ دېمىدىمۇ، — دېدى سەيدۇللا قارى غۇۋا يورۇپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا خوتۇنىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمەي، ئاق رومال سالغان بېشىغا قاراپ. ئۇ تەرەتنىڭ دۇرۇتلىرىنى ئوقۇغاچ مەسە - كالىچىنىڭ ئىچىنى كولاشتۇرماقتا ئىدى.

— تالىپلارنىمۇ ئېلىۋالاملا؟

— بۈگۈن ئەتىگەندە نېمانداق ۋىتىلداق بولۇپ قوپقانسىلە، بىلىدىغان گەپلەرنىمۇ سورىغىلى تۇردۇڭلىغۇ؟ هاشىم، هۆرەكلەرنى ئويغىتىڭلا، بامدات ۋاقتىدىمۇ ئۇخلايدىغان بولۇۋالدى. مەن گەپ قىلسام بوش گەپ قىلمايمەن، ئۆزىنى سوراشسۇن.

تۆنۈگۈن ھاشىم بامداتقا مەسچىتكە چىقمىدى ، باكا مەن…

— ئۆيدە ئوقۇدى دېدىميا مەن سىلىگە .

— مەسچىتكە چىقسۇن ، خوتۇن كىشى بولمىغاندىكىن . سىلاۋاب تاپسا ئۆزىگە ، بىزگە ھېچنېمە ئەمەس . ئۆيگە يانمايمەن ، ھاشىم ئېشەكنى توقۇپ كەينىمدىن مەسچىتكە ئېلىپ بارسۇن .

— ۋايىەي ، ئەمدى ما ئىشنى كۆ . ناشتا ـ ناۋا قىلىپراق بارالا تېخى ، قاقپودا بىرنۇالماي .

— ماۋۇ ئۆزۈن مەھەللىدىكى بارىتاخۇنىنىڭ قويى چەتنەپ قوزا تاشلىۋېتىپتىكەن ، چىراغ قىلىدىكەن . مەسچىتتىن يېنىپ ئۇ يەرگە داخىل بولىمەن ، داستىخاننى يىغقۇچە بىر ۋاخ بولىدۇ . ھۆرەككە ، يەنە ھاشىمغا دەڭلا ، ھەر بازار كۈنى بازارغا قاترايدىغان بولۇۋالدى . مەن يەنە بازارغا بارغىنىنى ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ قالسام كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن . ھۆرەك بىر ۋاخ نامازنى بولسىمۇ راۋۇرۇس ئوقۇپ خۇداغا سېغىنسۇن ، بارغانچە قارا بېسىپ كەتمىسۇن .

— مەنمۇ تېخى…

— ھە ، سىلىمۇ ئالدىنقى بازاردا بارغاندىكىن ، بۇ بازاردا كېۋەز تېرىڭلا . ھاشىم بىلەن ھۆرەكنى ئالدىڭلىغا سېلىپ چىقىپ تېرىڭلا . تالىپلا ھەممە ئىشنى قىلىدۇ ، دەپ مۇشۇ كەمدىزە ئاق نانچى بولۇۋالدىڭلا .

— ئەمىسچا ، كىرسىن تۈگەپتۇ ، گۈرۈچ تېخى يوق . يەنە توقاچ سوپۇندىن بىرنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماڭلا .

— ۋاي ماقۇل ـ ماقۇلە . يائاللا ، مەن بىسمىللا دەپ مۇشۇ بوسۇغا داۋاندىن بىر ئاتلاي .

سەيدۇللا قارىم ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ پاكار ئىشىكتىن ئېگىشىپ ئاستا چىقتى . ئۆلگۈجەكلىك ئىشىك غىچىلداپ يېپىلىپ ھاسىنىڭ توكۇلدىشى بىلەن مەسە ـ كالاچتىن چىقىدىغان «خىرت ـ خىرت» ئاۋاز ئاستا يىراقلاپ كەتتى .

— قېرى ئۆلگۈر ، ئۆزۈڭ كۈندە بازارغا قاترايسەن ، يەنە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تارىسى

بىزگە يول قويمايسەن. بارمىغىنىمنى كۆ. ئاۋۇ توخۇ پوقىلار تېخى قىمىرلاي دېمەيدۇ...

ئۇ سۇپىدىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، سىلاشتۇرۇپ قىزىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى:

— قوپە هوي، قوپە پاسكىنا، بامدات ۋاقتىدىمۇ ياتامسەن. قوپ ناماز ئوقۇ. مۇشۇنداق چۈشكىچە ئېرىڭنىڭ تېقىمىغا ئوسۇرۇپ ئۇخلىغاچقا، تۆت كۈندە كۆتۈڭگە تەپتى. خوتۇن كىشى دېگەن ئەتىگەن - سەهەر قوپۇپ، سۇ ئىسسىتىپ پاكىز تەرەت ئېلىپ ئەر كىشىنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرىدىغان، ئەر كىشى مەسچىتتىن يانغۇچە هويلا - ئارام، ئۆيلەرنى سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ چىنىدەك پاكىز تۇتۇپ، ناشتىلىق تەييارلايدىغان، دەپ مىڭ قېتىم كاپشىپ ئاغزىمنىڭ ئون قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكەندۇ. مانا ئاخىر گېپىمنى ئاڭلىماي ئون بەش كۈندە بوغچاڭنى قولتۇقلاپ، پوتلاڭنى ئېقىتىپ كېلىپ ئولتۇرىسەن، قوپە.

— ۋايجان، ۋايجان، ئەجەب تويدۇم. ئەتىگەن ئىت پوق يېمەستە ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي كاس - كاس ئىتقا ئوخشاش قاۋايدۇ.

— مەن قاۋىمىسامچۇ، مۇشۇنداق كۈن چۈشكىچە سېسىق يوتقاندا يېتىپ، ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە قوتان قېرىسى بولۇپ سېسىپ ئولتۇرارسەن. قوپە ئورنۇڭدىن. ئەتىگەن قوپۇپ ناماز ئوقۇپ، دىلىڭدىكى قارىنى ئاقارتىپ كۆڭلۈڭگە ئىنساپ تىلە. ئېرىڭنىڭ ئىنسابىغا دۇئا قىل. خۇدا ئىنسسقچىلىق سېلىپ ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ ئەكېتەمدۇ تېخى، هى... هى... هى...

— ئوهۇش. تەمەيىم يوق ئۇنداق مازپاينەكتىن. كىمنى ئالسا ئېلىپ چېكىسىگە تېگىۋالسۇن.

— هەي ئەقلى يوق ئىت خۇيلۇق ئازگالچى، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئېرىڭنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ ئېرىتىپ، يېنىشىۋالمىساڭ، ئەمدى سېنى كىم ئالىدۇ؟ ئاۋاتتا بىر ئەرگە تېگىپ چىققان چوكاننى ئەر ئالغاننى

كۆرگەنمىدىڭ؟ ۋاي بىلمەيتىمەن، ئۇقماپتىمەن، دەپ چىرايلىق گەپ قىلىپ ئاستا ئۆيگە كىرىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشمىسەڭ، مەن يەنە قىزىمنى كىم ئالار، كىمگە بېرەرمەن، دەپ قېرىغاندا نەدە دوڭغاسلايمەن؟ ئولتۇرۇپ ـ ئولتۇرۇپ، ئاندىن پەيلى شەيتان ئازدۇرۇپ كۆسسىدا بىر گەپ چىقسا تېخىمۇ سېسىپ، ئىت ئېشەكتىن خار بولۇپ، ئالاي دەيدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ.

— مەن ئېغىر كەلگەن بولسام گېپىڭنى ئوچۇق دە، بولمىسا، تولا ۋالاقلىما. نى ـ نى خەقنىڭ قىزلىرى ئەردىن چىقىپ تازا پۇخادىن چىققۇدەك ئويناپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قانداق خەقلىدۇ.

— قويە قانجۇق، ساڭا گەپ قىلىدىغان ئاغزىم يوق. ناماز ۋاقتى ئۆتەي دېدى. ناماز ئوقۇ...

— ماقۇل، ماقۇل. بىردەم چىققە جۇگۇ، بېشىمنى ئاغرىتماي.

ئانا دوڭغاسلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئىچىدە بىرنېمە دەپ كوتۇلداپ هويلىدىكى ئېغىلغا ياندىشىپ سېلىنغان ئوغلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى:

— بالا باقماي بالانى بېقىپتىكەنمەن. خۇدادىن ئىنسابىنى بەرگەيسەن دەپ بەش ۋاخ نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن. قىرىغۇچە هوشىنى تاپمىسا، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان نېمىلەر هەر كۈنى ئويغاتمىغۇچە نامازغا قوپمىسا. زاكىدىكى ۋاقتىدا بالىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بالا ـ قازاكەن.

ئۇ ئىشىك ئالدىدا بىردەم كوتۇلداپ، ئۆيدىن چىقىۋاتقان خىرقىرىغان ئاۋازدىن باشقا تاۋۇش سەزمىگەندىن كېيىن، ۋارقىرىدى:

— هەي هاشىماخۇن، هەي هاشىماخۇن، قوپە ئورنۇڭدىن، بامدات ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەي دېگىلى تۇردى.

ئۆيدىن ئۇيقۇلۇق ئىنجىقلاپ ئۆرۈلگەن تاۋۇش چىقىپ، يەنە بوش خىرقىرىغان ئاۋاز كەلگىلى تۇردى. ئانىنىڭ خۇيى تۇتتى:

— ھەي ھاشىماخۇن، قوپە دەيمەن. ئاتاڭ ئېشەكنى توقۇپ كەينىمدىن بارسۇن دەپ مەسچىتكە كەتكىلى نىكەم. ھېلى بامداتقا كېچىكىپ قېلىپ ئاتاڭدىن تىل ئىشتىسەن، قوپ دەيمەن. كېچىسى يېرىم كېچىدىن ئۆتكۈچە ئۇخلىمايسەن، ئەتىگىنى كۈن چۈش بولغۇچە قوپمايسەن.

— ھە، مانا... مانا. ۋاتىلدىما، مانا قوپتۇم.

— ھېلى كېچىكسەڭ ئاتاڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئادەم غول يەردە تىللىسا ئىزا تارتىسەن. بۈگۈن بازار.

— ھە... ھە... راست بازار. ھە، ۋۇي... ۋۇي... يادىمدا يوق.

— ھېلى بازارلىق پۇل دېسەڭ دەشنەم يەيسەن. ھەي خۇدايىم، ساقال ئەستاغپۇرۇللاغا يەتكۈچە يا خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئۆزۈڭنىڭ كۈننى ئالمايسەن. بىز گۆرگە كىرىپ كەتسەك، قەبرىمىزگە بارارسەنمۇ؟ ئاكام رەھمەتلىك قىرىق ئۇچ خوتۇن ئاپتىكەن. ھازىر بەشنى ئاپسەن، نەچچىدە توختارسەنكىن، يا تاغاڭنى دورامسەن؟ توۋا، توۋا قىلدىم خۇدايىم...

— خۇدا بۇيرۇغان بىر كۈنى توختارمەن ئانا. چىشىڭ بۇغدايدەك قاپتۇ، بولدى قىل.

— تۆتىنچى خوتۇنۇڭ بىلەن يېنىشمىساڭ خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ بالام. قالغانلىرىدىنغۇ بىردىن بالاڭ بار. ئايشەك بىچارە قوشكېزەكتىن تۆتنى تۇغۇۋەتتى ئەمەسمۇ. بىر بالا دېگەنغۇ ئۇنداق - مۇنداق قىلىپ ئۆلمىسە چوڭ بولۇپ قالىدۇ. ئايشەك بىلەن يېنىشمىساڭ قىيامەت كۈنىسى تۆت بالاڭنىڭ تىرنىقى كانىيىڭدا قوپىسەن. ئايشەكنى كىم خوتۇن قىلىدۇ ئەمدى؟...

— بېشىمنى ئاغرىتما، ئويغىتىپ قويغاندىكىن كېتە جۇگۇ. ئېغىرىنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ، ئۆلمىسە چوڭ بولىدۇ. ئۆلسە خۇدانىڭ جېنى. ئاۋاتتا ئەقلىمگە كېلىپ خوتۇنى بىلەن يېنىشىپتۇ، دېگەننى كۆرۈش تۇگۇل، ئاڭلاپ باقمىدىم. نى - نى قىز بالىلار تېگەلمەي يۇرسە، بالاڭغا نەدە تۇكۇرۇۋەتكەن

www.uyghurkitap.com

تۇكۇرۇكنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسەن...

ئانا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ كەينىگە ياندى.

— ۋاي خۇدا، — دېدى ئۇ خېلىلا ئاقىرىپ سۇزۇلگەن كۆكتىكى غۇۋا ئايغا قاراپ، — ئۆزۈڭ ئاسان قىلارسەن پەرۋەردىگارىم بەندىلەرنىڭ مۇشكۇلاتىنى. شۇ باللىنىڭ كۆڭلىگە ئىمان، ئىنساپ بەرگەيسەن. بۇ كەمنىڭ بالىلىرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ...

## 2

ھاشىم ئېشەكنى ئۇدۇل مەسچىتكە ھەيدىمەي قامغاق، قومۇشلار پاكار ئۆسكەن شورلۇق بىلەن «چولاق مەھەللىسى»گە ماڭدى. قومۇشلار ئارىسىدىن ئۇركۇگەن تورغايلار ئۇچۇپ، يەنە قومۇشلۇققا شۇڭغۇپ تۇراتتى. سالقىن ساپ ھاۋا ئۇنى خېلىلا روھلاندۇرۇپ قويدى. يىراقتىكى پاكار دۆڭدىن قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ قىچقارغان ئاۋازى كەلدى. ئۇ بىر ئېگىزلىككە كەلگەندە، ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ غوۋزىمەك ئۆسكەن كۆك يانتاق، ئوغرى تىكەن ئارىسىدىن قاپ تاغار ئالدى. تاغارنى كۆتۈرۈشكە مېكىياننىڭ بوش قىق ـ قىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېشەك سېرىق، يوغان چىشلىرىنى چىقىرىپ يانتاق چېچىكى بىلەن شالدىر بۇيىنىڭ مېۋىسىنى ئاۋايلاپ يالماپ يېگىلى تۇردى. ھاشىم قاپ تاغارنى ئاستا ئاچتى. بىر قىزىل خوراز بىلەن كەندىر رەڭ مېكىيان تۇگۇلۇپ ياتاتتى. قارا مېكىيان پۇتلىرى تۇگۇلگەن پېتى قېتىپ قالغانىدى...

— ئەستا، كاساپەت ئۆلۈپسەن ـ دە، تومشۇقۇڭنى چىڭ بوغۇۋەتتىممۇ، يا كانىيىڭدىن بەك سىقىۋەتتىممۇ؟ ھەقىچان بەك چىرقىرىغىنى سەن بولغىيتتىڭ گۆينىڭ توخۇسى. تاس ـ تاماس قالدىم شەرم ـ ساز بولغىلى. ھاراقمۇ ھارام، سەنمۇ ھارام، يەۋىرىدۇ مەستلەر. ئاخىر ھەممىسى ھارام، تۇڭگۇزلار.

ھاشىم مەسچىتكە يېقىن دۆڭنىڭ باغرىدىكى قۇمۇشلۇققا قاپ تاغارنى باسمىداپ قويۇپ، مەسچىتكە كىردى. كېچىكىپرەك كەلگەن ئالتە ـ يەتتە ئادەم سەپ بولۇپ بامداتقا تۇرغانىدى. ئۇ ئىتتىكلا سەپكە كىرىۋالدى. مېھرابتا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى. ھاشىم كۆزىنى يۇمدى.

— ئېشەك سۇيدۇكىگە بېرىدىغان پۇلۇم يوق. بۇگۈن كېۋەز تېرىيسەن. بازارغا بارغىنىڭنى ئاڭلاپ قالسام ئوشۇقۇڭنى چېقىپ ماڭالماس قىلىپ قويۇپ تاينىلىق باقىمەن، — دېدى سەيدۇللا قارىم بامداتتىن چىقىپ، تۆت ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئاڭلاپ قالمىسۇن، دەپ پەس ئاۋازدا. ھاشىم قاپاقلىرىنى تۇرۇپ يەرگە قارىۋېلىپ ئاتىسىنى يۆلەشتۇرۇپ ئېشەككە مىندۇرۇپ قويدى.

ئاۋاتتا يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ھەر سەيشەنبە بازار بولىدىغان بولدى. بۇرۇنقى سەيشەنبە بازار ئەسلىگە كەلدى. بازار دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يېزىلاردىن دېھقانلار بازارلاپ كېلىدىغان بولغاچقا، كارامەت قىزىپ كېتىدىغان بولدى.

كونا زاماندىن قالغان قاتار كەتكەن قېرى قاپاق تېرەكلەر بازارنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان. قاپاق تېرەك تۈۋىدىن يىل بويى سۇيى ئۈزۈلمەيدىغان يوغان ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتىدۇ. قېرى قاپاق تېرەكلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى باش بارماق پاتقۇدەك ساناقسىز چوقۇرلار قاپلاپ كەتكەن. قاپاق تېرەكلەرنى قاسساپلار يوغان مىخلارنى قېقىپ كانارا قىلىۋالغان، مال بازىرىدا ئۇلاغ باغلايدىغان قوزۇق ياكى تۈۋرۈك قىلىشىۋالغانىدى. قاتار ئاشخانىلاردىن تارقالغان پولۇ، لەڭمەن، شورپىلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. قارايغان، دۇمچەيگەن، قاتقان ئادەملەر بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ، سەت گەپلەر بىلەن كالىسىنى، ئېشىكىنى تىللاپ ماڭىدۇ. قەدىمىي ياغاچ ھارۋىلار قىستاڭچىلىقتا بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ غىچىرلاپ ماڭىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ۋارقىراشلىرى، قوي ـ كالىلارنىڭ مەرەش ـ مۆرەشلىرى، ھەپتە

جىم تۇرىدىغان تىرەكلىك بازارنى قايىنىتىۋېتىدۇ .
هاشىم كىرلەشكەن ئاق دوپپىسىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋېلىپ ، قاپ تاغارنى يۆدۈپ ئۈرۈلۈپ ــ سوقۇلۇپ ئىتتىرىلىپ زاسۇي بازىرىغا كېلىپ قالدى . پەردازسىز پىر ئاياللىرى زاسۇيپەزلەرنىڭ ئالدىدا بالىلىرى بىلەن غىدىر تاۋاقلاردا تەرلەپ ئولتۇرۇپ زاسۇي يېيىشكىلى تۇرغانىدى . هاشىمنىڭ قوي پاقالچىقىدىن تۆتنى يېگۈسى كېلىپ ئاغزىغا سۇ يىغىلىپ كەتتى . ئەمما ، يانچۇقىدا پۇل يوق . ئۆشنىسىدىكى توخۇنى پۇل قىلمىسا زاسۇيپەزنىڭ ئالدىدا كەچكىچە قاراپ تۇرسا ، بىر تاۋاق شورپىسىنى بېرىشى مۇمكىن . ئۇ ئىتتىرىلىپ ، ئىتتىرىپ يۈرۈپ توخۇ بازىرىغا باردى . ئۆشنىسىدىكى قاپنى قويىاي دەپ تۇرۇشىغا ، سەرپۇش تۇمىقىنى قىستۇرۇپ گەدىنىگە كىيىۋالغان بىرسىگە كۆزى چۈشۈپ مىيىغىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتكەندەك بولدى . «يا پەرۋەردىگارا ئۆزۈڭ ساقلىدىڭ» دەپلا پەم بىلەن كەينىگە ياندى . ئۇنىڭ يىڭنە ئۇچىدەك قارا تۆشۈكچىلەر بىلەن تولغان يۈزى تېخىمۇ قارىيىپ ، پېشانىسى قورۇپ قالغان قوغۇن شاپىقىدەك قورۇلۇپ كەتتى . ھېلىقى مولۇندەك چىراي كۆز ئالدىدا بايىقىدەك كۆرۈنۈپ تۇردى . مىس رەڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى جەدە ئاتنىڭ ماڭلاي تۈكىدەك دىردەيگەن ، تۈكلەر ماراپ تۇرغان يوغان ئىلمەك بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېڭەيگەن ، كالپۇكىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۇۋى سىيسىپ كەتكەن سېرىق داغ چىشلىرى خىرىس قىلىۋاتقان غالجىر ئىتنىڭ ئۆزى . «رەسمىي غالجىرلىشىپتۇ . خۇدا ساقلار . راست غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىلا . شۇنداق ، ئاشۇ ماش كۆزگە ئىلىنىشىپ قالسام ، ئاشۇ ھىڭگاي چىشلىرىدا چايناپ پۇركۇۋېتىشى مۇمكىن . كۇچۇم يېتىپ قالسىغۇ تېگىمگە بىسىۋالارمەن ، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ . قاۋان توڭگۇزدەك چىرقىراپ ئېتىلىپ كەلسە ، ئۇنىڭ ئەلپازىدىنمۇ پۇت ـ قولۇمدا جان قالماس . بىر ـ ئىككى مۇشت ، كاللا يېگەندىن كېيىن ئاچچىقىم كەلسە مېنىڭمۇ پەي ـ بېغىشىم قاتار ، ئەمما ئىزا يامان . نومۇس ئۆلتۈرەر



www.uyghurkitap.com

مېنى. ئاۋاتنىڭ چوڭ موللىسىنىڭ ئوغلى توخۇ ئوغرىلاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ... ۋاي- ۋاي بولدى، بۇ گەپنى مەن ئويلىماي، بىرى دەۋاتقاندەكلا. خۇدايا، يەنىلا مېنى ساقلاپسەن. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئەلەم- دە. بەش يۈز كويغا ساتمىغان داڭلىق خورىزىنى، يۈز كويلۇق مېكىيىنىنى يىتتۇرسە ھەركىم شۇنداق بولىدۇ. مەن جېنىمدىمۇ شۇنداق بولىمەن. مىڭ كويلۇق زىيان بولدى- دە. ئۇ بۇ توخۇلىرىنىڭ تۇخۇمىنىڭ بىرىنى ئون كويدىن ئېلىپ، كۈرۈك توخۇنىڭ كۆتىگە سۆيگۈدەك بولۇپ تەستە چىقارتقان. داڭلىق توخۇنىڭ ئۇرۇقى. مۇشۇ خورىزى ئارقىلىقلا ئاۋات- مەكىت تەۋەسىدە خورازلارنى پاخشى قىلىپ بەش مىڭ كوي ئۇتۇۋالغان. مېكىيىنىنىڭ تۇخۇمىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىگە يارىشا پۇل تېپىپ بەرگەن. توختى قوتۇرنىڭ خورىزى دېسە، قەشقەر تەۋەسىدىكى توخۇچىلارنىڭ تونۇمايدىغىنى قالمىغان. ھەي... ھەي، تەس، چىدىيالمايدۇ بىچارە، چىدىمايدۇ. ئۇنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلىمىسامۇ بولۇپتىكەن. ئەمىسە كىمنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلايمەن. مەھەللىدىكى ئادەتتىكى توخۇلار قالمىدى، قالسىمۇ بوش يەردە قالمىدى. ھەپتىدە بىر بازار — باغلىنىۋالغۇدەك ھاراق ئىچىۋالمىسام بۇ چۆلدە كۆڭلۈم خۇش بولغۇدەك نېمە ئىش بار؟ ھەممىسى ئىچىۋاتسا، مەن قانداق چىدايمەن؟ ئاتام دېگەن پوق ساقال تېخى پۇل بەرمىسە. مانا ئەمىسە... ھەي... ھەي، بۇ توخۇنى بازاردا ساتالىغان بولسام بەش بازار ھاراق ئىچكۈدەك پۇل بولاتتى، بولمىدى. ئەلەمباي دېگەن توزاقچى ھەقچان ئىككى شىشە ئىلى داچۇي بېرىپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرىدۇ. چىدىماقتىن باشقا نېمە ئامال. بەكرەك دېسە، ئوغرىلىغان توخۇنى نەگە ئاپارساڭ ئاپار دەر. ئۇ ئوغرى ئاز كەم يۈز توخامنى شۇنداق ئېلىۋېلىپ، پىشۇرۇپ يەنە بىزگە بىر پاچىقىنى بەش كويدىن ساتقاندۇ. گۆرۈڭدىن توڭگۇز قوپىدىغان ئىمانسىزدىن ئۆتە ئىمانسىز- دە، سەن. ھارام بولغان توخۇلارنىمۇ ھاراقكەشلەرگە قىممەت پۇلغا يېگۈزدۇڭ. ئىسست... ئادەمنىڭ ئۆمرى دېگەن

مۇشۇنداق نېمىمۇ ئەمدى . هاراق ئىچمەيدىغىنى ئاز . هەممە هاراقكەش قىمارۋاز ، هەممە قىمارۋاز هاراقكەش . قىمارۋاز ـ هاراقكەشلەرنىڭ هەممىسى ئوغرى . هەممىسىدىن چوڭ قىمارۋاز ـ هاراقكەش ئاشۇ مايمۇن چىراي ئەلەمباي . هاراقكەشلەرنىڭ ئۇنىڭغا قەرز بولمىغانلىرى يوق . هەممە قىمارۋاز ئۇنىڭغا قەرزدار ، هەممىسى ئۇتتۇرۇپمۇ ، ئۇتۇپمۇ ئاشۇنىڭدىكى قەرزىدىن قۇتۇلالمايدۇ . هەممىسى ، ياق ، هەممىمىز ئاپىرىپ ئاشۇنىڭ قوينىغا تۆكىمىز . تىنىپ كەتتى ئۇ هاراقكەش . ئوغرى ـ قىمارۋازلارنىڭ قان ـ تەرىدىن تىنىپ كەتتى بۇ يىغنە يېگەن قىلتىرىق ئوغرى . هارام دۇنيا قارنىڭدىن تېشىپمۇ چىقمىدى . قاچان قارىسا ئۇن يەپ بىر بەرمىگەندەك . يەنىغۇ خۇدايىممۇ تەڭشەپ تۇرىدىكەن . مال ـ دۇنيايىڭ بەدىنىڭدىكى هەربىر تۈكۈڭگە ئالتۇن قوڭغۇراق ياسىتىپ ئاسساڭمۇ ئاشىدۇ ، ئەمما گېلىڭدىن كەپتەر گۆشى بىلەن ئۇماچتىن باشقىسى ئۆتمەيدۇ ، توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن ئېقىپ چۈشكەن كاساپەت . يەنە كۆزۈڭ پىتلىق چاپان گادايلارنىڭ يانچۇقىدىكى سىرىق سىنتىنىڭ پۇچۇقىدا . ئۆلسەڭ گۆرۈڭگە ئەكىرەلمەيسەن . خەپ ئەلەمباي ، تىرىكلىكىڭدە دەردىمنى ئالالمىسام ئۆلگەن چېغىڭدا بولسىمۇ قەبرەڭگە سىيىپ قويمىسام…»

هاشىم شاپاق دوپپىسىدا بىردەم يۈزىنى ، بىردەم چاقا باسقان گەدىنىنى سۈرتۈپ ماڭدى . ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن ئۆشنىسىدىكى توخۇ پات ـ پات بوش قىق ـ قىقلاپ قويىدۇ . «ئۆلە… ئۆلەرسەن گۆينىڭ توخۇلىرى ، تاپىنلىق هەممىڭ هارام بولە ، ئەلەمبايىنىڭ قازىنىدا تازا قاينىساڭ ، قېنانام قۇيغان هېسپىنى يېگەندەك تۈتۈپ ئولتۇرۇپ يەيدۇ مەستلەر . يەڭلار ، ئىچىڭلار مەستلەر ، ياشاڭلار مەستلەر . »

هاشىم كېتىۋېتىپ بىر سىڭگە بەكرەك سوقۇلۇپ كەتتى .

— كۆزۈڭگە بېقىپ ماڭساڭ بولمامدۇ ئۆيدەك ماڭغۇچە ؟

— كۆزۈمگە بېقىپ ماڭغاچ مۇشۇنداق بۇقىدەك تۇرتۇپ ماڭىمەن…

هاشىمنىڭ تىلى تۇتۇلغاندەك بولدى. ئاغزىغا بىرمۇنچە گەپلەر كېلىپ بوغۇزىدا غىققىدە تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. جەدە ئاتنىڭ ماڭلاي تۈكىدەك سېرىق ساقال، ئىلمەك بۇرۇن، ماش كۆز بۇ ئادەم خۇددى توختى قوتۇرنىڭ ئۆزى. «يائاللا ئەجەب ئوخشايدىكىنا ماۋۇ ئەبگار...» ئۇ ئادەم ھاشىمنى ئۇرىدىغاندەك پوپۇزا قىلىپ بىرمۇنچە تىللاپ كەتتى. ئەمما، ھاشىمنىڭ قۇلىقىغا ئۇن كىرمىدى. ئۇ ئادەمنىڭ بويىنىغا ئېسىۋالغان گىژىلداپ چىقىۋاتقان قارا كۆن قاپلىق رادىئوسىنى شەرەتلەشلىرىدىن ھاشىم ئۆزىنىڭ رادىئوغا سوقۇلغانلىقىنى بىلدى. ئەبجەق رادىئونىڭ ئاستىغا گېزىت قەغىزىگە يۆگەلگەن تۆت تال باتارېيە قارا رېزىنكىدە چىڭ تېڭىلغانىدى. بۇ ئادەمگە ئەگىشىپ رادىئو ئاڭلاۋاتقان بىرقانچە پادىچى تەلەت ئادەملەرمۇ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، رادىئو ئاڭلىغاننىڭ ھەققىنى تۆلىگەندەك، رادىئو ئىگىسىگە بولۇشۇپ ھاشىمنى تىللاپ قويۇشتى. ھاشىم «ئۇي»، «بۇقا» دەك گەپ قىلماستىن ئادەملەرنى تۈرتۈپ كەتتى. ئارقىسىدىن تېخىمۇ سەت گەپلەر ئاڭلاندى. ئەگەر باشقا چاغ بولۇپ، ئۆشنىسىدە ماۋۇ مەرەز بولمىغان بولسا، تازا ئىككى كاللا قويۇپ يوغان بۇرنىنى ماكچايتىۋەتمەسمىدى. لېكىنزە، ھازىر شۇنداق ياقا سىقىشتىڭمۇ، بولدى، ئىت تالاشتۇرغاننى كۆرگەندەك بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىپ كېلىپ تاماشا كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاسقان شەپكە كىيگەن ساقچىلار پەيدا بولۇپ نېرى- بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا كالتەكلەپ ئاپىرىپ باغلاپ تاشلاپ قويىدۇ. «ئۇغۇ مەيلى، يا كەچكىچە، يا ئۈچ كۈندىن كېيىن چىقىرىۋېتىدۇ. لېكىن، ئادەم يىغىلغان يەرگە ئامراق توختى قوتۇر كېلىپ قالسا ئىش چاتاق. بىلىپلا قالسا تېرەمنى تەتۈر سويۇۋېتىدۇ، يا كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خوتۇنۇمنى...» ئۇ قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئادەم جۇغلىشىۋالغان يەرگە كېلىپ قالدى. ساناقسىز كۆزلەر تېرەك تۈۋىدە غېرىبچىسىغا سېلىنغان چاپان ئۈستىگە قويۇپ قويغان كىچىك بىر ئۈنئالغۇغا ياۋايىلارچە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ قېلىشقانىدى.

پەردازسىز يېزا ئائىللىرى، قويۇق ساقال، قورۇقلار ئارىسىدا تۆشۈكتەك بولۇپ قالغان كۆزلىرىنى مىت قىلمىي قاراپ تۇرغان ئەرلەر، قارا تۇپا ـ لاي بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى ئاغزىغا تىقىۋالغان باللار، بويىنىغا يوغان سېرىق مارجان ئېسىپ دەمدەللىك ئوسما قويۇۋالغان ئۇزۇن چاچ چوكانلار، كۆكسى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قىزلار چۈشىدە كۆرمىگەن نەرسىگە قارىغاندەك قاراپ قالغانىدى. كىر ـ توپا باسقان ئۇنئالغۇدىن يېزا دۇتارچىسىنىڭ ۋارقىراپ توۋلىغان قوپال مۇھەببەت ناخشىسى چىقماقتا ئىدى. ئۇنئالغۇ يېنىدا كەتمەن شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىۋالغان باشقا يەرلىك بىر ياش بالا گېزىت قەغىزىگە ئورالغان نەشىنى چېكىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ناخشىنى بىرلىپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ ئادەملەرگە ئىگىسى قەرزدارغا قارىغاندەك مەنستىمەي قارايتتى. ئۇ بۇ ئادەملەرگە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ بېرىۋاتقاندەك مەغرۇر قارايتتى. ھاشىمۇ توپا باسقان كىرپىكلىرى ئارىسىدىن كۆزىنى چوڭ ئېچىپ ئۇنئالغۇغا تىكىلدى. «يا خۇدا، ئەمدى ما كارامەتنى كۆر. مۇنداق نەرسەڭمۇ بارمىدى تېخى. نەدىن تاپقاندۇ ماۋۇ تەرەت چالمىسى... يا چوڭ يەرلەردىن ئوغرىلىغانمىدۇ. ئۇنى كالىسىنىڭ پۇلىغا كىلەمدىغاندۇ». ھېلىقى كەتمەن شەپكە ئادەملەردىن تويغاندەك تاماكىسىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنئالغۇنى كۆتۈرۈپ، چاپىنىنى بىر شىلتىپ مورىسىگە تاشلىدى. چاپاندىكى توپا ئۇنىڭ بېشىغا سورۇلدى. ئۇ پەرۋايى پەلەك ھالدا تۆت ئەتراپقا قارىدى. ئاندىن مال بازىرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قولىدىكى ئۇنئالغۇنى ئالدىغا بىر شىلتىپ قويۇۋىدى، ئادەملەر غالجىر ئىتتىن قاچقاندەك بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭغا كەڭرى يول ئېچىپ بەردى. شۇ ئارىدا بىر چوكان:

— ۋىيەي، پۇلاڭشىتىۋەتسىمۇ چىقىۋېرىدىغان خىش قېلىپكەن ـ ھە بۇ، — دېدى كۈلۈپ.

كەتمەن شەپكىنىڭ كەينىدىن ھاشىمنىڭمۇ ئەگىشىپ مېڭىپ بىردەم ناخشا ئاڭلىغۇسى، توغرىسى ئۇ خىش قېلىپنى بەكرەك

كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى، ئەمما نەپسى تاقىلداپ بوتكىغا بارغۇسى كەلدى. «يەنە كۆرۈۋالارمەن. ھۆكۈمەت ياسىغان شەيتانچاقلار ئاۋاتقا كەلمەي قالامتى...»

بازار ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە بېكىتىلگەن كاناي قاتتىق شوۋۇلداپ، چىرقىرىغاندىن كېيىن، ئىت قوغلىغان گاچىدەك تەتەتلەپ سۆزلەيدىغان ئىنچىكە ئاۋاز بىرسى سۆزلىگىلى تۇردى:

— بارلىق... بارلىق... ھاراقكەش، جېدەلخور، قىمارۋاز... لۈكچەكلەر دىققەت. ھازىر ئاۋات شاڭلىق[1] ھۆكۈمەت قائىدىسىنى ئاڭلىتىمىز... بۇ قائىدىگە شاڭلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش شاڭجىڭى[2] بارات شاڭجاڭ، يەنى باشاڭجاڭ شەخسەن ئۆزى تەستىق سالغان.

— سۆزلە ئېلى پوقاق. سۆزلەپ بولۇپلا كانىيىڭنى ئۆچۈرۈپ بوتكىغا ئاران ئۈلگۈرىسەن، — دېدى ھاشىم خىرىلداپ كۈلۈپ.

كانايدىن ئېلى پوقاقنىڭ تەتەتلىشى ئاڭلىنىپ تۇردى:

— بالدۇر مۇشت ئاتقانلارغا ئون كوي جەرىمانە، ئۇرۇۋەتكەنلەرگە ئوتتۇز كوي جەرىمانە قويۇلۇپ، ئون بەش كۈن سولاپ، خالا چىقارغىلى سېلىنىدۇ. ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ھاراق بوتكىسىدىن ئون قەدەم نېرىغا بېرىپ يېتىپ قالغانلار، بازارغا تەرەت قىلىپ قويۇپ شەرم-ھايادىن چىققانلار مەستلىكىدىن يېشىلگۈچە تېرەككە باغلاپ قويۇلىدۇ. بازار ئەتراپىدىكى زىرائەتلەرنى پايخان قىلىپ پاھىشىۋازلىق قىلغانلار زىرائەتنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىغا قاراپ زىيان تۆلىگەندىن باشقا، ئايرىم سولاپ قويۇلۇپ، سەۋەبى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. قىمارۋازلار تۇتۇلۇپ قالسا كۇساردىن باشقا ھەممە نەرسىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، شېھىتلىك جاڭگىلىدا بىر ھەپتە زەيكەش ھاشرى چاپىدۇ... ھازىر باشاڭجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا شاڭلىق ھۆكۈمەت ساقچىلىرى جىددىي سەپەرۋەرلىككە كەلدى. ئۆزۈڭلارغا ھېزى بولۇڭلار...

---

① شاڭلىق — يېزىلىق.
② شاڭجىڭى — يېزا باشلىقى.

— ھا... ھا... ھا... جۈرە ھاشىم ، ئېيلى پوقاقنىڭ سەپەرۋەرلىكىدە بۈگۈن باغلىنىۋالغۇدەك ئىچىۋالمىساق، بازار بىزگە مازار بولىدۇ.

بىر توپ ئىگىز - پەسلەر كېلىپ ھاشىمنى سۆرەشتۈرۈپ ماڭدى.

## 3

يېڭىدىن نەقىشلەپ ھەل بېرىلگەن پېشايۋان ئاستىدا تاتلىق غەيۋەت باشلىنىپ كەتكەنىدى . تۆردە يوغان سېرىق سەللە ئورىغان سەيدۇللا قارىم ئولتۇرغان بولۇپ ، قىزىل ، پارقىراق مەڭزىنى ئورىغان كۆركەم چار ساقىلى توختىماي تىترەپ تۇرىدۇ ، چوڭقۇر بېغىر كۆزلىرى ياشىرىپ پارقىراپ كەتكەن ، ئاپئاق ، چىرايلىق تىزىلغان يالغان چىشلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن سالاپىتىگە بوۋايلار ئارىسىدىن كەم تېپىلىدىغان گۈزەللىك ئاتا قىلغان . ئالدىدىكى بەقەسەم يوللۇق داستىخاندا ئاق نان كۆمتۈرۈپ قويغان قۇيرۇقى بىلەن پىشۇرۇلغان پاقلاننىڭ سېنى . مېغىز ، ھەسەل ، مۇرابىا ، مېۋىلەردە چىۋىنلار ئۈچۈشۈپ يۈرۈشىدۇ . تولۇق غاجىلانماي قويۇلغان قوۋۇرغا سۆڭەكلەردە ئۈششاق سېرىق ھەرىلەر ئۇياق - بۇياققا مېڭىشىپ يۈرۈشىدۇ . ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئون ئىككى تالىپى كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە كىچىك سەللە ئورىغان باشلىرىنى سىلىڭشىيان قىلىپ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇستازىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقتا . تالىپلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغان ئەڭ كىچىك ، سەللىسىز ئاق دوپپىلىق سەككىز ياشلىق تالىپ بالا ئىچى پۇشقاندەك ھېلى ئۇياققا ، ھېلى بۇياققا قاراپ ئۈجمىگە قونغان قۇشقاچلارغا تۇمشۇقىنى سوزۇپ قويىدۇ . ئۇنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان مۆكچەيگەن بوۋايلار ئىگىز - پەس قەبرىلەردەك دولىسىنى چىقىرىپ ، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ سەيدۇللا قارىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقتا . سورۇندىن ئورۇن تەگمىگەن ياش ،

ئوتتۇرا ياشلىق ئېرىك چىراي ئادەملەر قول باغلاپ قېرى توغراقلاردەك ئېگىز - پەس تۇرۇشماقتا. يۈزلىرى تەر ھەم مايلىشىپ كەتكەن قاراموتۇق كەلگەن ساھىبخانا ئايال كالا قۇيرۇقى چىۋىن قورۇغۇچتا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن سەيدۇللا قارىنىڭ زەللىسىدىكى چىۋىن، ھەرىلەرنى قورۇۋىدى، سەيدۇللا قارىم ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— تىللاخان، قورۇمىسىلا، خۇدا ياراتقان جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز رىزقى - نېسىۋىسى بولىدۇ، بىرىنىڭكىنى بىرى يەۋالالمايدۇ. بۇلارمۇ ئۆز تىلىدا خۇدا دەيدۇ…

— قارىمنىڭ گېپىنى بۆلمىسەڭلا بولمامدۇ؟

شاپ بۇرۇت، ئات يۈز كەلگەن ساھىبخانا ئەر خوتۇنغا ئالايدى.

— چىۋىن چىچىپ…

ئەر زەردە بىلەن قولىنى شىلتىپ ئايالىنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. تىللاخان خىجىل بولۇپ كەينىگە ياندى.

— شۇنداق قىلىپ… ھە… نېمە دەۋاتاتتىم…

سەيدۇللا قارىم دائىم پۇرۇلۇپ تۇرىدىغان تۇمشۇقىنى قويىنىدىكى كىر لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ، سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزلىدى:

— سۇلايمان داموللام: ئاۋاتلىقلارنىڭ تەڭدىن تولىسى مېنىڭ مەسچىتىمگە توپلاندى، سەيدۇللا قارىم ئاخىر مەسچىتتە ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇيدىغان بولدى، ئەگەر ئۇ ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالمايدىغان بولسا جامائەت ئۇنىڭدىن قاچمايتتى، ۋەھاكازا دەپ جۆيلۈپ، مېھراپنى پىتنە - پاساتخانا قىلىپ، پېقىرنى ئاممىغا قارا مۇشۇك كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇنى خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ ھۆكۈمەت دېگەن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت. ئىلگىرى ئۇنىڭ قەھرى تۇتۇپ «تۆت كونا»نى يوقاتقاندا، ساقاللىرىم قىرقىلىپ، مەسچىتلەر چېقىلدى، پېچەتلەندى. مانا ئەمدى ھۆكۈمەت دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇپ، مەسچىتنى

www.uyghurkitap.com

كەڭ ئاچتى . ئىماننىڭ نۇرى ھەممە مۇسۇلماننىڭ دىلىنى يورۇتتى ، پىقىردەك ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ ئازار يېگەن دىلىغا كۆڭۈل قويۇپ ئۆز قوينىدىن ئورۇن بەردى ، كاتتا زىياپەتلەر بېرىپ ، ئېسىل ماشىنىلاردا چوڭ شەھەرلەرنى ئىستىراھەت قىلدۇردى . ئەمدى يەنە مۇشۇنداق مەمۇرچىلىقلارغا ئېرىشكەن كۈننى قەدىرلەشنى دەۋاتىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى دىن ئۈچۈن ، ئىمان ئۈچۈن ئەمەسمۇ ؟ ھۆكۈمەت دىننى ئۆلىماغا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن رىزىق بېرىۋاتقان ئىكەن ، ئۆلىمامۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتمىسا تۈزكور بولىدۇ . سۇلايمان داموللام دېگىنى ئەھلى ـ جامائەتنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرگەن ئىلمىسىز بىر شەيتان . بىر قاغىنىڭ ماڭا يەتكۈزگىنىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار . خوتەننىڭ قايسىبىر يۇرتىدىكى قايمۇقـقان خەلق ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىغا ئىشىنىپ ، ئۇنى پىر ـ ئۇستاز دەپ تونۇپ ، ئوقەتكە ماڭغان رەۋەندىدىن يۇرتنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتى دەپ ئۈچ يۈز چارەك بۇغداي ئەۋەتىپتۇ . رەۋەندە بىر ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئوقەت بۇغدىيىنى ، كەينىگە يۇرت ـ جامائەتنىڭ كۆڭلىنى بېسىپ ئەكىلىپ :

— ۋاي ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، داموللام ، مەن بۇ تەرەپكە ئوقەتكە ماڭغان . يۇرت ـ جامائەت بىزنىڭ ئەقىدىمىز ، كۆڭلىمىز ، دەپ ئۈچ يۈز چارەك بۇغداي ئەۋەتتى ، تاپشۇرۇپ ئالغايلا ، — دەپ ئۇنىڭ پېشىنى سۆيۈپتۇ . بۇ ئاچ كۆز ، نائىنساپ : ۋاي ئوبدان ، دەپ دۇئا قىپتۇ . تالىپلىرى بۇغداينى چۈشۈرگىلى تۇرۇپتىكەن ، رەۋەندە ئۆزىنىڭكى بىلەن ئۆشرە ـ زاكاتنى ئايرىپ كۆرسىتىپ قويۇپ ، نائىنساپنىڭ قۇرۇق چېيى بىلەن ۋەزخانلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ . بىر كەمدە چىقىپ قارىسا ، تالىپلار ھەممىنى ئەكىرىپ قازناقىا بېسىۋاپتۇ . رەۋەندە بېشىغا مۇشتلاپ يىغلاپ يۈرگۈدەك . كۆردۈڭلارمۇ ، مۇشۇمۇ تەقۋادار بىر ئەھلى ئۆلىمانىڭ ئىشىمۇ ؟... بۇ ئىش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قايسى ئەھكاملىرىدا باركەن ؟ ئۇنىڭ تېخى يەنە شەرمەندىلىكىنى ئاڭلىمايسىلەر . تالىپلىرىم پاتمىدى ، دەپ ھويلىسىنى يولغا كېڭەيتىۋېلىپ ھارۋا

پاتماس قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ يولدىن ئۆتىدىغان ئون ئىككى ئائىلىلىك يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن بىچارىلەر شاڭجاڭغا، ھاكىمغا ئەرز قىلىپ قاقشاپتۇ. ھېچقايسىسى بۇ شەيتانغا يۈز كېلىپ بىر نېمە دېيەلمەي، بۇ گەپ ئاخىر ناھىيىنىڭ شۇجىسىغا يېتىپتۇ. ئۇ دېگەن خەنسۇچە يېزىقتىكى قۇرئاننى بۇرۇنلا ئوقۇغان، ئۇيغۇرچىنى تازا بىلىدىغان يامان ئادەمكەن. بىر كۈنى ئون كادىرنى باشلاپ بۇ شەيتان يەتمىش تالىپقا دەرس بېرىۋاتقان خانىغا كەپتۇ - دە، تىنچلىق - ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن:

— بىزنىڭ ناھىيىدە ئىككى چوڭ «كاپىر» باركەن، بىرى مەن، بىرى سىز كەنسىز، — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ شەيتان ھاڭ قېتىپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئىزا - ئەلەم بىلەن كېچىچە تامنى چېقىپ يولنى ئېچىپتۇ. ئەمما، ئىككى ھەپتە دەرد ئاغرىقى بولۇپ ياتتى...

— خوپ بوپتۇ.

— ئەجەب يامان ئادەمكەن.

— قالتىس دانا خەنسۇكەن...

ئاڭلاۋاتقانلار بارىكاللا ئېيتىشتى.

سەيدۇللا قارىم قويىندىن زەنجىرلىك سائەتنى ئېلىپ قاراپ:

— بۈگۈنكى مەسلى - مەرىپەتنى مۇشۇنچىلىك قىلساق بولا. پېشىننىڭ ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. دۇئا قىلساق بولاما؟ — دېگىنىچە كۆزى قىسىلغان ھالدا ساھىبخاناغا قارىدى.

— سەل تەخىر قىلسىلا قارىم، سەل. بۈگۈن ناھايىتىمۇ ئوبدان مەسلى - مەرىپەت قىلىپ بەردىلە. مېنىڭ كىچىككىنام كۆڭلۈم بارتى.

ساھىبخان ئەر شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، قويىندىن بىر تۇتام پۇل ئېلىپ سەيدۇللا قارىمدىن باشلاپ تالىپلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا — دومچەيگەن بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سەككىز ياشلىق تالىپقىچە پۇل قويدى. قارىم كۆزىنى يېرىم يۇمغان، ئېڭىكىنى مەيدىسىگە تەگكۈزگەن ھالدا دۇرۇت ئوقۇغاچ كۆزىنىڭ

قۇيرۇقىدا ھەر بىر تالىپىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان پۇلغا قاراپ ئولتۇردى .

— بالام ساقىمۇ قويدىمۇ ؟ — دېدى سەيدۇللا قارىسەككىنى ياشلىق تالىپقا .

— ئۈچ كوي قويدى ، — دېدى بالا ئىشتىنىنىڭ لىپپىزىنى مۇجۇپ تۇرۇپ .

— بەرمەي قاراپ تۇرىسەنيا ، ھەممىمىزنىڭ تاپشۇرغىنىنى كۆرمىگەندەك . بۇ دېگەن قائىدە ، — دېيىشتى تالىپلار بالىغا ئالىيىپ . بالا ئىشتىنىنىڭ لىپپىزىنى تېخىمۇ چىڭ مۇجۇقلاپ ، كۆزىنى چوڭ ئېچىپ سەيدۇللا قارىمغا قارىدى .

— ئەكىلە بالام ، بۇ قائىدە .

بالا ئىشتىنىنىڭ لىپپىزىدىن پۇرلىشىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن پۇلنى ئېلىپ بەردى .

## 4

ئەتراپىنى ئېرىق قىرى بىلەن چۆرىلىتىپ ئۈچ رەت تېرەك ، سۆگەت ، جىگدە قويۇلغان مەھەللە يىراقتىن ھۆرىخانىنىڭ كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى . بۇككىدە دەرەخ ئورىۋالغان كومىلاچ تاملىق ئۆيىنىڭ دۇملىمە قوش قانات ئىشىكىنىڭ كونىراپ قارىيىپ كەتكەن شاللىرى جىگدە ، سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدىن مارىغاندەك قاراپ تۇرىدۇ . باشقا خەقنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرى قىيا ئوچۇق ، بەزىلىرى ئېتىكلىك ، بەزىلىرىدە يوغان قۇلۇپلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئىشىك ئالدىدىكى يۇمشاق سىغىز توپىنى توزىتىپ ئۈچ كۈچۈك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ . ئۇلار ئۇيىاقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرگەندە ، يولدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلار قاشاقلىق بىلەن لىككىدە قاشقا چىقىۋېلىپ ، يەنە يولغا چۈشۈۋالىدۇ . ئاشۇ ئۆيگە بېرىۋالغۇچە بىر كىم كۆرۈپ قالمىغىدى ، دەپ ئەنسىرىگەن ھۆرىخانىڭ ئۆيگە يېقىنلاشقانسىرى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۈرىكى سىلىپ كەتتى . ئۇ ئىشىكتىكى ھالقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنسېرى بىر تۈرۈپ ، ئىشىكتە قۇلۇپ باردەك ، بىر تۈرۈپ قۇلۇپ يوقتەك تۇيۇلۇپ غەملىرىنى كۆپتۈرۈپ باردى . ئۇ بىر كىم كۆرۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ، چوڭ يول بىلەن ماڭماي قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئانا ئېرىقنىڭ قىرى بىلەن كەلگەندى . «يا خۇداغا شۈكۈر ، ئوغرى سىيتەك ھەنىم بولسا ئۆيۈڭدە باركەنسەن» ئۇنىڭ ئىشىكتىكى قۇلۇپسىز ھالقىنى كۆرۈپ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى . قوناقلىقتىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپ باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى كۆزەتتى . بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بىر مەللە مېكىياننى قوغلاپ چىقتى. توخۇ يولغا چىقىپ يەنە كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ھېلىقى ئادەم ھەدەپ ئاغزىنى بۇزۇپ قوغلىدى :

— ھۇ ئاناڭنى ، ئىلىنمىغان… ئىگىچە - سىڭلىڭ قېشىغا بارامتىڭ ؟ ئاخشام تۇتۇپ قويۇڭلا دەپ شۇنچە دېسەم…

ئۇ ئادەم ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىشىغا گېپىمۇ ئوچۇق ئاڭلانماي قالدى . ھۆرىخانغا ئۇ ئادەم مېكىيىنىنى ئەمەس ، ئۆزىنى تىللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. يولدىن ئۆتۈۋالغۇچە بىركىم ئۆيدىن چىقماي تۇرسا بولاتتى . ئۇ ئەمدى پۇتىنى ئېلىپ تۇرۇشىغا ، يەنە بىر ئىشىك ئېچىلىپ ، ئاۋۋال بىر بوز ئېشەك ئارغامچىسىنى تارتىپ يولغا يۈگۈرۈپ چىقتى ، ئاندىن ئارغامچىغا چىڭ ئېسىلغان ئون ياشلىق بىر يالىڭاچ ئوغۇل بالا تارتىشىپ چىقتى . دەرھال كەينىگە يانىمەن دەپ پۇتى پاتقاققا كىرىپ كەتكەن ھۆرىخاننىڭ ئەتىگەن مايلاپ كىيگەن چىرايلىق بەتىنكىسى ، يېڭى پايپىقى ئوشۇقىغىچە لاي بولۇپ كەتتى . قوناق شالدىرلاپ كەتتى . بالا چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ شۇنداق قاراپ قويۇپ ، راھەتلىنىپ توپا توزىتىپ يۇمىلاۋاتقان ئېشىككە قارىدى . ھۆرىخان جىله بولدى . «ھۇ ، بېشىڭنى يەيدىغان سەت شۇم ، يا بىردەم تۇرۇپ چىقماي ، يا بالدۇرراق چىقماي . ۋاي خۇدايىم ، بۇگۇن ئەتىگەندە پېشكەللىككە ئۇچرىغىلى تۇردىما . ئىشىم ئوڭغا تارتامدۇ نېمە ؟ »

ئۈنىڭ سول مەڭزى ۋىژىلداپ ئېچىشتى. شۇنداق ساڭگىلىدى، قولىغا سۈس قان سۇۋۇلۇپ چىقتى. ئۇ دەررۇ ياپچۇقىدىن كىچىك يۇمىلاق ئەينەكنى چىقاردى. يۈزىنى قوناق يوپۇرمىقى جىجىۋەتكەنىدى. يۈزىدە ۋىلىلداپ ئىنچىكە قىزىل سىزىق پەيدا بولدى. «سىپىتەك ئوغرى، يۈزۈڭنى چىشلەپ مەنمۇ قانىتىۋەتمەيدىغان بولسام...»

— سەت توڭرۇلۇق نېمانداق تەستە ئاچىسەن ئىشىكىڭنى؟ — ھۆرىخان تۆت ئەترايقا ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئىتتىك بوسۇغىدىن ئاتلىۋىدى، سىپىت يالىڭاچ، قوڭۇر تۈك باسقان مەيدىسى بىلەن توسۇدى.

— مانا بولدىما ئوغرى، — ھۆرىخان سىپىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپلا مەڭزىنى قاتتىق چىشلىمەك بولۇپ بوش چىشلەپ قويۇۋەتتى. سىپىت يەنىلا ئۈنچىقماي، سارغۇچ پىستان كۆزىنى ھۆرىخانغا سۇرلۇك پارقىرىتىپ قاراپ تۇردى. ئۈنىڭ ئۇزۇن، قىرلىق بۇرنى ئۇششاق تەردىن پارقىراپ كەتكەن، قوڭۇر ساقاللىرى قىياقتەك ئۆسۈپ، گۆشلۈك كالپۇكلىرى كۆرۈنمەي قالغانىدى.

— نېمانداق ئالتەشەنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك سەت قاراپ تۇرىسەن؟ سەتلىكىنى. ئانامنى ئازدۇرۇپ بولالماي مۇشۇ ۋاق بولۇپ كەتتى شۇ. ئىشقىلىپ، ۋەدەمدە تۇرۇپ كەلگىنىمگە جان بۆۋىكام دەپ تەلپىكىڭنى ئاسمانغا ئاتساڭ بولىدۇ. ۋاق قالدىم دەپ تېخى كېۋەزلىكمۇ كېۋەزلىك، قوناقلىقمۇ قوناقلىق ئۇدۇل مېڭىپ بازارغىمۇ بارماي كەلدىم. قارىغىنا مانا، بىچارە بەتىنكەممۇ رەسۋا بولدى... ھېرىپ ئۆلەي دېدىم. ئۆيۈڭگە كۆتۈرۈپ ئەكىرمىسەڭ كىرمەيمەن. ھە... ھىم. مانا...

ھۆرىخان يەنە ئۈنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۈچكە چاققاندەك سۆيۈپ كەتتى.

— ھە، مولۇندەك قاراپ تۇرماي كۆتۈرۈپ ئەكىرە. سەتلىكىنى، ۋاي تاۋى نازۇك غوجامەي.

سىيىت يەنىلا تەبەسسۇمسىز ، مەيدىسىنى تاتىلاپ ئارقىسىغا — ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويدى .

— سىيىنى ھازىر كۆتۈرۈپمۇ ، كۆتۈرمەيمۇ ئۆيگە باشلىيالمايمەن ، — دېدى بوش ، ئەمما توڭ ـ قوپاللىق بىلەن . ھۆرىخاننىڭ نەپسى تاقىلداپ خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى قۇشقاچقا تىكىلگەن مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قالدى . قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن يۈزلىرى شاپپىدە ئۆزگەردى .

— سەن ، خوتۇنۇم ئازنىلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ دېمىگەنمىدىڭ ؟ — دېدى ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ پەس ، تەھدىت ئاۋازدا .

— سىيىنى ئېغىر تاماق ۋاقتىغىچە ساقلىدىم ، بىر خالتا موخۇركام تۈگىگىچە ساقلىدىم ، ئاخىر بولماي بازاردىن تاماكا ئەكەلدىم . يېڭىسىنى...

— ھە ، مۇنداق دەڭ تېخى ۋۇي ، سەت ، يۈزسىز . شۇڭا ، كۇسار بىلەنلا تالاغا چىقىپتىكەنسەن ـ دە . مەن تېخى يوتقاندىن قوپماي ياتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن . ھۇئىت ، توخۇ . مەن كۆرىمەن ئۇنى !

ھۆرىخاننىڭ كۆزىدىن غالجىرانە دۈشمەنلىك چاقناپ كەتتى . سىيىت ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى .

— مېنى قويۇۋەت ۋاپاسىز توخۇ . مەن ئۇ رەسۋا ئازگالچاڭنى بىر كۆرۈپ ، يۈزىگە شالاققىدە بىر تۈكۈرۈۋالمىسام ھېساب ئەمەس .

ھۆرىخان يۇلقۇندى ، سىلكىشلەپ سىيىتنىڭ قولىنى تاتىلىدى .

— نەگە بارىسەن ساراڭ ؟ بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ ئەمەس ، مېنىڭ ئۆيۈم . نېمانچە بېشەملىك قىلىسەن...

— مەن ئۇنىڭ چېچىنى ژۇڭدايمەن . مەندىن قانچىلىك ئوشۇق ، بىر كۆرىمەن . ئۇنىڭ چاترىقىغا پۇتۇمنى تىقىۋېتىمەن . سېنىڭ تاپقان ئازگالچاڭنى چاترىقىدىن يىرىپ تاشلىۋېتىمەن.

چىچىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچىمەن .

سىپىيىت ئۇنىڭ بويىندىن قامالالاپ تاغارنى چۆرۈگەندەك چۆرۈۋەتتى .

— ھۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان پاسكىنا . سەن ھېلىك خوتۇنۇمنىڭ . نېمانچە يوغان سۆزلەيسەن گەپ قىلمىسام…

ھۆرىخان توپىغا دومىلاپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ، پاكىزلاپ كىيگەن كىيىملىرى بۇلغىنىپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇردى . ئۇ پۈتۈنلەي بىسلىپ قالغانىدى . كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ئۇچقۇن ، ئاغزىدىن مەسخىرە كۈلكىسى تۆكۈلدى .

— ھىم ، بىلدىم . قەسەمخور ھايۋان . ئالمەن دەپ ئېرىمدىن بۇزدۇڭ ، ئالمىدىڭ . بوپتۇ دېسەم ، ئاخىر كېلىپ ئالدىڭدا مۈشۈكچىلىك خارلىقتا قالدىمۇ ؟ نامەرد ، ئەركەك تۈكى يوق ئىت ، مەرەز…

— يوقال ، كۆزۈمدىن قانجۇق !

ھۆرىخان يۈزىدە ماڭدىمۇ ، پۈتىدا ماڭدىمۇ ، خۇدىنى يوقىتىپ ، قايان ماڭغىنىنىمۇ بىلمەي يۈگۈردى . بىر تونۇش ناخشا ئۇنى سەگىتتى .

دۇنيادا نېمە ياخشى ،
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى .
ۋاپاسىز خوتۇنۇڭدىن ،
ۋاپادار ئاشنا ياخشى .

باغ ئىكەنۇ باغ ئىكەن ،
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن .
تۇل خوتۇنغا چاقچاق قىلسام ،
ماڭا مەيلى بار ئىكەن…



www.uyghurkitap.com

ناخشا — بىر ھەسرەت ـ نادامەت ، بىر ھېسسىياتلىق مۇھەببەت كۈيى ئىدى . ئاھاڭمۇ ھېلى ئۇنداق ، ھېلى مۇنداق ، بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيتتى . ئەتراپنى قويۇق كەندىر پۇرىقى قاپلاپ كەتكەنىدى .

— مەستكەن بۇ بىچارە شەيتان .

ئۇ يەنە يىغلىۋەتتى . ئۇ ھوشىنى تېپىپ رەسمىي يىغلىدى . يەنە بىر مۇقامدا ناخشا ئاڭلاندى . يادىغا قايسى ناخشا كېلىپ قالسا شۇنى توۋلاپ تۇردى .

...

زاغرىخان باتۇر ،
زەدىنى قايناتۇر .
بىر دەم بولمىسا ،
كۆزنى ئويناتۇر...
لاي... لاي... لاي...
قىزىل خوراز چوقۇدى ،
ئاق مېكىياننىڭ تاجىسىنى .
بىر كۈن بېرەر ھۆكۈمەت ،
پارىخورنىڭ جاجىسىنى .

...

ھۆرىخان ئىشىكنى ئېچىپ كىردى . سۇپىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ، چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ئوسمان مەيدىسىنى شاپىلاقلاپ ناخشا ئېيتماقتا . كۆزىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ياش سېرىق گۆشسىز يۈزىنى يۇيۇپ ، كىرلىشىپ ، پۇرلىشىپ كەتكەن كۆڭلەكنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى . ئالدىدا كونا قاپاق چىلىم توپىغا مىلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن توپا باسقان ئۇزۇن چېچى كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى .

— ئوسمان ، نېمانداق بولۇپ كەتكەنسەن ؟

ئوسمان كۆزىنى ئېچىپ بىردەم جىممىدە قاراپ قالدى .

بىردىنلا ھۆرنىخاننى قۇچاقلىۋېلىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى :
— ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭ ھۆرنىخان . بېشىمغا كۈن چۈشكەندە كۆڭۈل سوراپ كەلدىڭمۇ ؟ مەن تۈگەشتىم . ھەممە ـ ھەممە نېمەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم . ئۆيۈمنى ، يېرىمنىڭ كۆكىدىن تارتىپ ئۇتتۇرۇۋەتتىم . ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ نېنى ھارام بولدى ماڭا . ئامەت قېچىۋېدى ، خوتۇنۇممۇ باللارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭكىگە كەتتى . ھەممە نېمەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم…
ھۆرنىخانمۇ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى .
— مەنمۇ… مەنمۇ… ھەممە نېمەمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم .
— ئىچىمدىكى دەردىمنى قارنىمغا بىر پىچاق سالسام چىقىپ كېتەرمۇ .
— مەنمۇ قارنىمنى يېرىۋالغۇدەك بولۇپ كەتتىم .
— مېنىڭ دەردىمگە يەتكىلى كەلدىڭمۇ ؟ مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن دىگەن مەن .
— دەردىمنى تۆككىلى كەلدىم . قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن .
— ئىككى كۈن بولدى ئاغزىمغا گىياھ سالمىدىم . ئاچلىقتىن ئۆلەي دىدىم .
— مانا يە . ئاخىر ئىككىمىزنىڭ رىزقى بىر ئوخشايدۇ .
ھۆرنىخان قوينىدىن پىششىق قوي گۆشى ، سامسا ، تۇخۇم چىقاردى .
— ۋاي جېنىم ھۆرەم ، ھۆرەم ، ساڭا قانداق خوتۇن يېتەر… ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ . يەنىلا كونا ئاشنىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ .
— جېنىم ئوسمان… ئوسمان… راست دىدىڭ . ئۇ چاغدا كىچىككەنمىز . كىملەرنىڭ قوينىدا ئېغىنىدۇق ، باللىق بولدۇق . كىچىك ۋاقتىم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ .
ئىككىيسى تويغا يۇمىلىنىپ ، يومىداقلىشىپ كەتتى . ھۆرنىخاننىڭ قولىدىكى گۆشمۇ تويغا مىلىنىپ كەتتى .

## 5

كۈن مەغرىبكە بويۇن قىسىۋىدى، قاپاق تېرەكلەرنىڭ سايىسى كۈنچىقىشقا ئۇزاردى. بازاردىن سودىسىنى تۈگەتكەن، ھېرىپ ئاچقان، زېرىككەنلەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاپاق تېرەكنى بويلاپ سەپ بولۇپ مەست تاماشاسى كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقتا ئىدى. ھاراق بوتكىلىرىدىن چىقىپ يولغا، قىرغا، لايغا، ئاشخانىغا، يايمىغا يىقىلغان مەستلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزا ساقچىلىرى ئۇدۇللۇق سۆرەپ ئەكېلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ، قۇچاق تەستە يېتىدىغان قاپاق تېرەكلەرنى قۇچاقلىتىپ باغلاۋاتىدۇ. يىقىلماي بازارنىڭ ھەممە يېرىدە تايتاڭلاپ، شالىنى ئېقىتىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ يۈرگەنلەرنىمۇ ساقچىلار تۇتۇپ كېلىپ باغلاپ قويىدۇ. ساقچىغا ئۇچرىماي قالغانلىرىنى خەق سۆرەپ قاپاق تېرەككە ئەكېلىپ بېلىگە باغلىغان تانىدا، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ تۆش بېغىدا تېرەكنى قۇچاقلىتىپ باغلاپ قويۇپ، لەنەت ئوقۇپ كېتىپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرى قاتار تېرەك قۇچاقلاپ تۇرغان مەستلەرنى تازا تەرلىتىپ قىزىتىۋەتكەنىدى. بىر مەست ھەدەپ تېپىچەكلەپ پۇتىدا توپا چېچىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ھەي ئاۋاتلىقلار... خەپ ئاۋاتلىقلار، مېنى قويۇۋەت!... مەن مەست ئەمەس. قويۇۋېتىش، ھېلى بىكار ھەممىڭنىڭ خوتۇنىنى... مەن بولالمىدىم. بەك قىستاپ كەتتى. ھېلى ئىشتانغا چىقىرىۋېتىمەن، مېنى قويۇۋەت!...

ئۇ تېرەككە بىر - ئىككىنى ئۇسۇۋېدى، پېشانىسى بىلەن بۇرنى تەڭ يېرىلىپ قان چىقىپ كەتتى. ئۇ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى:

— خەپ جۇما ئاۋاتلىقلار. ھۇ خوتۇن تالاقلار، مېنى ئۇردۇڭمۇ، ئۇرغان قولۇڭغا رازى بول جۇمۇ. خەپ بىر بوشىنىۋالاي، ھەممىڭنىڭ خوتۇنىنى... قارىنىڭنى يېرىۋەتمەيدىغان بولسام. خەپ تېرەك، ساڭا ئوت قويۇۋەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل

بالا دېگەن نامىمنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن... ئۇچاغدا ئۇزۇن چاچ سېلىپ ، دەمدەك ئوسما قويۇپ جالاپ بولۇپ كېتىمەن ، پۈتۈن ئاۋاتتىكى ئەركەكلەرنى بۇرنى ـ قۇلىقىغا كەلگۈچە تويغۇزىدىغان جالاپ... ها... ها... ها...

ئولتۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈشتى .

— سېيىۋەتتى . هۆ... پوق ... — بىر بالا تولۇۋەتتى . پەسلەپ قالغان ئىشتاننىڭ ئىچى هۆل بولۇپ ئايىغىدىن ئاقىپ تۇردى . جىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن سىيىق بوس تارالدى . تاماشا كۆرۈۋاتقانلار :

— هۇ رەسۋا ، مەرەز ، — دېيىشىپ ئاغزى ـ بۇرنىنى يۆگەپ نېرى قاچتى .

يەنە بىر تېرەكنىڭ تۈۋىدىن پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى . بىر مەست ھەدەپ تېرەكنى چوكۇلدىتىپ سۆيگىلى تۇرغانىدى :

— ھە ، مانا بولدىما . سۆيە ، سەنمۇ سۆيمەمسەن ؟ تاتلىق جېنىم ، ئامرىقىم مەن ساڭا رەسمىي چىن يۈرىكىمدىن كۆيۈپ قالدىم . سېنى ئويلىسامىلا ئىچىم پىژژىدە ئوت ئېلىپ كېتىدۇ . مەن كەچكىچە سۆيسەم سەن مۇزدەك قاراپ تۇرامسەن . مانا بوپتۇ ، مەن كۆيگەندىكىن ، مەن يەنە سۆيەي . مەيلى بۇرۇن باشقا ئادەمنى قۇچاقلىغان بولساڭمۇ مەن سېنى ئالاي ، ئۇنچىۋالا يالۋۇرتما...

مەست تېرەكنىڭ قوتۇرماچ قېتىپ كەتكەن قوۋزىقىنى توختىماي سۆيۈپ ، تېرەككە توختىماي چەمەك سېلىپ تۇردى . ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى سۈرۈلۈپ قاناپ كەتكەنىدى .

— ھەدەپ يالۋۇرۇپ شۇنچىنى سۆيسەم ، زۇۋان سۈرمەيسەن . زۇۋانىڭغا بىرنېمە كەپلىشىپ قالدىمۇ پاسكىنا ئازگالچى ، رەسۋا ؟ كەچكىچە قۇچاقلاپ تۇرۇۋېرىسەن ، يا سۆيمەيسەن ، يا قويۇۋەتمەيسەن . يوقال كۆزۈمدىن ، سەندەك جادۇگەردىن تويدۇم . ئىككىنچىلەپ ساڭا ئالدىمنى قىلىدىغان بولسام ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي .

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىۋىلىپ چۆكمەيدۇ.
سەن يارىمنىڭ ئوتلارى،
يا ئۆچمەيدۇ، كۆيمەيدۇ.
...
يائاللا، يارازاق،
يا قامغاق، يا زاغزاق.
كەچكىچە قۇچاقلاپ
سۆيسەم، يا كۇلمەيدۇ.
يا سۆيمەيدۇ، قۇچاقلاپ تۇرىۋېرىدۇ.
لاي... لاي... لاي...

ھاشىم تېرەكنى قۇچاقلىغىنىچە بېشى سىڭايان بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئاغزىدىن يانغان قۇسۇق بىلىكىدىن سېرىلىپ بىقىن، ساغرىلىرىغىچە چاپلىشىپ قېتىپ قالغان، ئىسسىقتىن يۈز-كۆزلىرى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن، ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا چاپلاشقان قۇسۇقلارغا چىۋىنلار قويۇق قونۇۋالغانىدى. ئايىغىدىكى قۇسۇقنى بىر قارا ئىت يالىغىلى تۇرغانىدى.

ئۇنىڭ يېنىغا باغلانغان يەنە بىر مەست ھەدەپ ۋارقىراپ، ئاغزىغا كەلگەننى قارغاپ تىللىماقتا. ئۇنىڭ تاسمىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئىشتىنى ساغرىسىغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، كۆسىرىنىڭ كەينى سۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇششاق باللار ئۇنىڭ كاسىسىغا شاپاق، قوغۇن ئۇرۇقى ئېتىپ كۇلۇشمەكتە. ئۇ ھەدەپ تىللايتتى:

— ھۇ ئاناڭنى! ھېلى بوشىنىۋالسام بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن، ھارامدىن بولغانلار... خەپ زاۋۇت، ھاراقنى نېمىشقا ياسىدىڭ؟ مېنى ھاراق قەرزگە بوغۇپ قويدۇڭ. مېنى قەرزگە بوغۇۋەتتىڭ. سەن ھاراق ياسىمىساڭ، مەن ئىچمەيتتىم، قەرزمۇ بولمايتتىم، تېرەككە باغلانمايتتىم، كۆتۈمنى ھەرىمۇ چېقىۋالمايتتى. سېنىڭ ھارىقىڭنى ئىچىپ خوتۇنۇمنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇق. ئىككى

پۈللۈق يۈزۈم يوق . هۆ… هۆ… هۆ…

تېرەك بېشىدا ئۈۋۈلىغان قاغا ئۈزۈپ ـ سۈزۈپ قاقىلداپ قويۇۋىدى ، ئۇ مەست قاغىنى تىللاپ كەتتى .

ئىككى ساقچى مال بازىرى تەرەپتىن بىر مەستنى ئاللىقاچان ئېتىپ كۆتۈرۈپ كەلدى . مەست ھەدەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقتا ، تېپىچەكلىمەكتە :

— هۇ ئاۋاتلىق ئوغرىلار ! كېچىچە ھەممىڭنى يەر يۇتۇپ كېتەر . ھەممىڭ خۇدا قارغىۋەتكەن مۇناپىقلار… ھەممىڭ بۇزۇق . خۇدا شۇڭا سەنلەرنى ئىلگىرى باستۇرمايدۇ . نىنىڭ پۈتۈن بولمايدۇ . ئۆلگۈدەك ئىشلىسەڭمۇ بىر يېپىڭ ئىككى بولمايدۇ . ھۇ ئالدامچىلار . خۇدانىڭ ئاسىيلىرى . بۇ گېپىم راست ، ھەممىسى راست . مەن مەستت ئەمەس ، مېنى قويۇۋېتىش ، مېنى قويۇۋەت . مەن مەست ئەمەس . قايسىڭ مېنى تېرەككە باغلىساڭ خوتۇنۇڭ بىلەن تۇتۇلۇپ قالمىسام ھېساب ئەمەس .

بىر ياش ساقچى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېپىۋەتتى .

ئۇنىڭ ئاغزى قاناپ كەتكەن بولۇپ ، ئاغزىدىن قان ئارىلاش شالىي قويۇلماقتا . ھەدەپ ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈمەكتە…

ساقچىلار ئۇدۇللۇق مەستلەرنى تېرەككە باغلىماقتا . خەقمۇ ئەكېلىپ تېرەككە باغلىماقتا . بازاردىكى ھەربىر تۈپ تېرەك بىردىن مەستنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . بازارغا كەلگەن سان ـ ساناقسىز ئادەملەر تېرەك تۈۋىگە — مەست بازىرىغا كېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ . كۈن ئۇپۇقتا ھاياجان بىلەن قىزىرىپ ، ئېسىلىپ ئولتۇرماقتا . قىزغۇچ نۇر تېرەكنى ، ئادەملەرنى ، تۇپراقنىمۇ قىزىللىققا پۈركىدى . بىر خىل قىزىللىق ھەممە نەرسىنى ، مەستلەرنىمۇ ، ساقالرنىمۇ ، تۇپراقنىمۇ ، تېرەكنىمۇ مەستتەك كۆرسىتىدۇ .

1989 ـ يىل 6 ـ ئاي ، مەكىت

# شائىر

شىۋىرغان. سوغۇق ئۇنىڭ يۈزىگە شوخىدەك سانجىلاتتى. ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالغان كوچىنى قار كۆمۈۋەتكەنىدى. كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا مۇز كېپەكچىلەر قىيپاش شۇڭغۇغانلىقى كۆرۈندى. ئۇنىڭ تۇمشۇق ۋە پېشانىسى قورۇلۇپ تارتىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ قولىنى ئاستا يانچۇقىدىن چىقىرىپ، يۈز ـ كۆزىنى سىلىدى. مۇز توپچىلىرى چالا ئېرىپ ئالىقىنىغا چىقتى. قار پەسكە شۇڭغۇۋېتىپ، يەنە پەستىن كۆككە قاراپ شۇڭغۇغىلى تۇردى. يەردىكى ئۇيۇغان، ئۇيۇمىغان قارلارمۇ كۆتۈرۈلدى. دەسلەپتە شالاڭ كېپەك بولۇپ كۆتۈرۈلدى، كېيىن ئالىقاندەك، كېسەكتەك مۇزلارمۇ قومۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن كۆككە شۇڭغۇدى. يولمۇ قومۇرۇلۇپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كۆتۈرۈلدى.

— يوللار بۇنداق بولسا، ئادەملەر قايسى يولدا ماڭىدۇ؟ يول پارە ـ پارە بولۇپ، كۆككە كۆتۈرۈلسە، مەن كۆتۈرۈلىمەن؟ ماڭا قاچان نۆۋەت كېلەر؟ پۈتۈن كۆتۈرۈلەمدىمەن ياكى پارچە ـ پارچە بولۇپمۇ...؟ ها... ها... ها... — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىمەن، دەپ يايراپ كەتتى. ئەمما، ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلىمىغاندەك ھېس قىلدى ـ دە، ئاغزىنى تۇتۇپ باقتى. ئاغزى ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. قارىغاندا كۈلگەندە ئاغزى ئېچىلماقچى بولغان بولسا كېرەك، ئەمما ئۆسۈك ساقاللىرىنى ئۇيۇتۇپ، بۈرۈتى بىلەن قوشۇۋەتكەن مۇز ئۇنىڭغا ئاغزىنى ئېچىش ئىمكانىيىتى بەرمىگەن ئوخشايدۇ، —

كىمگە گەپ قىلىمەن ؟ كىم ئاڭلايدۇ ؟ ئۆزۈمگە گەپ قىلغاندىكىن ، ئاغزىمنى ئېچىش ئىنساننىڭ تۆرەلگىنىگە ئوخشاش ماناقۇلىلىك .
قارلار ، يوللار ، مۇزلار ، بىنالار ، ستولبىلار پارە ـ پارە بولۇپ كۆككە شۇڭغۇماقتا . ئۇنىڭ تىنىقلىرى تېزلەشتى . ۋاھ ! نېمىدېگەن كاتتا لىرىكا بۇ ! مىڭ پارچە ئېسىل كىتاب يېزىپمۇ بۇنداق لىرىكىنى يېزىش قولۇمدىن كەلمەس . پۈتۈن ئويدۇرمىلار بۇزۇپ تاشلانغان ، يېگىلىق دېگەن مانا شۇ . بىز ئەخمەق ، تەبىئەت پەقەت سەنلا ئۇلۇغ شائىر . » ئۇ ئۇھ تارتتى . غايەت زور بىر كالـلـەك مـۇز ئـۇنـىـڭ ئـىچىگە گۈلدۈرلەپ كىرىپ ، ئىچىنى قـاتـۇرۇۋەتـتى . ھۇشقىيىتىپ تۇرغان شىۋىرغان ئۇنىڭغا ئوتنىڭ تـەپـتـىـدەك ئـىـلـلـىق تەگدى . «دېمەك ، تەبىئەت ئىچىمدىنمۇ ئىسسىقكەن ، مەندىكى پۈتۈن ھارارەت تۈگىگەن ئوخشايدۇ ، بۇمۇ بىر يېڭى لىرىكا ، تەسىرلىك لىرىكا . » ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ قـېرى تېرەك كۆرۈندى . ئۇ تېرەكنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋىدى ، تېرەك ئارقىسىغا قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىككى پۇتىغا كۈچلۈك ئىككى قول ئېسىلىپ تارتتى :
— مېنى تارتىپ ئەكىرىپ كېتەمسەن ؟ قوينۇڭغا ئالامسەن ؟ پۇت دېگەن بەربىر پـۇت . قـوزۇق ئەمـەس ، باغرىڭغا قېقىلـمايدۇ ، — ئۇ ئۇپۇقتا قاردى ، قار تىزىغا يېقىن چىققانىدى ، — ھىم ، قوينۇڭغا ئالامسەن ؟ شۇنداق ، بەربىر ئالىسەن . ئەمما ، پـۇتـۇمدىن تارتىپ ئەكىرمە ، قولۇمدىن تارت ، — ئۇ تېرەككە ئۇسۇۋالدى ، — قۇچاق ئاچسام قاچىسەن ، تاشلىۋەتسەم سۆيىسەن . نېمىدېگەن قوپال سۆيۈش بۇ ، ھەقىقىي سۆيۈش مۇشۇنداق بولۇشى مـۇمكىن . چىن سۆيگۈ ئىزدەپ ئۆمرۈمنى ئۆپراتتىم ، سەن شۇ بـولـسـاڭ ، سـاڭـا مـەڭگۈلۈك ھەمراھ بولاي ، — ئۇ تېرەككە يۆلىنىپ ، ئاستا ـ ئاستا چۆكتى .
سـامـسىنىڭ مەزىلىك ھىدى كەلدى . مۇزدەك سۈيۈقلۇق ئۇنىڭ ئاغزىغا تولدى . قىزىل ، سېرىق ، يېشىل سامسىلار ئۇچۇپ ، بەزىلىرى كۆككە ، بەزىلىرى پەسكە شۇڭغۇدى . كېيىن ھەممىسى

بىرلا شۇڭغۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا كەپلەشتى.

— يا رەببىم، سامسىمۇ شۇنداق سوغۇق بولامدۇ؟ — ئۇنىڭ قورساقلىرى غۇرت - غۇرت قىلدى، — مانا دىمىدىممۇ ئەگ ئىپلاس، پەس دۈشمەن يۈرىكىمنىڭ تۆۋىنىگە چاپلاشقان، خېلى كۈنلەر يېسەڭمۇ ھېچ گەپ يوق. شۇنچىلا سامسىنى يەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتىڭ. تويمىغۇر، مەڭگۈ تويماس، قېنى كۆرۈپ تۇر، مەن سېنى يەنە قانچە كۈن غىزاسىز قويۇپ، زۇۋانىڭنى ئۆچۈرىمەن. سەن مېنى بويسۇندۇرىمەن دەيسەن، مەڭگۈ بويسۇندۇرالمايسەن...

— ئابدۇخالىق، ھەي ئابدۇخالىق، تۇرە ئورنىڭدىن! — ئۇنىڭ كۆزىگە ئىششىغاندەك قىزىل بىر چىراي چېلىقتى:

— نېمە دەيسەن؟

— تۇرە ئورنىڭدىن، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتماي. سەرسان بولۇپ يۈرگىنىڭ ئاز كېلىپ، توڭلاپ ئۆلۈپ بېرەي دەمسەن؟ تۇرە!

ئابدۇخالىق تېرەككە يۆلىنىپ داڭ قېتىپ قاراپ قالدى. ئەۋلىيا ئەزەم تېرىكىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بولدى.

— قولۇڭنى تەگكۈزمە!

— نېمىشقا؟

ئابدۇخالىق يەرگە قارىدى. ئۇ قېتىپ كەتكەن قولىنى قارغا چوڭقۇر پاتۇردى.

— ماۋۇ ئاپئاق، چىرايلىق قارنى كۆرۈۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ قانچىلىك پاكلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— دەل مۇشۇ قار سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ. بىر مەشھۇر شائىر ئاچلىقتىن كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ دېسە، بۇ ساڭا ئەمەس، بىز ئەدىبلەرنىڭ يۈزىگە ئۆمۈرلۈك داغ.

ئابدۇخالىق ئىچىلىپ كۈلدى:

— مېنى ئۆلدى دېگەن گەپ يالغان! مەن مۇشۇ قاردا مەڭگۈ

www.uyghurkitap.com

ياشايمەن . سەن پاتقاقنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر . ئۇنىڭ ئۆزى داغنىڭ قېنى تۇرسا ، ئۇنىڭ يۈزى بولامدۇ ؟

— ماقۇل ، سەنلا پاك . ماۋۇ پۇلنى ئال ، قورقما ، ساڭا سەدىقە ئەمەس ، ئۆزۈڭنىڭ هالال قەلەم ھەققىڭ — شائىرنىڭ قەلەم ھەققى . ئاڭلىسام كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئاچ قاپسەن . بۇنىڭغا كىيىم ئال ، ئىسسىق تاماق يە .

— ياق ، ياق ، ئۆزۈڭ ئال ، مەن پاتقاقتىن ھېچنېمە ئالمايمەن . بۇ قارنى كۆردۈڭمۇ ؟

— سەن شائىر ، ئەي دەلدۈش سارالڭ !

— مەن شائىر ئەمەس ، بىر ئەخمەق .

— يۈر ، ئاچلىقتىن ، سوغۇقتىن ئۆلەي دەپسەن ، ئاۋۇ سامسىخانىغا كىرىپ ، ئىسسىق ئولتۇرۇپ تۆت سامسا يە ، قىزىق چاي ئىچ ، ئەسلىڭگە كېلىسەن .

— مېنى مېھمان قىلامسەن ؟

— ھەئە .

— يۈزۈمگە داغ چۈشۈرمە .

— ئەۋلىيا ئەزەم تېرىككىنىدىن بوغۇلۇپ ، تاترىپ كەتتىيۇ ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .

— ماقۇل ، مەن پۇل خەجلىمەي ، ئۆز پۇلۇڭغا ئېلىپ بېرەي .

— ئىت بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى بولىدۇ .

ئەۋلىيا ئەزەم ۋارقىراپ كەتتى :

— دەل تاپتىڭ ، كۆرۈۋاتقىنىڭ ئىتنىڭ كۈنى بولۇۋاتىدۇ . توڭلاپ ئۆلۈش ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ئىتنىڭ ئۆزى سەن !

— ھەر ئىككىمىز ئىت ، بىرىمىز ئەلنىڭ ئىتى ، يەنە بىرىمىز گوداڭ يالايدىغان ئىت . مەن ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقان ئىت . سەن يالاق يالاپ سەمرىۋاتقان ئىت .

ئەۋلىيا ئەزەم غەزەپ بىلەن ئابدۇخالىقنى تەپتى . ئابدۇخالىق قارغا يۈملاپ كەتتى . ئەۋلىيا ئەزەم تىللىغىنىچە مېڭىپ كەتتى . ئابدۇخالىق قار ئادەمگە ئوخشاپ قالدى . ئۇ ئۈملەپ تېرەككە

يۆلىنىۋالدى ـ دە، قارغا مىلەنگەن ئاغزىنى ئېچىپ كۈلدى :

— سانىسىز جامائەتنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە دېكلاماتسىيە قىلغاندەك لەززەتكە تولدى ئادەم .

قار تېخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى . ئابدۇخالىق خەنجىرىنى چىقىرىپ ، مەيدىسىنى ياردى . ئۇ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، قىپقىزىل قۇرلارنى يازغىلى تۇردى .

— ھەي ، ئابدۇخالىق ، تۇرغىنە ئورنۇڭدىن ، بايا كاللام قىزىپ ئازار بېرىپ قويدۇم ، مېنى كەچۈر .

قار ئاستىدا ئەۋلىيا ئەزەم پەيدا بولدى . ئۇ خىجىللىقتا ھىجىيىپ تۇراتتى .

— ۋۇي ئىپلاس ، ئازار بەرگىنىڭ بىلەن خۇشال قىلغىنىڭنى بىلمەيسەن ، بايا خۇشال قىلغان ئىدىڭ ، مانا قاردىن سورا ، مەن باياتىن كۈلگەن . مانا ئەمدى ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن . مەن ئاجايىپ شېئىر يېزىۋاتقاندىم...

— سەندىن ئۆتۈنەي ، قانداق قىلسام تاماق يەيسەن ؟

— مېنى ئارامىمدا قوي .

— مېنى ئۇنچىۋالا يامان كۆرمە .

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قېلىشتى . ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى :

— ساڭا يامانلىق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن . لېكىن سەن مېنى مەرەزنى كۆرگەندىنمۇ يامان كۆرىسەن .

ئابدۇخالىق تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى :

— ھەي بىچارە مەلئۇن ، سەن ئەدەبىياتنى بۇلغاشتىن توختىغان كۈنى ، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن ، سەن بىلەن تازا راھەتلىنىپ غىزا يەيمەن ، ھەتتا ساڭا كۈيئوغۇل بولىمەن .

ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ ھاسىراپ كەتتى :

— مېنى ئەدەبىياتتىن قوغلاشقا ھەددىڭ ئەمەس . مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا شېئىرىيەتنىڭ چوققىسىنى ياراتتىم ، يېڭىلىق ئىلىپ كىردىم .

— سەن شېئىرىيەتكە يات يېڭىلىق ئېلىپ كىردىڭ. شېئىرىيەتتە يالاقچىلىقنىڭ چوققىسىنى ياراتتىڭ

ئەۋلىيا ئەزەم يا ئوقى كۆزىگە قادالغان ياۋاتوڭگۇزدەك چىرقىراپ كەتتى:

— سەن··· سەن شائىر ئەمەس، قىپقىزىل ساراڭ··· ئىپلاس، دەلدۈش، ئىتتىن خار بولۇپ، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆل، جەسىتىڭ كوچىدا قېلىپ ئىتقا يەم بولسۇن!

ئۇ قارغىغىنىچە تەلۋىلەرچە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئابدۇخالىق خىرىلداپ كۈلدى:

— ھە مانا ئەمدى بولدى، مەن ئۆلمەيمەن. قارا ئىت، تېنىمنى قەلەم، قېنىمنى سىياھ قىلىپ، پۈتكۈل قارلىق دالىغا شېئىر يازىمەن. ئاخىر قارغا ئايلىنىپ كېتىمەن. قېنى سەن ئۆلدى دېيەلەمسەن؟

ئۇ يۈرىكىدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان مىسرالارنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ، تىرەككە يۆلىنىپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزى ئېيتقاندەك ئاپئاق قارغا ئايلىنىپ كەتتى.

1991 - يىل 3 - ئاي



www.uyghurkitap.com

# كېچىنىڭ كۆزى

## 1

كەچنىڭ سالقىن شامىلى باراقسان مەجنۇنتال ياپراقلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. غۇۋا چىراغلارغا ئۇششاق ھاشاراتلار يېپىشىۋالغانىدى. قىبلىدىن ئۇرۇلغان راھەتلىك شامال شەۋكەتنىڭ چاچلىرىنى توزىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئىلاجى بار سەۋر قىلىش ئۈچۈن شامال كەلگەن تەرەپتىكى روشەن يۇلتۇزلارنى ساناشقا باشلىدى. مەكتەپنىڭ ئالمىلىق بېغىدىن قىز - يىگىتلەرنىڭ شېرىن تاۋۇشلىرى قۇلىقىغا توختىماي كىرىپ تۇراتتى. سۈت ئالمىنىڭ خۇش ھىدى ئۇنىڭ دىمىنى تۇتقۇزۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، چىشلەپ يۇلتۇز ساناشنى داۋام قىلدى. قىزلارغا خاس يەڭگىل ئاياغ تاۋۇشى ئۇنى يۇلتۇز ساناشتىن توختىتىپ قويدى. بىر قىز نازۇك بەللىرىنى تولغاپ پەلەمپەيدىن مەغرۇر چۈشۈپ، بۇ يەردە يۇلتۇز ساناشتىن توختاپ قالغان كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەقەتلا ھېس قىلىپ باقمىغاندەك، شامال ئۇينىتىپ ئارام بەرمىگەن چاچلىرىنى يەنە شۇنداق مەغرۇر سىلكىپ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قىز يېنىدىن ئۆتكۈچە قىزنىڭ نېپىز شايى كۆڭلىكى ئىچىدىكى مۇڭگۈزدەك كۆكسىگە ئاچ كۆزلەرچە تىكىلدى، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا

تولغان ساغرىسىغا قاراپ قالدى .

— ما كاساپەتنى . قايسى مەلئۇننىڭ قولىدا تولغىنىدىغانسەن، لېكىن بىزنىڭ بىلىققا يەتمەيسەن .

ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تاماكا چەككەچ يەنە ئاشۇ ساغرىغا قارىدى .

— ئوقۇغۇچى دېگەن شۇ .

ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە يەنە يۇلتۇز سانىماق بولۇپ ئاسمانغا قارىغۇدى ، بايا ساناپ قەيەرگە كەلگەنلىكىنى تاپالمىدى . زەردە بىلەن ئارقىسىغا قاراپ ، كېتىۋاتقان قىزنىڭ كەينىدىن تاماكىسىنى تۇكۇردى :

— جادۇ جالاپ !

— نېمىدېگەن چىرايلىق گەپلەر بۇ ؟ !

شەۋكەت ئىتتىك ئارقىغا بۇرۇلۇپ پەلەمپەيدە پەرىزاتتەك سۈزۈلۈپ تۇرغان بىلىقىزنى كۆردى . ئاق شايى كۆڭلىكى ئۇنى هازىرلا ئەرشتىن چۈشكەندەك كۆرسەتمەكتە ئىدى . ئايدەك يۈزىنى ئورىۋالغان قارا ، دولقۇنسىمان چاچلىرى بۇلۇتتا ئوخشايتتى . شەۋكەت سائەتكە قارىدى .

— ساق ئىككى سائەت قىرىق ئۈچ مىنۇت ئۆتۈپتۇ . بۇ ۋاقىتتا دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلار ئورۇندىلىپ بولىدۇ . ئالەم ئايروپىلانى بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىن چىقىپ كېتىدۇ .

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز چىرايلىق يىگىت .لېكىن ، سىز بىلەن مەن ئالەم ئايروپىلانىنى كۆرۈپ باقمىدۇق ، كۆرۈۋاتقىنىمىز ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ماشىنىلار ، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى .

— ئۆزىمىزنى قۇتقۇزمىساق تارىخ بىزنى يۇندى ئورىكىگە تاشلىۋېتىدۇ ، يەر يۈزىدىن تامامەن يوقىلىپ ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىمىز ، ھەتتا نەسلى قۇرۇشقا باشلىغان ، ئىنسانلار تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان ھايۋانلارچىلىك قەدرىمىز بولماي



www.uyghurkitap.com

تۇگەيمىز .

شەۋكەت خەپرۇكىلەرنىڭ بېلىقنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە چاچرىتىپ سۆزلەۋەردى . قىز ئىزىدا توختاپ سومكىسىدىن ئاپئاق قولياغلىقنى چىقىرىپ يۈزىنى سۈرتتى . قوللىرىنى سىلكىپ ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا سۆزلەۋاتقان شەۋكەتنىڭ قوللىرى بوشلۇقتا توختاپ قالدى . ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئېسىلىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەس ئاۋازدا ئېيتتى :

— ئېشقىلىپ ، مەن بىكارغا قاينىمايمەن .

بېلىقىز ھېچبىر ئىپادىسىز قادىلىپ تۇراتتى . ئەمدى جاۋابەن ئېغىز ئاچتى :

— تەكرار ئېيتتىم ، يەنە تەكىتلەپ قوياي : ئالىي مەكتەپنىڭ بىئولوگىيە كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىمەن ، سىياسىي بىلەن خۇشۇم يوق ، ئۇنى چۈشەنمەيمەن ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمەن . بۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق . مۇشۇنداق كوتۇلداپ يۈرۈپ بېشىڭىزنى يەيدىغان ئادەمكەنسىز .

— گېپىمنى چۈشىنىڭ . مەن سىياسەت توغرىسىدا ئەمەس ، ئەخلاق تېمىسىدا گەپ قىلىۋاتىمەن .

— بولدى ، بىردەم گەپ قىلماي مېڭىڭ . ساۋاقداشلىرىم بىزگە ئۈچمەنلىك بىلەن قارىشىۋاتىدۇ .

ئۇلار ئوقۇغۇچىلار توپلىشىۋالغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن جىمجىت مېڭىپ ئۆتۈشتى .

— قاياققا ماڭىمىز ؟

— سۆگەتلىك كۆل تەرەپكە .

— ئۇ يەردە پاشا جىق .

— مەن سىزنى پاشىلار بىلەن ياخشى مۇڭدىشالايدىكەن ، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن .

— مېنى مەسخىرە قىلماڭ ، دېمەكچىمەنكى ، مەن سىزنى ئىككى يېرىم سائەت ساقلىسام ، مېنى بىرسى تۆت سائەت ساقلىسا ،

بىزدىكى ئىشەنچلىك ۋاقىت كۆز قارىشى قېنى؟ بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچ نەگە كېتىدۇ؟ بىزدىكى دورامچىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىش، بىر ـ بىرىگە يالغان ئېيتىش، ئالداش، خۇشامەتچىلىك، پارىخورلۇق، خۇددى بىر كىمگە باشىپ بېرىۋاتقاندەك كۈن ـ تۈنلەپ ئۇلپەتچىلىك قىلىپ سورۇن تارتىپ ئىچىش، چېكىشلەر، يالغان كۈلۈش، ساختا تەكەللۇپلار... مانا... يەنە نۇرغۇن، مەن سۆزلەپ بولالمايمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان، خاراب بولغان بىر مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. بۇ ئىللەتلەرنى ئۆزىمىز تۈزىمىسەك، ھەربىر ئادەم ئۆزى تۈزىمىسە، بىر كىم تۈزەپ بېرەمدۇ؟ ھەممىنى خۇدا تۈزەپ بېرەمدۇ؟ ئاڭلىسام: «سەن پەيلىڭنى قانچىلىك ئۆزگەرتسەڭ، مەن قىسمىتىڭنى شۇنچىلىك ئۆزگەرتىمەن» دەيدىكەن ئاللا. بىزنىڭ ئادەملەردىكى ھالىغا باقماي قىلىپ كېتىدىغان ھەشەم ـ پەشەم، سورۇن ـ باراۋەت، كەيپ ـ ساپا، تۆگىمەس قائىدە دېگەنلەر پۇت ـ قولىمىزنى چۈشەۋاتقان خوراپىي نەرسىلەردۇر. مانا بۇلارنى بىر كىم ئەكىلىپ بىزگە تاڭغىنى يوق، ئۆزىمىز تېپىپ ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بولدۇق. بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىمىز يوقىتىپ، ئۆزىمىزنى ئازاد قىلمىساق مەڭگۈ روناق تاپالمايمىز. بىز ئۆزىمىزنى سۆيەيلى، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى خورلىمايلى!

— بەك ئوبدان گەپ قىلدىڭىز. ھازىر خوتۇنىڭىزغا قانداق يالغان گەپ قىلىپ ئالداپ چىقتىڭىز؟

بىلىقىز كۈلۈمسىرەپ شەۋكەتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— بۇنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز.

— مېنىڭ ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. بۇ باياتىن بېرى سىز دەۋاتقان ساختىپەزلىك، بۇمۇ ئۆزىمىزنى ئالداۋاتقانغا كىرىدىغۇ دەيمەن؟

— ياق، مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. بۇ بىر مۇقەددەس سۆيگۈ ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن.

— ئۇنداقتا خوتۇنىڭىزنى سۆيمەمسىز؟
— كىم سۆيمەيمەن دەپتۇ؟!
— ئەمىسە نېمىشقا ماڭا رودۇپايدەك ئەگىشىۋالىسىز. خوتۇن ـ باللىرىڭىزغا مۇھەببىتىڭىز بولغاندىكىن، شۇلارنى سۆيۈسىڭىز بولمىدىمۇ، مەندە نېمە ھەققىڭىز بار؟
— ئەمىسە ماڭا خوتۇن بولۇڭ.
— ياق.
— نېمىشقا؟
— ئۇ چاغدا چوقۇم مېنى يەنە بىر چىرايلىق قىز كۆندىشىم بىلەن قوشۇپ سۆيىسىز.
— سىزنىلا سۆيىمەن.
— بۇ ھەر كۈنى خوتۇنىڭىزنى ئالدايدىغان مەڭگۈلۈك گېپىڭىز.
— سىزگە ئۇنداق قىلمايمەن. بولمىسا بەش يىلدىن بېرى ئۆتىڭىزدا كۆيۈپ، سۆيىڭىزدە ئېقىپ يۈرەمدىم.
— بۇ ناھايىتى ئېنىق. ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىز تېخى مەندە تۇرۇپتۇ. ئامانەتنى ئالغان بولسىڭىز بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەيتتىڭىز، رايىڭىز يېنىپ ھەتتا ئۇنتۇپ قالاتتىڭىز.
— ئۇنداقتا ئىككىمىز توي قىلايلى، شۇ چاغدا كۆرەرمىز.
— سىز بىلەن توي قىلغۇم يوق.
— ماڭا نىسبەتەن سىزدە سۆيگۈ دەيدىغان نەرسە يوقكەن ـ دە، — ئەمىسە نېمە دەپ مەن بىلەن يۈرىسىز؟
— مەن سىزنى سۆيىمەن، ئەمما توي قىلمايمەن. ھاياتتا ئەڭ سۆيۈلگەن مۇھەببەت توي قىلالمىغانلار ئارىسىدا بولىدۇ. مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك سۆيۈش ئۈچۈن سىز بىلەن توي قىلمايمەن.
— بۇ يالغان. كۆزدىن يىراق بولغاندىكىن، ھامان بىر كۈنى كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.
— سۆيگۈ ھەر ئادەمنىڭ روھىدا ھەر خىل بولىدۇ.

— لېكىن ، سىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلالماسلىقىڭىزدا باشقا سەۋەب بار ، يەنى ياشتا چوڭ ، ئىككى بالىسى بار ئادەم دەيسىز .

— دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، مېنىڭچە ، قىزلار چوڭ ياشلىقلارغا تەگسە تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولىدۇ . بۇ نۇقتىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بەك ياخشى بىلىدۇ . دادام قېرىپ پېنسىيىگە چىقتى ، ئاپام ئەمدى قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى . ئىككىسى بىر ـ بىرىنى بەك ياخشى كۆرۈشىدۇ . ئاپام دادامنىڭ قىرىق يېشىدا ئالغان خوتۇنى . ئاپام دادامدىن ئون سەككىز ياش كىچىك . ئاپامنىڭ ھەرقانداق تەلىپى دادامنىڭ قىزغىن مۇھەببىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ھە راست ، مېنىڭ توي قىلىشىمدا دادام بىلەن ئاپامنىڭ بىرلا شەرتى بار ، ناھايىتى ئاددىي ، توي قىلىدىغان ئادىمىڭ كەلپىنلىك بىلەن قەشقەرلىك بولمىسۇن دەيدۇ . لېكىن بۇمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ .

— قەشقەرلىك ئارپىسىنى خام ئورۇپتىمۇ ؟

— ئاتا ـ ئانام دېھقانچىلىقنى بىلمەيدۇ . لېكىن تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق تەكەللۇپ ، يوسۇنلار بىلەن چىقىشالمايدۇ .

— سىز بىلەن مەن مىللەتنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى ، زىيالىيسى بىز . ھازىرقى زامان ئېڭى بويىچە ياشىشىمىز ، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشىمىز كېرەك . يۇرت ئارا بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىكنى يوقىتىپ ، بىر ـ بىرىمىزنى سۆيەيلى . بىزنىڭ ئىناق بولۇشالماي قومدەك چېچىلىپ ياشىشىمىز بەختسىزلىكلىرىمىزنىڭ توپ يىلتىزى ، بۇ ئىللەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك .

— مىڭ سۆزلىگىنىڭىز بىلەن ئاتا ـ ئانىمىز ياشىغان ئاشۇ تۇپراق ، سۇ ، ھاۋا ، تومۇرىمىزدىكى قان بىزنى يەنە شۇنداق ئۆستۈرىدۇ . پەقەت قىسمەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن . ئىناق بولۇش ، بىرلىشىش ھەممىدىن ئەلا .

— بولدى ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى ، قەھۋە ئىچەيلى .

— مېنىڭ ئۆيەرگە كىرگۈم يوق.
— نەپرەتلىنەمسىز؟
— بىلمەيمەن.
— خەق نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بىزمۇ ئۆز ھالىمىز بىلەن بولىمىز. جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بىلىپ قويغانغا يەتمەيدۇ. بۇمۇ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ بىر دۇنيا دەڭا.
«لېۋەنئاي قەھۋەخانىسى» دېگەن خەت ئۇسسۇل ئوينىغاندەك تولغىنىپ يېنىپ تۇرىدىغان ئىشىكتىن شەۋكەت ئالدىدا كىردى. ئاي چېھرىلىك ئۈچ قىز كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى، بىرسىنىڭ ئاق بىلىكى بويىنىغا يىلاندەك يۆگىشىپمۇ ئۈلگۈردى.
— بولدى، رەھمەت سىلەرگە.
بېلىقىزنى كۆرۈپ ھەممىسى پەرىلەردەك غۇۋالىق ئىچىدە غايىب بولدى. غۇۋا قىزىل چىراغ نۇرىدا پەردىلىك توسۇقلار سىرلىق كۈلۈمسىرەۋاتقان، سىپتا ياسانغان چىرايلىق ئايالدەك كۆرۈندى. ئەتىر ئارىلاشقان ھەر خىل ئىچىملىك پۇرىقى قەھۋەخانىنىڭ ھاۋاسىنى سېھىرلەپ تۇراتتى. توسۇقلار ئىچىدە قىزغىن پىچىرلاشلار، قىزلارنىڭ نازلىق كۈلۈپ ئەركىلەشلىرى ئاڭلىناتتى. كۈتكۈچى قىز ئۇلارنى پەردىسى قايرىلىپ تۇرغان بىر بوش ئورۇنغا باشلاپ كەلدى.
— نېمە لازىم؟ — دېدى كۈتكۈچى ئۇلار جايلىشىۋالغاندىن كېيىن.
— سىز دەڭ، — كۈلۈپ قارىدى شەۋكەت.
— قەھۋەدىن باشقا نېمە بار بۇ يەردە؟
— خالىغىنىڭىزنىڭ ھەممىسى بار.
بېلىقىز تائام بۇيرۇتتى:
— ئىككى ئىستاكان قەھۋە بىلەن بىر تەخسە تۇخۇم قورۇمىسى، بىر تەخسە تەرخەمەك، ئون زىخ كاۋاپ كەلتۈرۈڭ.

— بۇ يەر قىزىق تۇيۇلۇۋاتامدۇ ؟
— نېمىسى قىزىق . مېنىڭچە ، بۇ ئۆز يولىدا ، تەبىئىي ـ نورمال ئىش . جاھاندا كىشىلەر ئازادلىك ھېس قىلىدىغان قانچىلىك ئىش بار ؟ ئەگەر ئۇلار بۇ يەردە ئۆزىگە ئازاب تېپىۋالسا ھەرگىز يولىمايدۇ . ئادەم خۇشاللىق ئىزدىگۈچى مەخلۇق . ئۇنىڭ كۆڭلى نەدە خۇش بولسا ، شۇ يەرگە ھەسەل ھەرىسى ئولاشقاندەك مانا مۇشۇنداق توپلىنىدۇ . سىز كۈچەپ ئۆزگەرتىمەن دېگەن ئادەملەرنىڭ روھى ، جەمئىيەتنىڭ ئېغى ۋاقتى ـ سائىتىگە كەلگەندە ئۆز يولى بىلەن ئۆزگىرىۋېرىدۇ .
— پۈتۈنلەي پەرۋاسىزلىق . ۋىجدانسىز ئادەملەر پەرۋاسىز بولىدۇ . پەرۋاسىز ئادەمدە ئېتىقاد بولمايدۇ ، شامالغا قاراپ يەلكەن چىقىرىشقا ، خامىلپىئوندەك ماسلىشىشچانلىققا — رەڭ ئۆزگەرتىشكە ماھىر كېلىدۇ . مەن ئۆزۈم سۆيىدىغان سىزدەك بىر ياخشى قىزنىڭ تېخى جەمئىيەتكە قەدەم قويماي تۇرۇپ ، بۇنداق بولۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن . مەن بارلىق ھاياتىم ، جېنىم بىلەن سىزنى ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىشكە ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن . مانا بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك غايەم . سىز ئۇنداق بولماسلىقىڭىز كېرەك ، بىلىقىز .
— مانا بۇ بىزنىڭ مىليونلىغان ئالىي مەقسەتلىك نادان ، ياخشى ئادەملىرىمىزنىڭ بەختسىز خاراكتېرى . دەل مۇشۇ ئىش ئۇلارنى قانلىق تراگېدىيە ئىچىدە ، ئالدانغان ئارمان ، پۇشايمانلار ئىچىدە يەر يۇزىدىن يوق قىلدى . كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ، روھىنى ، ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىرلا قۇدرەتلىك كۈچ بار ، ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى . ئۇنى ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىنسانىيەت ئۆزگەرتەلىگىنى يوق . بەلكى ئۆزگەرتىمىز دېگەنلەر تەبىئەت تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلدى . تەبىئەت كەڭرى ، ئۇنىڭغا قاراپ بېقىڭ : باھار ، ياز ، كۈز ، قىش ، بۇلارنىڭ ھەربىرىدە ھەربىر ئۆسۈملۈكتىن تارتىپ جانلىقلارغىچە شۇ پەسىلنىڭ

قانۇنىيىتى بويىچە ياشايدۇ، جۇملىدىن ئادەممۇ شۇنداق. مانا قاراڭ: قىشتا سىز مانا مۇشۇنداق كىيىم بىلەن ياشاپ ھايات تۇرالامسىز. قىشنى ئۆزگەرتەلەمسىز؟ پەقەت ئۇنىڭغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا تاقابىل تۇرۇپ ياشايسىز. ئادەملىرىمىزنىڭ ئېڭى، روھى ھەرقايسى دەۋردە ھامان ئۇنى تاپىدۇ.

— سىزنىڭ بۇ سېلىشتۇرمىڭىز يەنىلا پەرۋاسىزلىق، بىزنىڭ مىليونلىغان كىشىلەردىكى چۈشكۈنلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھېچ نەرسىگە ئىنتىلمەي، زەئىپ ھالدا نېمە بولسا شۇ دەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش، ئۆزگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى ئالداش ئۈچۈن تاپقان گېپى. سىز دەۋاتقان پۈتكۈل كائىنات كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم. مېنىڭ دەۋاتقىنىم دۇنيانىڭ بىر كىچىك زېمىنىدىكى ئادەملەرنىڭ روھى مەسىلىسى. قېنى ئېيتىڭ، بىر زېمىندا، بىر كىلىماتتا ياشاۋاتقان، ئوخشاش تاماق، كىيىم، ھاۋا، سۇدىن پايدىلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ روھى ئوخشاش ئەمەس، تەقدىرى ئوخشىمايدۇ. بىز چۈشكۈنلىشىپ ـ چىرىكلىشىپ، تۈگىشىپ كەتتۇق. كونا ئېسىل ئەخلاقنى كونىرىدى دەپ تاشلاپ مېڭىپ، يېڭىسىنى تاپالماي دوراپ، ئاخىر يا كونىسى، يا يېڭىسى يوق قەلەندەرنىڭ ئۆزى بولدۇق. بىزدە مىللىي ئەخلاق، مىللىي مەدەنىيەت يوقالسا بىز تولۇق يوقىلىمىز، زەئىپلىشىپ، ئۆلۈپ تۈگەيمىز.

شەۋكەت ھاياجاندىن بوغۇلۇپ قولىدىكى بىر ئىستاكان قەھۋەنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئۇردى. كۈتكۈچى سايىدەك پەيدا بولدى.

— كەچۈرۈڭ بىرئاز چېچىلىپ قالدى، ھېچ ئىش يوق، — دېدى بېلىقنى خاتىرجەملىك بىلەن.

— ئىستاكان پۇلىنى ئايرىم ھېسابلايمىز.

— قانداق ھېسابلىساڭ شۇنداق ھېسابلا چوشقىنىڭ كۈچىكى. كاشىلا قىلماي كۆزۈمدىن يوقال!

— ئۆزىڭىزنى بىسۇپلىك ، بۇ ئاجىزلىقۇ. بۇنداق بولغاندا بىر مىللەتنى ئەمەس ، ئالىقىنىڭىزدىكى مەنىلىك بىر قىزنىمۇ ئۆزگەرتەلمەستىن ، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسىز. ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مانا مۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش كېرەك .

بىلىقىز شەۋكەتنىڭ قىزىرىپ ئىسسىلىپ كەتكەن ساقاللىق ئېڭىكىنى يۇمشاق ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ، كۆكىرىپ تىترەپ كەتكەن قىلىن كالپۇكىغا نازۇك ، رەڭدار لىۋىنى يېنىك ياقتى . تىترەپ تۇرغان شەۋكەت بىلىقىزنى قۇچاقلاپ ، مىجىقلاپ ، ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈپ كەتتى . بىلىقىز شەۋكەتنىڭ بېغىشىنى قاتتىق چىشلەپ يۇلقۇنۇپ چىقىۋالدى . شەۋكەت قاتتىق ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بېغىشىدىن سۇس قان چىقتى .

— دېمەك ، سىز قۇرۇق گەپتىن باشقىغا يارىمايدىغان ئاجىز ، شاكال ، چاكىنا ئادەمكەنسىز. سۆيۈشنى بىلمىگەن ئادەم قۇتقۇزۇشنى بىلەمدۇ ؟ سىز تەربىيىلىنىڭ ، ئاۋۋال خەلقنى سۆيۈش كېرەك . مەنمۇ شۇ خەلقنىڭ بىرسى . سۆيۈڭ دېسە ، خۇدىڭىزنى يوقىتىپ غالجىر ئىتتەك تالاپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدىڭىز. سۆيۈش ئادەمگە لەززەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە . مەن بوغۇلۇپ ئۆلگىلى تاس قالدىم . سىز لەززەت ئالالىدىڭىزمۇ ؟ كېلىڭ ، بېغىشىڭىزغا سۆيۈپ قوياي ، ئازابىڭىز يېنىكلىسۇن .

شەۋكەت ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى . بىلىقىز ئۇنىڭ بېغىشىدىكى قاننى ئالدىرىماستىن يۇمشاق شۈمىدى . بۇ يېقىملىق قىلىق شەۋكەتنىڭ سىزىمىنى قاتۇرۇپ ، مەستخۇشلۇقنىڭ كەيپىنى سۈرگۈزدى . بىلىقىز لىۋىنى تارتىۋېلىپ كۈلۈۋەتتى .

— سىز بەك ئۇستا جادۇگەركەنسىز ، — دېدى شەۋكەت .

— بىز تېمىدىن يىراقلاپ كەتتۇق . باشقا گەپنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزنى قىلىشىپ ، كۆڭلىمىزنى ئاچايلى .

— ئەمىسە، ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلمىغۇدەك ياردەم قىلىڭ.

— قانداق ياردەم؟

— مۇھەببىتىڭىز ـ سۆيگۈڭىزنى دەيمەن.

— دېدىمغۇ، ھاياتىمدا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى سىز. مەن سىزنى ئۆمۈر بويى سۆيىمەن.

— ئەمىسە توي قىلايلى.

— بۇ قانداق مۇھەببەت؟

— بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت. پەقەت سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىلا مەن مىللىتىمنى قۇتقۇزۇش غايىسىگە يېتەلەيمەن.

— ماقۇل سىز بىلەن توي قىلىپ، سىز تەلەپ قىلغان ياردەمنى قىلاي. دوختۇرخانا كېسەللەر ھېساباتخانىسىدا بوغالتىرلىق قىلىش بىلەن، مۇشۇنداق قۇرۇق گەپ قىلىش بىلەن ئۆزىڭىزنى ئالداشتىن باشقا قانداق ئىش قىلماقچىسىز؟

— پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ماقالە يازىمەن، تەشۋىق قىلىمەن. ئاجىزلاشقان مىللىي روھنى، بۇزۇلغان مىللىي ئەخلاقنى قۇتقۇزۇش، ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، كىتاب يېزىپ كىشىلەرنىڭ روھنى ئويغىتىمەن، ئېڭىنى ئۆستۈرىمەن. مانا مۇشۇ مۇراجىئەت قىلىش يولى ھازىرقى دەۋردە ئەڭ ئېسىل ئەمەلىي ئىش، مەن مۇشۇنى قىلىمەن.

— رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. سىزنى رېئاللىققا قايتۇراي. سىز قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھېچقايسىسى كىشىلەرنى ئەمەلىي نەپكە ئىگە قىلالمايدۇ. ھازىر پۇل بىلەن ھوقۇق ھەقىقىي تار دائىرىدە ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىش قۇدرىتىگە ئىگە كۈچ. مانا بۇ كىشىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

— ئاغزىڭىزدىن بۇنداق تېتىقسىز گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەن ئىكەنمەن.

— بۇ مېنىڭ ئاغزىمدىكى ئەمەس، روھىمدىكى گەپ، بۇنى ماڭا ھازىرقى رېئاللىق ئۆگەتتى.

— بۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك . بۇ بەك ئېپلاس روھ .
— مۇمكىن ئەمەس . بۇ ئەڭ ئەمەلىي روھ ، مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى ، ئاشۇ تەشۋىقاتىڭىز مېنىڭ نەزىرىمدە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس ، لېكىن بىر سوم پۇلغا كېلىدىغان بەش نان كىشىلەرگە ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلدۈرەلەيدۇ . مېنىڭ ئۆزگىرىش ، ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى گەپلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئاڭلىغۇم يوق . پۇل بىلەن ھوقۇق مەندە چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتىدۇ . سىز بىلەن بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەشكۈم يوق ، مەن پەقەت شۇنىلا قەدىرلەيمەن .
— بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ، ئۆزىنى ھازىرغىچە پاك ساقلاۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرىكىنىڭ بۇنچىلىك چىرىكلىشىپ كېتىشىنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن . بۇ سىز بىلىق شۇمۇ ياكى باشقا بىر داڭقى پۇر كەتكەن سەتەڭمۇ ؟
— نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ ، مەن بىر ئادەم .
شەۋكەت ئورنىدىن تۇردى . بېلىقىز خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ ئىزىدا ئولتۇرۇۋەردى .
— ئولتۇرۇڭ ، مەن تېخى سىزنى قانغۇدەك سۆيمىدىم .
— سىز مېنى سۆيمەيسىز ، پۇلنى ، ھوقۇقنى سۆيىسىز .
— لېكىن ھەممىدىن سۆيۈملۈكى يەنىلا سىز .
بېلىقىز ئورنىدىن تۇرۇپ شەۋكەتنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى ، چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ ئالدىرىماستىن لېۋىنى لېۋىگە ياقتى . شەۋكەتنىڭ قولى بەلدىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ كۆڭلەكنى كۆتۈردى .
— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ ، — بېلىقىز شەۋكەتنىڭ قولىغا ئۇرۇۋەتتى .
شەۋكەتنىڭ غەزىپى بىراقلا تاشتى .
— سىز قانداق شاياتۇن خوتۇن . مېنى ساراڭ قىلاي دەمسىز ، سىر تاماققا ئېسىپ قويۇپ ، يا ئۆلتۈرمەي ، يا بوشاتماي . ئەگەر يەنە رەت قىلسىڭىز ، بولدى سىز بىلەن ئادا - جۇدا بولىمەن .

— قورقىتمەن دېمەك. لەززەت دەل شۇنىڭدا، لېكىن ھەر ئىشنىڭ يولى، ۋاقتى بولىدۇ.

— بەش يىل بولدى، ئەمدى ئۇقۇشىڭىز تۈگەيدۇ. يا توي قىلىمىسىڭىز، يا تەلىپىمگە ئۇنىمىسىڭىز، قاچان كېلىدۇ ئۇ ۋاقىت. بولدى، مېنى ئەمدى ئالدىيالمايسىز. ئەمدى بىلدىم، سىزدە ھېچقانداق ئورتاقلىق، مۇھەببەت دېگەن نەرسە يوق.

— مەن بۇرۇنلا بىلگەن.

— سىز ئەۋلىيا خېنىم.

— ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق.

— بىزنىڭ بارلىق ساختا مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. بۈگۈندىن باشلاپ شەۋكەت سىزنى ئىزدىمەيدۇ، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ. سىزنى تونۇمايمەن. سىز ئادەم ئەمەس، ئالۋاستى.

— بولىدۇ. خەيرخوش، بىردىنبىر ئادەم.

بېلىقىز كۆزىدىن ياش قۇيۇلغان پېتى قەھۋەخانىدىن چىقىپ كەتتى. شەۋكەت ئىزىدا ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

## 2

دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ھېساباتخانىسىنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكى ئالدىدا كۈن ـ تۈن ئۆچىرەت ئۈزۈلمەيدۇ. ھېسابچى خادىملار باش كۆتۈرمەستىن يازىدۇ، چوتنى تاراقلىتىدۇ، يەنە يازىدۇ. كېسەللەرنىڭ كېسەلخانىدا يېتىش ـ ياتماسلىق تەقدىرى مانا مۇشۇ يەردە بەلگىلىنىدۇ. كېسەللەر ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىشتىن ئەمەس، مۇشۇ يەردىكى چوت ئۇرۇقلىرىنىڭ تاراقلىشىدىن قورقىدۇ. قورققان بىلەن داۋالانماي مۇمكىن ئەمەس ـ تە. دوختۇرلار بىمارغا ئىنسانىي ھېسسىياتتا رەھىمدىل بولغىنى بىلەن، بۇ يەردىكى ھېسابچىلار چوت ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمىنى كەم ـ

كـۆتـىـسىز ئىجرا قىلىشىدۇ . ئۇلاردىكى ھېسسىيات — رەقەم ، رەھىم ـ شەپقەت بولسا چوتنىڭ ئۇرۇقى .

شەۋكەت باش كۆتۈرمەستىن تۆشۈكتىن تەكلەنگەن كېيىشەلىنىڭ ھـېـسـابات جەدۋىلىنى ئالاتتىيۇ ، ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرمەيتتى . بەزىدە ئۇدۇل كېلىپ قالسا ، كىر ـ ماشگىر تۆشۈكتىن بىر جۈپ كۆزنى كۆرۈش نېسىپ بولاتتى . تۇكلۇك قوللار ، نازۇك قوللار ، ئـوتـۇندىن قېلىشمايدىغان قوللار… تاراقلاپ سوقۇلىدىغان چوت ئۇرۇقى ، شىرتىلداپ يېزىلىدىغان رەقەملەر…

بـىـر نازۇك قول تەكلەندى . شەۋكەت ھېسابات جەدۋىلىگە ئوخشىمايدىغان قەغەزنى زەردە بىلەن ئېلىپ ئاچتى : «بىردىنبىر ‹ئـادەم ئـالـۋاسـتـى› ، سـىـز بـىـلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈپ خوشلاشقىلى كەلدى . بۇ ئالۋاستىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى . »

شەۋكەت تۆشۈكتىن قارىۋىدى ، كۆز كۆرۈنمەي ، تەكلەنگەن قولنىڭ بىلىكىلا كۆرۈندى . ئۇ قەغەزنى ئالدىغا تاشلاپ ، ئۇستەلگە يـۆلـىـنـىـپ ، بېلىنى رۇسلاپ تاماكا چەكتى . ئارقىدىن يەنە شۇ قەغەزنىڭ ئۈزىگىلا : «يېرىم سائەت ساقلا» دەپ يازدى ـ دە ، پۇرلاپلا نازۇك قولغا تۇتقۇزۇپ قويدى . قول تۆشۈكتىن تارتىلىپ ، ئورنىغا يەنە بىر قول سوزۇلدى .

قـۇياشنىڭ ئاخىرقى ئوت رەڭ نۇرلىرى تۇتۇرگى تېغىنىڭ چوققىلىرىنى نۇرغا پۈركەپ ، پەستىكى بوستانلىقلاردىن ئاستا ـ ئـاسـتـا ئـۆچۈشكە باشلىدى . تاغ باغرىدىكى تاقىرساي تەرەپتىن قـۇرغـاق سـالـقىن شامال كەلدى . بىلىقىز ئېگىز تۆپىلىكتىكى قاراخانىلار زامانىدىن قالغان يوغان ، سىلىق كۆك تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ، قۇياش بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆيۈشۈۋاتقان چوققىلارغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ستۇدېنت خېنىم ، ئەپۇ قىلىسىز ، يېرىم سائەتتە چىقىمەن دەپ ، ئىككى سائەت ساقلىتىپ قويدۇم .

بـىـلـىقىز نازۇك قولىنى تەكلەپ كۈلۈپ كەلدى . شەۋكەت سوغۇقلا قول سۇندى .

— تاڭ ئاتقۇچە كەلمىسىڭىز مۇشۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ساقلايتتىم . كەلمىگەن بولسىڭىزمۇ ھامان كۆرۈشمەي قويمايتتىم . بىز خوشلىشىشىمىز كېرەكقۇ ؟

— بىراق ئىختىيار مەندە ئەمەس . مېنىڭچە ، بىز خوشلىشىپ بولغان . قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى چۈشەنمىدىم .

— ئادەم ھەممىنى ئۆزى ئويلاپ چۈشىنىۋالالمايدۇ . سەل تۇرۇپ چۈشىنىپ قالىسىز .

— ھەرقانداق نەرسىنى سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىڭىز بىلەن چۈشەنگىم يوق . مەن بىر غايىلىك ئادەم . مۇشۇ زېمىننىڭ تۇزىنى يەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بەختىنى ئويلىمىسام ، مەن قانداقمۇ ئادەم بولىمەن . بۇ تۇپراق ئۆزىنىڭ چەكسىز ئاق كۆڭۈللۈكى ، چىدامlىقلىقى ، سەۋرچانلىقى ، ئاخىر يەنە ئامالسىزلىقىدىن ئادەم-دىن كۆپرەك ھايۋانىنى بېقىۋاتىدۇ . ھايۋان پەقەت ئۆز نەپسىنى — قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىدۇ . مەن ئۆزۈمنى ئادەم ھېسابلىسام ، قورسىقىمدىن باشقا ئاشۇ يىراقتا سوزۇلۇپ ياتقان تۇتۇرگى تېغىنى ، چاقماق دەرياسىنى ، ئۇنىڭ باغرىدىكى چەكسىز دالىنى ئويلىشىم كېرەك .

— سىز دەۋاتقان بۇ زېمىندىكى ئۆزىنىلا سەمرىتىدىغان چارۋىلار ئىچىدە مەنمۇ بولسام كېرەك ، دەپ ئويلايمەن .

— بۇنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق .

— لېكىن بۇ زېمىندىكى سىز ھايۋان ساناۋاتقانلار بىكارغا يەۋاتقىنى يوق ، ئۇلار ئۆز ئەجرى بىلەن ھالال يەۋاتىدۇ . ئۇلار ئۆز گۆشىنى بېرىش بەدىلىگە قورسىقىنى بېقىش پۇرسىتىگە ئىگە . لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي : دەبدەبىلىك قۇرۇق ، يالتىراق شوئار گەپلەر بىلەن ئۆزىنى ئالداپ ياشىغاندىن ئاشۇنچىلىك بولسىمۇ ئەجىر قىلىپ جان ساقلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە . قۇرۇق گەپچىنىڭ قولىدىن مەڭگۈ ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ ، بۇ ئۆلمەس ھەقىقەت .

— سىز دەۋاتقان يىرگىنچلىك جان بېقىش ھەقىقىتى ئىچىگە

پۇلدىن ئىبارەت سىزنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىڭىز چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

— ئەلۋەتتە. يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىۋېلىڭ، يەنە ھوقۇقمۇ بار.

شەۋكەت بىردەمگىنە جىم تۇرۇۋالدى، ئۇ توختىماي لاغىلدىراپ تىترەشكە باشلىدى.

— ئوقۇغۇچى، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلىماي تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى بۇنچىۋالا يۇقتۇرۇۋېلىشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ.

— شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، ئەمەلىيەتتە سىزنى شۇنچىۋالا يىرگەندۈرۈۋاتقان، ئۆچمەنلىكىڭىزنى قوزغاپ سۆزلىتىۋاتقان، قاقشىتىۋاتقان دەل مۇشۇ نەرسە. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ھازىر سىزدە بولغىنىدا ئىدى، مانا مۇشۇ يەردە سىز دەل ئەكسىچە گەپ قىلغان بولاتتىڭىز، ھەتتا سۆزلەپ ئولتۇرمايتتىڭىز. تارىخ دەل سىزگە ئوخشاش مىللەت ھەققىدە توختىماي قۇرۇق پو ئاتىدىغانلارنىڭ پۇل بىلەن ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىنلا شۇ نەرسىلەرنىڭ سادىق قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكرار ئىسپاتلىدى. ئۇلار ئەسلىدە شۇ نەرسىگە مۇتەھەملىك بىلەن ئېرىششنى ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا ئۈمىد قىلىدۇ. پۇل بىلەن ھوقۇقسىزلىق رەزىل ئايەت، جىنايەت. ئۇ بولمىسا ئادەم ئادەمدەك ياشىيالمايدۇ.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ. بۇنداق ھاقارەتلىرىڭىز ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك. سىز بىلەن بۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. باشقا گېپىڭىز بولسا دەڭ، بولمىسا يولىمىزغا ماڭايلى.

— بولىدۇ. ھازىر دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ياخشى دېدىڭىز، مەن خىزمەت تەقسىماتىمىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۈچۈن پۇلغا ئىگە بولماقچى. بەش يىللىق پاك مۇھەببىتىمىز، سىزنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى ئەسەبىي ئارمىنىڭىز، سىز بىلەن ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، بۈگۈن كېچىنى

قەھۋەخانىدا سىز بىلەن ئۆتكۈزىمەن .

شەۋكەت ئاشۇ ئۆلۈك تاغدەك جىمىپ كەتتى . خېلىدىن كېيىن ، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەندەك پەس ئاۋازدا دېدى :

— سىز ئالجىپسىز . شۇ تاپتا سىزنىڭ كاللىڭىزنىڭ نورمال ئىسكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ . مەن بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندىمەن ؟

— نېمىدەپ چۈشەنسىڭىز ئىختىيارىڭىز . مەن قارار قىلىپ بولدۇم . بەش يۈز كوي ئېلىپ ھېلىقى قەھۋەخانا ئالدىغا بارسىز ، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن شۇ يەردە سىزنى ساقلايمەن .

— توختاڭ ، مەن سىزنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ پاك ياشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم . ئاتا - ئانىڭىز ناھايىتى پۇلدار ئادەملەرغۇ ؟

— مۇستەقىللىق ئەڭ ئاۋۋال ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە بولۇشى كېرەك . مەن بۇنى ناھايىتى كىچىكىپ چۈشەنگىنىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن . شۇ ھېسسىياتقا كەلگەندىن باشلاپ ، ئاتا - ئانام مەيلى يامبۇدا ئىشلەك تاقىسۇن ، مەن ئۆز تۇرمۇشۇمنى ئۆزۈم باشقۇرىمەن ، مۇستەقىل ياشايمەن دېگەن ئىرادىگە كەلگەنمەن . ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە ، نەۋرە كۆرگۈچە ئاتا - ئانىغا يۆلىنىپ ياشاش ئىنسانىيەت ئىچىدە پەقەت بىزدىلا قالغان رەزىل تراگېدىيە . ئەمدى بۇ تراگېدىيىدە رول ئالمايمەن .

— باشقا يول تۇتقىلى بولماسمۇ ؟

— كۆپ پۇل تېپىشنىڭ ھەرقانداق يولى پاك ئەمەس ، بۇلغىنىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ . يىرگىنچلىك بولغاچقا ، ئۇ بەك قۇدرەتلىك . مېنىڭ ھازىرچە ئويلاپ تاپالىغان يولۇم مۇشۇ . يەنە ئويلاۋەرسەم كېچىكىمەن . خوش ئەمىسە ، سىزنى ساقلايمەن .

قىز گېپىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى . ئۇ تۆپىلىكتىن يېنىك مېڭىپ بارغانچە پەسلەپ يىراقلىدى . شەۋكەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېشىنى سىلىپ قاراپ ، تاماكىسىنى كۈچەپ شورىدى .

— ھەي... ي ، بارمىسام بولامدۇ ؟

قىز قايرىلىپ بوستان چاچلىرىنى سىلكىدى :

— ئۆزىڭىزدىن سوراڭ . بىر سائەت ساقلايمەن ، بارمىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ شورى .

قىز كېتىپ قالدى ، ئالەم كېتىپ قالدى ، سوزۇلۇپ ياتقان ئاشۇ تاغلار كېتىپ قالدى . قىران دەرياسى ، چاقماق دەرياسى تۇمەن دەرياسى··· ئۇلارنىڭ باغرىدا ئۆسكەن گۈزەل بوستانلار ئەنئەنىۋى ئۇلۇغ ئېقىندىن يېڭى دۇنياۋى ئارىلاشما ئېقىمغا قاراپ ئەنە شۇنداق كەتتى . بۇ كېتىش ھەققىدە ھازىر ھېچكىم ئېنىق ، توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ . ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭغا ئەڭ ئۇلۇغ ، توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ئىگىسى بار .

* *

— كەلدىڭىزمۇ ؟

— بىلىق ، جېنىم بىلىق ، مەن نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتىمەن . سىز نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسىز ، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ؟

— ئەكىلىڭ ، پۇلنى ، ھە ، ئەمدى ياخشى بولدى . بۇ پۇل جىقكەن . دېگىنىم ھېساب ، سىزدىن ئارتۇق ئالمايمەن . سىزنىڭ بۇنچىلىك پۇلىڭىز يوق ، چوقۇم مەرد ئاغىنىڭىزدىن قەرز ئالدىڭىز . ھازىر پۇل ئۆتنە بېرىدىغان ئاغىنە تاپماق تەس ، ئۇنى قەدىرلەڭ . جۇرۇڭ ، بۈگۈن كېچە پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ .

قىز شەۋكەتنىڭ قولىدىن سۈرىگىنىچە بۆرىنىڭ كۆزىدەك پالدىرلاپ تۇرغان چىراغلار ئارىسىدىكى قەھۋەخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى .

### 3

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۇچيۈز ئاتمىش بەش كۈندە سىز قانداق ياشىغانسىز ؟ بۇ كۈنلەر ئىچىدە ياشاشنى ئاخىرلاشتۇرغانلار بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . بۇ دۇنيانىڭ بارلىق يۇقۇندىلىرىنى

يۇغۇچىلار يۈيۈپ تازىلاپ يولغا سالدى، ئەمما روھىدىكىنى تازىلاش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

دوختۇرخانا يېڭىدىن سېلىنىدى. ھېساباتخانا تاملىرى ئەينەك بىلەن ياسىلىپ، ئىچىدىكىلەر سىرتتىكىلەر بىلەن بىمالال سىنچىلاپ كۆرۈشەلەيدىغان قىلىندى. شەۋكەت چوت ئۇرۇقى بىلەن رەقەم، جەدۋەللەرنىڭ ئىچىدە ياشىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەقىدىلىرى، ئېتىقادى، پاراڭلىرى يەنە ئۇنىڭ بىلەن ياشاپ كەلمەكتە، ئولتۇرسا - قوپسا سۆزلەيدۇ، قاقشايدۇ، نەپرەت ئوقۇيدۇ.

بىلىقىز ئۇنى سېغىنىپ كەلدى. ئۇ تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ، گۈزەللىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن نۇر يېغىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېساباتخانىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ھېساباتخانا ئالدىدا بىر توپ ئادەم توپلىشىۋالغان، بىر داد - پەرياد ئەتراپنى زىلزىلىگە سالماقتا، كىشىلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماقتا ئىدى. بىلىقىز توپ ئارىسىنى كۆردى. سېمونت پولغا قان يامرىغانىدى. بىر ئادەم تاتارغان ھالدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ يوتىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىككى تال كالتا تاختايدەك ياپىلاق بولۇپ قالغانىدى. ھېلىقى ئادەم توختىماي دادلايتتى:

— ۋايجان... ۋايجان مۇسۇلمانلار، مەن ئۆلۈپ كەتمەي... مەن ئۆلۈپ كەتمەي. چۆچۈرىدەك بەش بالام يېتىم قالمىسۇن. ماڭا رەھىم قىلىڭلار... بالىلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. مېنىڭ پۇلۇم بار. مەن گۆلىچى، ئوتتۇز مىڭ كوي پۇلۇم بار. ماڭا ئىشىنىڭلار... ۋايجان، مەن تىرىك قالسام ئۇن ھەسسە قايتۇراي...

قان توختاۋسىز چىقماقتا ئىدى.

— ئۇنى جىددىي قۇتقۇزسا بولمامدۇ؟

— بەش يۈز كوي بولمىسا، قوبۇل قىلمايدىكەن. بۇ بىچارىنىڭ يانچۇقىدا يەتمىش كوي بار ئىكەن. پۇل چىقىرىدىغان ئادەم يوق. ماشىنىغا باستۇرۇۋەتكەن مۇناپىق قېچىپ كېتىپتۇ.

سايدا بولغاندىكىن قۇتۇلاي دېگەن ئوخشايدۇ بەتبەخ . باشقا بىر شوپۇر ئالغاچ كەپتۇ.

بىلىقىز يەنە كۆرۈپ تۇرۇشقا چىدىمىدى . ھېساباتخانىنىڭ ئەينەك تېمى ئالدىغا كەلدى . ساقاللىق شوپۇر ۋارقىرىماقتا ئىدى :

— ئەي سىلەر ئادەممۇ نېمە؟ يېنىمدا ئىككى يۈز كوي بار ئىكەن . ئۇ ھازىرلا ئۆلىدۇ . بارنى ئېلىپ ۋاقتىدا قۇتقۇزساڭلار ئون ھەسسە دېسەڭلارمۇ بېرەي ، مەن بېرەي . ئۇنى قۇتقۇزساڭلار... ئەستاغپۇرۇللا... ئۇ تېخى ياشكەن ، بالىلىرى بار ئىكەن . پۇلىمۇ بار ئىكەن . ئادەمنىڭ يانچۇقىدا دائىم جىق پۇل بولامدۇ ؟

شەۋكەت جوغدا بېشىنى سىلكىپ تەڭ ۋارقىرىدى :

— سىلى ئۇنداق دەپ ھازىر ئېلىپ قويغان بىلەن ، كېيىن ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمايدۇ ، مەن تۆلەمدىم ئاندىن . بۇنداق ئىشتىن كۇرمىڭنى كۆرۈپ ، نەچچە قېتىم ئېغىركەن دەپ ئېلىپ قويۇپ ، ئاخىر ئىگە چىقماي پۇل مېنىڭ گەدىنىمگە چۈشكەن . ئىشقىلىپ ، بۇ ئىشنى بىجىرەلمەيمەن . باشلىقتىن تەستىق ئەكەلسىلە ، ھازىر ئالاي .

— ئوبدان ئۇكام ، باشلىقنى تېپىپ تەستىق ئېلىپ بولغۇچە كېسەل ساقلامدۇ؟ رەھىم - شەپقەت دېگەننى بىلەملا ئۆزلىرى .

— ھە ، بىلمەيمەن ، قانداق ؟ !

شەۋكەت ناھايىتى قوپال ۋارقىرىدى . شوپۇر توپلانغان خالايىققا ۋارقىرىدى :

— مۇسۇلمانلار ، سىلەرنىڭمۇ بالا - چاقاڭلار باردۇ ؟ ما بىر مۇسۇلماننىڭ جېنىنى قۇتقۇزايلى . باش - كۆزۈڭلارنىڭ سەدىقىسى بولار ، ئاتىغىنىڭلارنى تاشلاڭلار...

ھەممەيلەن ئالدىراپ يانچۇق كولاشتى .

— بولدى ، مەن بېرەي .

بىلىقىز چىرايلىق سومكىسىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ شەۋكەتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى .

— بىر توپ ئەر تۇرۇپ بىر ئاياللىچىلىك بولالمىدۇق ، — دېدى

شوپۇر ۋايساپ .

شەۋكەت دەسلەپتە دىققەت قىلمايلا پۇلنى ئالدى ، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— بىلقىز...

— چاپسان بولۇڭ ، كېسەلنىڭ ئەھۋالى چاتاق .

— ئۇ ئادەم سىزنىڭ...

— ھەئە ، مېنىڭ دادام شۇ .

رەسمىيەت ئۆتەلدى ، كېسەل قۇتقۇزۇش كارىۋىتىغا جايلاشتۇرۇلغاندا نەپەستىن قالدى . ئۇنىڭ قېنى كارىدور بويلاپ ئاققانىدى . بىلقىز ئادەمدىن شۇنچىۋالا كۆپ قان چىقىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى .

شەۋكەت دوختۇرخانا ئالدىغىچە بىلقىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقتى .

— بىز مۇڭداشساق بولاتتى ، نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى .

— مىللەت ھەققىدىمۇ ؟

— دەل شۇنداق ، كۆڭلۇمدىكىنى تاپتىڭىز ، — ئېچىلىپ ـ يايراپ كەتتى شەۋكەت .

— ئەسلىدە مۇڭداشماقچىدىم ، بولدى ، مۇڭداشمايلا قويايلى .

— خىزمەت تەقسىماتىڭىز قانداقراق بولدى ؟

— ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ ـ دە .

— توي قىلدىڭىزمۇ ؟

— ياق تېخى . يىگىتلەر جىق ، لېكىن ئەركىكىنى تاپماق تەس بولۇپ كەتتى ، شۇڭا تېخى تاللاۋاتىمەن .

— يەنە پۇل...

— شۇنداق ، پۇل ئادەمگە دائىم ئېھتىياجلىق نەرسە .

— بۇ ياققا نېمە ئىش بىلەن كەلگەنتىڭىز ؟

— سىزنى سېغىنىپ . سىز بىلەن مۇڭداشقىلى .

— ئەمىسە نېمىشقا ھازىرلا كېتىسىز ؟

— بۇ سىزگە بەكمۇ ئايدىڭ . مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قانغۇدەك

مۇڭداشتۇق . مەن ھازىرلا قايتىپ كېتىمەن .
بىلىقىز تاكسى توسۇپ چىقىۋالدى .
— خەير ، كېيىنچە ئېيتىمەنكى ، بۇ بىزنىڭ تىرىشكىنىمىزنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالىدۇ .
— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ . مەن يېڭى پىكىر ، قاراشلىرىڭىزنى سىزگە يېزىپ ئەۋەتىمەن . قايسى كەسىپتە ئىشلەيدىكىز ؟
— ئۆسۈملۈك تەتقىقات مەركىزىدە . خەت يازسىڭىز تەگمەيدۇ ، شۇڭا ھاجەتسىز .
ماشىنا غۇيۇلداپ كېتىپ قالدى . بىردەمدىلا ساناقسىز ماشىنىلار ئېقىنى ئىچىگە سىڭىپ پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى .
شەۋكەت تاماكىسىنى لېۋىگە يېقىن ئەكېلىپ كۇسۇرلىدى :
— ھۇ ، سېسىق ئالۋاستى جالاپ ، ھالىڭنى كۆر ، — دېدى دىمىغىنى قېقىپ .

1991 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ، قەشقەر



## تۆگمەس ئازاب

دۇنيادا دەردسىز ياشايدىغان ئادەملەرمۇ بولامدىغاندۇ؟ ھەر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئوخشايدۇ. بەختلىكلەرنىڭمۇ، بەختسىزلەرنىڭمۇ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن دەردى بولىدىكەن.

مەن يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن زېرىكىشلىك بىر يىغىندا، ئادەتتىكى كىشىلەر ئەيمىنىپ يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان خېلى نامى بار ئايال ئەرباب بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن سۆھبەتتە بولدى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ سوردى. سوئاللىرىغا قىسقىلا جاۋاب بەردىم، بىراق ئۇ توختىماي ئۇنى - بۇنى سوراۋەردى. مەن جاۋاب بېرىپ ئولگۇرگۇچە ئۆزى ناھايىتى تەپسىلىي، ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ كەتتى. ئۇنى مەن كىشىلەرنىڭ تولىمۇ ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز، سۈرلۈك دەپ تەرىپلىگىنىنى ئاڭلىغان، ئۆزۈممۇ نەچچە رەت ياداپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن سالاپەتلىك ئايال ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. ھازىر ئۇنىڭدا بۇنداق تەبىئىي مىجەزلەردىن ئەسەرمۇ يوق دېيىشكە بولاتتى. ئۇ سۆزلەپ - سۆزلەپ گېپى تۈگىگەندە، بىر پەس جىمىپ قالدى. كېيىن يەنە، مېنىڭ قورۇنۇپ ئاران دېگۈدەك ئولتۇرغان تۇرقۇمغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈۋېتىپ، دەسلەپتە قانچە ياشقا كىرگەنلىكىمنى، ئاندىن توي قىلغان - قىلمىغانلىقىمنى سورىدى. توي قىلمىغاند-

لىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، سۆيگۈنۈمنىڭ بار ــ يوقلۇقىنى سورىدى . ئالىقىنىمدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇشۇمغا ، پېشانەمدىن ساقىغان تەر قاشلىرىم ئارقىلىق كۆزۈمگە چۈشۈپ كۆزلىرىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى . ئۇ يانچۇقىدىن ئېسىل ئەتىر پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قولياغلىقىنى چىقىرىپ تەرلىرىمنى سۈرتۈپ قويدى . مەن ھودۇققىنىمدىن قولۇمنى كۆتۈرۈۋېدىم ، ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . بۇنى كۆرگەن يىغىن ئەھلىنىڭ نەزەرى بىز تەرەپكە ئاغدى . ئىزادىن خۇدۇمنى يوقاتتىم . پۈتۈن ئەزايىمدىن تەر تەپچىرەپ كىيىملىرىمنى چۆپ قىلىۋەتتى . شامالدۇرغۇچتىن چىققان شامال غولۇمغا ئۇرۇلۇپ خېلى سەگىتكەن بولسىمۇ ، ۋۇجۇدۇم ئوت ئىچىدە قالغاندەك تۇيۇلدى . ئۇ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا :

— يىگىت ، نېمانچە ھودۇقىسىز ؟ مەن سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ ئورنىدا ئەمەسمۇ ، ئانىنىڭ بالىنى ئەركىلەتكىنىگە ئوخشاش بىر ئىشقۇ بۇ . مېنىڭ سىزگە مەستلىكىم كېلىپ قالدى . سۆيگىنىڭىز بولسا بەك ياخشى . ئۆزىڭىزمۇ كېلىشكەن يىگىت بولغاندىكىن ، چىرايلىق قىز تاللىغانسىز ، بىراق مېنىڭ بىلىشىمچە ، ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن . بولدى ، يىغىن ئاخىرلىشىپ قالدى . بۈگۈن كەچتە مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭ ، تاماق يېمەي بېرىڭ ، بىللە تاماق يېگەچ ئوبدان بىر پاراڭلىشۋالايلى ،— دەپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە ، مامۇقتەك ئاق ، يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئېڭىكىمنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قويۇپ ، ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە خوشلىشىپ ، يېنىمدىن ئايرىلدى .

ئۇ شۇ تۇرقىدا ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ، سەمرىپ تولغان بولۇپ ، ئۆز دېمەتلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ئاياللاردىن دېيىشكە بولاتتى . ئىچىمدە ، ئۇ قىز ۋاقتىدا قانچە چىرايلىق بولغىيتتى ، ھازىرقى ئەپتىمۇ ياش قىزلاردىن قېلىشمايدىكەن دەپ قالدىم . ئۇ جوزا ئارىلاپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋېتىپ ، يېنىدىكى ئايال كاتىپقا مېنى كۆرسىتىپ :

— قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق يىگىت بۇ، ئەخلاقى چىرايىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ ئالماقچى بولغان قىزىغا ھەسەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. ھى... ھى... ھى... ئېھ، ئاۋۇ ياراشقان بۇرۇتلىرىچۇ، تىپىك ئۇيغۇر بالىسى ئىكەن، — دېۋىدى، كاتىپمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— پۈتۈشتۇق ئەمىسە، كەچتە چوقۇم بېرىڭ، ماشىنامنى ئەۋەتىمەن، — دېدى ئۇ سىرتقا چىققاندا يەنە جېكىلەپ.

شۇ ئان يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ كەتتى. بايا ئۇنى ئادەمگەرچىلىك يۈزىدىن تەكەللۇپ قىلىپلا قويدى دەپ ئويلىغان ئىدىم. مانا ئەمدى رەسمىي تەكلىپ قىلغىنىنى بىلىپ قاتتىق ئوڭايسىزلاندىم. تاماق يېمەي بارغۇدەكمەن تېخى، ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرسام ئالدىمغا ماشىنا ئەۋەتىدىكەن. ئۇ نېمىشقا ماڭا بۇنچىۋالا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ؟ سەن ھاياتتىكى ئاددىي بىر ئادەم، چوڭ ئەربابلار بىلەن تولا ئاپاق- چاپاق بولۇپ كەتسەڭ كىشىلەر دەرھال گۇمانلىنىدۇ. ئۇلار سېنى قوغلاۋاتقاندا سەن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ ھاماقەت ئاتىلىشىڭ، قەددىڭ پۈكۈلۈشى ياكى يېتىم قېلىشىڭ مۇمكىن. «ئۇ ماڭا نېمانچە يېپىشىدىغاندۇ؟ ياكى مەندە مەنپەئەتلەنگۈدەك بىر نېمە بولمىسا... مەندەك بىر ئاددىي خىزمەتچىدىن ئۇ نېمە ئىزدەيدىغاندۇ؟ ۋە ياكى بويىغا يېتىپ قالغان قىزى بولسا مېنى شۇنىڭغا... ياق، ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئەركە- نايىنقى بىلەن چىقىشالىشىم مۇمكىن ئەمەس. ۋۇي، مەن نېمىنى ئويلاۋاتىمەن؟ مۇشۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىشىممۇ ئايگۈلۈم ئۈچۈن خىيانەت ئەمەسمۇ؟ مەن مۇشۇ خىياللارنى قىلىۋاتقاندا، ئايگۈلۈم نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ... ئەگەر ئۇ ئايال...» مەن قانچە ئويلاپمۇ خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

ئۆيۈمگە قايرىلىدىغان كوچا دوقمۇشىدا بىر كىچىك كىنوخانا بار ئىدى. ئادىتىم بويىچە كىنو ئېلان تاختىسىغا قارىدىم. كۆزۈم ھېكايە فىلىم «ئۈچ ئېلىش» دېگەن خەتكە چۈشۈپ، يۈرىكىم

غايىۋانە بىر سېھرىي كۈچنىڭ ئىسكەنجىسىدە «جىن» قىلدى. بۇ مەن كۆرگەن كىنو بولۇپ، ئۇنىڭدا مىللىي ئازادلىق جەڭچىسى مۇدىۋەندىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ۋەتەنساتقۇچلار بىلەن ئىنگلىس فاشىستلىرى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىنى تۇتۇپ ئۆچ ئالغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلەتتى. «ئۆچ ئېلىش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ كۆلەڭگىسىلا تېگى كۆرۈنمەس قورقۇنچلۇق ھاڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئىپلاسلىق، رەزىللىك، ياۋۇزلۇق، ئەسكىلىكنىڭ ھىدى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆيگە كىردىم، يەنە تالاغا چىقتىم، ئۆي بىلەن تالانىڭ ئارىلىقىدا تولا قاتراپ پۇتلىرىم تالدى. چارچاپ ھالىمدىن كېتەي دېدىم. ئۇھ... ماڭغان بۇ يولۇمنىڭ كالتە، قالايمىقانلىقى كاللامدىكى چىگىش، باش ـ ئاخىرى يوق خىياللارنىڭ پۈتۈم ئارقىلىق يەر يۈزىگە چۈشكەن كۆلەڭگىسى. ئەگەر بۇ يوللارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلىسا مەندىن بىر يۈز سەكسەن كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا دوختۇرخانىسىدا ئاغرىقلارنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاۋاتقان ئايگۈلۈمنىڭ يېنىغا پىيادە بېرىش مۇمكىن ئىدى. ماشىنىنىڭ تەكرار بېرىلگەن سىگنالى زىغىر پاخىلىدەك كاللەكلىشىپ كەتكەن خىيال يىپلىرىمنى پۈرلىگىنىچە ئاپىرىپ يۈرىكىمگە قاپساپ قويدى. مەن ماشىنىدا ئولتۇردۇممۇ ياكى چىش تارتقۇچىنىڭ ئامبۇر تەڭلىنىپ تۇرغان ئۈستىلىدە ئولتۇردۇممۇ بىلمەيتتىم.

بۈك ـ باراقسان قارىغاي ـ ئارچىلار ئارىسىدىكى پاياندار سىلىنىغاندەك تارغىنىنە يولدا كېتىۋاتىمەن. گويا پىلىسىراتتا مېڭىۋاتقاندەك پۇتلىرىم تىترەيدۇ، شۇنداقلا مۇدۈرۈلۈپ كەتسەم دوزاخقا چۈشىدىغاندەك ياكى قان ـ يىرىڭ دەرياسىغا موللاق ئاتىدىغاندەك ئىنتايىن قورقۇنچ ۋە ئېھتىياتچانلىق ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. كۆزۈم ئالا چەكمەن بولىدۇ، تېنىم ئەيمىنىدۇ. كىرىپ كېتىۋاتقىنىم كىنولاردىلا كۆرگەن ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى داچىلىرىدەك قورۇ ـ جاي ئىدى. خۇش پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، بۈككىدە ئارچىزارلىق ئارىسىدا ئازادە، بىر قەۋەتلىك بىر يۈرۈش ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مەن يۇمشاق

پاياندازغا دەسسەپ كارىدورغا كىرىشىم بىلەنلا يۈرىكىم «قارت» قىلدى، تېنىمنى بۈژژىدە تەر باستى. چۈنكى، جەننەت ھۆرلىرىدەك نازاكەتلىك ساھىبجامال بىر قىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ گويا ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ كىچىكلىتىپ قويغان تۇرقى ئىدى. ئۇ ماڭا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن، كەينىگە يېنىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

شوپۇر مېنى ئازادە بىر خانىغا باشلاپ قويۇپ، ئۆزى سىرتقا ماڭدى. بۇ شۇنچىلىك ئېسىل بېزەلگەن مېھمانخانا ئىدىكى، ئىچىدىكى بىساتلار شۇ قەدەر رەتلىك، تامغا تارتىلغان ئوتقاشتەك گىلەملەر ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. دەسلەپتە كۆزۈم چۈشكىنى چوققىلىرى ئاپئاق، باغرى ياپيېشىل تەڭرىتېغى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگىپ پەسكە ئىنتىلىۋاتقان بۈركۈتمۇ ياكى شۇڭقارمۇ نامەلۇم بىر قۇش؛ ئاستىدا ئورمانلىقنى ئارىلاپ ئېقىۋاتقان بىر تەبىئىي ئېقىن، سۇ بويىدا، بىرى بەخىرامان ئوتلاپ ياتقان، يەنە بىرى، تۇمشۇقىنى مەخمەلدەك ئوتقا تىرىگەن ھالدا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ چالا ئۇيقۇدا ياتقان بىر جۈپ بۇغىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەم بولدى. شىمال تامدىكى گىلەمگە بىر تەرىپى ئاپئاق قارلىق چوققا، بىر تەرىپى يېشىل قارىغايزارلىق، سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بوغدا كۆلى؛ جەنۇب تامدىكىسىگە قەدىمىي ئانا دەريا تارىم، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەيۋەت تاغلار، يېشىل چىمەنزار، بىپايان قۇملار… غەربىي تامدىكىسىگە ئالمىلىق بىلەن ياپيېشىل يايلاق باغرىدا ئۆركەشلەپ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن چۈشۈرۈلگەنىدى. ۋاھ! بۇ كارامەت سىمۋوللۇق ئېسىل گىلەملەر قايسىبىر قولى گۈل ئۇستىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن پۈتكەندۇ!؟ بۇ مەن خېلىدىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان يۇرتۇمنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنىڭ سىيماسى ئەمەسمىكىنە؟!…

ئۇستۇمدىكى ھېلىقى غەم تاغلىرى قاچان غۇلاپ كەتكەنكىن، ئۆزۈمنى شۇنچە بەھۇزۇر ھېس قىلىپ، دۇئاندا كىرىلىپ

ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن . شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشى مېنى خىيالىي دۇنيادىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى . غەم ـ قايغۇنىڭ ئېغىر تىغى ئىشىكتىن يەلپۈنۈپ كىرگەن ئەتىر ئارىلاش ھاۋاغا قوشۇلۇپ يەنە يەلكەمدىن باستى . مەن ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم . ئايال ئەربابنىڭ تونۇش ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى :

— ھە ، ئوغلۇم ، بىر دەم ساقلىتىپ قويدۇم . خوتۇن خەقنىڭ ئىشى قىلسا تۈگىمەيدىغانلىقىنى بىلسەڭ كېرەك ، بىلمىسەڭ كېيىن بىلىپ قالارسەن . نېمە قوپۇۋالىسەن ، ئولتۇرە ، ئولتۇر .

ئۇ كەلگەن بويى يەنە يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئېڭىكىمدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ قويدى . يۈرىكىم يەنە ئاغرىدى : «ئوغلۇم دەپ كەتكىنىنى ، ھىم ، بوسۇغىسىدىن پۈتۈمنى ئېلىپ بولغۇچە ئوغلى بولۇپ بولدۇمما ؟ » دەيتتىم ئىچىمدە ، لېكىن ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم .

— ھە ، تاماق يېمەي كەلگەنسەن . ئوبدان بوپتۇ . مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپسەن . ئىچىڭگە كىرىپ چىقسام ، ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلغىنىمنىڭ سەۋەبى ئۇستىدە كۆپ ئويلاپ كەتتىڭغۇ دەيمەن . مۇددىئايىمنى بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىڭنى روھىي ھالىتىڭدىن بىلىۋالدىم . ماقۇل ، گەپنى قىسقىلا دەي ، تۇرمۇشۇڭنى قانداق ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىش مەقسىتىدە چاقىرتتىم . نېمە تاتىرىپ كېتىسەن؟ مېنى ئاناڭغا ئوخشاش كۆرگىن ـ دە ، بۇنداق گەپلەرنى خۇددى ئاناڭغا دېگەندەك دەۋەر ، تارتىنما . مېنىڭمۇ سەن قۇرامىلىق ئوغلۇم ، بويىغا يەتكەن قىزىم بار . گەپ قىلىشتىنمۇ شۇنداق تارتىنامسەن . بوپتۇ ، سۆزلەشنى خالىمىساڭ ئىختىيارىڭ ، مەن سوراي ، شۇنىڭغا جاۋاب بەر . سەن توي قىلماقچى بولغان قىز بۇ يىل نەچچە ياشتا ؟

— يىگىرمە ئىككى ياشتا .

— نېمانچە تەرلەپ كەتتىڭ ؟ بۇنداق زىيادە تەرلەش كەم ماغدۇرلۇقتىن بولىدۇ . ئۆزۈڭنى ئوبدان كۈت . ياسىنىشقا بېرىلىپ قورسىقىڭنى ئاچ قويساڭ زىيان تارتىسەن . تۇتە ماۋۇ

يەلپۈگۈچنى . ھە... ئۇ قىزنى يىگىرمە ئىككى ياشتا دېدىڭما؟ مېنىڭ ئىككىنچى قىزىم بىلەن تەڭكەن . بويىنىڭ ئېگىزلىكى قانچە ؟

— بىر مېتىر يەتمىش تۆت سانتىمېتىر .

— ھىم ، مېنىڭ قىزىمدىن ساق تۆت سانتىمېتىر ئېگىز كەن . ۋاي - ۋۇي بايا تارتىنىسەن ، ئەمدى قىزىرىپ كەتكىنىڭنى . ئوغۇل بالىمۇ شۇنداق تارتىنچاق بولامدۇ ، خۇددى قىز بالىدەك . تارتىنچاقلىق پەقەت قىزلارغىلا يارىشىدۇ . ھازىر شۇنداق ئايال مىجەز يىگىتلەر كۆپىيىپ قالدى . مەن بۇنى ياقتۇرمايمەن . ئاياللار ئۆز ئەرلىرىدە ئەرلەرگە خاس بىر خىل جەسۇرلۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . قارىغاندا مەندىن ئەيمىنىۋاتقان ئوخشايسەن ، مەنمۇ سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش ئانا . سەن ياش بولغاندىكىن ، جەسۇر ، مەردانە ، جاسارەتلىك بولۇشنى ئۆگەن . نۇرغۇن ئادەملەر ، بولۇپمۇ ئەرلەر مەندىن سەندىنمۇ بەك ئەيمىنىدۇ . مەنمۇ ئاشۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش بىر ئايال ئەمەسمۇ ؟ ئۇلار بەلكىم ئۆز ئاياللىرىدىن بۇنداق ئەيمەنمىسە كېرەك . ئۇلارنى ئەيمەندۇرگەن مېنىڭ ئەمىلىم ، ئەمەلىمىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قارىسا مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش ئاددىي بىر ئايال . دېمەك ، مېنى سۇرلۇك كۆرسىتىۋاتقىنى ئەمەل پەردىسى . ئۇلارنىڭ ئەيمىنىپ قاراشلىرى ئىچىمنى سىقىدۇ ، ئازابلىنىمەن ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداقلارنى كۆزگە ئىلغۇم كەلمەيدۇ . كۆزگە ئىلمىغانسېرى ئۇلار تېخىمۇ ئەيمىنىشىدۇ . مۇشۇ بىر ئايالنىڭ كۈنى بولدىمۇ ؟ ئۇھ...

ئۇ بىردەم سۆزدىن توختاپ ، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى . ئاندىن ئىستاكاندىكى چايدىن بىر ئوتلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— سەن ئۇنداقلارنى دورىماي ، جەسۇر ، توغرا ئەر بول . ھەي ، سۆزۈم تېمىدىن بەك يىراقلاپ كەتتى . راست سېنىڭ بويۇڭ قانچىلىك ؟

— بىر مېتىر يەتمىش توققۇز سانتىمېتىر .

— ھەببەللى ، بۇ جايدا ، ئادەتتە ئەر كىشى ئايالدىن ئېگىزرەك بولمىسا ، ئېشەكتىن توقۇمى يوغان دېگەندەك تازا قاملاشمايدۇ . ئايال كىشى ئەردىن پەسرەك ، پەقەت بولمىغاندا تەڭ بويلۇق بولۇشى كېرەك . سەن ئالماقچى بولغان قىزدىن بەش سانتىمېتىر ئېگىز كەنسەن ، بوي جەھەتتىنمۇ گۈلى ـ گۈلىگە دېگەن شۇ . چىرايلىقمۇ؟

— چى... چىرايلىق ! — مەن دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردىم .

— ساڭا يارامدۇ ؟

مەن جاۋاب بەرمەي تەتۈر قارىۋالغانىدىم ، ئۇ سوئالىنى تەكىتلىدى :

— ساڭا يارامدۇ دەۋاتىمەن . نىمە ئۇ ياقىقا قارىۋالىسەن ؟ ھەي... بۇنداق قىلىق قىز بالىغا يارىشىدۇ . يەنە دەپ قوياي ، مەن سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش ، تارتىنما . بۇ چىرايىنى دېگىنىم ئەمەس ، ئەخلاقى يارامدۇ ، يارىمامدۇ ؟ ئەخلاقى يارامىلىق بولمىسا ، ئۇنداق چىرايىنى نىمە قىلاتتىڭ ، ئەخلاقتىن ئايرىلغان چىراي بوينۇڭغا سىرتماق بولىدۇ . ھەتتا ھاياتىڭنى نابۇت قىلىشى مۇمكىن . ئېيتە ئەخلاقى يارامدۇ ؟

— يارايدۇ .

— ھەببەللى گېپىڭ راست بولسا ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەن شۇ ! ئۇنىڭ ئىسمىنى نىمە دېدىڭ ؟ ھە ، ئايگۈل دېگەنتىڭ ، ئۇنتۇغاقلىقىمنى . ئىسمىمۇ چىرايلىقكەن . ھەم ئاي ، ھەم گۈل ، ئىككىسى قوشۇلسا شۇنداق چىرايلىق . بوي ـ بەستىڭلارمۇ ئۆز ئارا ماس ئىكەن ، يەنى سەن ئۇنىڭدىن بەش سانتىمېتىر ئېگىز ، شۇنداقمۇ ؟ مېنىڭ قارىشىمچە ، ئاياللار ئېرىدىن سەل پاكارراق بولۇشى كېرەك . ھېچبولمىسا تەڭ بولسىمۇ مەيلى . بەلكىم بۇ قارىشىم سول سىياسەتۋازلارنىڭ دىتى بويىچە «فېئودال» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا ئاشۇنداق قارىغان... — ئۇ گەپتىن توختاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى . يەر تېگىدىن چىرايىغا



www.uyghurkitap.com

قارىشىم دەل ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان پەيتىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرمەمدىغان. مەن شۇئان ھودۇقۇپ كۆزۈمنى ئەپقاچتىم. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ياش ۋاقتىمدا سەندىكى مۇشۇ مىجەز مېنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ دەردكە مۇپتىلا قىلغان. بۇ دەرد كېيىن داۋاسىنى تاپقان بولسىمۇ، يەنە ئۆمۈرلۈك بىر دەردنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. گەپنى ئوچۇقلا دېۋېرەي. قىز ۋاقتىمدا بىر يىگىتكە كۆيۈپ قالدىم. ئۇنىڭ مېنى مەھلىيا قىلغىنى سېھىرلىك ناخشىلىرى بىلەن، يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق تەمبۇرى ئىدى. ھەر ئىككىلىمىز ئاددىي دېھقان بالىلىرى ئىدۇق. ئۇنىڭ باغدا، خاماندا، ئېچىق بېشىدا، سۆتەك ئايدىڭ كېچىلەردە ئېيتقان ناخشىسىنى، چالغان تەمبۇرىنى ھېچبولمىغاندا ھەر كۈنى بىر قېتىم ئاڭلىمىسام تۇرالمايدىغان ھالغا كەلگەنمەن. قۇلىقىمغا تونۇش ناخشا كىرگەن ھامان قولۇم ئىشتىن توختايتتى. كۆز ئالدىمدا ناخشا ئىگىسىنىڭ سىيماسى گەۋدىلىنەتتى. بىز ئاخىر قېچىپ كېتىپ مۇرادىمىزغا يەتتۇق. ئاتا - ئانىمىزمۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنمىدى، شۇ قاچقانچە مانا مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قالدۇق. يىگىتىم باشتا ئۇ يەر - بۇ يەردە تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتىپ يۈردى. كېيىن، ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. ئىككىمىز رەسمىي ئەر - خوتۇن بولدۇق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى تېزلا قوبۇل قىلىپ شارائىتقا ماسلاشتۇق. ئېرىم مېنىڭ ساۋاتسىز پېتى قېلىشىمنى خالىماي ئوقۇتتى. ئوقۇش مېنى بۇگۈنكى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈردى. «كۆيۈپ قېلىش»نى ھازىرقى تىلدا «ياخشى كۆرۈش» دەيمىز. مەن كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقىنى، ئەمما كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر تەرەپنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھەرگىزمۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئېرىمدىن چېنىپ ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم دېگىنىم ئەمەس، ئۇ ئەينى چاغدا مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ

ئىززىتىمنى قىلدى، كۆيۈندى، ئاسرىدى، ئوقۇتتى. ئاخىر بىر ساۋاتسىز دېھقان قىزنىنى مۇشۇنداق ئادەمگە ئايلاندۇردى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى مىننەتدار، پەقەت كىشىلەر كۆڭلىدە ئويلايدىغان، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىشنى خالىمايدىغان بىر پۇشايمان يىللاردىن بېرى يۈرىكىمنى پۇچىلاپ كەلمەكتە. سەن كۆرگەنسەن ياكى ئىسمىنى ئاڭلىغانسەن، ئېرىم خېلى نامى بار مۇزىكانت بولۇپ، ئۇنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقى بۇرۇن كۆزۈمگە كۆرۈنمىگەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ھەي ئۇنىڭ بويى ئاران بىر مېتىر ئەللىك ئۈچ سانتىمېتىر كېلەتتى، مېنىڭ بويۇم بولسا بىر مېتىر سەكسەن ئىككى سانتىمېتىر ئىدى. ئارىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانسەن. مۇبادا ئىككىمىز بىر يەردە تۇرۇپ قالساق، مەن ئۇنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقىدىن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن نومۇس قىلاتتىم. بەزىدە تەگرىنىڭ بۇ ئىككىمىزنى چېتىپ قويغانلىقىدىن ئاغرىناتتىم، بەزىدە ماڭا بەرگەن بويىنى ئۇنىڭغا بەرمىگىنىگە ئۆكۈنەتتىم. بىز ئەر - خوتۇن بولغان ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان سورۇنلارغا بىللە قاتنىشىپ، كوچىدا بىرگە مېڭىپ باقمىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئىككىمىزلا ئىچىمىزدە بىلىمىز. تىلىمىزغا ئالمايمىز. ھەر ئىككىلىمىز سىرتتا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىرگە تۇرۇشتىن نومۇس قىلىمىز. ئۇ تېخى مەندىن بەكرەك نومۇس قىلىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي كۆڭۈلسىزلىك بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى قىلچە سۇسلاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، بىراق باشقا ئەر - خوتۇنلارنىڭ مېھماندارچىلىقتا، تۇغقان يوقلاپ، سەيلە - ساياھەت قىلغانلاردا يانمۇيان ماڭغىنىنى كۆرگىنىمىزدە ئىچىمىزدە ئازابلىنىمىز، بىر - بىرىمىزگە بىلىندۈرمەي ھەسرەت چېكىمىز، ئۆيدە بولسا تۇرمۇشىمىز ناھايىتى خۇشال ئۆتىدۇ. بىرگە ئولتۇرۇپ ماتېرىيال كۆرىمىز، چاقچاقلىشىمىز، ياشلىقىمىزدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى ئەسلەپ شېرىن ھېسلارغا تولىمىز... جەمئىيەت توغرىسىدا

بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلىمىز ، مۇنازىرىلىشىمىز ، بىرگە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىمىز . كىشىلەر توغرىسىدا ، بولۇپمۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سۆزلىشىمىز ، ئەمما بوي توغرىسىدا ھېچقايسىمىز ئېغىز ئاچمايمىز ، ھەتتا بالىلىرىمىز ھەم شۇنداق . خۇداغا شۈكۈر ، بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېگىز بويلۇق ، تېخى بىرسى دۆلەتلىك ۋالىبول كوماندىسىدا داڭلىق ھۇجۇمچى . بىز ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز . كىشىلەر بەلكىم بۇ تەبىئىي ئالامەتلەردىن كۈلۈشىدىغاندۇ... بىزدە بۇرۇن ئاتىدىن قالغان كىيىملەرنى بالا كىيىدىغان ، بالا بالاغەتكە يېتىپ ، ئاتا قېرىغاندا بالىنىڭ كىيىمىنى ئاتا كىيىدىغان ئادەت بار ئىدى . بىزنىڭ ئائىلىدە بالا كىچىك چاغدا ئاتىنىڭ كىيىمى كەلگەن بولسا ، ئەمدى بالا بالاغەتكە يەتكەندە ئۇنىڭ كىيىمى ئاتىغا چوڭ كەلدى . بۇ ھەسرەتلىنىشكە تېگىشلىك ئىش ئەمەسمۇ ! مەن سىېنى بىزنىڭ بەختلىك ئائىلىمىز تارتقان بۇ ئازابنى تارتىپ قالمىسۇن دەپ ئاتايىن چاقىرىپ ، بۇ يۈرەك سىرىمنى ، تۈگمەس ئازابىمنى ياتنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىدىم . نېمە ئۈچۈن ئىنسانغا تىنمايدىغان ئېچكى ئازابنى ماڭا ئېيتىپ بېرىدىغاندۇ ، دەپ قالدىڭغۇ دەيمەن . سەن تولىمۇ كېلىشكەن يىگىتكەنسەن ، ئەرلەرنىڭغۇ سەتى يوق دېيەرلىك . كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، مەنمۇ ئاياللار ئىچىدىكى خېلى چىرايلىقلاردىن ھېسابلىنىمەن . يولدىشىممۇ قويۇق قارا قاش ، قارا كۆز ئادەم ، ئۆز ۋاقتىدا مېنى ئاشۇ قاش - كۆزلەر ، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس جاسارەت ، دېھقانلارنىڭ تىلى بويىچە «نوچىلىق» قىزىقتۇرغان . بۇ سۈپەتلەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرگەنمەن . ھەرقانچە كېلىشكەن ئەر بولسىمۇ جىسمىدا بىز ئاياللار ياقتۇرىدىغان ئەرلەرگە خاس يۈرەك بولمىسا ، ئاغزىمىزدىن چىقارمىغىنىمىز بىلەن ، بۇنداق ئەرلەرنى ئىچىمىزدە مەسخىرە قىلىمىز ، كۆزگە ئىلمايمىز . بۇنى بەزى ئەرلەر ئۆزى چۈشەنمەيدۇ . شۇڭا ، ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئورۇنلۇق

سۆزلىرىنىمۇ دىمىغىدا پىنىە سورۇپلا رەت قىلىۋېتىدۇ ، بۇنداق ئائىلىدە ئايالىلار خوجايىنلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇ مېنىڭچە ، تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش . ئاياللارغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغان ، بۇنداق ئەرلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىمۇ ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى بولمايدۇ . بۇ قىسمەتلىك بولسىمۇ ، بۇنى مەن ياقتۇرمايمەن . بىزنىڭ ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنىڭ بويى ھېلىقىدەك پەرقلەنسىمۇ ، بىرىمىز «قول» ، بىرىمىز «خوجايىن» ئەمەس ، بەلكى باباراۋەر ، بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەتلەش ، ئۆزئارا يول قويۇش ئاساسىدا ئىناق ، بەختلىك ئۆتىمىز… تولا سۆزلەپ كەتتىم ، مۇددىئايىمنى چۈشەنگەنسەن ! ماقۇل ، قىز بىلەن قاچان توي قىلىسەن ؟ ئۇ قەيەردە ئىشلەيدۇ ؟

— توي قىلىش ۋاقتىنى تېخى بېكىتمىدۇق ، ئۇ T ناھىيىسىدە دوختۇرلۇق قىلىدۇ .

— نېمىشقا توي ۋاقتىنى بېكىتمىدىڭلار ؟… ھە ، ۋاي قاپاق كاللامەي ، توي قىلساق ئىككى ياقتا بولۇپ قېلىپ قىينىلىپ قالىمىز ، يۆتكەش مەسىلىسى قىيىن دەۋاتامسىلەر ؟ مانا مەن ۋەدە بېرەي ، خاتىرجەم توي قىلىۋېرىڭلار ، توي قىلىپ بولۇپ قېشىمغا كېلىڭلار ، يۆتكەشكە مانا مەن مەسئۇل ، قانداق خۇشال بولغانسەن ؟ تويۇڭغا مېنىمۇ چاقىرارسەن ، بولدى ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ . ھە راست ، توختا ، مېنىڭ بايىقى گەپلىرىمنى ئىچىڭدە بىل ، ماڭا ئوخشاش سىر ساقلىيالمايدىغان بولساڭ تاناۋىڭنى تارتىمەن ، كىشىگە تىنغۇچى بولما . بۇ يېنىك ، ئەمما تۈگىمەس ئازاب . ئائىلىمىزنىڭ ئىچكى سىرى پىتى كەتسۇن . ماقۇلمۇ ؟

مەن رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتىم . بۇ گۈزەل ، سۈرلۈك قورۇدىن ئۇزاپ چىققىنىمدا ، ئۈستۈمدىكى ئېغىر تاغ غۇلاپ كەتكەندەك شۇنچىلىك يېنىكلەپ ، قەلبىمنى خۇشاللىق ، ھاياجان تۇيغۇسى قاپلىغانىدى .

www.uyghurkitap.com

# لەنجۇ كوچىسىدىكى بىر ئۇيغۇر

## 1

يىگىرمە كىلومېتىر يولنى قىستاڭ ئاپتوبۇستا ئۆرە تۇرۇپ بېسىپ، ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى تاپالماي بىر سائەت تەمتىرەپ يۈردۇق. بۇ كوچىدا بىر ئۇيغۇر ئاشخانا ئېچىپتۇ، ئاش مانتا بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ كەلسەك، قېنى ئۇ ئاشخانا؟ ئاخىر بىرىپ تۇڭگان قاسساپتىن بىر كىلو قوي گۆشى ئالدۇق. سەككىز تۇڭگان ئاشخانىسىغا كىرىپتىمىز، بىر كىلو گۆشنىڭ پۇلىدىن جىق پۇل بېرەيلى دېسەك پىشۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. خام گۆشنى قانداق قىلىمىز ئەمدى، مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇق؟ چىمەندوپپا، ئاھ، چىمەندوپپا. دادامغا، ئاكامغا، ئەڭ يېقىن ئادەمگە ئوخشايدىغان گەۋدىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم.

— جۇرۇڭ، ئەمدى تاپتۇق، — دېدىم ھەمراھىمغا.

يىراقتىنلا كۆرۈنگەن، دوپپىسى كىرلىشىپ شاپاقتىلا ئوخشاپ قالغان ئۇيغۇرغا قاراپ يۈگۈردۇق؛ پاتقاق كىچىپ، لاي چاچرىتىپ، ئادەملەرگە سوقۇلۇپ يۈگۈردۇق.

— ماۋۇ ئىككى شىنجاڭلىق ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

بۇ گەپلەرگە پەرۋايىمىز پەلەك ئىدى. چىمەندوپپىلىق، ئۇزۇن چاچ ئادەم يەنە بىر كوچىغا بۇرۇلۇپ غايىب بولدى.

— ئاپلا، يىتتۇرۇپ قويىمىغىدۇق. ھامان لاي كەچتۇق، تاز

بولساڭ گەدەنگىچە...

بىز خالتا كوچىغا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. بۇ يەردە خەنزۇ، تۇڭگان مېۋە ـ چېۋە سودىگەرلىرى ھەر خىل مېۋىلەرنى تىزىۋاپتۇ. قالدىسى ئەرەبچە خەت يېزىلغان تاختىچاق ئېسىۋالغان تۇڭگان ئاشخانىلىرى.

ۋۇي، يەنە بىر ئۇيغۇر، ئىككى... ئۈچ... ئۇيغۇرلار خېلى باركەنغۇ...

كالىنىڭ توققۇز تونلۇقىدەك ئاغزى تار، ئىچكىرىلىگەنسېرى كېڭىيىپ بارىدىغان بۇ كوچىدا ئۇيغۇرلار ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنگىلى تۇردى. تۇڭگان دوپپىسى كىيىۋالغانلار، شەپكە كىيىۋالغانلار، يەنە ئۇزۇن چېچى مۈرىسىگە ساڭگىلىغانلار ئۇچرىدى. بىز ئۇلارغا شۇنچە يېقىن ھېسسىياتتا تىكىلدۇق. ئەمما، ئۇلار پەرۋاسىز، كۆپلىرى بىر تۇڭگان چوكانىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ چىقىۋاتىدۇ. دېرىزىسىدىن قارىساق، ئاشخانىدا لىققىدە ئۇيغۇرلار ئولتۇرىدۇ. ئۇلار بىزگە تاماكا ئىسى ئارىسىدىن بويۇنداپ قاراشتى.

ئاشخانا ئىچىدىن بورا قوموشىدەك ئېگىز، بەترەڭ چىراي، كەپكە كىيىۋالغان، ئۆسۈك چاچ ـ ساقاللىرى ئەپتىنى سۈرلۈك كۆرسىتىدىغان بىرى چىقتى.

— ھە، يېڭىدىن كەلدىڭلارمۇ؟...

— ھەئە.

— قارىغاندا مىڭزۇ شۆيەنىنىڭ[1] ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشايسىلەر ـ ھە؟

— ھەئە، قانداق بىلىۋالدىلا؟

— ۋۇي، بىز لەنجۇدا دائىم بار تۇرساق، تۆت تۇك ـ تۇك ئۇيغۇرنى بىلمىسەك، بۇ شەھەردە ياشىمايمىز ـ دە.

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ قىزىل كۆزى، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكى ئارىسىدىكى تۇۋى قارىداپ كەتكەن ئالتۇن چىشلىرى تازا

① «مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ» دېمەكچى.

بىر بەڭگى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .
— قېنى ئاشخانىغا كىرەيلى ، لەغمەنلا بار .
— بىز مەشەدە ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار دەپ ئاڭلاپ...
— مانا مۇشۇ . شىنجاڭدىن چىقىپ مۇنۇ تۇڭگان خوتۇننى ئالغان . لەڭمەن ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇپ ، لەڭمەنخانا ئېچىۋالدىم . لەنجۇغا چۈشكەن ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە تاماق يەيدۇ ، باشقا ئۇيغۇر ئاشخانىسى يوق . بۇ خوتۇن شىنجاڭدىكى خوتۇنۇمدەك ئېتەلمىسىمۇ ، ئىشقىلىپ ، ماڭا خوتۇن بولغاندىن كېيىن قولىغا ئۇيغۇرچە تەم پەيدا بولدى . قېنى كىرەيلار...
بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ دەمال گېپىمىزنى دېيەلمەي قالدۇق .
— ھە... بىز بۇ ئاشخانىنى تاپالماي بىر سائەت ئايلىنىپ ئاخىر گۆش پىشۇرغۇزۇپ يەپ كېتەيلى دەپ گۆش ئېلىپ قويۇپتۇق . ھازىرغۇ لەڭمەننى تازا سېغىندۇق ، ئەمما لەڭمەن يېسەك ماۋۇ گۆشنى قانداق قىلارمىز... شۇڭا ، قانچە پۇل ئالسىلا ئېلىپ ماۋۇ گۆشنى پىشۇرۇپ بەرسىلە . ئەمدى كۆندە بولمىسىمۇ ئىككى كۈندە بىر كېلىپ ساۋاقداشلار بىلەن لەڭمەن يەپ كېتىمىز... — دېدىم مەن .
بەترەڭنىڭ چىرايى بۇزۇلدى .
— سىلەر قەيەردىن ؟
يۈرىكىم جىغ قىلدى .
— بىز قەشقەردىن .
— مەن گۆش پىشۇرالمايمەن . ئاۋۇ يۇقىرى تەرەپتە غۇلجىلىق ئابلەت دەيدىغان بىرىنىڭ ئاشخانىسى بار . شۇنىڭ تېگى قەشقەرلىك . دۇكىنىغا نەس باسقان ئادەملەر كىرىدۇ . شۇ پىشۇرۇپ بەرسۇن .
غۇززىدە ئاچچىقىم كېلىپ ، ئەتجانىم چىمىلداپ كەتتى .
— سىلى قەيەرلىك ؟

ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قارىدى . پەي ـ تۇمۇرلىرى تارتىشىپ تۇرغان قوللىرىدا مىنى مەنتاك قايناۋاتقان قازانغا تاشلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازى يامان ئىدى .

— مەن شايارلىق . ئاڭلاپ قوي ، لەنجۇنى شايارلىق سۇرلىدۇ. غۇلجىلىق ، خوتەنلىك ، قەشقەرلىك دېگەنلەر كۆتۈگنى قىسىرىپ يۈرۈشسەڭ ئوبدان ، بولمىسا…

— جۇرۇك ـ جۇرۇك ، قىپقىزىل ساراڭكەن ، تەڭ بولمايلى . كانىيىمغىچە تويۇپ ، قورسىقىم كۆپۈپ ، سۆرىلىپ ماڭدىم . بىز ماڭغان چاغدا ، ئاشخانا ئىچىدە تىقىلىپ ئولتۇرغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ۋالاقلاپ كۈلۈشلىرى جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى .

بىر تېخىمۇ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇللاشقىلى تۇرغان كوچا بىلەن ئىلگىرىلەپ باردۇق ، يول بويىدا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقاچقا ، تاش ـ كېسەكلەرگە پۇتلىشىپ ، پۇتىمىزنى ئاران يۆتكەپ ئىلگىرىلەيتتۇق .

— مەيەردىكەن .

پەس بىر يەردە جىممىدە ئولتۇرغان ئۈچ ئۇيغۇر بار بىر ئاشخانا كۆرۈندى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، كېلىڭلار ، كېلىڭلار .

ئاۋۋال چىمەندوپپىلىق ، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىرى بىلەن ، ئاندىن شەپكىلىك ، قىرىق ياشلاردىكى بىرى ۋە ئاشپەز كىيىمى كىيىۋالغان ، ياشلا ، قەشقەرلىكتەك كۆرۈنىدىغان يەنە بىرى بىلەن كۆرۈشتۇق . بۇدۇر چاچ بىر ئۇيغۇر چوكان بىز بىلەن سالاملىشىپلا ئىشىككە ماڭدى .

— ھەي… ماڭا قاراڭ . بىكار… باشقا خوتۇنلارغىمۇ خەجلەيدىغان گەپ . ئۇنىڭدىن سىزگىلا خەجلىسەك… نەمۇ نەلەردە قاڭقىپ يۈرمەي بىز تەرەپلەرگىمۇ كېلىپ تۇرۇڭ جۇمۇ ، — دېدى چىمەندوپپىلىق ھاياسىزلىق بىلەن كۈلۈپ .

— شۇڭا دۇكىنىڭ بەرىكەت تاپمىغان پاسكىنىكەنسەن .

ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ بىسمىللا دېيىشنى ئۇگەن ، ئىپلاس .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ھەر كۈنى دېيىگلىك . ھا... ھا...

ھەر ئىككىلىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . ئىشتەيلىرىمۇ تۇتۇلۇپ ، مۇشۇ ئاداشىنىڭ دۈكىنىدا تاماق يەرمەنمۇ ، دەپ كۆڭلۈم شەكلىنىپ كەتتى .

— ھە ، قېنى ئولتۇرۇڭلار .

بىر تېرە ، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بىر خەنزۇ يىگىت ئورۇندۇقنىڭ بېشىدىلا ئولتۇرۇۋالغانىدى . يا قوپۇپ بىزنىڭ ئىچكىرىگە كىرىشىمىزگە يول بەرمىدى ، يا قوپۇپلا كەتمىدى . گەپ قىلاي دېسەم بېشىنى ئىچىگە تىقىۋاپتۇ .

ئاشپەز ۋارقىرىدى :

— قوپەۋا ئاداش ، ئورۇن بوشۇتە . ئەپيۇنىڭنى ئاۋۇ بۇلۇڭغا ئاپىرىپ چېكە ، جۇگۇ .

شۇندىلا ھېلىقى يىگىت بېشىنى كۆتۈردى . قارىسام ، كۆزلىرى شۇنچە سېرىق ، سىرتىغا پولتىيىپ چىقىپتۇ . يۈزى بىر قارىسا سېرىقتەك ، يەنە بىر قارىسا كۆكتەك كۆرۈندۇ . مەڭزىدە قىرىۋالغۇدەكمۇ گۆش يوق . ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بوش ۋارقىرا ، ھارامزادە . مەن خېرىدار بولمىسام ئەسنەپ ئولتۇرسەن . ياۋا خېرىداردىن ئىككىنى كۆرۈپ ۋارقىرايسىنا .

— بۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆكىلىرى . سەن گۇي نەگە بارساڭ بارمامسەن !

يىگىت تېرىككەندەك چەكچەيدى :

— ئۇنداق يۈزسىزلىك قىلما جومۇ ، ھېلى...

— چاقچاق قىلدىماۋا ، بەڭگى .

ھەر ئىككىسى كۈلۈپ كېتىشتى . يىگىت بۇلۇڭغا بېرىپ كومۇش رەڭ پاپىرۇس قەغىزىنىڭ ئاستىغا سەرەڭگە يېقىپ ، كىچىك قارا نەيچە بىلەن ھەدەپ شورىغىلى تۇردى . بىر دەمدىن كېيىن قولىدىكى پاپىرۇسنى كۆچەپ شورىدى ، ئەمما ئاغزىدىن ياكى بۇرنىدىن ئىسنى چىقارمىدى .

www.uyghurkitap.com

— ئەپيۇننى ئاشۇنداق چېكىدۇ، — دېدى ئاشپەز يىگىت مېنىڭ پۇتۇن دىققىتىم بىلەن تىكىلىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ.

— بۇ ئەپيۇن ئەمەس، خىروۋىن، ئۇقۇپ قوي قاپاقۋاش، بىلمىگەن نىمەڭگە تولا ئىغىز غىرىچلىماي ئوچىقىڭغا قارا! — دېدى خەنزۇ يىگىت.

— سىز ئۇيغۇردەكلا سۆزلەيدىكەنسىزغۇ؟ — دېدىم خەنزۇ يىگىتكە.

— مەن غۇلجىدا چوڭ بولغان.

— خىروۋىننى مۇشۇنداق چېكەمدۇ؟ — دېدىم مەن قىزىقىپ.

— ھەئە، — دېدى خەنزۇ يىگىت مېنىڭ ھەيرانلىق، قىزىقىش ئىچىدە قاراپ قالغىنىمغا كۈلۈپ.

— شۇنچە شوراپ چېكىسىز، پەقەت تۈتۈننى چىقارمايسىزغۇ؟ تۈتۈنى ئاچچىق ئەمەسمۇ؟

— تۈتۈننى كۆتىدىن چىقىرىدۇ، — دېدى ئابلەت پوچىلىق بىلەن كۈلۈپ. خەنزۇ يىگىت بۇ گەپكە ئىرەنشىمەستىن كۈلۈپ قويۇپ چېكىش بىلەن بولدى.

— پەقەت ئاش مانتىلا بار، ناھايىتى ئوخشىتىپ ئەتكەن، بىر يەۋالامسىلەر؟ — دېدى ئابلەت كۆزىمىزگە مۇغەمبەرلەرچە تىكىلىپ. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىنمۇ بىزنى مازاق قىلىۋاتقىنى ئايان ئىدى.

قاپىقىم تۈرۈلۈپ بايىقى ئاچچىقىم يەنە قوزغالدى. ئۇيغۇر دەپ شۇنچە تەستە پاناھ تارتىپ كەلسەك، ما كىسىپۇرۇچلارنى، ھەي... بىرى زەمبىلكەش بەڭگى، ماۋۇسى تازا بىر ئالىقاپ كاززاپ، ساپلا داردىن قاچقان ئەبگالاركەنغۇ!

— بايا ھىلىقى پىستانچاقتا ئۇنداق ـ مۇنداق گەپ قىلسام تازا بىر پاسىق نىمە ئوخشايدۇ دەپ قالماڭلار يەنە. خۇدا بۇيرۇسا بىر ۋاخ نامازنى قازا قىلماي تەرەت بىلەن يۈرۈيمەن. ئۆزۈم نىكاھ قىلىۋالغان تۇڭگان خوتۇنۇمدىن ئۈچى بار، غۇلجىدىكىنى قوشقاندا تۆت. بوۋام رەھمىتىنىڭمۇ تۆت خوتۇنى باركەندۇق...

— بۇ يەردىكى ئۈچ خوتۇنىڭىز بىر ـ بىرىنى بىلەمدۇ؟
— ۋاھ، بۇنى بىلسە، مەن بۇ لەنجۇدا تۇرالايمەنمۇ؟ بۈگۈن مايەردە ھىممىت پاشا لەنجۇدىن خوتۇن ئالغانغا تويدى. شىنجاڭدىن ئۇيغۇر خوتۇنى كەپتىكەن. قېچىپ يۈرگىلى ئىككى ئاي بولغان. مـا يـەردـىكـى تۇڭگان خوتۇنىدىن ئىككى بالىسى بولغان دەڭا. شىنجاڭدىكى خوتۇنىدىن بولغان سالداتتەك ئىككى ئوغلى ئانىسى بىلەن كەپتىكەن. تۇڭگان خوتۇنى بىلەن ئىككىسىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ، ھىممىتنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ كەتتى.
— ھىممىت پاشىنىڭ خوتۇنى ئۆزىنى تۇڭگان دەۋاپتۇ، مانجو دەيمەن، — دېدى ئاشپەز يىگىت گەپكە ئارىلىشىپ.
— ۋوي بەڭگى، راستمۇ؟
خەنزۇ يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، يەنە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چېكىشكە باشلىدى. ھەر شوراشقا بىردىن سەرەڭگە ياقىدىغان گەپكەن.
— مەن كىنودا چىلىمدا چەككىنىنى كۆرگەن.
— ئۇ دىگەن ئەپيۈن، بۇ خىروين.
— خىروينىنى كىنودا ئاق كۆرسىتىۋاتقان، بۇ ئاق ئەمەسكەنغۇ؟
— ئۇ ئالىي دەرىجىلىكى، ئۇندىقىنى تاپماق تەس.
— بۇنىڭ مۇشۇ قەغەزدىكىسى قانچە پۇلغا كېلىدۇ؟ — سورىدىم قەغەزدىكى بىر چىمدىم نەرسىنى كۆرسىتىپ.
— مۇشۇ ئۈچ يۈز كويلۇق.
— ۋاي ئاللا! — مەن تەئەججۇپ ئىلكىدە گەدىنىمنى سىلىدىم.
— ئاش مانتا ئەكىلەيمۇ؟
— مۇشۇ گۆشنى بىر پىشۇرۇپ بەرسىلە، قانچە پۇل ئالسىلا ئېلىپ.
— بولىدۇ، چاتاق يوق، — ئابلەت ئاشپەز يىگىتنى بۇيرۇدى.
— مەن خېرىدار كەلمەي بەك رەللە بولۇپ كەتتىم. سىلەمۇ

www.uyghurkitap.com

ھە قاچان مىڭزۇ شۆيەندىنغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە .

— ئاشخانامغا پەقەت ئازلا غۇلجىلىق بىلەن مىڭزۇ شۆيۈندىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارلا كىلىدۇ . بۇ گۆشنى شۇنداقلا پىشەڭلەرمۇ تاماق يىگەندەك بولمايسىلەر . مەن سىلەرگە چۆپ قىلىپ بىرەي . گۆش پىشقۇچە خىمىر تەييار بولىدۇ . قانداق دىدىم ، نىرىن چۆپنى سىغىنىپ كەتكەنسىلەر ؟

— بولىسىغۇ شۇنداق بولسا ، شىنجاڭغا بىرىپ كەلگەندەك بولاتتۇق .

كۆڭلىمىز پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى .

— ئۆيگە دەڭلار ، ئۆيگە . بىزە ساقلىساڭلار مەيلى ئەمىسە . ئۇنىڭغا يىگىباشتىن سىنچىلاپ قارىدىم . قاش ـ قاپىقى جايىدا ، كۆزى يىشىلغا مايىل ، يىگى قىردۇرغان ئىگەكلىرى كۆكۈچ ، ياغلىشاڭغۇ پارقىراپ تۇراتتى . قىلىن كالپۇكى ئۇنى سەل دورداي كۆرسىتەتتى . كۆڭلۈمدە ئۇنى يىگىباشتىن باھالىدىم . گېپىنىڭ ئاھاڭىدىن تارتىپ ھەر بىر قىلىقلىرىغىچە كاززاپلىق يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى . ئەمما ، يەنىلا قولى ئوچۇق ، چىۋەر ، ئىشتىن قورقماس ، جاپاكەش ، ئەخمەققە ، نادانغا تارتىپ كەتكەن مىليونلىغان تەرسا ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى . ئۇ تاماكا تۇتتى . قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ ، چەكمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم . ھەمراھىم ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىر تال تاماكىسىنى چىكىپ قويدى . ئۇ يىنىمىزغا قىستاپ كىلىپ ئولتۇردى .

— سىلەر ئوقۇغان ، زىيالىي . قارىڭا ، سىزنىڭ پاينەك بىشىڭىزغا قاراپ قورسىقىدا خىلى ئۈمچى بار ئاداش ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم . مەن كونەسىنىڭ سەھراسىدا ئاران ئالتە يىل ئوقۇغان ، ئۆزۈمنى بىر قارىتورۇك دىسەممۇ بولىدۇ... ھە... ھە... توختاڭلار ، توختاڭلار ، گۆش بىرەر يىرىم سائەتتە پىشار ـ ھە .

— بىر سائەتتە پىشار...

— ماقۇل شۇنداقمۇ دەيلى . سىلىمۇ يۈزۈڭلىنىڭ قىنى بار

يىگىتلەردىنكەنسىلەر . بىرەر بوتۇلكا ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، بولامدۇ؟ مېنى بىر كالا ـ كومشا دېمەڭلار، سىلەردەك جىق ئوقۇمىغان بىلەن، ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا. ئۇچاڭدىكى نېمە دېسەڭلار ئىشتان دېمەيمەن، خېلى بىر نېمىنى ئويلىيالىغۇچىلىكىم بار. بىرەر بوتۇلكا ئىچىلى.

— ياق، ياق، بىز ئەزەلدىن ئىچمەيمىز.

— ماقۇل، ئۆزۈملا ئىچەي. ھەي شاگىرت، ماڭ جۇگۇ، ئىككى يۈز ئەللىك گىراملىقتىن بىرنى ئەكىر.

ھېلىقى ئاتيۇز شاگىرت نارازى بولدى:

— ئابلەت، بولدى قىلسىڭىز بولارمىكىن. ئەتە يەنە دۇكان ئاچارمىز. ھاراق ئىچتىڭىزمۇ بولدى، قاملاشمىسۇن ـ قاملاشمىسۇن بىر پۇللۇق چاتىقىڭىز يوق، ئاسماننى بېشىڭىزغا كىيىپ ناخشا توۋلايسىز كەن. تۇڭگانلار نەچچە دېدى: قانداق توۋلاۋەرگەن گەپ بۇ، بىز نامىزىمىزدىن ئېزىپ كەتتۇق. ئۆزۈڭ مۇسۇلمان تۇرۇپ تېخى ناماز ئوقۇمايسەن، ناخشا توۋلاپ نامىزىمىزنى بۇزىسەن دەپ. مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ، مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە چوقۇم تۇڭگانلار قوزغىلىدۇ، بىزنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

ئابلەت تېرىكتى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— قادىرخان، سىز ما دۇكاندا پولو ـ مانتامنى بەرسەم يەپ، بۇ كالىۋا مېنى بېقىپ يېنىدا بىكارغا ياتقۇزۇۋاتىدۇ دەپ بەك كېرىلىپ كەتمەڭ، بولامدۇ. ئەمدى مانتا ـ پولونىڭ كۈچىدە سىز ماڭا پۇشتەكچىلىك قىلامسىز، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى بىلىپ قىلىمەن. سىز دەۋاتقان ئىشمۇ مەن بىلمەيدىغان ئىش ئەمەس. مەن خەقنىڭ بۇيرۇقىدىن كارنىيىمغىچە كېكىرىپ، ئۆزۈم ئويلىغان گەپنى دەي، پۇتۇم خالىغان يەرگە دەسسەي، قولۇم خالىغاننى تۇتاي دەپ يۇرتۇمنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ مۇشۇ ئاسمىنى كەڭرى يەرگە چىققان. جاھاندا ماڭا بۇيرۇق بېرىدىغان ئادەم ئەمدى يوق دېسەم، سىز چىقتىڭىزمۇ؟ بەك كېرىلىپ كەتمەڭ. دۇكانغا قانداق مۇلايىم كىرگەن بولسىڭىز شۇنداق ياۋاش بولۇڭ. بۇ بىر ئېغىز ئۆيدە مەن

پادىشاھ. نېمە دېسەم، نېمە قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى. مەن دەل مۇشۇنداق بىر ئېغىز ئۆي ئىزدەپ شىنجاڭغا كەلگەن. بۇ تۇغقانلار بۇ يەردىن قوغلىۋەتسە، مېنى يەنە بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان تۇغقان چىقىدۇ، ماقۇلمۇ. جۇگورۇك، قاچا تەخسىلەرنى يۇيۇپ، ئوچاققا ئوت قالاڭ...

شاگىرت كىچىك بوتۇلكىلىق ھاراقتىن بىرنى ئەكىردى. ئابلەت ئاغزىنى چىشلەپ ئېچىپ، پىيالىغا يېرىمىنى قۇيۇپ:

— قېنى، خوشە، — دەپلا كۆتۈرۈۋەتتى. قادىرخان يۈزلىرى ئېسىلىپ قىزارغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— ھا... ھا... ھا... خەقنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشتىن خەققە بۇيرۇق قىلىش قالتىس ھۇزۇرلۇقكەن، كارامەت تەملىككەن، بۇنى مەن مانا مۇشۇ ئاسمىنى كەڭرى، ئادەم جىق يەردە بىلدىم. مەن يۇرتتا، ھەتتا خوتۇنۇمغىمۇ بۇيرۇق قىلالمايتتىم. ھا... ھا... ھا... ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. قادىرخانمۇ قولاشمىغان ھالدا كۈلدى. ئۇنىڭ ئەلىمى تېخى تارقاپ بولالمىغانىدى.

— ئاڭلاڭلار ئاغىنىلەر، بۇ يەردە مەن بەش ئادەمگە بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم. ئۈچ خوتۇن، مانا ماۋۇ ئىككى... نېمە... نېمە دېسەم بولىدۇ. شاگىرت، ھا... ھا... ھا... مەن ئاشپەز ئەمەس، ھېچكىمگە شاگىرت بولمىغان. ئانامدىن پۇلو بىلەن چۆپ ئېتىشنى ئۆگىنىۋالغان شۇ. ماۋۇنى لەغمەنچى دەپ ئېلىپ كەلسەم مانتىپەز چىقىپ قالدى. خوشە ئابلەت، ئىچە!...

ئۇ كىچىك بوتۇلكىنىڭ ھارىقىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىزگە چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ قارىدى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدىكى دۇكان ئىچىدە تىنىم قورۇلغاندەك بولۇپ، يېنىمدىكى خەنزۇ يىگىتكە قارىدىم. ئۇ كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالدا كۆكىرىپ كەتكەن لېۋىنى شۈمۈپ، شۇنداق تاتلىق بىر نەرسىدىن لەززەتلىنىۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. كىچىك قارا نەيچە تۇتقان قولى سۈس تىترەپ تۇراتتى. شۇ چاغدا، قورسىقىنىڭ يوغانلىقىدىن پوپايكىسى ئاستى تۈگمىسىنى ئېتىشكە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەتمەي قالغان چىرايلىق بىر خەنزۇ چوكان كىردى . خەنزۇ يىگىت كـۆزىنى ئىچىپلا ھودۇقۇپ قولىدىكى نەيچىنى يانچۇقىغا تىقتى . چوكان ئالچاڭلاپ كەلگىنىچە يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە مۇشت بىلەن سالدى . يىگىت شىرەگە مەيدىچىلەپ ئۇسۇپ ، يۆتىلىپ كەتتى . چىيىمىز ئۆرۈلدى . چوكان يىگىتنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئىككىگە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى . قىپقىزىل بويىۋالغان لەۋلىرى ئاچچىقتىن تـــتـــرەپ ، چانىقىدىن چىققۇدەك بولۇپ كەتكەن قارا كۆزلىرى چـەكـچـىيىپ كەتتى . يىگىت بېشىنى چاڭگاللاپ تولغۇلۇۋالدى . چاينىڭ كـىيـىـمـىـمىزگە ئۆرۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن چوكان بىزگە خـىـجـىللىقىنى بىلدۈرۈپ سەل كۈلۈمسىرەپ ، ئېرىنى بىر مۇنچە تىللىۋەتتى .

— ماڭە ، چىقە جوگو ، خوتۇنىدىن تاياق يەيدىغان نان قېپى . بۇ سېنىڭ جىدەلخاناڭ ئەمەس ،— دېدى ئابلەت قولىنى شىلتىپ .

— خاپا بولماڭلار ئاغىنىلەر ،— خەنزۇ يىگىت بىزگە قاراپ ھىجايدى .

جۇدۇنى ئۆرلىگەن خەنزۇ چوكان سۆزلەپ كەتتى :

— ئـەتىگەندىن بېرى ئۈچ يۈز كويلۇقنى چېكىپ بولدى . ساتىمەن دەپ يەنە چېكىۋاپتۇ . خەپ ئۆيگىمۇ كىرەرمىز !

— قانىمىدىم ، بېشىم ئاغرىپ ئۆلەي دېدىم ،— يىگىت بوش ، مۇلايىم تەلەپپۇزدا دېدى .

دۇكـانـغا بىرى يىگىرمە ياش ، يەنە بىرسى ئون تۆت ياش چامىسىدىكى ئىككى ئوغۇل كىردى .

— قېنى ، ئال ، ئال ، چاققان بول .

ئۇلارنىڭ چىرايى كۆكىرىپ ، كالپۇكلىرى تىترەپ ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغانىدى .

— بـالـدۇرراق كـەلـسـەڭلار بولمامدۇ ، شۇنچىۋالا بولۇپ كەتكۈچە .

— ھەي ! بولساڭچۇ !

ئـىـكـكىسى تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى يانچۇقىغا تىقىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆمۈش رەڭ پاپىرۇس قەغىزى بىلەن نەيچىلىرىنى چىقىرىشتى ـ دە، قەغەزنى يىرىم نەيچىلەپ نەيچىسىنى پۈۋلىدى.

— يىگىرمە كويلۇق ساله!

— قانمايسەن.

— بوله، تولا كوتۇلدىماي.

يىگىت پۇلنى پۇرلەپ چوكاننىڭ قوينىغا تىقىۋەتتى. چوكان ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۇرۇپ پايپىقى ئارىسىدىن قەغەز بولاقنى چىقاردى، ئىبرى دەرھال ئىلىپ چاشقان مايىقىدەك ئۈچ تالنى سىلىپ بەردى. كىچىك خىرىدارنىڭ قەغەز تۇتقان قوللىرى تىترەپ كارغا كەلمەي قالدى. ئايال تۇتۇپ تۇرۇپ سەرەڭگە يېقىپ بەردى. خىرويىن سەرەڭگە ئوتىدا ئىرىپ ئۇدۇللۇق نەيچە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تاماكىدىن بىرنى دەرھال تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىغان يىگىت بىرپەس كۆزىنى يۇمۇپ تىنماي تۇردى. ئاندىن «ئۇھ» دەپ ئاغزىدىن ناھايىتى سۇس تۇتۇن چىقىرىپ راھەتلەنگەندەك ھاسىراشتىن ئاستا ـ ئاستا توختىدى. يەنە بىرسىمۇ شۇنداق بولدى.

— ئۇھ… ئەمدى دەي، ئاران شۇنچىلىك سالامسەن! — چوڭ خىرىدار كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى.

— ۋاي، تىخى سىنى دائىملىق خىرىدار ساناپ، يۈز ـ خاتىر قىلىپ جىقراق سىلىپ بەرسەم، قانداق قىلىن ئىمىسەن. باشقا يەرگە بار، جۇگۇ، يىگىرمە كويغا قانچىلىك بىرىدىكىن؟

كىچىك خىرىدار كۈلدى.

— يەنە ئەللىك كويلۇق ساله.

— پۇلنى چىقار.

— مانا، — كىچىك خىرىدار بايىقىدەك پۇلنى پۇرلاپ تىقىپ بەردى.

— ماڭا ئوبدان بەر، مانا، — چوڭى يۈز كويلۇق پۇلدىن بىرنى تاشلىدى.

كىچىكنى ھوزۇرلىنىپ چىكىپ ئولتۇردى، چوڭىغا گىزىت

قەغىزنگە بىر چىمدىم بەردى .

— قانداق ، زىيان تارتمىغانسەن ؟

قاپىقى تۇرۇلۇپ تۇرغان ئۇزۇن چاچ — چوڭى كۈلدى :

— شۇڭا يىراقتىن ئاتلاپ كەلدىم ـ دە .

ئۇ كىچىكنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى .

— ھەي بەڭگى ، سەن... ھە راست ، خوتۇنۇڭ قانداقراق بالا تۇغار ، شۇنچە چىرايلىق خوتۇن نېمە بولۇپ سەن بەڭگىگە تېگىپ قالغاندۇ ؟ سېنىڭ بالاڭ بالا ئەمەس ، بىر خالتا ئەپيۇن تۇغۇلارمىكىن...

— ئاغزىڭغا پوق ، ئېشەك .

— خۇش بولە بەڭگى ، بالا تۇغۇلغاندىن كۆرە بىر خالتا ئەپيۇن چۈشسە ، خوتۇنۇڭنىڭ چاتىرىقىغا سۆيۈپ ، ئەپيۇن سېتىپ باي بولۇپ كېتەرسەن . ھا... ھا... ھا...

— ھا... ھا... ھا...

— خەپ گۇي ، سېنىڭ ئاغزىڭ جۇما...

ئۇ خوتۇنىغا خەنزۇچە دەپ بېرىۋىدى ، ھاڭقىيىپ ئولتۇرغان خوتۇنىمۇ كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلدى .

— ھەي بەڭگى ، سەن ئەمدى چېكىشىڭ بىلەن بول ، بىزنىڭ گېپىمىزگە قوشۇق سالساڭ خوتۇنۇڭنى ساڭا قارىتىپ قويۇپ سۆيۈۋالىمەن .

— سۆيە ، مەن قاراپ تۇراي ، سۆيە قېنى ! ھۆ... ھۆ... ھۆ...

خەنزۇ يىگىت تېلىقىپ كۈلۈپ يۆتىلىپ كەتتى .

چاقچاق بېسىققاندىن كېيىن ، خەنزۇ يىگىت خوتۇنى بىلەن كۇسۇرلىشىپ پۇللىرىنى ساناشقا كىرىشتى .

— ماڭا قاراڭلار ، سىلەر دەڭلار...

ئابلەت تەڭشىلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆزىدە ياش پەيدا بولدى .

— سىلەر ئوقۇغان زىيالىي خەق . دەپ بېقىڭلار زادى ،

www.uyghurkitap.com

بىزدىكى يامان ئىللەتلەر قاچان تۈگەيدۇ؟ دېگەنلەر، مۇشۇ گېپىمگە لىللا جاۋاب بېرىڭلار!

ئۇ كۆزىمىزگە كىرىۋالدى. بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— ھەي پايىنەكباش... تېرىكمەڭ، راست گەپكە تېرىككىنىڭىز ئوبدان ئىش ئەمەس.

— ياق، تېرىكمىدىم.

— قىزىرىپ كەتتىڭىز، خاپا بولسىڭىز مەيلى، سىز دەڭا پايىنەكباش، بىزدە ئىللەت تۈگىمەدۇ؟

— ئىشقىلىپ، ئىللەت دېگەن ئاستا - ئاستا تۈگەيدۇ.

— بۇ دېگەن كونا گەپ، بىزدە ئىللەت دېگەن بەك كۆپ. دېمىسىمۇ بىز ئۆزىمىز تۈزۈك ئادەم بولالمايمىز، قوللاشمايمىز، پىتنىشمايمىز، بىر- بىرىمىزنى كولايمىز، يەنە كېلىپ خەقتىن يامانلايمىز...

بۇ گەپكە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمىدىم.

— راست گەپ قىلسام، بۇ مەن ئويلاپ باقمىغان گەپ ئىدى.

— ياق، ياق ئىشەنمەيمەن. بۇ سىلەر ئويلىمىغان گەپ ئەمەس. ماقۇل قىستىماي، بىز نېمىشقا كېلىشەلمەيمىز... زادى نېمىشقا؟ شىنجاڭدىغۇ ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دەپ كېلىشمەيلى. مۇشۇ كۆلچىلىقتىمۇ يەنە قۇرۇپ كەتكۇر ئۇ يەر - بۇ يەر دېگەن يۇرتۋازلىق تۈگىمەيدۇ... ھە... ھە... مانا ئەڭ كىچىك مىسالى... مۇشۇ يۇرتۋازلىق مېنى ۋەيران قىلدى... مەن تۈگەشتىم. قارنىمغا پىچاق سېلىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ ئاغىنىلەر...

ئۇ شىرەگە بىرنى مۇشتلىۋىدى، پىيالىدىكى چاي يۈزىمىزگە چاچرىدى. ئۇ شىرەنى تىرناقلاپ بېشىنى قويۇۋېلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغاندىكى ئاۋازى تولىمۇ كۈلكىلىك (ئۇزاقتىن بۇيان چوپچوڭ ئەر كىشىنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىمىغاچقىمۇ، ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن)، ئەمما ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغىسى يۈرەكنى ئېزەتتى.

بىز ئۈندىمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردۇق. ئاشپەز يىگىتمۇ، قادىرخانمۇ يەرگە قارىۋالغانىدى. خەنزۇ يىگىت كۆزىنى يۇمۇپ تامغا يۆلىنىپ ئۈندىمەستىن پاپىروس چېكىپ ئولتۇراتتى. خوتۇنى بولسا كۆزىنى پارقىرىتىپ گاڭگىراپ قالغانىدى.

— قاراڭلار، مانا مۇشۇ نەس باسقان ئاشخانا مېنى ۋەيران قىلدى. لەنجۇدا كۇچا، شايادىن گۆلە، لازا ئەپچىقىدىغان سودىگەرلەر جىق، غۇلجىلىق سودىگەرلەر ئاز، ناھايىتى ئاز. ماڭا چىققىلى بىر يىل بولدى، دەسلەپ بۇ ئاشخانا بىر غۇلجىلىقنىڭ قولىدىكەن، شايالىقلار ئۇنى پاتقۇزماي ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپ، بىر شايالىق ئاشپەزگە ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئاشخانىنىغا غۇلجىلىق دەسسىمەپتۇ. غۇلجىلىق ئاشپەز ھەممە نېمىسىنى يوقىتىپ، گۇاڭجۇغا بېرىپ غۇلجا قوشۇنىغا داد ئېيتىپتىكەن، ئۇلار كېلىپ شايالىقلارنى ئۇرۇپ، نەچچىسىنى پىچاقلاپ، ئاشخانىنى باشقا بىر غۇلجىلىققا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم بىر مەزگىل ئېچىپ، شايالىقلارنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ، ئاشخانىنى شايالىق ئاشپەزگە چىرايلىق سېتىپ شىنجاڭغا تىكىۋېتىپتۇ. كېيىن يەنە غۇلجىلىقلار ئاڭلاپ، مەن تيەنجىندە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتسام، مېنى ئەكېلىپ بۇ ئاشخانىغا تىقىپ قويدى. مەن ئاشپەزلىكنى بىلمەيمەن. مانا ماۋۇ قىلتىرىق، قەشقەر ھەزرەتلىك، قادىرخان خوتەنلىك. ئاشخانىنى ئىككى ئاي ئاچتىم. دۇكان قولۇمغا ئۆتكەندىن تارتىپ شايالىقلار ئاشخانامغا يوللىمايدۇ، غۇلجىلىقلار ئاز، ئۇلار بۇ شەھەردە تۇرمايدۇ. ئاز غۇلجىلىقلار بىلەن مىڭزۇ شۆيەنىنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلىرى تاماق يېسە، مەن قانچىلىك سودا قىلالايمەن. يۇرتتىن بەش مىڭ سوم ھالال پۇل بىلەن چىققان، مانا مۇشۇ ئاشخانىنىڭ كۆلى بولۇپ تۈگىدى... ھە... ھە، تۈگىدى. ئۇلارغا يالۋۇردۇم. مېنىڭ سىلەر بىلەن زىددىيىتىم بولمىغاندىكىن، شۇنداق مەززىلىك پولو، مانتا، لەڭمەن ئەتتىم، يەڭلار، دېسەم ھومىيىپ كېتىدۇ. ئاشخانامنىڭ ئالدىدىنمۇ تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشىدۇ.

ئاشخانىغا بويى زىلۋا ، جوغدا چاچ ، سېرىق شەپكىلىك بىر بالا كىردى .

— مانا ، مانا ، پەقەت مۇشۇ بىر شايالىق بالىلا كىرىدۇ ، مۆكۈنۈپ كىرىپ تاماق يەپ ، پەم بىلەن چىقىپ كېتىدۇ . بىز بۇ يەردىكى قانداق خەق؟ ھە··· مەن غۇلجا قوشۇنىدىكىلەرگە ھالال ئىبىتسام ، پۇل دەپ قاپسەن ، قانچە چامادان پۇل كەتسىمۇ بۇ ئاشخانىنى ساقلايسەن دەيدۇ . مېنىڭ زىيىنىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا تاغارلاپ پۇل بېرىدىكەن . لېكىن ، مەن ھالال ئادەمنىڭ ئەۋلادى . ئۇنداق تاغارلاپ ھارام پۇلدىن مېنىڭ كۆلگە ئايلانغان بەش مىڭ سومۇم ياخشى ئەمەسمۇ . بولدى تاقايمەن بۇنداق ئاشخانىنى ، تويدۇم··· تويدۇم··· قۇرۇپ كەت ئەس باسقۇرلار . ھەممىگنى بىر كېچىدە دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن خۇدايىم···

ھېلىقى شايارلىق بالا تەخسىدىكى ئاش مانتىنى ئالاق ـ جالاق يالماپ يۇتقىلى تۇرغانىدى ، ئىشىكتە قارا شلەپە كىيگەن ، قارا ساقال بىر ئادەم پەيدا بولدى . بالا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . چوكا تاراقلاپ يەرگە چۈشتى . قارا ساقال ئادەم ئاق سەدەپتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتقۇدەك كۈلدى . ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك يېقىمسىز ، تەھدىتلىك ئىدى .

— تاماق يېدىڭمۇ ؟

— ھەئە ، — تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى بالا .

— ئۇبدان تېتىغاندۇ ؟

ئابلەت ئورنىدىن تۇرۇپ گەپكە ئارىلاشتى :

— سوراۋەرمەي ، بىز بىر ئۇيغۇر بولغاندىكىن كىرىپ تېتىپ باقساڭلار سىگمەي قالارمۇ ؟

ساقاللىق ئادەم جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويدى .

— جۆرە ، گېپىم بار !

بالا دەرھال ئەگىشىپ ماڭدى ، ئۇ ئىشىك تۈۋىگە چىقىشىغا قارا ساقاللىق ئادەم ئۇنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت ئۇردى . بالا : «ۋايجان» دەپلا پاتقاققا دۈم چۈشتى . كەينى ـ كەينىدىن تەگكەن

تېپىك بالىنىڭ داد - پەريادىنى چەككە يەتكۈزدى. قۇلىقىم غوڭۇلداپ كۆزۈمگە قىزىللىق تىقىلدى، قانداق ئورنۇمدىن تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ئابلەت مەيدەمدىن ئىتتىرىپ چىققىلى قويمىدى.

— ئارىلاشماڭ، ئۆزىنىڭ ئىشى، ئاران تۇرىدۇ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانمايدۇ...

بالا پۇتۇنلەي لايغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىشنى كۆرۈپ كوچىغا چىققان خەنزۇ، تۇڭگانلار چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

— ھازىر لەنجۇدىن يوقال، گوله، لازاڭنى نەگە ئاپىرىپ ساتساڭ سات. ئەتە يەنە كۆرۈپ قالسام، پوينى رېلىسىغا زاماسكىلايمەن.

بالا ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر قاچتى.

شىلەپىلىك ئادەممۇ كەتتى. ئاشخانا ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. تولىمۇ گۈزەل بىر قىز كىردى، ئۇنىڭ ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى.

ئەپيۇن نەيچىسى ئۇنىڭ ئويماقتەك لېۋىگە قىستۇرۇلدى. ئەپيۇن ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قانچىلىك قىرغىنچىلىق قىلدىكىن، بىلەلمىدىم. ئەمما ئاۋازى بۇزۇلغانىدى. ئەينى چاغدا ئاق قۇنىڭ بوينىدەك گۈزەل ئاشۇ كانىيىدىن بەلكىم ئۆزىدىنمۇ نازۇك ئاۋاز چىققان بولغىيدى.

— ھەي بەڭگى، ئۇنىڭغا دە، ئۇنىڭ چېكىدىغىنىنىڭ ھەممە پۇلىنى مەن بېرىمەن، ماڭا ھەمراھ بولسۇن!

قىز گەپ - سۆزسىز ماقۇل بولدى. ئۇ يۈز سەكسەن كويغا ئىزىدا ئولتۇرۇپ چەكتى، يەنە يۈز كويلۇق ئېلىۋالدى. ئىككى يۈز سەكسەن كوينى ئابلەت تۆلىدى.

— خاپا بولماڭلار، مەن كېچىچە ئۇنىڭ بىلەن ئىچىپ تاڭ ئاتقۇزمىسام تاڭ ئاتمايدۇ. ئەتە ئاشخانىنى بېرىۋېتىمەن. ھەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئىي ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قادىرخان، بۇ مېھمانلارنىڭ تامىقىنى ئوبدان بەرمىسەك ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈسەن .
ئابلەت قىز بىلەن چىقىپ كەتتى .

## 2

سىم ـ سىم يامغۇر لەنجۇ كوچىسىدىن داۋاملىق نەم ھاۋانى نېرى قىلمايدۇ . خالتا كوچىدىن چوڭ يولغا چىققاندا ئابلەت قىزنى قولتۇقلىۋالدى . پىيادىلەر يولىدا ئاندا ـ ساندا كۆنلۈك كۆتۈرۈپ شىلىقلىتىپ يامغۇر كېچىپ ياش ئاشىق ـ مەشۇقلار مېڭىپ تۇرىدۇ . باشقا ئادەملەر ئاساسەن كوچا ئاپتوبۇسىدا ماڭىدۇ . چوڭ ـ كىچىك كىرا ماشىنىلىرى خېرىدار چارقىرىپ توۋلايدۇ .

ئابلەتنىڭ چىمەندوپپىسى يامغۇردا ھۆل بولۇپ ماكچىيىپ كەتكەن ، بېشىدىن چۈشكەن يامغۇر ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ساقىماقتا ئىدى .

— ھېرىپ كەتتىڭىزمۇ ؟ — ئابلەت بوش ، ئەمما قوپال سورىدى .

— ياق ، ئانچە ئەمەس ، توڭۇپ كەتتىم .

— ھەر ئىككىسى دەڭ .

قىز ئۇندىمەستىن ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى . ئابلەتنىڭ يۈزىگىمۇ تەبەسسۇم يۈگۈردى .

— ئىسمىڭىز نېمە ؟

— گېلىياك

— ئىشلەمسىز ؟

— شىركەتتە شوپۇرلۇق قىلىمەن .

— جىگلىنىڭ ھەم شوپۇرى ، ھەم يەنە...

— نېمە دېسىڭىز شۇ .

— چېكىشىپمۇ قويامسىلەر ؟

— ماڭا شۇلار ئۆگەتكەن .

— ماڭا ئوخشاش ئوچۇق كۆڭۈلكەنسىز . تويى قىلدىڭىزمۇ ؟
— ھەئە .
— ئۇ قەيەردە ؟
— سوراپ نېمە قىلىسىز ؟
يامغۇر ئەمدى شىددەت بىلەن ياغقىلى تۇردى . تاغ تەرەپتىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ يولدا ئوشۇققا كەلگۈدەك شارقىراپ ئاقاتتى .
— ھەي… ھەي توختا ، — ئابلەت تاكسىنى چاقىردى .
— قەيەرگە ؟
— پويىز ئىستانسىسىغا .
ماشىنا قوزغالغاندا قىز دېدى :
— بەك يىراقلاپ كېتىدىكەنمىزغۇ ؟
— مېنىڭ مەخسۇس ياتىقىم شۇ يەردە ، بىخەتەر ، ھېچكىم ئاۋارە قىلمايدۇ .
— ھە ، شۇنداقمۇ ؟
ئۇلار ۋوگزال ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتى . ۋوگزالدا چىقىۋاتقان ، كىرىۋاتقان ئادەملەر بەك كۆپ بولۇپ ، چۈمۈلىدەك مىغىلدىشىپ كەتكەنىدى . ئادەملەر ئايىغىدىن شالاقشىپ چىقىۋاتقان ئاۋاز كىشىگە كۆڭۈلسىز تۇيغۇ بېرەتتى .
ئىككىسى يېقىن چاپلىشىپ ئالدىراپ مېڭىشتى .
— ۋاي ئاكا… ھوي ئۇيغۇر ئاكا…
ئابلەت تاققىدە توختاپ ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى .
چامادان ، سومكا كۆتۈرگەن بىر ئۇيغۇر چوكان يىغلىپ قالغان سۇلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكىمۇ ئۇلگۈرمەي ، شالاقشىتىپ كېچىپ ئۆزى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . ئابلەت گېلىياڭدىن ئاجراپ بىرقانچە قەدەم ماڭغۇچە ، چوكان كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە ، قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى :
— لۈكچەك… لۈكچەك…
چوكاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەيتتى .

ئابلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئالتە جوڭدا بېشىنىڭ قورشاپ تۇرغىنىنى كۆردى .

— كېلە ، كېلىشە هارامزادىلەر...

ئۇلار يېقىنلاپ كېلىشتى . ئابلەت يېنىدىن پىچىقىنى شەمشىرىنى چىقاردى . لۈكچەكلەر دەررۇ ئادەملەر ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىپ غايىپ بولدى .

— ۋاي رەھمەت ئاكا ، رەھمەت . سىز ئۇچرىمىغان بولسىڭىز مەن نېمە بولار ئىدىم !

— سىز ئوقۇغۇچىمۇ ؟

— ھە... ھەئە . بىلىم ئاشۇرۇشقا كېتىۋاتىمەن .

— نەگە ؟

— ۋۇخەنگە . ئىدارىدىكىلەر لەنجۇدا پويىز ئالمىشىنى ئېيتقان ، شۇڭا مەن بۇ يەردە چۈشكەنتىم . پويىز يەنە بەش سائەتتىن كېيىن ماڭىدىكەن .

— ھازىر نەگە بارىسىز ؟

— ئۇقمايمەن ، ھۇ... ھۇ...ھۇ...

چوكان يەنە ئابلەتكە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى :

— يىراقتىن چىمەندوپپىنى كۆرۈپ ئاكامنى كۆرگەندەك بولدۇم .

چوكاندىن ئابلەتنىڭ ۋۇجۇدىغا تارىغان ئىسسىق ئىقىم ئۇنىڭ ھەممە خىياللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى .

— مەن ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايمۇ ؟

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن ؟

گىلياگىنىڭ كۆزلىرى غەزەپلىك تۇردە ئابلەتكە يەۋېتىدىغاندەك تىكىلدى . ئابلەت كۈلدى .

— مەن ئەزەلدىن كاۋاپچىغا ئىشەنمەيمەن .

ئابلەت بىرنەرسە دېيىشىنىڭ ئورنىغا قەغەز بولاقتىكى خىروينىنى گىلياگىنىڭ ئالقىنىغا تىقىپ قويدى . قىزنىڭ پۈتۈن غەزىپى چاقماق تېزلىكىدە خۇشاللىق ، ھاياجان بىلەن ئالماشتى .

ئۇنىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئاھ... بۇ... راستمۇ؟

ئابلەتنىڭ غەزەپتىن كۆكەرگەن چىرايى پېتى بۇزۇلماي تۇراتتى.

— ئانچىكى دەپ قويدۇم. خاپا بولماڭ، خاپا بولماڭ... مەن ئىشىنىمەن، — قىز سومكىسىدىن كارتوچكا چىقاردى، — بۇ ئادرېسىم چوقۇم بېرىڭ.

ئابلەت كارتوچكىنى يانچۇقىغا سالدى. قىز مىغ - مىغ ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئابلەت يېنىدىكى قىزدىن سورىدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— رىسالەت.

— تۇرپاندىنمۇ؟

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— تۇرپانلىقنى كىم بىلىۋالالمايدۇ.

رىسالەت ئۇندىمىدى، ئۇلار غۇۋا يورۇپ تۇرغان كارىدور بىلەن خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئوچۇقچىلىقتىكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل بىر ھويلىغا چىقتى. رىسالەتنىڭ چامادانىنى ئابلەت كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— يەنە بەش سائەتتىن كېيىن سائەت نەچچە بولىدۇ؟

— تۆت.

— ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان پويىزدا ئولتۇرۇپ تويغانسىز؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ.

— ۋوپۇ[1] بىلتى ئالغانسىز؟

— نەدىكىنى!

— ئەتە بىر كۈن خاتىرجەم ئارام ئېلىۋېلىڭ. بۇ بىلەتتىڭىزنى

[1] ۋوپۇ — كارىۋاتلىق ئورۇن.

ياندۇرۇۋېتىپ، ۋوپۇ بىلىنى ئېلىپ يولغا سېلىپ قوياي.

— ئۇنداق بولسىغۇ ھاردۇقۇم چىقىپ قالاتتى. ئەمما، يەنە سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

ئابلەت ئۈنچىقمىدى.

ئۇلار لىق تۇتۇن، ھاراق بۇسى بىلەن تولغان بىر ئۆيگە كىردى. ئىككى جۈپ يېرىم يالىڭاچ قىز ـ يىگىت قارتا ئوينىغاچ ھاراق ئىچىشمەكتە ئىدى. رىسالەت كۆرۈپلا چىرقىرىۋەتتى. ئۇلار رىسالەتنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈشۈپ بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپلا كېتىشتى. رىسالەت يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى.

— ياق... ياق... چىقىپ كېتىمەن.

— ۋارقىرىماڭ. مەن سىزنى يەپ كەتمەيمەن، گېپىڭىز بولسا چىرايلىق دەڭ.

ئابلەتنىڭ قوپال سىلكىشلەپ ۋارقىرىشىدىن ئەيمەنگەن رىسالەت بىردىنلا شۈمشىيىپ قالدى. ئۇلار ئىچكىرىلەپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىشتى. بۇ بىر كارىۋات ئورۇنلاشتۇرۇلغان پاكىز رەتلىك ئۆي ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، مانا بۇ قونالغۇ.

— ياق... ياق، ئاكا...

— سىز مېنى نەگە ئاپىرىدۇ دەپ ئويلىغان؟!

ئابلەت رىسالەتكە ياۋۇزلۇق بىلەن تىكىلگىنىچە كىيىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ سېلىپ پىرقىرىتىپ تاشلاشقا باشلىدى.

— ياق، ئوبدان ئاكا، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مەن سىزنى ئاكامنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، تاغدەك ئىشىنىپ ئارقىڭىزدىن كېلىپتىمەن، كۆڭلۈمگە بۇنداق ئىشنى ھەرگىزمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدىم.

رىسالەت قولىدىكى سومكىنى تاشلاپ يەرگە تىزلاندى. بۇ چاغدا ئابلەت كۆساردىن باشقىسىنى سېلىپ بولغان بولۇپ، نەپسى تاقىلداپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى.

— ئوبدان ئاكا، ئاللا نامىدا، ئاتا - ئانىڭىز، ئاكا - ھەدىڭىز، سىڭىل - ھەمشىرىلىرىڭىزنىڭ نامىدا تىلەي، ماڭا راھىم قىلىڭ!

ئابلەت لاسىدە بوشاشتى. رىسالەت ھەربىر ئىسمىنى ئاتىغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇلارنىڭ سىيماسى بىر - بىرلەپ گەۋدىلىنىپ، ۋۇجۇدىدىكى تۇرۇلۇپ كەلگەن ئەسەبىي ئىنتىلىشنىڭ پەكىرىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى رىسالەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى تىترىتىپ ھۆركىرەپ يىغلاشلىرىغا، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش كەلكۈنىنىڭ چىرايلىق مەڭزىنى بويلاپ يەرگە تۆكۈلۈشىگە تىكىلگىنىچە قېتىپلا قالغانىدى.

— ئوبدان ئاكا، مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان، سىزمۇ ھالال ئادەمدەك تۇرىسىز. بۇ دۇنيادىن پاك، ھالال ئادەم سۈپىتى بىلەن ئۆتۈپ كېتەي. ھالاللىق بىلەن ياشىغان ئادەم ھەر قاچان ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئابلەتنى بىردىنلا يىغا تۇتتى.

— سىز... سىز خۇدا ئالدىدا ھازىرغىچە ھالال، پاك تۇرالىدىڭىزمۇ؟

— مەن يالغان سۆزلىگەن بولسام، پاكلىقىمنى يوقاتقان بولسام، بۇنچە قىلىپ كېتەرمىدىم ئاكا!

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پاك ياشىيالامسىز؟

— ئىمانىم بىلەن قەسەم ئىچكەنمەن، ئاكا.

— بولدى، ھېساب، قاچان ماڭىسىز؟

— ھازىرلا يولغا سېلىپ قويۇڭ، ئوبدان ئاكا. ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىز، بېشىمنى سىلىغىنىڭىز ئۈچۈن خۇدا سىزنىڭ بېشىڭىزنى سىلاپ، بەخت - نۇسرەت ئاتا قىلار...

ئابلەت تېزلا كېيىنىپ، رىسالەتنى بۇ يەردىن ئەپچىقىپ كەتتى. ئۇلار پەقەت ئۇنچىقماستىن مېڭىشتى.

كۈتۈش زالىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە رىسالەت خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ شۇنچە ئوماق، بەھۇزۇر كۆرۈنەتتى.

ئابلەتنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

— ئاز بولسىمۇ بۇلار مېنىڭ كۆڭلۈم .

ئابلەت بىر سومكا ئالما ، بانان ، خورما ۋە يەنە بىر بولاق تۇڭگانلار پىشۇرغان قوي گۆشىنى پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن رىسالەتكە سۇنۇپ بەردى .

رىسالەتنىڭ كۆزىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى ، ئاغزى گەپكە قولاشمايتتى .

— مەن··· مەن···

— بولدى ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ ، مەن نىمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم . پاك ، ھالاللىقنى ئىمانىڭىزدەك ساقلاڭ··· مەن··· مەن بۇلغىنىپ كەتتىم . ئەمما پاكلىق ، ھالاللىقنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن . خەير ، ئامان بولۇڭ···

پويىز يۈرۈپ كەتتى . ۋوگزال سۇپىسىدا بېشى مەيدىسىگىچە ساڭگىلىغان ئابلەتتىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى . ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەيتتى .

1989 ـ يىل 10 ـ ئاي ، لەنجۇ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ساماۋى چەمبىرەك

— ئاپا، سەن مېنى قاچاندىن بېرى بېقىپ كېلىۋاتىسەن؟
— سەن تۇغۇلغاندىن بېرى.
— ئاۋۇ نېمە؟
— يۇلتۇز.
— ئۇنىڭدا ئادەم بارمۇ؟
— بولۇشى مۇمكىن.
— ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— ئاپىسى بالىسىنى باقىدۇ. بالىسى ئاپىسىدىن توختىماي گەپ سورايدۇ.
— ئۇنىڭمۇ دادىسى يالغانچىمۇ؟
— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
— دوزاخ بىلەن جەننەت بارمۇ؟



— بار.
— ئۇ قانداق جاي؟
— ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەم ئايرىم تۇرىدىغان، بىرسى تاتلىق، بىرسى ئاچچىق جاي.
— ئۇ قەيەردە؟
— خۇدانىڭ دەرگاھىدا.
— خۇدانىڭ دەرگاھى قەيەردە؟
— خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

— جەننەتكە قانداق ئادەم كىرىدۇ ؟
— ياخشى ئادەم .
— قانداق ئادەم ياخشى؟
— يالغان گەپ قىلمايدىغان ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ، تاماق يەيدىغان ، قورقمايدىغان ، يىغلىمايدىغان ، ھېچ نەرسىگە زىيان سالمايدىغان ، قۇرت ـ قوڭغۇزنى ئۆلتۈرمەيدىغان ، قۇشقاچ تۇتۇپ ئوينىمايدىغان...
— بولدى ئاپا ، دېمىگىنە .
— نېمىشقا ؟
— يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ .
— يىغلىمىغىن بالام ، يىغلىساڭ يامان ئادەم بولۇپ دوزاخقا كىرىپ كېتىسەن .
— ھازىر ، يىغلىمىساممۇ دوزاخقا كىرىپ كېتىدىكەنمەن .
— سەن ياخشى بالا ئەمەسمۇ ؟
— مەن قۇشقاچ بالىسىنى نان يېگۈزىمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم ، چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا قايناقسۇ قۇيدۇم ، يەنە دادام يالغانچىنىڭ گېپىگە كىرىپ ساڭا يالغان گەپ قىلدىم .
— قانداق يالغان گەپ قىلدىڭ ؟
— ھېلىقى كۈنى دادام بىلەن بىر ئاچاشنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىغان . مەن ساڭا چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىدۇق دېدىم .
— ئۇ ئاچاش قانداقكەن ؟
— ئېگىز كەن ، ماڭا سەندىن ئامراقكەن . ئۇ مېنى سەن مېنىڭ ئوغلۇم ، ماڭا ئوخشايسەن دەيدۇ . دادام ئىككىمىز دوزاخقا كىرىپ كەتسەك ، سەن يالغۇز جەننەتكە كىرەمسەن ؟
— ياق ، مەنمۇ سىلەر بىلەن دوزاخقا بىللە كىرىمەن .
— سەنمۇ ئەسكىمۇ ؟
— ھەئە .
— قانداق ئەسكى ؟
— داداڭ يالغان گەپ قىلىشنى مەندىن ئۆگەنگەن .

— دوزاختا ئەسكى ئادەمنى قانداق قىلىدۇ؟
— يىلان - چايان چاقىدۇ، ئىت تالايدۇ، تۆمۈر توقماقتا ئۇرىدۇ، ئۇسساپ كەتسە قان - يىرىڭنى ئىچكۈزىدۇ، ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىدۇ.
— مەن بەك قورقۇۋاتىمەن. مېنىڭ نېمىشقا ئەسكى دادام، ئەسكى ئاپام باردۇ؟ بىز نېمىشقا جەننەتكە كىرەلمەيمىز؟
— قورقما بالام، مەن داداڭنى، داداڭ مېنى، بىز سېنى، سەن بىزنى ئالداشمىساق، باشقا جانلىقلارغا زىيان سالمىساق، بىز يەنە جەننەتكە كىرەلەيمىز.
— دادام بۈگۈنمۇ يالغان گەپ قىلغانمىدۇ؟
— ئۆزى بىلىدۇ.
— ئاپا، دادام دوزاختا قالمىسۇن، بىز ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايلى. جەننەتكە كىرگەندە دادام بولمىسا بولمايدۇ. جۈر، دادامنى قۇتقۇزۇۋالايلى.
— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟
— مەن بىلىمەن، دادام بۈگۈنمۇ بىزنى ئالدىدى. سەن بارمىساڭ، مەن بارىمەن. ئۇ دوزاختا قالمىسۇن. ئۇ بىزنى ئالدىغىنىغا چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ.

1991 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دېلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم سۆيۈملۈك توشقىنىم ! توشقان قانچە قورقۇنچاق بولۇپ ، ئۆزىنى دالدىغا ئالسىمۇ هامان قارچىغا ، بۆركۈتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدۇ . يېڭى بۆجىنىڭىزگە مۇبارەك ! ئاللا ئۇنى باتۇر هەم سالامەت قىلغاي !

سىزنى كۆردۈم ، كۆرمەي قالارمىكىن دەپ ، ئىچكى هەسرەت ئىچىدە كۈلۈپ ياشاۋاتقىنىمدا ، يولنى ئاپتاپتەك يورۇتۇپ ئۆتتىڭىز . بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز . ئاللا يېڭى جانغا ئاتا قىلغان نۇردىن سىزگىمۇ ئىلتىپات قىپتۇ . خۇدايىم سىزنى پاك نۇر ئۈستىدە مەڭگۈ جۇلالاتقاي ، دەرسخانىدا تىرناقلاپ ئۆگىنىپ ئولتۇرسام ، «خەت» دېدى . ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن هارغىن كۆزلىرىم هەيران بولۇپ ، كونۋېرت ئۈستىدىكى ئىسمىغا تىكىلدى . ئۆرۈپ - چۆرۈپ دەڭسەپ كۆردۈم .

— تونۇمايدىغان ئادەمدىن كەپتىمۇ؟ — يېنىمدىلا بىرسى پىچىرلىدى .

— ياق ، كونا تونۇشتىن كەلگەن يېڭى خەت .

— خەت يېزىشمامتىڭلار؟

— هەر ئىككى...

مۇرەككەپ بىر خىل تۇيغۇدا خەتنى ئوقۇپ ، ساقاللىرىم ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىزلىكىمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ قالدىم .

— بەك خاپا بولۇپ كېتىپتۇ... ئەتە - ئۆگۈن خەت يېزىپ قويىمىسام...

كۇلۇپ تاشلىدىم. باللار ھەيران بولۇپ، ئارقىسىغا قارىدى. مۇئەللىممۇ تاۋۇز ئورۇقىدەك كۆزىنى تۆشۈكتەك تىكىپ دەرس سۆزلەشتىن توختاپ قالدى:

— ئەختەم، نېمە بولدۇڭ؟

ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قاپىقىمنى تۈرۈپ سوغۇقلا جاۋاب بەردىم:

— كۇلدۇم.

باللار پاراقلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى. مۇئەللىممۇ كۇلۇپ سالدى. كېيىن، مەن تېخىمۇ قاتتىق كۇلۇپ كەتتىم. ھەممىمىز بىراقلا كۇلۇشۇپ كەتتۇق. مۇئەللىممۇ كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۇلۇپ كەتتى. دەرستىن كېيىن، ئۇ ئاستا يېنىمغا كېلىپ سەممىيلىك بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەختەم، سەن يازغۇچى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ھازىر يازغۇچى ئەمەس!

ئۇ يەنە قاراپ قالدى.

— سەن ھازىر چاقچاقچى.

— ياق، مەن ھازىر مەست.

ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— ئىچمەيتتىڭغۇ؟!

— پروفېسسور ئەپەندى، ئادەمنى ھاراقلا مەست قىلامدۇ؟

— نېمىدە مەست بولدۇڭ؟

— سۆيگۈدە!

— يېڭى سۆيگۈ تاپقان ئوخشىمامسەن؟

— كونا، لېكىن سۆيەلمىگەن سۆيگۈ.

راست مەست بولۇپسەن. لېكىن، مەستلىكتە سۆيگۈگە مەڭگۈ يېتەلمەيسەن. سۆيۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن، مەستلىكتىن

يېشىل . ئەقىل ـ ھوشۇڭ جايىدا بولسۇن !
ئۇ كەتتى .
— يەنىچۇ ؟
— بار ، — مۇئەللىم توختاپ ، ئارقىسىغا تولۇق بۇرۇلدى ، —
سەن ئۇنىڭغا راستىنىلا ئاشىقمۇ ؟
— سىز مەستمۇ ؟
— ياق ، ساراڭ بولۇپتىمەن ، پەقەت بىر دەقىقە .
— ئۇ خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى .
— ئەمدى ئۇڭشالدىڭىزمۇ ؟
— ئېھتىمالغا يېقىن .
— ئەمىسە جاۋاب بېرىڭ !
مۇئەللىم ساراڭ بولغان دەقىقە ئىچىدە دوسكىغا بىر توشقان
بىلەن بۆركۆت سىزدى .
— يەنە بارمۇ ؟
مۇئەللىم بىر سىزىق بىلەنلا بۆركۈتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈلكىنىڭ
قۇيرۇقىغا ئۆزگەرتىۋەتتى .
— جاۋابىم تۈگىدى .
ئۇنىڭ يۇمشاق دەسسەشلىرىگە تىكىلىپ قالدىم . ئىشىك
تۈۋىگە بارغاندا توختاپ يەنە بۇرۇلدى . كۆزلىرىمىز دوقۇرۇشتى .
— ئىمتىھان ئالىمەن .
— قومۇشلۇقتا قاچىمەن .
ھەر ئىككىلىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق . ئاندىن خەتنى
ئېچىپ ئوقۇدۇم . خىيالىم سانسىز توشقانلار ئارىسىدا يېتىمسىراپ
قالدى . سۆيگۈنۈمنىڭ لەقىمىمۇ توشقان ئىدى .

1991 ـ يىل 5 ـ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قارا جاڭگال

تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى ئۇششاق تاشلارنى قوقاستەك يېلىنجىتىۋەتكەنىدى. شېغىللار ئۈستىدىن يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قاپقارا تۇماندەك چەكسىز يېيىلغان جىغانلىق دالا كىشىگە تونۇردىن چىققان قويۇق تۇتۇندەك كۆڭۈلسىز تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇششاق يوپۇرماقلار تېخىمۇ قورۇلۇپ، قارا مارجاندەك جىغان مونچىقى كۈننىڭ تەپتىدە كېلەنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. جاڭگال ئىچىدىكى چاتقاللارنىڭ ئۈستىدە يايراپ ئۇچىدىغان جانىۋارلارمۇ غايىب بولغان، قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ ئەركەكچىلىكى تۇتۇپ، مېكىيانلىرىنى چىللاشلىرىمۇ بېسىقىپ قالغانىدى. قارا تۇماندەك ئۇيۇققىچە سوزۇلۇپ ياتقان جىغانلىق دالىدىكى كۆكىرىپ كۆرۈنىدىغان شېغىللىق يولدا ئېزىتقۇدەك بىر قىز يالغۇز كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك پارقىراق، بۇلۇت تۇرگۈنىدەك يېيىلىپ تۇرغان يارشىملىق چاچلىرىدىنلا ئۇنىڭ دېھقان قىزى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. دېڭىزدەك زەڭگەر شايى كۆڭلىكى ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىنى قوينۇمدىن چىقىرىپ قويماي دېگەندەك چىڭ چاپلىشىپ، بېلىنى قىسماققا ئالغانىدى. كۆڭلەكنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى بېلىقتەك يوتىسىنى سىلاپ - سۆيۈپ قانمايتتى.

ماشىنام يېقىنلاشقانچە ئۇ شېغىل ئۈستىدە ئازادە مېڭىشقا قاملىشىپ بەرمەيۋاتقان ئاق ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىينى سېلىپ ئىككى قولىدا كۆتۈرۈۋالدى - دە، يىلاندەك تولغىنىپ يولنى تەستە

www.uyghurkitap.com

داۋام ئەتكۈزۈشكە باشلىدى .

— ھەي ، جاڭگالدىمۇ پەرىزات بولامدىغاندۇ ؟ ماشىنامنى توختىتىپ يەرگە چۈشتۈم .

— سىلىچە پەرىزاتنىڭ ھەممىسى شەھەردە بولاتتىمۇ ؟ قىز گۈلدەك كۈلۈپ قارىدى . كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ ئۇنىڭ گۈلدەك چىھرىدىكى نازۇك نۇر پەردىلىرىنى سولدۇرغان ، سۈزۈك ئۆڭىنى سەھرا شامىلى يالاپ كەتكىلى تۇرغان بولسىمۇ ، تىگى - تىگىدىن جۇلالىنىپ تۇرغان تەبىئىي گۈزەل رۇخسارى بۇلارغا بوي بەرمەيۋاتقاندەك ئىدى . بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان زەڭگەر شايى كۆڭلەك كۆكسىنى قوزىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇماق كۆرسىتىپ ، كۆڭۈلنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى .

— چاقچاقىمۇ قىلدىم . لېكىن ھەر نەرسىنىڭ ئۆز يولى ، ئورنى بولىدۇ ، راست گەپ ، سىلى بۇ تىرىمنىڭ جاڭگىلىدا نېمە ئىش قىلىلا ؟

— مانا مۇشۇنداق يالاڭ ئاياغ شىغىلغا دەسسەپ يۈرۈيمەن . جاھاندا ئورنىنى ، يولىنى تاپالمايۋاتقانلار ئازمۇ ؟

— يۈتلىرى كۆيمىدىمۇ ؟

— كۆيگەنگە ئامال بارمىدى ؟ چۆلدە بۇلاقتا ئۇچراپ قالغاندەك يايراپ كەتتىم .

— بار مانا ، مەرھەمەت .

قىز خۇشاللىق بىلەن كابىنكىغا چىقتى .

— گەپلىرى بەك يېقىملىق ئىكەن . ھېچ تىرىمنىڭ جاڭگىلىدا چوك بولغاندەك تۇرمايلا .

— مۇشۇ جاڭگالدا ئۇچرىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ .

— ھەممىسى بىلەن سۆزلىشەملا ؟

— ھەيران قالغۇچىلىكى بارمۇ . ئادەم بولغاندىكىن گەپ قىلىشقا كۆڭلى تارتسا ، ئەلۋەتتە ، بۇنتەك تۇرغىلى بولمايدۇ - دە ! بۇنىڭ نېمىسى يامان . مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال ، چۈنكى ئادەم

دېــگەن ئادەمگە گەپ قىلىدۇ. بىر قاراپ گەپ قىلىشقا كۆڭلى تارتىشنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ دىلىغا ياققانلىق ئەمەسمۇ!

— سىلىنىڭ ئۆي قەيەردە؟

— شەھەردە.

— بۇ جاڭگالدا...؟

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

— مــەنــمۇ شۇنداق پەم قىلغان. قانداق بولۇپ شەھەردىن چىقىپ يىراق جاڭگالدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىلا؟

— تــەقــســىــمــات بــىــلــەن بــولــامدۇ، سەنئەت شۆيۈەننى پۈتتۈرگەنىدىم، مانا مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلىشتى.

— سىلىدەك ئالىي مەلۇماتلىق، چىرايلىق قىز مۇشۇ جاڭگالغا لايىقمۇ؟ بۇ جاڭگال دېگەن بىزدەك ئوقۇمىغان، كەتمەنگە نان چىلاپ يەپ، كــالا تــېزىكىگە دەسسەپ يول ماڭىدىغان، ئىچىق بېشىدا ئۇخــلايــدىــغان ئادەمگە لايىق. ئەبجەق ماشىنا ھەيدەيدىغان مەن جېنىمدا ئۆزۈمنى بۇ يەرگە ئارتــۇق ھېسابــلايمەن. سىلــەردەك ئاق - قارىنى پەرق ئېتىدىغان، مەرۋايىتتەك قىزلار دېگەن ئەينەك- تەك پاكىز شەھەردە ئىشلىسەڭلا بولىدۇ.

— مەنغۇ ئون ئىككى كىلومېتىر جاڭگالدا، ئاتمىش - يەتمىش جاڭگالغا كەتكەنلەرمۇ كۆپ تېخى، ھۆكۈمەت جاڭگالنىمۇ چىرايلىق قىلماقچى.

— چــىرايلىق قىزلار شەھەردە كۆپ بولسا شەھەر تېخىمۇ چىرايلىق، ھۆزۈرلۈق بولامدۇ، بۇنى كىم بىلمەيدۇ.

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نازۇك كۈلكىسى دالىدا يــېــيــىــلــىــپ ياتــقان چاتقاللار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم.

— ئۆيگە ھەپتىدە قانچە قېتىم بېرىپ كېلىلا؟

— ئەتىگىنى كېلىپ كەچتە قايتقىنىمنى ھېسابلىغاندا ئون ئــىــكــكــى قېتىم. مەكتىپىمىزدە ياتقۇدەك ياتاقمۇ يوق، قونۇپ قېلىشىمغا ئېرىممۇ ئۇنىمايدۇ.

— تـوي قـىلـمىغان قىزمىكىن دەپتىمەن تېخى ، مۇشۇنداق مـېـڭىشقا قانداق چىدايدۇ ؟ ئەرلىرى شەھەرگە بۆلىكەپ ئەكەتسە بولمامدۇ ؟

— بەش يىل يول مېڭىپ يۆتكىيەلمەي تاشلاپ قويدى ئامال بولمايۋاتىدۇ . ئېرىم بوي ـ بەستى ، خوي ـ پەيلى خېلى جايىدا ئادەم ، خۇددى سىلىگە ئوخشاش .

— ھەر كۈنى مانا مۇشۇنداق ، خۇددى ھازىرقىدەك شېغىل يولدا يالاڭ ئاياغ مېڭىپ ، بېرىپ كېلەملا ؟

— شەھەردىن ئون كىلومېتىرغىچە ئاپتوبۇس بار ، بىر كوي تۆلەپ كېلىمەن . قالغان ئىككى كىلومېتىر يەرگە ھازىرقىدەك ماڭىمەن .

— ھەر كۈنى يىگىرمە كىلومېتىر يولغا ئىككى كوي تۆلەيلا ، تۆت كـــــىلومېتىر يولنى مۇشۇنداقلا ماڭىلا . ھەر كۈنى ئىككى كـويدىن كەتسە ، تۆت يەكشەنبىنى چىقىرىۋەتكەندە يىگىرمە ئالتە كۈندە ئەللىك ئىككى كوي كىرا تۆلەيلا .

— ھەر كۈنى چۈشتە ئىككى كويغا قورساق باقىمەن .

— تېخى ئۇمۇ بار ، ئىككىنى قوشقاندا بىر ئاي ئىچىدە بىر يۈز تۆت كوي كەتتى دېگەن گەپ . قانچە پۇل مائاش ئالىلا ؟

— بىر يۈز ئون سەككىز كوي .

— نېمە ؟ — ماشىنىنى قاتتىق تورمۇزلاپ ۋارقىرىۋەتتىم ، — شۇنچە جاپا تارتىپ ئون سەككىز يىل ئوقۇپ ، ئاخىر بېرىپ بىر ئايدا ئون تۆت كويغا ئىشلەملا ، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ؟ جېنى تـۇمـشـۇقـىـغا كېلىپ قالغان قېرى مەزلۇم بىرەر ئاشخانىنىڭ قاچىسىنى يۇيۇپ بەرسە بىر كۈندە يىگىرمە كويغا ئىشلەيدۇ ، بىر ئـايـدا ئـالـتە يۈز كوي ئىش ھەققى ئالىدۇ . تېخى قورسىقىنى ئاشخانىدا بېقىپ دېسىلە !

چوكان كۈلۈپ قويدى .

— بۇنىڭغا ئەرلىرى ئۇنىدىمۇ ؟

— بـولدى ، بۇنداق خىزمەتنى قىلما دەپ تولا ھەپىلىشىپ

ھېرىپ قالدى . مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار ـ ده !

— سىلىدەك گۇزەل جۇۋانلارنىڭ غەمسىز ئويناپ كۇلىدىغان چاغلىرى بۇ . ئەرلىرى بولمىغان بولسا خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سىلىنى ئېلىپ ، جاپا تارتماي مېنىڭ خىزمىتىمنى قىل ، ھۆكۇمەت بەرگەننى مەن بېرەي خوتۇن ، دەيدىكەنمەن . ھېلىھەم شۇنداق قىلامدۇقيا ؟

— ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالسىلا ، ئۇلاغ سودىسى ئەمەس بۇ .

— بۇنداق جاپادا قالسىلا تېز قېرىپ تۇگەيلا ، ئەرلىرى شەھەردە راھەت كۆرۈپ ياش تۇرىۋېرىدۇ . كۇنلەرنىڭ بىرىدە سىلىدەك جاڭگال يەپ كەتكەن خوتۇننى چوقۇم تاشلايدۇ ، ئۇنىڭدىن كۆرە ، بىر كۇن بولسىمۇ تاماشا بىلەن كۆڭۇللىرىنى خۇشال قىلىپ ياشىغانلىرى ياخشى .

— خۇشال ئويناپ ياشاشنى سىلى دېمىسىلە مەن بىلمەيدىغاندەك تۇرامدىم ؟

— ھە… ۋاي ، بولىدىكەنلىغۇ خېنىم ، ئەمىسە ئوينامدۇق ؟

— نەدە ، قانداق ئوينايمىز ؟

— ئۇستەڭ بويىغا كېلەي دەپ قالدۇق ، سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئوينايمىز .

— پۇل بارمۇ ؟

پەرەز قىلغىنىمدەك چىقتى .

— پۇل دەپ قاپتىلا ، قانچىلىك بولسا ئەرزىيدۇ ؟

— سىنتىسى كەم ئەمەس مىڭ كوي .

ماشىنىنى يەنە تورمۇزلىدىم . ساراڭغا يولۇقتۇممۇ نېمە دەپ سىنچىلاپ قارىدىم .

— ھۆكۇمەت بېرەلمىگەننى مۇشۇ جاڭگالىستان يولىدىن تېپىپلا ـ ده ، ئۇكام ! سىلىنىڭ پۇتۇن دۇنيادىكى ئاياللاردىن قانداق ئالاھىدە پەرقلىرى بار ؟

— ناھايىتى ئاددىي ، ئىپپەت ـ نومۇسىنىڭ قىممەتلىكى بىلەن ! ئەپسۇسكى ، ھازىرغىچە مەن بىلەن ئوينىيالايدىغان ئوغۇل

بالىدىن بىرسى چىقمىدى . كۆندە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ ، كېيىن يېلى چىقىپ كېتىدۇ ، خۇددى سىلىگە ئوخشاش . رەھمەت ئۇستام ، بىكەتكە كېلىپ قالدىم .

قىز بىر دەمدىلا يېنىمدىن غايىب بولدى . كابىنكامدا ئۇنىڭدىن نىشانە سۈپىتىدە سۈس بىر خۇش پۇراق قالدى . ناچار كەيپىياتتا هاڭۋېقىپ قاپتىمەن ، ئىسمىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن .

سەكرەپ پەسكە چۈشتۈم . ئۇ لەپىلدەپ ماڭغىنىچە ، تىرەكلىك مەھەللە يولىدا بىر پارچە ئوتتەك يىراقلاپ كەتتى .

1991 ـ يىل 7 ـ ئاي ، قەشقەر





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مەن ياشىغان دۇنيا

— خېنىم ، شۇنچە پاكىز ، چىرايلىقكەنلا ، سىلىگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوقمۇ ؟ — دېدىم توپىغا بۇلغىنىپ ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن چوكاننى يۆلەپ ، ئۇنىڭ ياش سىرغىپ چىقىۋاتقان قاپقارا كۆزلىرىگە قاراپ ئېچىنىپ سىيرىلغان هالدا . مەن ئۇچراتقان گۇزەل ، بەختلىك قىزلار ، چوكانلار ئىچىدە بۇنىڭدەك تەبىئىي قىز - چوكانلارنى كۆرمىگەنىدىم . ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى مېنىڭ قۇچۇقۇمدا بولغاچقا ، بەدەنلىرىم ياپراقتەك تىترەپ كەتتى ، هەتتا ئاۋازىممۇ ئۆزگىرىپ تىترەپ چىقتى . ئۇ سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرىنى جۇپلەپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى . كىرپىكى ئۇستىدىكى سۇرمە ياش يۇقىدىن پارقىراپ كەتتى . تېرىپ ئىنچىكىلەشتۇرگەن قاپقارا ئەگمە قېشى ئازابتىن تىكلىشىپ كەتتى . جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا جاۋغىيىدىن قان ئارىلاش شالى سىرغىۋاتقان نېپىز لېۋىنى چىڭ يۇمۇۋالدى . مەن ئۇنىڭ جامالىنى كىشىلەردىن يوشۇرىدىغان قارا رومىلىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ ئاغزىدىكى قاننى سۇرتتۇم . ئاندىن ئاستا يۆلەشتۇرۇپ ، توپىنى قېقىپ ، چىرايلىق كىيىملىرىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن يەرلىرىنى تۈزەشتۇرۇپ قويدۇم . هەم قورقۇش ، هەم بايا يېگەن تاياق ئازابى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرغۇچىلىكىنى قويمىغانىدى . مەن يەنىلا ئۇنى يۆلەپ تۇردۇم . راستىنى ئېيتقاندا ، بۇنداق چىرايلىق چوكاننى تۇنجى قېتىم يۆلەپ

تۆرۈشۈم ئىدى . بۇ يۆلەش ماڭا تاسادىپىي بولۇپ قالدى .
ئۈچ لۈكچەك ئۈنى ئۆرۈپ توپىدا يۇمىلىتىۋېتىپ قېچىپ كەتتى . مەن ئۇ چاغدا ۋېلسىپىتلىك كېلىۋاتاتتىم . مەن مۇشۇ چوكاننىڭ نالە – پەريادىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى پەملىدىم لۈكچەكلەر چالا مەست بولسا كېرەك ، چوكانمۇ ئۇلار بىلەن ۋارقىرىشىپ سۆزلەشتى :

— ئاران مۇشۇما ؟ بۇنچىلىك بىرنېمەڭگە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ . ھالىنى كۆر بۇ نېمىلەرنىڭ . ھەرقايسىڭ ئوغۇل بالىمۇ نېمە ؟ گەپنى نەدە قىلغان ، دېيىشكەن بويىچە بېرىشمەمسەن ! — بۇ غەزەپ بىلەن توۋلىغان نازۇك ئاۋاز ئىدى .

— ۋەي... شۈنچە پۇلنى بەرسەك يەنە نېمىدەپ ۋاتىلدايسەن ؟ بىزدەك ياشلار بىلەن بىللە بولغىنىڭنى شەرەپ بىلىپ ، شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ . ماڭە تولا كاسىلدىماي يولۇڭغا ، — دېدى ئۈچ كۆلەڭگە ئۈنىڭغا دېۋەيلەپ .

— ھىم قوۋۇرغامنى ئېگىشمە ، پۇلنى بېرىشمەمسەن – يوق ؟ ھېلى ، توۋلايمەن .

— مانا توۋلىغىن ئەمىسە .

شۇ گەپلەر بىلەن قاتتىق تېپىش ، مۇشتلاش بولۇپ كەتتى . چوكان بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى . «ۋايجان ئادەم بارمۇ... ئادەم ئۆلدى...»

مەن بىلىمدىكى مىتال تاسمامنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، يۈگۈرۈپ كەلدىم . ئەمما ئۇلارغا چېقىلىشقا پېتىنالمىدىم . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ قولىدىمۇ بىرنەرسىلەر پارقىراپ تۇراتتى . ھەرھالدا ئۇلارمۇ ماڭا چېقىلماستىن ، موتسىكلىتلىرىغا مىنىپ كېتىپ قېلىشتى .

— شۈنچە چىرايلىق ئىكەنلا...

— شۈنچە چىرايلىق بولغاننىڭ كاساپىتى . دەسلەپتە چىرايىمغا ئىشىنىپ نوچىلىق قىپتىمەن . چىراي مېنى مۇشۇ ھالغا



www.uyghurkitap.com

كەلتۈردى . بۇ دۇنيا سەتلەرنىڭ ، مەينەتلەرنىڭ ، پارىخورلارنىڭ ئىپلاسلىقلىرىغا يارىتىلغانىكەن... — دېدى چوكان تەنە بىلەن . ئۇ ئۆزىنى تۈزۈۋالدى . مەن كەتمەكچى بولدۇم .

— ئەمدى ئۆيلىرىگە كېتىۋالسىلا .

— مەن قانداق كېتىمەن ؟ ماڭغۇدەك ھالىم يوق . بىقىنىمغا بەك تېپىۋەتتى ، ماز ئېشەكلەر . مەن سىلى بىلەن كېتەي . سىلىنىڭ ئۆيلىرىدە قونسام قانداق دەيلا ؟

— ياق ، سىلىنى ئاپىرالمايمەن ، ئۆيدە ئايالىم بار .

چوكان جىمىپ كەتتى . مەن ئەتە ئۆيگە ئۇن ، ماي ئېلىشقا ئاتاپ قويغان ئون بەش كوي پۇلنىڭ ئون كويىنى ئۇنىڭغا بەردىم .

— سىلى مېنىڭ دەردىمنى بىلدىلە ، قاراپلا بىلدىلە ، خۇدايىم توپا ئالسىلا ئالتۇن ، كۆل ئالسىلا كۈمۈش بولغاي ، بىرسى مىڭ بولۇپ كېتەر .

مەن ئۇنى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم . ئۇنىڭ ئۆيى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ، ئەگرى - بۈگرى ئۆمۈچۈك تورىدەك بىر كوچىنىڭ ئىچىدە ئىكەن . ئۆيىگە بارغۇچە پەقەت ئىسمىمىزنىلا سوراشتۇق ، باشقا گەپ قىلىشمىدۇق . ئۇنىڭ ئىسمى مەھبۇبە ئىكەن . نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم . ئاتا - ئانىسى نى - نى ئارزۇلار بىلەن بۇ ئىسىمنى قانچىلىك تالاشلاردا قويغان بولغىيدى . مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا ، ئۇ ئىزا ئارىلاشقان يىغىسى بىلەن قەدىمىي ئۇيغۇرچە ئىشىكنىڭ ئالدىدا لېۋىنى چىشلەپ قالدى .

مەن ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدىم .

ئۇنى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن دوختۇرخانىنىڭ قان ئامبىرىنىڭ ئالدىدا بىر توپ جۇل - جۇل كىيىملىك زەئىپ ئادەملەر ئارىسىدا ئۇچرىتىپ قالدىم . ئانامنىڭ قورسىقىدا ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالغاچقا ، ئوپېراتسىيە قىلىپ قان سالماقچى بولغان ، قاننىڭ

www.uyghurkitap.com

رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەش ئۈچۈن قان ئامبىرىغا كەلگەندىم.

— بۇ نېمانچە جىق ئادەم، نېمە ئىش قىلىدۇ ئۇلار؟ — دەپ سورىدىم بىللە ماڭغان دوختۇر ئاغىنەمدىن.

— ھەممىسى مۇساپىر - يېتىمچىلەر. يېتىشى خۇمدانىنىڭ گۆلەخلىرى، چېكىشى نەشە، قان ساتىدىغانلار قان سېتىپ چىقىپلا ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ، — دېدى ئاغىنەم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزى پىلدىرلاپ قالغانلارمۇ، يۈزلىرى قىزىل مايلاپ قويغاندەك خىلى سۆلەتلىك ياشلارمۇ بار ئىكەن. بەزىلىرى خۇشامەت بىلەن يېنىمدىكى دوختۇرغا قاراشتى.

— بۇنچىۋالا ئادەمنى يىغىۋالغۇچە غاچ - غۇچ بىر تەرەپ قىلىپ يولغا سالساڭلار بولمامدۇ؟ ھېيتكاردىكى مەدىكار بازىرىنىڭ ئۆزى بولۇپتۇ، — دېدىم مەن. ئاغىنەم كۆزۈمگە تازا بىر قارىۋېلىپ:

— سەن مۇشۇ يەردە بارمۇ، يوق؟ ھېلى باشقا بىر دۇنيادىن كېلىپ قالغاندەك سۆزلەيسەنغۇ؟ بىزدە ئاسان ئىش ئاغزىمىزدىكى گەپ. مۇشۇلارنىڭ ئېپى بارلىرى قېنىنى ساتالايدۇ، بولمىسا يوق.

— يائاللا، ئۆزىنىڭ قېنىنى سېتىش ئۈچۈنمۇ ئاغزىنى مايلاش كېتەمدۇ؟

— كەتمەي ئەمىسە، بۇ بىچارىلەر قېنىنى سېتىش ئۈچۈنمۇ قان ساتقان پۇلنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا خەجلىسە ئاندىن ساتالايدىغان گەپ. بۇ يەردە ئاۋۇلارنىڭ ساتمىقى ئاسان، قارا. يېقىندىن بېرى قان ساتىدىغانلار ئىچىدە ئاۋۇ ئۈچ ئايال پەيدا بولۇپ قالدى. بىرسى ئوتتۇرا ياش، ئىككىسى ياش چوكان، چىرايلىق چوكانلار. بۇ يەردە قان ئالىدىغان گويلار، ياشلار... — ئۇ شۇنداق دەپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇلار قانىنى ئاسان ساتىدۇ، مۇشۇ يەردىكىلەر بىلەن چىقىشىۋاپتۇ. ماۋۇ ئەركەكلەر ئاشۇلار ئارقىلىق قېنىنى

ساتالايدىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلار ئارىلىقتىن پايدا ئالمىسا ئۇنداق قىلمايدۇ.

مەن قاراڭغۇ كارىدوردا يۈزىنى يېپىپ بىر سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئۈچ ئايالغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم.

— ھەيران قالما، يور، ئۇنداق ئىشلارغا ھەيران قالغىلى تۇرساڭ ئىش تولا. بالىنىڭ ئۆزى ـ دە سەن، — ئاغىنەم پېشىمدىن تارتتى. شۇئان يۈزى يېپىقلىقتىن بىرى:

— ۋاي سىلى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىلا؟ — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەن ئاۋازىدىن تونۇپ ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ يۈزىنى ئېچىۋەتتى. «مەھبۇبە» ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى بىلمىدىم، بۇلۇت ئارىسىدىن ئاي چىقىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ قاش ـ كۆزى ئوينىناپ تۇرىدىغان گۈزەل جامالى ئۆتكەنكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— سىلى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىلا؟ — سورىدىم مەن.

— ماۋۇ دوختۇر دەپ بەرگەندۇ، — دېدى ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ، — ھەرھالدا ئۆتكەنكى ئىشىمدىن بۇ ياخشىدۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئەمما نېمىشقا لىڭشىتقىنىمنى ئۆزۈم ھازىرغىچە بىلمەيمەن.

— يائاللا ئەجەب چىرايلىق كاساپەتكىنا بۇ.

— قانداق، كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ؟

— ئەمىسە ئۆزۈڭچۇ. ئۆزۈڭ قانداق تونۇشۇۋالغان بۇ ھۆر بىلەن؟

بىز مەھبۇبە بىلەن خوشلىشىپ ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئاشۇلارنى دېيىشتۇق. مەن تونۇشۇش جەريانىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

— ئاشۇنداق گۈزەللەر مۇشۇنداق خار ـ زار، نېمىدېگەن

ئادالەتسىزلىك بۇ ؟ !

— هوي ، سەنمۇ كۆنۈپ قالىسەن ، مەنمۇ كۆنۈپ قالدىم . هازىر تام كۆمتۈرۈلسىمۇ پىسەنتىمگە كەلمەيدۇ . دۇنيادا خار-زار ، دەپسەندە بولۇۋاتقان نەرسە ئازمۇ . بەزىدە قايسى گۈزەل بولسا شۇ خار ، شۇ دەپسەندە بولىدۇ . بۇنى سۆزلەپ كەلسە ئادەم ئىچ-ئىچىدىن قايناپ كېتىدۇ ، چۆگۈنمۇ قايناپ ئۆزىنىڭ بويىغا تاشىدۇ ئەمەسمۇ ؟ بولدىلا سۆزلىمەيلا قوياي ، مەن ساڭا قايسىبىر شائىرنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرىنى ئوقۇپ بېرەي…

مەن ئۇنىڭ ۋاتىلداق ئاغزىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كەتتىم .

1992 - يىل 1 - ئاي



# قىرتاق سوققا

چەت ئەلدىن تاغامنىڭ ئوغلى كەلدى . ئۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تەتقىقاتچى ئىكەن . مېنىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ، ئۇ بەكلا سۆيۈنۈپ :

— بالام ، مېنىڭ ۋەتەندىكى ئالىملار ، يازغۇچى ، شائىرلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىم بولارمۇ ؟ — دېدى .

— مۇمكىن بولار ، — دېدىم ھاياجان بىلەن .

دادامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاۋۋال شەھىرىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدىب ھەم جامائەت ئەربابىنى تېپىپ ئۇنىڭغا تۇغقىنىمنىڭ مەقسىتىنى ئېيتتۇم ، بۇ كىشىمۇ خۇشال بولۇپ :

— بەك ئوبدان گەپكەن ، ئۇكام . مەن بارماق بىلەن سانىلىدىغان ئالىم ، ئەدىبلىرىمىزنى خەۋەرلەندۈرەي ، بۇ چوقۇم ئوبدان ئۇچرىشىش بولىدۇ ، — دېدى .

شەنبە كۈنى كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە ئۇچرىشىش بولدى . تۇغقىنىمنىڭ كۆزىدىن ياش كەتتى . بىردەم ئۇياق - بۇياقنىڭ پارىڭىنى قىلغاندىن كېيىن ، ئۇ قولىغا رومكىنى ئېلىپ سۆزلىدى :

— مەن ۋەتەنگە تۇنجى قېتىم كېلىپ شۇنچە ھاياجانلانغان ، كۆرۈپ ، ئاڭلاپ تويمىغان ، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق ۋەتىنىم بار ئىكەنغۇ ، مەن ۋەتەنسىز ئەمەس ئىكەنمەن ، دەپ ئىپتىخارلانغان . مانا ھازىر ھەرقايسىڭلارنى — نادانلارنىڭ دىلىغا چىراغ ياققۇچى ،

ۋەتەنىمنىڭ چولپان يۇلتۇزلىرىنى كۆرۈپ، كۆزۈمدىن ياش توختىمايۋاتىدۇ. ھازىر مۇشۇ رومكىدىكى ھاراقنى ھەرقايسىڭلار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە بەكمۇ تەقەززامەن.

— مەن يولداش ئېلى ۋەلىنى تونۇغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى ئاۋۋال تونۇشتۇرۇپ قويسام، قالغان يولداشلارنى يولداش ئېلى ۋەلى تونۇشتۇرۇپ قويسا، — دېدى دادام.

— ئوبدان، رەھمەت، — دېدى تۇغقىنىم.

— يولداش ئېلى ۋەلى ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، مەملىكەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ھەيئىتى.

ئېلى ۋەلى خۇشال ھەم خىجىل بولغان قىياپەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇغقىنىمىزغا قاراپ كۈلۈپ باش لىڭشىتتى. ئاندىن سورۇندا ئولتۇرغانلارنى تۆردىكىلەردىن باشلاپ تونۇشتۇرغىلى تۇردى:

— يولداش ئىسمائىل ئىسلام، ۋىلايەتلىك قەنت، تاماكا، ھاراق شىركىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

قويۇق چۈپۈر يۈزلۈك ئادەم بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

— يولداش مۇسا توختى، ئاپتونوم رايونلۇق يىپەك يولىنى ئېچىش جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك يىپەكچىلىك زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى.

ئېسىسكىلىت چىراي تاقىر باش ئادەممۇ كۈلدى. تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ بىغىر كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ ھەيرانلىق بىلەن بىر ماڭا، بىر دادامغا تىكىلدى. بىز پەخىرلىنىپ كۈلۈپ بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق.

— يولداش قاسىم باست، شەھەرلىك تارازا ـ ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى؛ يولداش ھېيت سېيىت، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

تۇغقىنىمنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلگەن ھالدا، ھەممە چىرايغا ھاڭگۇۋېقىش بىلەن ياندۇرمىلاپ قارىدى. مەن سەل ھودۇقۇشقا باشلىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ بېغىر كۆزلىرىدىن نارازىلىق يېغىپ كەتتى.

— يولداش ئىسمەت يالقۇن، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى. ھە، مەن بارلىق يولداشلارنى تونۇشتۇردۇم. ئەمدى ھۆرمەتلىك مېھمان ئۆزىنى تونۇشتۇرسا، تونۇشقانلىقىمىزنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئىچىشسەك.

ھەممىسى شۇنداق دېيىشىپ، باش لىڭشىتىپ كۈلۈشتى. تۇغقىنىمنىڭ چىرايى بۇلۇتلىنىپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن كۈلۈشتىن توختاپ بىر-بىرىمىزگە گاڭگىراپ قاراشتۇق، تۇغقىنىم ئورنىدىن تۇردى:

— ئەزىز ۋەتەنداشلار، مەن ئەسلىدە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماقچى ئىدىم. ئەپسۇسكى بۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش ئىلمىي خادىملارنىڭ ئولتۇرۇشى بولماستىن، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئولتۇرۇشى بولغانلىقى، ئۆزۈمنىڭ مەسئۇل خادىملار بىلەن ئالاقىسى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ نىيىتىمدىن يېنىشنى قارار قىلدىم. تاغام ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار بىلەن كۆرۈشۈش سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇلدى، دېۋىدى، تاغام خاتا دەپ قويدىمۇ ياكى مەن خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ، بىلەلمىدىم. شۇڭا، ۋەتەنداشلارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇلىرى بۇ تۇنجى رومكىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن يەنە ھەمسۆھبەت بولالمايدىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن...

— ياق... ياق... مەن... ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن، ئەستا، — ئېلى ۋەلى ھودۇقۇپ قىزىرىپ كەتتى، — بۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتاقلىق ئالىم، يازغۇچى، رەسسام، سەنئەتكار. ئالدىنىڭ ئوندىن ئارتۇق كىتابى نەشر قىلىنغان، ھەتتا چەت تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

تۇغقىنىمنىڭ قاپىقى تېخىمۇ تۈرۈلدى. بىردەم جىمجىت

تۇرۇپ قالدى . كۆزىدە ياش لىغىرلىدى .

— ئەپسۇس ، ئەپسۇس ، مەن چۈشەنمەپتىمەن ، كەچۈرۈڭلار ، ئىلمىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەردىن كېيىنمۇ ئىلغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن . مېنى كەچۈرۈڭلار . بۇ پەقەت چۈشىنىشمەسلىك . قېنى كۆتۈرەيلى ، خوشە سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن !

مەن تۇغقىنىمغا قاراشتىن ئۇيۇلۇپ دەرھال تالاغا چىقىپ كەتتىم .

1991 ـ يىل 11 ـ ئاي



www.uyghurkitap.com

# قىز كېتىدۇ

ئاخشامدىن بېرى توختىماي ياغقان قار بىر كېچىدىلا يۇرتنى كۆمۈپ تاشلىدى . بوجۇق توپا ئاقىدىغان مەھەللە يولى ، غولىدىن تارتىپ شاخلىرىغىچە بىر ئىلىك توپا قونۇپ ، سەل ـ پەللا شامال چىقسا توزان ئۇچۇپ تۇرىدىغان دەل ـ دەرەخ ، ئېتىز قىرلىرى بىلەن ئېرىق قاشلىرى ، قېلىن ئۆسكەن قومۇشتا باستۇرما قىلىنغان كەڭ دالا ۋە پاكار دۆڭلەرگىچە ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەندى . پاخپىيىپ ئۆسكەن جىگدە نوتىلىرى يالغان چاچ سېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن جۇۋاننىڭ بېلىدەك ئېگىلگەن ، جىگدىچۇك بىلەن ئاق قۇشقاچلار يېگۇدەك بىرنەرسە تاپالماي ۋىچىرلىشىپ دەرەخ نوتىلىرىدىكى قارلارنى توزۇتۇپ ئۇچۇشاتتى .

بۇۋى مەريەم بايا قومۇش ئىسى بىر ئالغان ئۆيدىن ئاپقۇردا ئاش كۆتۈرۈپ چىققاندا ، ۋۇجۇدىغا ئىس سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلغانىدى . قار هاۋاسى بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ئىسلارنى تارتتى بولغاي ، بىردىنلا كۆڭلى ئېچىلىپ ، بېشى ئۇستىدە ئۇچۇپ يۇرگەن پاختەكلەردەك ئۇچقۇسى كېلىپ كەتتى . لېكىن ، بىردەم ماڭا ـ ماڭماي كونا ئۆتۈكىنىڭ پايتىما ـ پايپاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان يىرتىقلىرىدىن سوغۇق ئۆتۈپ ، پۇتى ئۇيۇشقا باشلىدى . ئاپقۇرنى ئانىسى هېلىمۇ ياخشى كونا باش ياغلىققا چىگىپ بېرىپتىكەن ، بولمىسا قانداق قىلاتتىكىن ، هەر بەش قەدەمدە ئۇ قولدىن بۇ قولغا يۆتكەپ تۇرسىمۇ قولىنىڭ بارماقلىرى توڭلاپ

قولاشماي قالدى. ئۇ چوڭ بولغاندىن بېرى بۇيۇرتتا بۇنداق قېلىن قار ياغقىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ، قار ياغمىغاندىن كېيىن سوغۇقمۇ ئانچە قاتتىق بولمايدۇ ـ دە. «خۇدانىڭ بۇ رەھمىتى چوقۇم ياخشىلىقتىن بېشارەت، — دەپ ئويلىدى ئۇ مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ كېتىۋېتىپ، — ھېچبولمىسا مېۋىلەر كېلەر يىلى ئوبدان ئوخشاپ باغلار تۆكمە ـ تالقان، مولچىلىق، توقچىلىق بولىدۇ. قار قېلىن ياغسا دەرياغا سۇ تولۇپ كېلىدۇ. كېۋەز ئېتىزلىرى قاندۇرۇلۇپ ئوسا قىلىنىپ، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىنسا، ئۇنىڭ پۇلى دەردىسەدىن ئېشىپ ئۆينىڭ يىللىق كەلدى ـ كەتتىسىنى قامدىسا، ئاندىن موزاينىڭ پۇلى تېلېۋىزورغا ئاشىدۇ. خۇدايىم ئاغرىق ـ سىلاق، كېلىشمەسلىكتىن ساقلا، بولمىسا ھەممىسى يەنە تۇتۇندەك تۈگەيدۇ. خۇدايىم يەرگە قىلغان ئەجرىمىزگە يارىشا بەرىكەت بەرسە، كېلەر يىلى قىشتا ئاتامنى ھاشارغا پۇل تۆلەشكە كۆندۈرىمەن. تۇخۇم يېمىسەكمۇ، كىنو كۆرمىسەكمۇ مەيلى، كېلەر يىل يازدا چوقۇم تۇخۇمنىڭ پۇلىنى يىغىپ تۆت تاغارغا كۆمۈر سېتىۋېلىپ، بىزمۇ قىشنى باقى مىرابتەك ئىسسىق ئۆيدە تەرلەپ ئولتۇرۇپ چىقىرىمىز...»

بۈۋى مەريەم ئاتىسى ئىشلەۋاتقان زەيكەش بېشىغا كەلگەندە، ئاپىقۇرنىڭ ئىسسىقى پەقەتلا قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ شۇنچە ئالدىراپمۇ ئاتىسىغا ئاشنى ئىسسىق پېتى ئەكېلەلمىگىنىگە ئۆكۈنەتتى. «بىچارە ئاتام مۇزدەك ئاشنى ئىچسە ئىچىگە بىر پارچە مۇز كىرگەندەك تىترەپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كەتمەننى قانداق چاپار... ئىتتىكرەك ماڭماي ئاشنى سوۋۇتۇپ قويۇپسەن دەپ تىللارمۇ ياكى ئىچمەي قايتۇرۇۋېتەرمۇ...» بۈۋى مەريەم ئەندىشىلىك خىياللارنى قىلىپ تېخىمۇ تولۇپ كەتتى. ھاشارچىلار قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن بىنەملىكتە زەيكەش چاپماقتا ئىدى. ئەرلەر چوڭقۇر زەيكەش ئىچىدىن قارا لاينى كەتمەن بىلەن قاشقا تاشلىسا، ئاياللار ئۇزۇن

كۆڭلىنىڭ بىلىگە تورۇۋېلىپ، دۆۋىلەشكەن لايىنى كەينىگە سۈرەتتى. ئۇلار چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ قىزغىن ئىشلەيتتى. «ۋاي خۇدايىم ئون بەش كوينىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ بوگۇنلۇك ھاشاردىن قۇتۇلىغان بولسا، ئانامۇ ئاشۇ خوتۇنلاردەك لاي تارتارمىدى؟» خىيالىدىن مۇشۇلار كەچكەن قىز زەيكەش قىرىنى بويلاپ ئاتىسىنى ئىزدەپ ماڭدى.

ئاتىسى تۇۋلىمىغان بولسا، ئۇ تونۇماستىن ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتىكەن، ئاتىسىنىڭ يۈز - كۆزلىرى قارا لاي چاچراپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كەتمىنىنى جايىدىلا قويۇپ، پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ قاشقا چىقتى.

— يۈزىڭىز قاپقارا بولۇپ كېتىپتىكەن، تونۇماي ئۆتۈپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى بۇۋى مەريەم ئاتىسىغا سىنچىلاپ قاراپ.

ئاتىسى كىرلىشىپ كەتكەن كۆك كاجى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى چالا - بۇلا سۈرتۈپ ئىنكاس قايتۇردى:

— كۆزۈك پەرق قىلالمىغان بىلەن يۈرىكىڭ تونۇغان گەپ - دە، بالام. ئاناڭ نېمە ئەۋەتتى؟

— يوبدان ئەۋەتكەن، شۇنچە ئالدىرىسامۇ سوۋۇپ قالدى. ئىچىڭىز مۇزلاپ كېتەرمۇ، دادا؟

— مەيلى بالام، ئىچىۋېرىمەن، قايسىبىر توخغاننى دەيسەن بالام، بىز سۇ كېچىپ زەيكەش چاپساق، كادىرلىرىمىز قاشتا تۇرۇپ تۇخدۇق دەيدۇ. ئادەم دەسلەپتە توخغاندەك بولىدىكەن، بىر دەمدىن كېيىن سوغۇق بىزدىن قورقتىمۇ ياكى... ھېچ توخغاننى سەزمەيدىكەن ئادەم.

— نەدىكىنى، بەدەن توخۇپ چەككە يەتكەندىن كېيىن سەزمەس بولۇپ قالغان گەپ. ئىسىت ئاتا، تايىنلىق ئىككىلا چامنى ساتساقمۇ بوپتىكەن، جاننى قىينىغۇچە. پۇل دېگەن تېپىلار ئىدى.

ئاتا ئۈندىمەستىن، سوۋۇپ قالغان ئاشنى قوشۇق ئىشلەتمەيلا

سۇمۇرۇپ ئىچىۋەردى . قورسىقى ئارام تاپقاندىن كېيىن ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى :

— هەي... بالام، خۇدا ساقلا بۇنداق هاشارنى كۆرسەتمەس مېنى شۇنداق ئويلىمىدى دەمسەن . شۇنداق قىلساققۇ بۇنداق چاپانى تارتماي، ئىسسىق ئۆيدە راهەتلىنىپ ئولتۇراتتۇق. لېكىن ئەھلىمەھەللە هاشارغا چىقسا، بىز ـ ئەر خوتۇن ئىككىلىمىز چىقمىساق، پۇلغا زىيان بولۇشتىن سىرت، يەنە ئەڭ ئەدناسى، مەھەللە ـ كويدىن ئۆرە بولۇۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس . ئات تەپكەنگە ئات چىدايدۇ ، خەق چاپسا ، بىز چاپمىساق بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمىز ، بۇنىڭدىن كۆرە يۈرتتىن چىقىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك . هازىر ئاناڭنىڭ هاشارغا چىقمىغانلىقىغمۇ ، چامنى پۇلغا ساتقان تۈرۈقلۇق ، ئۆزۈمچە خۇدۇكسىنىپ بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتىمەن...

— هەي... هەي... ئاۋۇ چام كىمنىڭ؟ — قاش بويلاپ يېتىپ كېلىشكەن بىر توپ كادىرنىڭ ئالدىدىكىسى سورىدى .

— مېنىڭ ! — دېدى بۇۋى مەريەمنىڭ ئاتىسى .

— نېمىشقا چاپماي ئولتۇرىسەن ؟

— چېپىۋەرسەم سۇ چىقىپ ، تېيىلغاق بولۇپ كەتتى . بىردەم تۇرۇپ قۇرۇغاندا چاپاي دېدىم .

كادىرلارمۇ ، زەيكەش ئىچىدە چام چېپىۋاتقانلارمۇ پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . بۇ «چاقچاق»نىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان كادىر بىلەن بۇۋى مەريەمنىڭ ئاتىسى نېمە بولغىنىنى بىلمەي هاڭۋېقىپ قېلىشتى . بۇۋى مەريەممۇ هېچنېمىنى ئۇقالماي هودۇققان هالدا كادىرلارغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى . هېلىقى كادىر بىردىنلا قىزىرىپ :

— هۇ نەس ئوغرى ، قانداق قىلساڭ قىلە ! — دېگىنىچە كېتىپ قالدى .

---

زەيكەشتىكى هاشارچىلار بىلەن قالغان كادىرلارنىڭ كۈلكىسى

تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

— يائاللا، سوپىباي، تازىمۇ كەلتۈردۈڭ جۇمۇ!

ھاشارچىلار كادىرلارنىڭ بۇ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ «سوپىباي، ھاردۇقىمىزنى چىقاردىڭ» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. سوپاخۇنمۇ بىردەم تېگىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، پىسسىڭىدە كۇلۇپ قويدى. ئارقىدىنلا قىزىغا قاراپ ئۇيالغاندەك بولدى ـ دە، بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزاردى. بۇۋى مەريەم بۇنداق چاقچاقلارنى پەقەت چۈشەنمىسىمۇ، بىرەر ئۇياتلىق گەپ بولغانلىقىنى پەملەپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئاكا، بۇ سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟

بۇ يەرلىكلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىغان كۇلگۇنچەك بىر ئادەم سوپاخۇنغا يېقىن كېلىپ، ئەدەپ بىلەن سورىدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، شۇنداق.

— ئالدىڭىزغا مېڭىپ بېقىڭا قىزچاق.

بۇۋى مەريەم ئۇيالغىنىدىن بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا قارنى جىجاشقا باشلىدى.

— ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن ماڭالايدۇ، ئەلۋەتتە! — سوپاخۇننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

— سوپاخۇن بۇ كىشى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن، — دېدى بۇ گەپنىڭ ئۇستىدىن چۇشكەن سېكرىتار، — مانداق دەنشىگە[①] رەسىم ئالىدىكەن، چىغىمدا قىزىڭلىنى دەنشىگە چىقىراي دەپ قالدى، شۇنداقمۇ ئۇستام، ئەگەر قىزىڭلا ياراپ قالسا دەنشىگە چىقىدۇ.

سوپاخۇن كۇلگۇنچەك ئادەمگە قارىۋېدى، ئۇ كۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇۋى مەريەم بېشىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ، ياتباش ئادەمگە قارىدىيۇ، يەنە قىزىرىپ بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەنگە سالدى. لېكىن خۇشاللىقىدىن ئىچىگە بىر پارچە ئوت كىرگەندەك بولۇپ،

① «تېلېۋىزور»نىڭ خەنزۇچە بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

ۋۇجۇدى يېلىنجاشقا باشلىدى .

— بالام ، كادىر ئاكاڭنىڭ تەلىپى بويىچە ماڭغا ، زەبكەشتىن قۇتۇلىسەن ، چام چاپمايدىغان ئادەم بولىسەن ! — دېدى سوپاخۇن جانلىنىپ ، — بۇ ئىشنى خۇدايىم يەتكۈزدى . كادىر ئۇكام ، قىزىم دەنشىگە چىقسا بۇ يەردىن كېتىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

— نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرۇسەن بالام . ماڭا ـ ماڭ ! ئۇچ دېسىمۇ يالتايما .

ئاتىسى زورلاۋەرگەندىن كېيىن ، بۈۋى مەريەم بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ، تەمتىرەپ ، دەلدۈگۈنۈپ بەكمۇ تەستە بەش ـ ئالتە قەدەم مېڭىپ ، ئىزىدا ئولتۇرۇپلا يىغلىۋەتتى . قاراپ تۇرۇشقانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . سوپاخۇن يالۋۇرۇپ ، تارتقۇشلاپ ، پوپوزا قىلىپ يۈرۈپ ، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ يېتىلەپ كەلدى .

— ئىسمىڭىز نېمە سىڭلىم ؟ — سورىدى كۈلگۈنچەك ئادەم .

قىز تىرنىقىنى تاتىلاپ ، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇۋەردى .

— ئۆيدە دەنشىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىسەن . مانا ئەمدى دەنشىچى ئۇستام كەلسە تامدەك تۇرغىنىڭ نېمىسى ، گەپ قىلە . دەنشىگە چىقىسەن . خەقلەر سېنى دەنشىدە كۆرىدۇ . سەن ـ بىزدەك ئاددىي ئادەملەر توگول ، بۇ يەردىكى كادىرلارمۇ ، ھەتتا ناھىيىنىڭ ھاكىممۇ دەنشىگە چىقىپ باقمىدى . سەن بىزنىڭ ناھىيىدىن تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ دەنشىسىگە چىققان ئادەم بولىسەن . چاپسان ئىسمىڭنى دەپ بېرە دەيمەن . ھېلى بىكار مەندىن توك كاچات يەيسەن .

— بۇ… بۈۋى مەريەمگۈل ، — قىز بېشىنى كۆتۈرمەستىن جاۋاب بەردى .

— قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟

— ئون تۆتكە .

— ئوقۇمسىز ؟
— تولۇقسىزدا ئوقۇيمەن .
— ئوقۇسا چوڭ يەردە ئوقۇسا بولىدىكەن . شۇڭا ، ئەمدى بۇ يەردىكى ئەپەندىچاقلاردا ئوقۇتمايمىكىن دەۋاتىمەن . سىلى ئەكېتىپ ئوقۇتسىلا بولمىسا كادىر ئۇكام ، — دېدى سوپاخۇن يىلىنىپ .
— ناخشا ئوقۇيالامسىز ؟
— ھىم...
— ئوقۇيدۇ ، ئوقۇيدۇ . ئوقۇيالايمەن دە ، سىلىدىن تارتىنىۋاتىدۇ . ئۆيدە تۇمۇچۇقتەك سايرايدىغان بالا دېسىلە بۇ . ئوقۇغىنا ، كادىر ئاكاڭ ئاڭلىسۇن .
— تارتىنماي ئوقۇۋېرىڭ .
— قايسى ناخشىنى ئوقۇيمەن ؟
— بىلگىنىڭىزنى ئوقۇڭ .
— ھاشار بېشى بولغاندىن كېيىن ھاشارچى ناخشىسىنى ئوقۇسۇن .
— ھە ، ياخشى ، ھاشارچى ناخشىسى بولسا بەك ياخشى .
— ئىز... ئىزا تارتىدىكەنمەن . ئاۋۇ تەرەپكە قاراپ ئوقاي .
— بولىدۇ ، بولىدۇ . ئاۋازىڭىزنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇڭ .
قىز بىر ھازا تىرناق تاتىلاپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئاۋازىنى ئاستا قويۇپ بېرىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

...

زەيكەشنى تولا چېپىپ ،
لاي چاچراپ قارا بولدۇم .
ئامەت ـ تەلىيىم قېچىپ ،
بەختسىز بالا بولدۇم .

بۇۋى مەريەم ناخشىسىنى ئوقۇپ تۈگەتمەستىنلا ، دۆڭنىڭ

كەينىگە قېچىپ كەتتى .

— ئۇلۇغ خەلق ، بارلىق مۇھەببەت يەنىلا سەندە ، — دېدى كۇلگۇنچەك ئادەم پىچىرلاپ .

سوپاخۇن گاڭگىرىغان ھالدا تۇرۇپ قالدى . باشقىلارمۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ھېلىقى ئادەمگە قاراشتى .

* * *

بۇۋى مەريەمگە ناخشا ئوقۇتقان كۇلگۇنچەك كىشى بۇرۇنقى زامان ئەكس ئەتتۇرۇلىدىغان تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىگىلى كەلگەن رېژىسسور باسىت ئىدى . ئۇنىڭ قېرى شاھنىڭ دېھقان قىزىنى تۇتقۇن قىلىدىغان كۆرۈنۈشكە لايىق كېلىدىغان ئارتىس تاپالماي ئىچى پۇشۇپ ، دېھقانلار زەيكەش چىپىشۋاتقان بۇ جايغا كەلگەندە ، تاسادىپىي ھالدا مۇرادى ھاسىل بولۇپ قالغانىدى .

بۇۋى مەريەمگۈلنىڭ خانىش رولىنى ئېلىپ تېلېۋىزورغا چىقىدىغانلىقى مەھەللىسىگىلا ئەمەس ، پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كەتتى . بۇ «ئامەت» تىن سوپىبايىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى . بۇۋى مەريەمگۈل پادىچى يىگىتنىڭ ئاشىقى بولۇپ ناخشا ئېيتىدىغان ۋە يىگىتى چالغان نەيگە كەلتۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان كۆرۈنۈشلەردە ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ رول ئالدى . ئەمما شاھ مەجبۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئالىدىغان ئاخشامدىكى كېلىن ھۇجرىسى ۋە چىمىلدىق ئىچىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە كەلگەندە ، قورقىمەن ، ئىزا تارتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى . باسىت ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرۈشكە ئوڭايسىزلىنىپ ، بىر ئايال ئارتىسنى مۇشۇ كۆرۈنۈشنىڭ ياردەمچى رېژىسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلدى .

رابىيە ئىسىملىك بۇ ئايال بۇۋى مەريەمگە شاھ بىلەن چىمىلدىق ئىچىدە بولىدىغان ئىشلارنىڭ جەريانىنى رەسمىي يوسۇندا كۆرسەتتى . قىزنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال كىنولاردىكى ئاشۇنداق

كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن چاغدا يۈرتىدىكىلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قانداق غۇلغۇلىلارنى قىلىشىدىغانلىقى كەلدى.

ئىلگىرى كىنولاردا شۇنداق كۆرۈنۈشلەر چىقىپ قالغاندا، ئۇلار ياقىسىنى تۇتۇشۇپ دېگەن گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەنىدى: «قانداق ئادەمنىڭ بالا ـ چاقىسىدۇ، ئاشۇنداق قىلىشا ماقۇل دەيدىغان ياكى ئۇلار رەسمىي ئەر ـ خوتۇنلارمىدۇ؟ ئەجەب نومۇسنى بىلمەيدىغان خەقكەن، ھەرقانچە بولسىمۇ پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ، شۇنىمۇ كىنوغا دەپ ئالغان بارمۇ؟...»

— بۇ رەسمىي ئۇنداق بولىدىغان ئىش ئەمەس، سۈرەتكىمۇ پەقەت مانا مۇشۇ كۆكسىڭىزنىڭ يۇقىرىسىلا ئېلىنىدۇ. سىز قورققاندەك ئىش يۈز بەرمەيدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە يالغان، لېكىن سىز راستىنى ھېسسىياتتا بولىسىز، مانا مۇنداق...

رابىيە قېرى شاھ بىلەن چىمىلدىق ئىچىگە كىرىپ تولغىنىپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ ۋارقىرىغان ھەرىكەتنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى.

— قورقۇۋاتىمەن.

— قانداق قورقۇش بۇ، ھېچ ئىش يوق! قاراڭ، ئەمەلىيەتتە بىز يالغۇز ئەمەس، ئوپېراتور بىلەن چىراغچىلار كۆرۈپ تۇرىدۇ. شاھنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس يىگىتنىڭ تاقىتى تۈگەپ زەردە قىلدى. بۇۋى مەريەمگۈل يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— بىزدە نى ـ نى قىزلار بىرەر فىلىمدە رول ئالالماي خۇن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىز بولسىڭىز نېزىقاپ تۇرۇۋېلىۋاتىسىز. رېژىسسور ھەدەپ يىغلاۋاتقان بۇۋى مەريەمگۈلنىڭ يېنىغا كەلدى:

— سىڭلىم، كۆڭلىڭىزدە بىر تۈگۈچ باردەك قىلىدۇ. بۇ يەردىكىلەر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك بولۇپ كەتتۇق. سىز بىزنىڭ قىزىمىز ياكى ئۆز سىڭلىمىزغا ئوخشاش، تارتىنماي دەۋېرىڭ.

بۇۋى مەريەمگۇل رېژىسسورغا قاراپ لېۋىنى چىشلەپ قويغاندىن كېيىن، يەرگە قارىغىنىچە:

— ئانام... ئانام: «كىنوغا چىققاندا ياتيالاك① ئىشتىن قالساڭ يۇرتتا يامان ئاتاققا قالىسەن، ئەر ئالمايدۇ. ئۇنداق ئىشلارنى قىل دېسە ئۇنىمىغىن...» دېگەن.

— بىز سىزنى سەنئەت ئىنستىتۇتىغا تونۇشتۇرىمىز. مۇشۇ فىلىمدە رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالالىسىڭىزلا سىزنى ھەرقانداق سەنئەت ئورۇنلىرى قوبۇل قىلىشقا قىزىقىدۇ. ئىشقىلىپ، ئەمدى بۇ يەردە تۇرمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ.

— مەن سىزنى راستىنىلا «خانىش»لىققا تاللىسام، يۇرتتا كىم ئالالايتتى؟ — دېدى شاھ رولىنى ئالىدىغان يىگىت.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇۋى مەريەمگۇلمۇ كۈلۈپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا قىزىرىپ يەر تېگىدىن يىگىتكە تىكىلدى. يىگىتنىڭ كۈلمىگەنلىكىگە قىزدىن باشقىلار دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى قىزنى تەمتىرىتىپ قويدى.

فىلىمغا ئېلىش رەسمىي باشلاندى.

قېرى شاھ قىز ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاچكۆزلۈك چىقىپ تۇراتتى. ھەممە ئاغىچىلىرى «توقال»نى چىمىلدىق ئىچىدە قالدۇرۇپ، شاھقا تەزىم قىلغان ھالدا ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى. شاھ تويلۇق لىباسلىرىنى سىلىپ يېرىم يالىڭاچ چىمىلدىق ئىچىگە كىردى ـ دە، قىزنىڭ مەگزىدىن بويۇنلىرىغىچە قوللىرى تىترىگەن ھالدا سىلاپ ئۇنىڭغا ئېگىلىشتى. قىز چىرقىراپ، تاتىلاپ شاھنى ئىتتىرىۋەتتى. شاھ قىزنىڭ توختىماي تىپىچەكلەۋاتقان قول ـ پۇتلىرىنى بېسىقتۇرالماي ئاۋارە ئىدى.

— بولمىدى، قايتا! — رېژىسسور ۋارقىرىدى، —

---

① «غەيرىي» مەنىسىدە.

ھېسسىياتمۇ ، ھەرىكەتمۇ سۇنئىي بولۇپ قالدى . خۇددى راستتەك ، شۇنداق قىلىۋاتقاندەك بولسۇن . فىلىمغا ئېلىنىۋاتقانلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭلار كېرەك .

فىلىمغا ئېلىش يەنە يېڭىۋاشتىن باشلاندى .

— بولمىدى ، قايتا ! ھەرىكەت بەكلا سۇس .

ئالتە يېرىم سائەت ئىچىدە ئۇدا يىگىرمە ئۈچ قېتىم قايتىلانغان بولسىمۇ ، بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھېچقايسىسى رېژىسسورنى رازى قىلالمىدى . خادىملارمۇ چارچاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى .

— ھەممىڭلار غەيرەت قىلىڭلار ، ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ئالىمىز ، بۇمۇ قاملاشمىسا ، بۈگۈن توختىتىپ ئەتە داۋاملاشتۇرىمىز .

ھەممەيلەن جانلىنىپ يېڭىۋاشتىن ئىشقا كىرىشتى .

شاھ قىزغا يېلىندى . قىز كۆندۈرۈلمىگەن تايدەك چاپچىپ يۈلقۇندى . بىر چاغدا ، شاھ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قىزنىڭ ئىككى قولىنى قۇشنىڭ قانىتىدەك يېيىپ ئالىقانداپ يەرگە تىرىۋالدى . قىز باشتا چىرقىراپ بېشىنى ياستۇققا ئۇرۇپ پىلتىڭلىدى . كېيىن بىردىنلا بوشاپ «ئۇھ» تارتىپلا ھوشىدىن كەتتى .

— مۆۋەپپەقىيەتلىك بولدى . بۇ كۆرۈنۈش كۈتكىنىمدىن ياخشى چىقتى . سىلەرنى قۇتلۇقلايمەن .

رېژىسسور چاۋاك چېلىپ ، شاھ رولىنى ئالغان يىگىتنى قۇچاقلىدى . قالغانلارمۇ خۇشال بولۇپ سەكرەشتى . لېكىن ، قىز چىمىلدىقتا تېخىچە لايدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى . ساراسىمىگە چۈشكەن خادىملار ئالمان ـ تالمان ئۇنى يۆلەشتۈردى . قىز راستتىنلا ھوشىدىن كەتكەنىدى . ئۇ خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى . ئۇنىڭ پۇت ـ قولى چېقىپ تاشلانغاندەك ھەرىكەتلىرى سۇس بولسىمۇ ، لېكىن چىرايى شېرىن چۈشتىن ئويغانغان سەبىينىڭكىدەك ئوماق ئىدى .

— بەك ياخشى بولدى . چارچاپ كەتتىڭىزمۇ ؟

— بىلمەيمەن .

— قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز ؟

— پۈتۈن دۇنيا يېڭىلىنىپ ، ئازادلىشىپ كەتكەنلىك ئىشقىلىپ ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر خۇشلۇق يار

رېژىسسور قىزنىڭ قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىقتى :

— مانا بۇ ھەقىقىي سەنئەت دۇنياسىغا شۇڭغۇش ھېسابلىنىدۇ .

— ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشۇمنىڭ ئورنى قالمىدى . نان يېمىكىممۇ تەس .

— بىز بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى ئىشقا سالىمىز… — دېدى رېژىسسور قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ .

— قىز چوقۇم كېتىدۇ ، رېژىسسور . بۇ مەن ئۈچۈن فىلىم ئىشلىشتىنمۇ مۇھىم ! — «شاھ» يىگىت رېژىسسورنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا ئېيتتى .

قىز ئۇنىڭ تەلۋە نۇر چاقنىغان كۆزىدىن ئۆزى ھازىر بايقىغان يېڭى دۇنيانى قايتا كۆردى .

1992 - يىل 2 - ئاي ، قەشقەر



# ئۈرۈمچىنىڭ ئارقا كوچىسى

خېنىمنىڭ قېشى چىرايلىق بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ كۆرۈمسىز بەسەي سىياق بولسىمۇ ، قاش ـ كۆزىگە زورۇقۇپ ئىشلەپ ، ئەسكى قورۇنىڭ ئالىقاندەك يەردە گۈللۈكى بولغاندەك ، بىر قاراشقا بولىدىغان چىرايلىق بىر يېرىنى ياسىۋالىدۇ . خېنىمنىڭ ئاشۇ گۈزەل قاش ـ كۆزىگە قاراپ ۋىللىدە بولغان كۆڭۈل تاۋىقىنىڭ تېڭىشىغا قاراپ لاسسىدە بولىدۇ . ئۈرۈمچىنىڭ ئالدى كوچىسى خېنىملارنىڭ قاش ـ كۆزىدەك ياسىلىپ ، ئارقا كوچىسى خېنىمنىڭ دەز كەتكەن تاۋىقىدەك شەلۋەرەپ ئېقىپ يامراپ تۇرىدۇ . ئالىي ماشىنا ، ئالىي رېستورانلاردا كېيىكتەك سەكرەپ يۈرگەن خېنىم ـ قىزلارنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ ئاشۇ پۇچۇق تاۋاقتەك غىلتاڭ كوچىلاردا چىرايلىق توشقاننىڭ پاسكىنا ئورىدا ئۇۋىسى بولغاندەك ئۆيلىرى بارلىقىنى بىلىدىغانلارمۇ ، بىلمەيدىغانلارمۇ بار . بۇ ئادەملەر بۇ تار ، ئۇزۇنلۇقى بىر ئۇن يېتىم كەلمەيدىغان پاسكىنا كوچىغا خۇددى سوقۇر ئۈچەيگە تىقىلىپ قالغان غەلدى ـ غەشكە ئوخشاش قىستىلىپ ، قىمىرلىشىپ يۈرۈشىدۇ . مەنمۇ ئاشۇ سېسىق سوقۇر ئۈچەيدىكى غەلدى ـ غەشتەك تىقىلىپ قېلىپ ، چىقىش يولى تاپالماي جان قايغۇسىدا قۇرتتەك قىمىرلاپ يۈرگەن غەلدى ـ غەشنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەنە شۇ سېسىق ، پاسكىنا كوچىدا ھەر كۈنى مىڭ قېتىم ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ،

سۆرۈلۈپ يۈرگەندىن كېيىن، ئاشۇ سوقۇر ئۈچەينىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى — سېسىپ كەتكەن غەلدى-غەش تىقىلىپ قالغان يەردىكى كامىرىمغا كىرىپ كېتىپ جىمىقىمەن. يەنە ئەتىسى سەھەردە چىقىش يولى ئىزدەپ تىقمۇ تىقماق كوچىغا يامراپ چىقىمەن. يول تاپالمىغانچە پات-پات ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ كۆككە قاراپ قويىمەن. كۆككە ھەر قېتىم قارىغىنىمدا، تەلمۈرگەن كۆزلىرىمگە ئىس-تۈتەكنىڭ دەستىدىن قارا داڭگالدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۈرۈمچىنىڭ ئاق قۇشقاچلىرى كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئاق قۇشلار بولسىمۇ، موريدا ئۆي تۇتقان شەپەرەڭلەردەك يۈزلىرىمۇ، كۆزلىرىمۇ، پەي-قانات تۈكلىرىگىچە قارىيىپ كېتىدۇ. مەن سوقۇر ئۈچەي ئىچىدە ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ كېتىۋاتقىنىمدا چىرايلىرى جىددىيلىكتىن تارتىشىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئالدىرىشىپ يۈرگەن تولىمۇ خىل ئادەمنى كۆرۈش بىلەن تولىمۇ خىل پاراڭلارنى ئاڭلايمەن. گەپلەرنىڭ ئەڭ كۆپى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان سەت گەپلەر، ئاندىن يۈرەكنى ئېزىپ زەردە قىلىدىغان قايغۇلۇق گەپلەر. ئادەمنى خۇش قىلىدىغان، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەر تولىمۇ ئاز ئاڭلىنىدۇ. ھەر كۈنى ئالتە-يەتتە يەردە جېدەل، تىللاشماقلار، مۇشتلاشماقلار. بۇلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالسامۇ، خۇددى بۇلار ئادەتتىكى ئىشتەك، قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك ئالدىمغا قاراپ كېتىۋېرىدىغان بولۇپ قالدىم. بالا چاغلىرىمدا بۇنداق جېدەللەر قانداق يەردە بولسا قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كۆرەتتىم، كېيىن ئۇ جېدەللەرنى باشقىلارغا دوراپ سۆزلەپ بېرىپ، يەنە بىر مۇنچە كۈلۈپ يايرىۋالاتتىم. بۇ جېدەللەرنى ھەقسىز كىنو-تىياتىر دەپ بىلەتتىم. مانا ئەمدى ئۇنداق قىزىق تۇيۇلمايدىغان، كۈلمەيدىغان، ئازابلىنىدىغان بولۇپ قاپتىمەن. ئادەم شۇنداق يارىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالىمەن. بۇ جېدەل ھەر كۈنى شۇنداق ئۇچراپ تۇرىۋەرگەندىكىن، بۇ كوچىدىكى ھايات شۇنداق بولىدىغان

ئۇخشايدۇ، دەپ كۆنۈپ قالدىم . ھەتتا بەزى كۈنلىرى كوچىدا جېدەل - تىللاشماقلارنى ئاڭلىماي، كۆرمەي ئۆتۈپ قالسام بىر نەرسەم يىتۈپ كەتكەندەك ، كەم بولۇپ قالغاندەك ھەيران قېلىپ ، ئەتراپقا ئىزدەشتۈرۈپ قاراپ كۆزۈمگە چېلىققاندىن ، قۇلىقىم ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كۆڭلۈم ئەمىن تاپقاندەك يولۇمغا قاراپ كېتىمەن . بۈگۈن سوقۇر ئۇچەيدە ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى يەپ تىنچلىپ قالغاندەك ھېچ جېدەل كۆرمەي ئۆتۈپ ، يەنە بىرنېمەم كەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى يېرىمدەك ، ئىچىم سىقىلغاندەك كېتىۋاتسام ، سوقۇر ئۇچەينىڭ يەنە بىر تار بالىخانىسىدا ۋارقىراشماقنى ئاڭلاپ ، ھە بۈگۈن كەم ئەمەسكەن ، دەپ كۆڭلۈم تىندى . شۇئان ئەندىشىلىك بىر خىيال كاللامغا كېلىپ چۆچۈپ كەتتىم . ھازىر مەن مۇشۇنداق جېدەل - ماجىرا ، ۋارقىراش - تىللاش ، ئۇنىئالغۇ لېنتىسى دۇكانلىرىنىڭ كاكىراشلىرىغا كۆنۈپ قالدىم . بۇ كوچىدا بۇ ئىشلار يوقالسا ياكى بۇ كوچىدىن باشقا يەرگە ، جېدەل يوق تىنچ يەرگە بېرىپ قالسام قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم . چۈنكى ، بۇ نەرسە كۆرمىسەم تۇرالمايدىغان ، ئاڭلىسام چىدىيالمايدىغان دەرىجىدە كۆڭلۈمگە ئورنىشىپ كەتكەنىدى . بۈگۈنمۇ جېدەل يۈز بەردى . بۈگۈنكى جېدەل بالا چاغلىرىمدىكىدەك بىردىنلا قىزىق تۈيۇلۇپ ، جېدەلنىڭ قىزىقى مەندىن يىراقلاپ كەتكۈچە ئاتايىن كۆردۈم .

يان كوچىنىڭ يان كوچىسىدىن بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇن سۆرىشىپ چىقتى . بىر قاراشتىلا ئۇرۇمچىنىڭ مودا بايۋەچچە ياشلىرى ئىدى . چۈنكى ، يىگىتنىڭ بارماقلىرىدىكى سەرەڭگە قېپى بىلەن بەسلەشتۈرگەندەك ياسالغان ئالتۇن ئۈزۈكى ، بېغىشىدىكى ئالتۇن زەنجىر بىلەن بىلەزۈكى ، ئۈچىسىدىكى خۇرۇم چاپان - شىمىلىرى ئۇنىڭ پۇلنى خەجلەيدىغان يەر تاپالماي قالغان پۇل بۇزۇقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇردۇ . يىگىت بىلەزۈك سالغان يەردە ، قىزنىڭ كىيىملىرى ھەم ئالتۇن - جابدۇقلىرىنى سۆزلەپ

ئـولتۇرۇش ، پەلەي كىيىپ قول يۇغاندەك ئىش ، ئەمما ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوخشاش رەڭدىكى ئالىي دەرىجىلىك قىممەت مـودا ئـىشـتـان كـىـيىشىۋالغىنىنى دىمەي بولمايدۇ. ئۆرۈمچە ئىككىسىنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. چـۈنـكـى ، جـىـق پـۇلـغا جـىـق زورلاپ ئـوبدان يېگەنلىكتىن ئىككىلىسىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ ، بەسلىشىپ سەمرىگەن مـوزاي ــ توپاقتەك ، ئالىي ئىشتانغا قوڭلىرى پاتماي ، سارماي تىققان تۇلۇمدەك لوپۇلداپ كەتكەنىدى . ياش جۇۋاننىڭ يۇيۇقسىز ، كىردىن سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۆزىمۇ چىرايلىق ھەم ئەپلەپ گىرىم قىلالايدىغان ئۈرۈمچى خوتۇنلىرىدىن ئىدى . تار كوچىدىن تەك ۋارقىرىشىپ ، قىزىرىشىپ چىققان ئەر ـ خوتۇن چوڭ كوچىغا چىققاندا ، ئەر بولغۇچى سۆلەتلىك بايۋەچچە يېلى چىقىپ مازلاشتى . خوتۇن بولسا ئەلپازىدىن يانمىدى .

— ھەي ، سەن… سەن… مېنىڭ خوتۇنۇممۇ ئەمەسمۇ ؟

— خوتۇنۇم دىسەڭ خوتۇنۇڭ ، دىمىسەڭ ئەمەس ، — خوتۇن ئەردىنمۇ بەكرەك خاتىرجەم ۋارقىرىدى .

— خـوتـۇنـۇم تـۇرۇپ ، ئۆيدە مەن بولمىسام نىمىشقا ئەر كىشىنى قوندۇرىسەن ؟

— ئۇ سېنىڭ ئاغىنەڭ ، مېنىڭ ساۋاقدىشىم تۇرسا ، نىمىشقا قوندۇرمىغۇدەكمەن ؟

— تـوغرا ، مېنىڭ ئاغىنەم ، سېنىڭ ساۋاقدىشىڭ ، لېكىن بـەرىـبـىـر يات ئەر كىشى ، مەن بولمىسام ئۇنى نىمىشقا ئۆيدە قوندۇرىسەن دەيمەن ؟

— قـونـدۇرسام قـونـدۇرىـمـەن ، قانداق ؟ سـەن ھازىر ئـاغـىـنـىـدارچـىـلـىقتىن كەچكەن بىلەن مەن ساۋاقداشلىقىمدىن كەچمەيمەن ، ئۆي يالغۇز سېنىڭلا ئەمەس !

— ئەر كىشى يوق ئۆيدە يات ئەر كىشى قونسا بولمايدۇ ، مەن چىدىمايمەن ، مەن كەچۈرمەيمەن .



www.uyghurkitap.com

— ھەر ئىككىلىمىز قاتتىق ئىچىشىپ مەست بولۇپ كەتكەن تۇرساق ، قوندۇرۇپ قالماي قوغلاپ چىقىرامتىم ساراڭ ، ئۇ دېگەن ساۋاقدىشىم تۇرسا .

— ئۇ ساۋاقدىشىڭ بولسا مەن سېنىڭ ئېرىڭ ، قوندۇرۇشقا زادى بولمايدۇ !

— پوق يەپسەن ساراڭ دەلدۈش ، ئېرىم بولساڭ نېمە بوپتۇ ؟ ئەجەب سەن بىلەن ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن قونسام ، بىللە ياتسام بولىدىكەن ، ساۋاقدىشىم بىلەن بىر ئاخشام قونسام نېمىشقا بولمايدىكەن ؟

— ئاجرىشىپ كېتەمدۇق ئەمىسە ؟

— ئاجراشساق ئاجراشتۇق .

— ھەي ساراڭ ، ئارىمىزدا بىر بالا تۇرسا ، بالىنى قانداق قىلىمىز ؟

— بۇ ئۆيگە مەن بالا كۆتۈرۈپ كەلمىگەن ، بالا سېنىڭ ، سېنىڭ بالاڭنى مەن بېقىپ بېرىدىغان مالىيىڭ ئەمەس ، بالا بولسا نېمە بولاتتى ؟

ئەر گەپ تاپالماي ، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى مۇجۇقلاپ تولغىنىپ كەتتى .

— خوتۇن قارا ، ئاجراشمايلى ، بالىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولدى قىلاي . ئەمما ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن يوق چاغدا ئەر كىشىنى قوندۇرما ، ئەر كىشىنى مېھمان قىلما .

— بولدى قىلە مازلاشماي ، سەن مېنىڭ باشلىقىم ئەمەس ئۇنى قىل بۇنى قىلما دەيدىغان .

— ھەي ساراڭ ، مەن سېنىڭ ئېرىڭ دەيمەن .

— مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەس ، قىل دېگەننى قىلىپ ، قىلما دېگەننى قىلمايدىغان . خالىغاننى قىلىمەن ، خالىمىغاننى قىلمايمەن .

— جۇرە بولدى كوچىدا سەتلەشمەي ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى .

— تولا چۆچۈرنى خام سانىما ، قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ

www.uyghurkitap.com

نېمە...

— ھە ئەمدى نېمە دېمەكچىسەن ، مەن بولدى قىلىۋەتتىمغۇ مانا ؟

— سەن بولدى قىلغان بىلەن مەن بولدى قىلمىدىم تېخى . سەن بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولغىلى بەش يىل بولغان بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئون يىللىق ساۋاقداشمەن ، شۇنداق يېقىن ساۋاقدىشىمنى رەنجىتىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىڭ ، ئۇنىڭدىن ، مەندىن ئەپۇ سورايسەن ، بولمىسا بىز سېنى كەچۈرمەيمىز .

— بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن .

— چىدىمىساڭ بولدى قىلايلى ، ئاجرىشايلى ، — چوكان قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سىلىپ ، ساغرىسىنى تولغاپ ، چاچلىرىنى شاپتۇل قىقىپ ماڭدى . ئەر يەنە ئالدىنى توستى :

— بولدى ، بولدى ، مەن ئەپۇ سوراي .

— ئۇنداق بولسا يۇلغۇن ياكى تەبەسسۇمغا جوزا بولايسەن ، ھەممە دوستلار ، ساۋاقداشلارنى يىغىپ مېھمان قىلىپ قىلمىشىڭغا توۋا قىلىسەن !

— بولىدۇ خوتۇن ، بولىدۇ ، جۆرە ئۆيگە .

— ياق ، ھازىرلا تېلېفوندا چاقىرىسەن ، بۇگۈنلا ئورۇنلاشتۇرىسەن ، بولمىسا ، ھازىر ئۆيۈڭدىن چىقتىمما ، كەچتە رېستوراندا مەست بولمىغۇچە ئۆيۈڭگە دەسسىمەيمەن .

— بولدى جۆرە .

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپ تېلېفون ئىزدەپ يەنە بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى . بالىلىقىمدىن كېيىن ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتسىز جېدەلنى ئاخىرغىچە كۆرۈشۈم مۇشۇ ئىدى . مەن كۈندە كۆرۈپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان جېدەللەر قانداق ئاخىرلىشىدىغان بولغىيتتى ، دەپ ئويلاپ قالدىم .

1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ، ئۈرۈمچى

# كونا پاختا

دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۆككە يېقىن بوي سوزغان شاخلىرىدىكى يــاپراقلار كەچ كۈزنىڭ ئۈششۈكى بىلەن تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. تــۆۋەن تــەرەپــتــىكى ياپراقلار خازان بولۇش ئالدىدا سارغىيىپ ســولــىشـــىپ كەتكەنىدى. تېخى تۆكۈلمىگەن سېرىق ياپراقلاردا كــېـچـچە قاتقان قىرو يېقىملىق كۈن نۇرىدا پارقىراپ ئېرىشكە باشلىدى. چەكسىز كەتكەن كېۋەزلىكتە قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قورۇلغان كېۋەز غازاڭلىرىدىكى شەبنەمگە ئايلانغان قىرو ئاق بالداق بــولــۇپ ئېچىلغان كېۋەزلەر بىلەن تەڭ كۆزگە قاراپ كۆلمەكتە ئــىدى. قــول ئــۇچــى يــېـڭـىـگـىچە، ئايىغىدىن تىزىغىچە كېۋەز غازىــڭــىــدىــكى شەبنەملىك توزان توپىدىن لاي بولغان كىشىلەر ئۆمىلىگەندەك يۈرۈپ پاختا تەرمەكتە ئىدى. پاختا تېرىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى بالىلار بىلەن ئاياللار بولۇپ، تولا ئېڭىشىپ بەللىرى ئاغرىغانلىقتىن چىرايلىرى كېۋەز غازاڭلىرىدەك قورۇلۇپ، توپا چىراي بولۇپ كەتكەنىدى. پاختا تېرىۋاتقانلار پات ـ پات باشلىرىنى كۆتۈرۈپ يىراقتىكى يېرىم يالىڭاچلانغان دەرەخــلــەر ئارىسىدىن يېرىم ـ يارتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلىرى تەرەپكە قاراپ قويۇشاتتى. چــۈنكى، مەشرىق سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ئىسسىق يوتقانلىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپلا كېۋەزلىككە كېلىۋالغان بۇ دېھقانلار چاشكا بولغانغا قەدەر ناشتا قىلمىغانىدى.

دەل ـ دەرەخ ئارىسىدا كۆزگە غۇۋا چېلىقىدىغان ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ئاستا سوزۇلۇپ كېلىپ چەكسىز كەتكەن كېۋەزلەرنىڭ ئۈستىدە سۈس تۇمان ھاسىل قىلغانىدى. كېۋەزلىكنىڭ ئېرىقىنىڭ ئىچى بىلەن ئېشىكىنى ئالدىرىتىپ كېلىۋاتقان سايىت پوقاق پات ـ پات ئېشىكىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان سېرىق چۈپۈرلۈق قانجۇقنى تىللاپ تەھدىت سېلىپ ماڭماقتا ئىدى. تورغاي چۇچۇلىغاندا سايىت پوقاق ئاخشام تۈگمەنگە ئاپىرىپ قويغان ئۇگۇتتىن ئەنسىرەپ، ئېشىكىنى توقۇمايلا ئالدىراپ ياۋداقمىنىپ ماڭغاندا قانجۇق ھېچ كۆرۈنمىگەنىدى. كېيىن تۈگمەندىن ئۇننى ئېلىپ چىقسا ئېشىكىنىڭ كەينىدە قۇيرۇقىنى چاترىقىغا تىقىۋالغان قانجۇقنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان بىرمۇنچە كۈسۈك ئىتلار بىر ـ بىرىگە خىرس قىلىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. سايىت پوقاقنىڭ قاتتىق ئاچچىقى تۇتۇپ قانجۇقنى تىللاپ قوغلىۋىدى، قانجۇقنىڭ مەيلىنى تارتىش كويىدا ھەلەك بولۇشۇۋاتقان كۈسۈك ئىتلار ئۇنى تالىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. بىر توپ كۈسۈك ئىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان سايىت پوقاقنى كالتەك كۆتۈرۈپ چىققان تۈگمەنچى قوغداپ قالدى.

— تېرىكمەڭ، سايىتكا، قانجۇقىڭىزنىڭ بازىرى چىقىپ كېتىپتۇ. سىزگە بىرمۇنچە كۈيئوغۇللارنى يىغىپ بېرىشىپتۇ. ئەمما بۇ كاساپەتلەر ئۆزىنىڭ قېيناتىسىنى تونۇماي تاس قاپتۇ... بۇلارنى ئاپىرىپ پەم بىلەن ھويلىڭىزغا قاماپ باغلىۋالسىڭىز، ھەپتە ئون كۈندىن كېيىن ئىت ئالىدىغانلارغا ساتسىڭىز، تۈگمەننىڭ ھەللىسىنى تۆلىۋېتەلەيسىز.

سايىت پوقاق خالتىدىكى ئۇننى زەردە بىلەن ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئۇردى. خىرامان سالپىيىپ تۇرغان ئېشەك قىسماقتەك بىر ئېگىلدى ـ دە، يان تەرەپكە مۆدۈرۈپ كېتىپ يەنە تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. سايىت پوقاقنىڭ ئالمىدەك پوقىقى قېرى خورازنىڭ ساقىلىدەك بىر قىزىرىپ، ئۇيقۇسىز كۆزى چەكچەيدى. ئۇن توزانلىرى قونۇپ ئاقىرىپ كەتكەن شاپ بۇرۇت، كۆتمەك ساقىلى

دىرىلدايتتى. تۇگمەنچى دەرھال يالۋۇرۇپ ھىجايدى.

— ھاي، سايىتكا، تەرۋاز بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بىلىسىز، مېنىڭمۇ قانجۇقۇم بار. مەھەللەمگە بارسىڭىز كۆرىسىز، ھەر يىلى مۇشۇنداق بىرمۇنچە كۇسۇك ئىتلار، بۇنىڭدىنمۇ جىق كۇسۇك ئىتلار مەھەللەمگە يىغىلىدۇ. بالىلىرىم ئۆيگە بەخارامان كىرىپ چىقالماي قىيامەت قايىم بولىدۇ دەڭا. بۇلتۇر چوڭ بالام ئۈچ ئىتنى ھويلىغا قاماپ قويۇپ، ئىت ئالسدىغان ئادەمدىن بىرنى باشلاپ كېلىپ سېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ھويلامدىكى ئىتنى تاغارغا سولاپ ئەكېتىپتۇ. ئۇ گۇي شۇنداق قىلىپ بىرمۇنچە پۇل تېپىپتۇ. دېمەكچىمەنكى، ئەمدى...

— بالىلىرىڭغا باي بولۇشنى ئوبدان ئۆگىتىپسەن. ئىتنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولۇپسىلەر... «سامان ئارىلاشمىسا لاي بولماس، ھارام ئارىلاشمىسا باي» دېيىشىدىغان باشقىلار.

سايىت پوقاق شۇنداق دەپلا ئېشىكىگە مىنىپ، ئېشىكىنى تازا ئۇرۇپ ماڭدى.

— ئەبگا پوقاق... بىر تىيىنى يوق، گېپىنىڭ يوغانلىقىنى كۆر... ھالال ياشىغانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش كۆكتۆش قەرزدارلار...

سايىت پوقاق تۇگمەنچىنىڭ گېپىگە جاۋاب ياندۇراي دېدىيۇ، تىلىنىڭ قىسىنچىلىقى بولغاچقا، ئۇن چىقارماي ئاڭلىماسلىققا سېلىپ كېتىپ قالدى. ئۆزىدىن يىراقتا قورقىنىدىن ھېلى كېۋەزلىك، ھېلى تېرەكلىك، جىگدىلىك ئارىسىدا مۆكۈنۈپ كېلىۋاتقان قانجۇقنى پات - پات ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تىللىغاچ ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭدى. «باللار سەھەردە قوپقان بولسا بۇ كەمگىچە ھېچبولمىسا ئۈچ تاغار پاختا تېرىپ بولدى... چۈشكىچە يەنە ئۈچ تاغار تەرسەك، چۈشتىن كېيىن پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ ساتساق... چۈشتىن كېيىن ئۆچىرەت تەگمەي ساتالماي قالارمىزمۇ؟» دېگەن ئويلار پات - پات ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ

تۇردى .

ئېشەك كېۋەزلىكتىكى خېلىدىن بېرى سۇ دىدارى كۆرمەي تېگى بوز توپىغا ئايلانغان، قىرىدىكى كۆزنىڭ ئاجىز ئاپپاق قاغجىراپ بوشاپ كەتكەن داڭگال ـ چالمىلاردىن كىچىككىنە شامالدا توپا توزۇپ تۇرىدىغان ئېرىقتا كېتىۋېتىپ ئۇششۇككە بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقان يۇمران، يېشىل خوخنى پەم بىلەن بىر چىشلىۋالاتتى. ھەر قېتىم بىر كاپام ناشتىلىقتا ئېرىشكەندە، ئىگىسىدىن بىر تاياق يەيتتى. تاياق يېسىمۇ بىر كاپام ئوزۇقلۇق ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپلا تەۋەككۇل قىلىپ قورسىقىغا ئىشلىگەچ ماڭىدى. كېۋەزلىكتە ئادەملەر ئۆمىلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئەمما، ئۆزىنىڭ كېۋەزلىكى... ئاخىر ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش بولغانىدى. باللار كېۋەزلىكتە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار پاختا تەرگىلى چىقمىغانىدى. باللارنىڭ ئاپىسى بۈلتۈر ئەترەتنىڭ ھېساباتخانىسىدا ئۇستەلگە ياتقۇزۇلۇپ تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىنغاندىن كېيىن خۇن توختىماي، بىلىنى ئالالماس بولۇپ كېرەكتىن چىقىپ، ئورنىدا سېسىپ يېتىۋاتاتتى. ئىتنىڭ خاپىلىقىدا كېلىۋاتقان سايىت پوقاقنىڭ غەزىپى تۈۋىدىن تۇتۇپ، تاياق ئۆتمەس بولۇپ كەتكەن قېلىن ئېشەكنىڭ يۇڭلۇق بېشىغا تازا سالدى.

— ھەي... ھەي... سايىتباي، ئۇمۇ خۇدانىڭ جېنى، ئۇمۇ خۇدا دەيدۇ. نېمە دەپ ئۇرۇۋېرىسەن؟ ئېشىكىڭنى ئۇرغۇچە ئاۋۇ كېۋەزنىڭ ئېچىلىپ يېتىم ئوغلاقنىڭ ماڭقىسىدەك چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ، تېرىپ ساتساڭ بولمامدۇ... — دېدى پاختا تېرىۋاتقان بىر مەزلۇم.

— پاختاڭنى تېرە جەددال... ماڭا تاكتاكچىلىق قىلماي، تېرەمدىم، تەرمەمدىم ئۆزەمگە ھېساب. بەرىكەتسىز ئېچىلغان كېۋەزنىڭ تۈۋىدە تولا دوڭغىيىپ كۆتۈمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

— بۈگۈن جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇپ قوپۇپسەن سايىتباي.

ساڭا گەپ قىلغان زوۋانىمغا ئوبدانلا تىقىپ بەردىڭ. ساڭا گەپ قىلغان ئاغزىمنى بۇندىن كېيىن لاي بىلەن سۇۋاپ ئېتىۋېتەرمەن ئىگەكىيم.

مەزلۇم بىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر ئېڭىشىپ جىق كوتۇلداپ قالدى. سايىتباي ئىت بىلەن ئېشەكنىڭ بەغەرەزلىك قىلىپ ئۆزىگە سالغان خاپىلىقىغا مەھەللە ـ كويدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە خەق پاختا تېرىۋاتسا باللىرىنىڭ چىقمىغانلىقىغا كەلگەن غەزىپى قوشۇلۇپ، يېرىلالماي ئاران كېتىۋېتىپ، ئوبدان ئۆتىدىغان قوشنىسى مەزلۇمنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ سالغانلىقىدىن ئازابلىنىپ تېخىمۇ تىتىلداپ كەتتى. كۇپۇرلۇق بولسىمۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى نېمىشقا مۇشۇنداق شۇم پېشانە يارىتىپ قويغىنىغا ئېچىندى. بۇنداق جەبرى ـ جاپادا قالغۇچە تۇغۇلمىغانلا بولسام، بۇ كۈنلەرنى كۆرمەسـتىم دەپ ئويلىدىيۇ، يەنە شۇ زامات تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ ئاسمانغا قاراپ قويدى. بىر قانىتى چۇۋۇلۇپ شاللىرى ساڭگىلاپ قالغان دەرۋازىسىغا بىرەر يۇز ماڭدام قالغاندا تاقەتسىزلىنىپ ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئېشەكنى تاشلاپ يۇگۇردى. ھويلا تېمىنىڭ سىڭا يېرىمى قىشتىكى يەر تەۋرەشتە ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى، ئۇ كۈزدە كېۋەز ئېچىلغاندا قولىغا پۇل كىرسە ھويلىنىڭ ھەممە تېمىنى ئۆرۈپ يېڭىدىن تام قوپۇرۇۋالارمەن، دەپ قاغىلەك جىگدىنىڭ شوخىسىدا چىتلاپ قويغانىدى. كېۋەزمۇ ئېچىلدى. نەچچە مەرتەم تېرىپ ئاپىرىپ ساتتى، ئەمما ئەترەتنىڭ سوقا باش دىقماق بوغالتىرى كاماردا ئۆزىدىن يوغان چوتنىڭ ئۇرۇقىنى تاراسلىتىپ ئولتۇرۇپ، پاختا پۇلىنى ئۇ قەرز، بۇ قەرز، دەپ تولمايدىغان داخور كالۋاسىغا تىقىۋەردى. مانا ئەمدى قولىغا پۇل كىرسىمۇ تام قوپۇرغىلى بولمايدىغان كەچ كۈز كەلدى. ئەتىيازلىققا تام قوپۇرىمەن دەپ بولغۇچە كۈزدە پاختا ساتقان پۇلنى قولدا تۇتۇپ قالغىلى بولامدۇ؟ قولغا پۇل كىرىپ بولغۇچە نەگە كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايلا توزۇپ تۈگەيدىغان گەپ ئۇنچىلىك پۇل

دېگەن . هويلا تېمىنى خۇداغا ئامانەت ، يەنە كېلەر يىلغا قالدى ـ دە . سايىت پوقاق ئالدىراپ ئۆيگە ئىتتىلىپ كىرىپ كەتتى. تولا تاياق يەپ ، مۇدۇرۇپ يۈرۈپ قارا تەرگە چۆمگەن ، قولاق تۈۋىدىكى پـاخـپىيىپ كەتكەن يۇڭلىرى تەردىن ئىزىغا چاپلىشىپ كەتكەن ئېشەك ئۆشنىسىگە مىنىۋېلىپ بولۇشىغا زۇلۇم سالغان ئىگىسىدىن ئايرىلىپ ، ئۇستىدىن تاغ ئۆرۈلگەندەك بولۇپ ئىزىدا پۇشقۇرۇپ بىردەم تىرەجەپ ، ھاسىراپ سالپىيىپ تۇردى . يوغان ئېچىلغان قـارا بـۇرۇنلـىرىدىن بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ ئاران ئۇلگۇرۇپ چـىقىۋاتقان ھوردىن قىرو باغلىغان شالاڭ ، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى قوپال ئىگىرىلگەن ئاق يىپتەك توسكە كىرىپ قالغانىدى . ئېشەك قـۇلاقـلىرىنى سالپايتىپ ، توختىماي ياشاڭغىراپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، تۇمشۇقىنى شەبنەمدىن نەملىنىپ قالغان بوز تـوپىغا تەگكۈزۈپ ، تۇمشۇقىدا يەر تىرەپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئاستا ھويلا تېمى ئورنىدا چىتلاپ قويۇلغان قاغىلەك جىگدە چـىتـلـىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، چىتنىڭ تۆۋىدىكى قويۇق شوخا ئارىسىدا تېخىچە ئۆششۈك تەگمەي ، ھەم باشقا ھايۋانلار شوخىدىن قـورقـۇپ بـېشىنى تىقالماي بىجىرىم تۇرغان كۆپكۆك قومۇش ، خوخا ، يۆگىمەچ ئوتلارنى بىردىن ـ بىردىن قاپساپ يۇلۇپ يېيىشكە باشلىدى . ئۇ ئۇزۇن ھەم ئۆتكۈر شوخىلار ئارىسىغا ھەر قېتىم بـېشىنى تىقىپ قارا تۇمشۇقىنى كۆك ئوتقا ئۇزاتقاندا ، مىڭبىر تىكەنلەر ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە سانجىلاتتى ، ئەمما ئۇ بىر چىشلەم ئـوزۇق ئـوچۇن ، شوخىلارنىڭ سانجىلىشلىرىغا چىداپ تۇرۇپ ، كۆزىنى يۇمۇپ ، تىكەنلەر ئارىسىغا بېشىنى تىقىشقا رازى ئىدى .

سايىت پوقاق بوغۇلغان ھالدا ئۆيىگە دەببەس قەدەم باستۇرۇپ كـىردى ، ئـەمـمـا قـاراڭـغۇ ئۆيدە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى . تۈگۈلۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق پەقەت تۈگۈلۈك ئۇدۇلىدىكى تۆكى چـۈشـۈپ قـۇرۇپ قارىداپ كەتكەن ئۆچكە تېرىسىنىڭ يېرىمىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۆينىڭ باشقا يەرلىرى مۇزخانىدەك قاراڭغۇ ھەم

سوغۇق ئىدى . ئۆيدىن سىڭىشىپ كەتكەن كونا تەردىن بىقسىغان ھىد ئىسسىق شامال بولۇپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . شۇ بىلەن ئۆچكە چۇپۇرىدا لاي ئىتىپ ياسالغان مەش ئوچاققا ئوت يېقىلمىغاچقا ، كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ كاكىلدا سۇۋالغان دۇتخانىمۇ يازلىق قوتاننىڭ كالتە تېمىدەك يېقىمسىز كۆرۈندى . كۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان قۇرۇق تېزەكلەر ئۇچى كۆيۈپ كەتكەن يۇلغۇن كۆسىيى بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

— پاختا تەرگىلى تېخى چىقماڭ ، مەشكە ئوت قالىماڭ ، قىنى بۇ جېنىمغا جاپا ئەزرائىل چېكەتكىلەر... — سايىت پوقاق قاتتىق بوغۇلغانلىقىدىن خىرىلداپ ، كانىيىدىن گەپ چىقماي ، قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى .

— تولا گەپ قىلىپ دېمىم كېسىلىپ كەتتى ، گېپىمنى ئاڭلىمىدىغان بۇ جوۋا ئىپىغىزلار . بالا تۇغماي بېشىمغا بالا تۇغۇپتىكەنمەن...

دۇتخانىنىڭ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان كونا يوتقان ئارىسىدىن ئايالىنىڭ ئىنجىقلاپ ئاران گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— تېخى ھېلىلا ئۆگزىدە «ئاتام كېلىۋاتىدۇ» دېيىشىپ چۇرۇقلاشقان ئاۋازى ئاڭلانغان ، شۇنىڭدىن كېيىن گۇلدۇرلىشىپ جىمىقتى . شۇ تاپتا سامانلىققا مۈكۈۋالدىمىكىن دەيمەن... — گەپنىڭ ئايىغى چىقمايلا سايىت پوقاق ئۆيدىن ئىتىلىپ چىقتى .

— مانا ... مانا... ئاتاڭ ساراڭنىڭ تاياق ـ تەستىكىنى مەنلا يەپ كېتەي . ئۆلەر دېمەستىن ئۇرىدۇ قان تەللىزى . بىزماللىققا ئاتاڭلار كەلگۈچە مىدىرلىغاچ تۇرۇڭلار دېسەم... گېپىمنى بىر پۇڭغا تەڭ قىلىشمىدى ...

يوتقاننىڭ ئىچىدە ئىنجىقلاپ ئاران تىنىپ ، كوتۇلداپ ، گېپىنىڭ ئاخىرىغا كۈچى يەتمىگەن سايىت پوقاقنىڭ ئايالىنىڭ يىغا بىلەن ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى .

سايىت پوقاق بوراندەك ئىتىلىپ سامانلىققا كىردى . يۇزىگە

ئۆمۆچۆك تورى چاپلىشىپ ، دىمىغىغا سامانىڭ قۇرۇق ، ئاچچىق توپىسى ئۇرۇلدى . يۈز ـ كۆزىگە چاپلاشقان ئۆمۆچۆك تورىنى يىڭى بىلەن سۈرتكەچ قىقىلىپ ۋارقىرىدى :

— چىقىنشە ، ئوغرى مۆشۆكتەك مۆكۈنۈۋالماي ، ھىلى بابا دەسسەپ قوۋۇرغاڭنى سۇندۇرۇۋېتىمەن .

سايىت پوقاق دۆۋە سامانلار ھەقىچان قىمىرلايدۇ ، دىگەن تەمە بىلەن چەكچىيىپ قارىۋىدى ، سامانلاردىن ھىچ شەپە چىقمىدى . ئىگىزرەك بىر دۆۋىنى غەزەپ بىلەن بىر تىپىۋىدى ، پۇتى سامانغا كىرىپ كىتىپ سامان سورۇلۇپ باش ـ كۆزىگە چىچىلدى . ئاچچىق سامان توپىسىدىن كاڭشىپ ، يۆتىلىپ ، بىرمۇنچە قىقىلىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ سامانلار ئارىسىغا قولىنى تىقىپ ، بىرەرسىنىڭ كوكۇلىسى قولۇمغا ئىلىنىشىپ قالار دىگەن ئويدا شۇنچە مالتىلاپ تاپالمىدى . بۇ گۇيلار سامانغا مۆكۈنۈۋالماپتۇ ، دەپ ھۆكۈم قىلغاندىن كىيىن ئۆگزىگە ياماشتى . سايىت پوقاق ئالدىراشچىلىقتا شوتىنىڭ بالدىقىنى تاقلاپ كىتىپ ، سىيرىلىپ يىقىلغىلى تاس قالدى . ئۆگزىگە چىقىپلا قوناق شىخى ئارىسىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان پاتاقلارنىڭ قىمىرلىغىنىنى كۆرۈپ قالدى . سايىت پوقاق ئۆگزىدە بىلىنى رۇسلاپ ئۆپكىسىنى بىسىۋىلىپ ، قۇرۇق ئوت ـ خەس ئارىسىدىن چاشقاننى كۆرۈپ قالغان ئاق ساردەك ، پاتاقنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقىپلا بىرسىنى كوكۇلىسىدىن قاماللاپ چىقتى . بۇ باللارنىڭ چوڭى — قىزى تۇرئەلا ئىدى . ئۇنىڭ تارالماي پاخپىيىپ ، چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرىغا قوناق شىخىنىڭ كۈكۈندىلىرى ، پاتاق ئۇۋاقلىرى ، قوناقنىڭ قۇرۇپ قالغان ساقاللىرى چاپلىشىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ قوپال ياسالغان قەدىمى ياغاچ قوشۇقىنىڭ كاسىسىدەك قارا قىتىپ قالغان يۈزلىرى سوغۇقتىن تارتىشىپ ، مايىسىز ، قوۋۇەتسىزلىكتىن بارغانچە ياغاقلىشىپ ، قەلەي چۆمۆچتەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان ، كۆزىنىڭ ئىقى قوۋۇەتسىزلىكتىن كۆكىرىپ

كەتكەندى. سايىت پوقاق تۇرئەلانى بىر كاچات سىلىۋىدى، دەلدۇگۇنۇپ كېتىپ يەنە تىك تۇرۇپ، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئەلپازدا دادىسىغا نەپرەت بىلەن چەكچىيىپ تۇردى. سايىت پوقاقنىڭ جۇدۇنى تېخىمۇ تۇتۇپ قاتتىق تەپتى. تۇرئەلا ئەسكى تۇماقتەك ئۇچۇپ بېرىپ يېڭىدىن دۈۋىلەنگەن نەمخۇش تېرەك غازىڭى ئۈستىگە چۈشتى. ئەمما، ئۇ يەنە سەكرەپ قوپۇپ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، مۇشۇككە خىرس قىلغان چاشقان بالىسىدەك ھۇرپىيىپ تۇردى. سايىت پوقاق بىردىنلا سەگەكلىشىپ ھەيران قالدى. نەچچە ۋاقتىن بېرى قول كۆتۈرۈپ بولغۇچە دىرىلدەپ تىترەپ، ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ، «ۋاي ئوبدان ئاتا، پونىدىلەك ئاتا، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي، ئۇرمىغىن» دەپ يالۋۇرىدىغان تۇرئەلا بۇگۈن ئەڭ قاتتىق كاچات بىلەن يامان تېپىك يەپمۇ بۇرۇنقىدەك يۇمۇلۇنۇپ يېتىپ ئاللا ـ توۋا سالماي، يەنە سەكرەپ تۇرۇپ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تۇردى. سايىت پوقاق ئەسكى تامنىڭ تۆشۈكىگە قولىنى تىقىپ قوشقاچ بالىلىرىنى بىر ـ بىردىن تارتىپ چىقىرىپ بوغۇپ تاشلاۋاتقان ئوغرى مۇشۇك-تەك، ئاۋۋال كەنجى ئوغلى توختى قارىيىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قويۇۋالغان چوڭ ئوغلى پالتابەگنى قاماللاپ پاتاق ئارىسىدىن سۆرەپ چىقتى. ئاندىن سۆڭەكتىن قىزغىنىپ ئۆزىنىڭ بالىسىنى تالاۋاتقان ئىتتەك ئىككى ئوغلىنى دۇمبالاپ كەتتى. بالىلار تاياقتىن يۇمىلىنىپ، ۋارقىراپ تاشلىنىپ، يەنە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— تازا ئۇرە ئوغرى! ئۇرە! بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، قاينىتىپ يەپ، مۇرادىڭغا يەت!

قىزى تۇرئەلا بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. توختى قارى بىلەن پالتابەگنى بولۇشىغا ئۇرۇپ، تېپىۋاتقان سايىت پوقاق قىزىنىڭ ھازىرغىچە ئۆزى ئاڭلاپ باقمىغان نەپرەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىشىدىن توختاپ قالدى. قىزى قولىغا

سۇنۇق ئارىنى ئىلىۋالغانىدى . تۇرئەلانىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەسەبىي ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئارىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرغان «پۇۋ» دىسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك يېگىلەك گەۋدىسى ئىككىنى بىر قىلسىمۇ ئارىنىڭ سېپىدەك كەلمەيدىغان ئىنچىكە بىغىشلىرى دىرىلدەپ تىترىمەكتە ئىدى . ھەيرانلىقتىن بارلىق ئاچچىقى بىردىنلا ئىچ ئاغرىتىشقا ، ئۆمرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىچى كۆيۈشكە ئۆزگەرگەن سايىت پوقاق پۇشايمان بىلەن لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزىغا ئۆمرىدە بۇنداق ئىچى كۆيۈپ باقمىغان . بۇنداق قاراپ تۇرۇشقا چولىسىمۇ تەگمىگەنىدى . ئۇنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ قىزىنى باغرىغا باسقۇسى كەلدى . ئۇنىڭ بوشىشىپ ساڭگىلىغان قوللىرىنىڭ بارمىقى بىردىن يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىدى . ئۇ چۆچۈپ ئىسىگە كەلدى . پالتابەگ بىلەن توختى قارىي ئۇنىڭ بىردىن بارمىقىنى چىشلىگەنىدى .

— بىز ... بىزنى ئۇرغان... چەمدەك قىلىن قولۇڭمۇ ئاغرىمىدىكەن... — پالتابەگ ئىسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ چۇپۇرقاش ئاستىدىكى چامغۇر ئورىسىدەك چوڭقۇرلاپ كەتكەن كۆزلىرىگە ، تۇل خوتۇنىنىڭ كونىراپ كەتكەن چۆچىلىق سۇپۇرىسىدەك قورۇق ھەم ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىگە ئۆچمەنلىك ھەم يېلىنىش بىلەن قارىدى .

سايىت پوقاق لاسسىدە ئىزىغا ئولتۇرۇپ ، ئون ياشلىق پالتابەگ بىلەن يەتتە ياشلىق توختى قارىينىڭ ئاق توپىغا مىلەنگەن يۈزىدىن ئېرىق ياساپ ئېقىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى چەمدەك قېتىپ قۇرۇپ ، جىگدە قوۋزىقىدەك يىرىكلىشىپ ، يېرىلىپ كەتكەن ئالقانلىرىدا سۈرتتى . باللارنىڭ تارتىشىپ كەتكەن يۈزلىرىدە توپا بىلەن ياش ئارىلىشىپ لاي سۇۋاق ھاسىل بولدى . ئۇ ئىككى ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى . ئارىنى كۆتۈرەلمەي تىترەپ تۇرغان تۇرئەلامۇ ئارىنى تاشلىۋېتىپ كېلىپ ، ئاتىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— توۋا قىلدىم ، خۇدايىم توۋا… بالىلىرىم… مەن سىلەرنى ئۇرمايتتىم… خۇدايىم توۋا ، نېمە كۆنلەرنى كۆرۈۋاتقاندىمىز خۇدايىم؟ بىر دەم بىكار ئولتۇرۇپ قالىدىغان ، ئىش قىلمايدىغان كۈنۈم بولمىسا ، سەن ئۇخلاشقا ياراتقان كېچىلەردىمۇ بەخىرامان قېنىپ ئۇخلىمايمەن . شۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن دېھقانچىلىق كويىدا كېۋەزلىكتە دوڭغىيىپ يۈرگىنىم يۈرگەن . شۇنداق ئىشلىسەممۇ يا ئىشنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولالمايمەن يا بىر قېتىم ئىككى بولمايدۇ… توۋا قىلدىم ، خۇدايىم توۋا ، نېمە گۇناھىم باردۇ بىلمىدىم . شۇ خەققە بەرگەن ئاسايىش كۈنلىرىڭ بىزگىمۇ بارمىدۇ؟… جاھاندىكى ھەممە خەقتىن ئايىمىغان نېمەتلىرىڭنى پەقەت بىزدىنلا ئايامسەن ئاللا؟ بىر سېنى سېغىنىمىز ، ئەمما سەن بىزگە سىڭا كۆزۈڭدە قاراۋاتىسەن…

سايىت پوقاق بالىلىرى بىلەن پاتاققا تاشلىنىپ ، ئۆلۈم بولغانغدەك ھازا ئېچىپ بىر دەم يىغلاشتى .

— نېمىشقا پاختا تەرگىلى چىقمىدىڭلار؟

بالىلار جىممىدە بولۇشۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى .

— قورسىقىڭلاردىكىنى دەڭلار . مەن ئاتاڭلار چىرايلىق سورىغاندىكىن ، سىلەرمۇ چىرايلىق دېسەڭلەر ، مەنمۇ سىلەرنى ئۇرمايمەن ، سىلەرمۇ تاياق يېمەيسىلەر . نېمىشقا كېۋەزلىككە چىقمايسىلەر؟ كېۋەزلىككە چىققان بولساڭلار مەن تۈگمەندىن كەلگۈچە ھېچبولمىسا بىر تاغار بولسىمۇ ئۆرە قىلىپ ، بۇ كەمگە يەنە بىرسىنىمۇ قارا كۆرۈنە قىلىپ بولغان بولساڭلار، بىزمالىلىقتا پاختا زاۋۇتىغا ماڭاتتىم . سىلەرمۇ مەكتىپىڭلارغا باراتتىڭلار ، قورسىقىڭلاردا بىرەر غۇم بولسا دەڭلەر .

— مەن… مەن… باشتا دەي . سەن خۇدايىم بۇيرۇسا كۈزدە پاختا ساتقاندا ھەممەبايىنىڭ تونۇر كاۋىپىدىن ، تۇدى قۇشنىڭ ئەنجان پولۇرىدىن ئېلىپ بېرىپ ، كاۋاپ بىلەن پولۇدا سېنى تازا بىر تويغۇزۇۋېتەي دېگەنتىڭ ، ھازىرغىچە ھەر كۈنى شۇنداق دەپ

گوللاپ پاختا تەرگۈزىسەن . ئالتە مەرتەم پاختا ساتتىڭ ، ئېلىپ بەرمىدىڭ ، پاختىنىڭ ئاخىرقى تېرىمى قالدى . ئەمدى بۇ قېتىم بىر تەرسەك تۈگەيدۇ . كاۋاپ بىلەن پولۇ ئېلىپ بەرمەيلا بولدى قىلىدىكەنسەن ، ئەمدى تەرمەيمەن . ئۆزەڭ تەر... ھە... مېنى گوللىغاندىكىن ، تەرمەيمەن .

— سەنچۇ پالتابەگ ؟

— ھەر قېتىم پاختا ساتسام ئۆتۈك ئېلىپ بېرىمەن دەيسەن . پۇتۇم توڭۇپ پەقەت بولالمىدىم . قىشلىق ئۆتۈك ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئىككى قىشنى ئۆتكۈزدۈڭ . ئېلىپ بەرمىدىڭ ، يەنە پاختا تۈگەي دېدى . ئەمدى بۇ قېتىم ئۆتۈك ئېلىپ بەرمىسەڭ ، بۇ قىشتا يەنە يازلىق ئاياغ بىلەن قىش چىقىرالمايمەن .

— ۋەزىلىپە پۇتمىدى دەپ يوتقىنىمنىڭ پاختىسىنى تەرگەن پاختىغا ئارىلاشتۇرۇپ ساتتىڭ . بۇلتۇر بىر قىش يوتقاننىڭ ئىسسىقىنى كۆرمەي چىقتىم . بۇ يىل ھەر قېتىم پاختا تەرگەندە ، يەنە بىر قېتىم تەرگەندە يوتقىنىڭغا سېلىۋالارسەن دەيسەن ، مۇشۇ ئاخىرقى تېرىمدە بولسىمۇ يوتقىنىمغا سالغىلى قويساڭ تېرىمەن ، بولمىسا خەقنىڭ پاختىسىنى تېرىپ بېرىپ ، يوتقىنىمغا لايىق پاختىغا ئىشلەيمەن .

سايىت پوقاق شۈكلەپ ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇغدىيىكى ئۆستىدىكى ناسۋال قاپىقىدەك يارىشىقى ساقاللىق ئېڭىكى ئارىسىغا چۆكۈپ كۆرۈنمەي قالدى . ئۇ قانجۇقنىڭ كاڭشىلدىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . توختى قارىي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ :

— قانجۇق كۇسۇكقا چۈشكەن ئوخشايدۇ ، بىر مۇنچە ئىتلار مەھەللىگە كىلىۋاپتۇ ، — دېدى .

— بالام ، بۇگۈن گېپىمىز گەپ . بۇگۈن سىلەر مەكتەپكە بارماڭلار . ھەممىمىز پاختا تېرىمىز ، تەرگەن پاختىدىن سەن يوتقىنىڭغا لايىق ئالغىن . قالغىنىنى سېتىپ پۇلىغا كاۋاپ ،

پـولۇ… نېمە يېگۈمىز كەلگەن بولسا ، بازاردا نېمە بولسا شۇنى يەيمىز . پالتابەگ ، مەن ساڭا قايسى ئۆتۈكنى تۇتساڭ شۇنى ئېلىپ بېرەي .

— گېپىمىز گەپمۇ ئاتا ؟

باللار خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى .

— ئاناڭلارنىمۇ پاختا تۆپىسىگە ياتقۇزۇپ ئاپىرايلى . بازارنى كۆرسۇن . نېمە يېسە شۇنى ئېلىپ بېرەيلى .

باللار خۇشلۇقىدا چۇرقىرىشىپ ، سەكرىشىپ ، تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى .

— سەكرىمەڭلەر… سەكرىمەڭلەر… ئۆگزىگە چىققاندا پەم بىلەن پۇتۇڭلارنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىڭلار . ئۆگزە يېلىڭداپ ، توپىسى بورا ئارىسىدىن ئۆيگە چۈشۈپ بولدى . يازدا يامغۇر ئۆتىدۇ ، قىشتا سوغۇق . بۇرنۇڭلارنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ ئەتنى ئويلىمايدىغان بەغەرەزدەك چوڭ بولدۇڭلار . بىزدىن كېيىن قالساڭلار قانداقمۇ جان باقارسىلەر ؟

— مەن چوڭ بولسام ھەرگىز سەندەك بىكارغا ئىشلەپ باللىرىمنى ئاچ ـ يالىڭاچ قويمايمەن ، — دېدى پالتا بەگ كوتۇلداۋاتقان ئاتىسىغا مەنستىمەسلىك بىلەن قاراپ .

— راست ئاتا ، سەن بەك دۆتكەنسەن . يىل بويى بىر كۈن بىكار تۇرماي ئىشلەپ ئالغان ھوسۇلۇڭنى پۇلغا ساتماي ، ھېلىقى سوقاباش بوغالتىر يېزىپ بەرگەن قۇرۇق قەغەزگە ئۆتكۈزۈپ مانچىلىك قەرزىم قالدى ، دەپ سالپىيىپ ئولتۇرىدىكەنسەن . ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە تۈگىمەيدىغان قانداق قەرز ئۇ .

— ئاتا ، مەن ئەقلىمگە كەلسەم قەرزىمىز بار دەيتتىڭ . ھەر يىلى زىرائەتلىرىمىز بەك ئوخشايدۇ . قارا دۆڭدەك چوقچايغان بۇغداي خامىنى ، كېۋەز خامىنىدىن سۆيۈنۈپ تاتلىق ئويلارغا چۆمۈمىز . لېكىن يەنە شۇ قەرز…

— تولا كاپىلداشما ، بۇنداق ھېساباتنى ئاڭلىسام بېشىم

ئاغرىيدۇ . ئىلدام بېرىپ پاختا تېرىش . شۇنچە قۇرۇق گەپ قىلغۇچە ماڭغان بولساق كېۋەزلىككە بېرىپ بولاتتۇق .

— بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس ئاتا . سەن ئىشلەشنى بىلىپ ھېسابىنى ئېلىشنى بىلمىگەچكە ، ئەمگەك قىلىشنى بىلىپ ھەققىنى ئېلىشنى بىلمىگەچكە ، قەرزىڭ مانچىلىك بار دېسە خوش دەپ تۇرغاچقا ، سېنى ئاشۇنداق جايلايدۇ ئۇ سوقاباش بوغالتىر ، — دېدى تۇرئەلا شوتىدىن چۈشۈۋېتىپ .

— بالام ، كىچىك بولغاندىكىن ، ئۇنداق جۇۋا ئېغىزلىق قىلىپ ساقال غېرىچلىماڭلار ، قەرزى ئېشىپ قالىدىغان ئىش مەن تۇغۇلسام بار ئىكەن . ئاتام بىلەن ئانام ئۆلۈپ كەتكەندە ، ئۇلارنىڭ بىر يۈز ئون ئۈچ كوي ئۇماچ قەرزى ماڭا مىراس قالغان . ئەھلىمەھەللە دېھقان خەقنىڭ ھەممىسى كۆرگەن كۈن بۇ . يالغۇز بىزلا شۇنداق بولساققۇ قاقشىساق . ھەممە خەقنىڭ ھال - كۈنى شۇنداق تۇرسا ، يالغۇز بىز قاقشىساق ، چۆگۈن قايىنىسا ئۆزىنىڭ بويىنىغا تاشىدىغان گەپكەن .

— چوڭ ئاتام - چوڭ ئانىلار ئىشلىمەيدىغان ھۇرۇن خەقمىتى ؟

— ياق ، ماڭا ئوخشاش كېچە - كۈندۈز ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلەيتتى ، ھەتتا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ، كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدا ئېتىزدا تۈنەپ ئىشلەيتتى .

— ئۇنداقتا ساپلا بىكارغا ئىشلەيدىغان كالۋالارنىڭ بالىلىرىكەنمىز .

— ھەددىڭدىن ئېشىپ پوق يېيىشمە !

ئۇلار كېۋەزلىككە ئاشۇنداق دەتالاش قىلىشىپ ميېڭىشتى .

— دوقا باش بوغالتىرنىڭ يېرىنى ھەممىڭلار تېرىپ يىغىپ بېرىسىلەر . ئۇنىڭ بۇغدىيى ، سامىنى ، كېۋىزى ، كېۋىزىنىڭ شادىسىغىچە پۇل بولىدىكەن . ئۇ ئۆزى ئىشلىمەيدۇ .

— يېزىدىكى ھەممە باشلىقلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ .



www.uyghurkitap.com

— ئۇلارنىڭ يېڭى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدەك ئۆيى، ماشىنىسى بار.

— ئۇلار بىزدەك ئىشلىمەيدۇ، ئاچ - يالىڭاچ قالمايدۇ، يېڭى كىيىملەرنى كىيىدۇ. يىل بويى كاۋاپ، پولۇ يەيدۇ. بىز بەك ئىشلەيمىز، يەنە يوقسۇللۇقتا ياشايمىز.

— ئۇلار ھېسابتىن ئوغرىلايدىكەن ئاتا. سەن ھېساب قىلىشنى بىلمىسەڭ، بىزنى ھېلىقى دوقا باش بوغالتىر بىلەن ھېسابات قىلىشقا ئاپار. بىز ھېسابلىشىمىز، ماقۇلمۇ؟

— راست، ئاچام ھېسابقا ئۇستا. ھېساب قىلساق چوقۇم قەرزدىن قۇتۇلىمىز دادا، شۇنداق قىلىلى دادا.

بالىلارنىڭ گېپىدىن بارغانچە شوكلەپ جاۋاب بېرەلمەي قالغان سايىت پوقاق بالىلاردىن ئىلدامراق ماڭدى. بالىلار يۈگۈرۈپ يەنە ئالدىغا ئۆتۈۋالدى.

— ئاتا، سېنىڭ مۇشتۇمدەك بار بوغالتىردىن نېمىشقا قورقىسەن؟ — دېدى پالتابەگ.

— «ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دەپ، سوقا باش، كوسا بوغالتىردىن دەردىنى ئالالماي بىزنى ئۇرغىلى قويسا بولىدۇ ئاتامنى، — دېدى توختى قارىي.

— بالام، مېنى تولا قىستىماڭلار. سىلەر ھازىر كىچىك، بىلمەيسىلەر. چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسىلەر. ئىش بوغالتىر بىلەنلا توگىسىغۇ ياخشى.

— شۇنچە جىق پاختا ساتساق، يەنە قەرز تۆگىمىسە، ھېسابلاشساڭ چوقۇم چىقىدۇ، — دېدى توختى قارىي.

— مەن سىلەرگە دەپ بېرەي، بۇلتۇر ماڭسۇر سېرىق سوقا باش بوغالتىر بىلەن ھېسابات قىلىشىمەن دەپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، سوقاباش بوغالتىرنى بوغۇپ قويغانغا ساقچىلار تۇتۇپ ئەكېتىپ ئالتە ئاي سولاپ قويۇپ، جەرىمانە قويدۇق دەپ، ئۆي - ۋاقىنى سوپۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ماڭسۇر سېرىقنىڭ بالا - چاقىسى ئاچ قېلىپ، ئۆي - ۋاقى ۋە يەرلىرىنى كېۋەز تەرگىلى كەلگەنلەرگە

سېتىپ يەپ تۈگەتتى . ماڭسۇر سېرىق تۇرمىسىن چىقىپ بالىلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن . ئاڭلىساق ، ئۈرۈمچىدە غالىتەكتە باققاللىق قىلىپ يۈرۈپتىكەنمىش ، يېقىندا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ . يۇرتتىن ئۈرۈمچىگە بارغانلار ماڭسۇر سېرىقنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپكەن . ئۇلار كۆز يېشى قىلىپ شۇلارنى دەپتۇدەك . ئاڭلىساق ، بالىلىرىنىڭمۇ كۈنى تەسمىش ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا غالتەككە ھەر خىل مېۋىلەرنى بېسىۋېلىپ تۈۋلاپ يۈرۈپ ساتارمىش . بازار باشقۇرغۇچىلارغا تۇتۇلۇپ قالسا ، ھەپتە تاپقان پۇلى بىر قېتىملىق جەرىمانىگە يەتمەيدىكەن . چوك ئوغلى ھاشىم سېرىق ئىچكىرىدە پۇل تاپىمەن دەپ ، ئۇ يەردە ئۈچ چاقلىق ھارۋىغا قۇرۇق ئۈزۈمنى قاچىلاپ كوچىلاردا سېتىپ بېقىپ ، نۇرغۇن جاپا تارتىپ ، نېمىلا بولسۇن يەنىلا ئۈرۈمچى ئوبدانىكەن دەپ يېنىپ چىققانمىش . مۇشۇنداق خاپىلىق بىلەن يۇرتتىن يامانلاپ چىقىپ كەتكەنلەر تولا ، ئەمما ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت . باشقىلارمۇ بىر ئادەم يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ بولغۇچە ، ئانچىلىك قەرزى بار ، مانچىلىك قەرزى بار دەپ ، خەقنىڭ ئۆي ـ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلغىلى ئاران تۇرىدۇ . يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ياقا يۇرتنىڭ دىشۋارچىلىقىغا چىدىماي قايتىپ كەلگەنلەر ساپلا ئۆي ـ جاي ، يەردىن ئايرىلىپ قېلىپ ، ئۆز يۇرتىدا يەر ـ ماكانسىز قېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئەسلي ئۆيىدە ئولتۇرغانلارغا مەدىكار بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . يۇرتتىن يامانلاپ كېتىپ پۇشايمان قىلىپ نومۇس كۈچىدىن قايسى يۈزۈم بىلەن يۇرتقا بارىمەن دېگەنلەر ماڭسۇر سېرىق رەھمەتلىكنىڭ بالىلىرىدەك تالادا قالسىمۇ ، ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلسىمۇ چىشىنى چىشلەپ ياشاۋاتىدۇ . ئاچ قالساقمۇ ، يالىڭاچ قالساقمۇ بالىلىرىم ، ئۆي ـ زېمىننى تاشلاپ كەتمەيلى . چىشىمىزنى چىشلەپ يەر ـ جايىمىزغا چىڭ دەسسەپ تۇرمىساق ، قوغىمىزنى كۆتۈردۇقلا ، كۈنىمىز تەس...

بالىلار جىمىپ كېتىشتى . ئۇلارنىڭ يۇلغۇن چىۋىقىدەك

ئورۇق بارماق ، بىغىشلىرىنى كىۋەز غوزەكلىرىنىڭ مىختەك ئۇچلىرى تىلغاپ ، قانلىق قىزىل جىجىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەندى . ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ بىرمۇنچە پاختا تېرىپ بولغىنىنى سەزگەندە ، ئاللىقاچان چۈش پېشىن بولغانىدى . ئەمما ، بالىلار جىمجىت ، قول ـ قولچە پاختا تەرمەكتە ئىدى . سايىت پوقاق بالىلىرىغا چەكسىز ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە زوقلىنىپ قارىدى .

— بالىلىرىم ، چۈش پېشىندىن ئېشىپتۇ . بىر بۇردىدىن ناشتا قىلىۋېلىپ تېرەمدۇق ؟

— ياق ئاتا . يەنە بىردەم تەرسەك ، ئىككى تاغار تولسا ، تايىنلىق بەش تاغار قىلىپ ئايرايلى . ناشتىنى يولدا قىلايلى . بۈگۈن كەچ بولسىمۇ پاختا سېتىپ سودىلىق قىلىۋالمىساق ، ئەتە يەنە مەكتەپتىن قالىمىز ، — دېدى تۇرئەلا .

— راست ، تايىنلىق ناشتا قىلىلى ، — دېدى توختى قارىيمۇ .

— بۇنداق جان تەلپىز قىلىپ ياشىغۇچە ئادەم ياشىمايدىغان يەر بولسا كېتىپ جېنىمىزنى جان ئەتسەك ، ئازراق بولسىمۇ راھەتتە ياشارمىدۇقكىن ، — دېدى پالتا بەگ كوتۇلداپ .

— جاھاندا ئۇنداق يەر بولسا خەقلەر جاھانىنىڭ چېتىدە بىر مۇزلۇقنى ، ئاسماندىكى ئايىنى پاسىل ئايرىپ ئېگىلەپ يۇرمەيتتى . يەر قالماي شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ ، — دېدى تۇرئەلا .

— ھەببەللى بالام ، ئوبدان گەپ قىلدىڭ ، شۇڭا بىزگە مۇشۇ يەردىنمۇ ئوبدان يەر يوق . چىدايلى ، چىدىمىساق ئامال يوق . خۇدا بىر كۈنى بىزگىمۇ كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرستەر .

* * *

زورلىغان بىلەن بولمىدى . بالىلارنىڭ ئانىسى ئازنا بازارغا بېرىپ ، پاختا سېتىپ ، سودىلىق قىلىپ ، مېھمان بولۇپ كېلىشكە ئۇنىمىدى . سايىت پوقاقنىڭمۇ ، بالىلارنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى . ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىلغان بەش تاغار پاختىنىڭ ئۈستىدە ئاندا ـ

ساندا بۇلۇت ئەگىپ يۈرگەن كۆككە تىكىلىپ ئۇۋىدا ياتقان سايىت پوقاق جاھاننىڭ تار ھەم كەڭ يارىتىلغانلىقىنى خىيال قىلماقتا. تۇرئەلا بىلەن توختى قارىي ئاتىسىنىڭ ئىككى يىقىدا دوم ئېتتۇرۇلۇپ «ئـازنـا» بازارغا بېرىشىنىڭ خۇشاللىقىدا ھەر خىل تاتلىق خىيالغا بېرىلگەنىدى. بالىلارنىڭ ئازنا بازارنى ئۆيىنىمىغىنىغا ئاز كەم بىر يىل بولۇپ قالاي دېگەنىدى. ئاتىسى بۇگۇن تەرگەن پاختىنى ئازنا بـازاردىـكى پاختا زاۋۇتىغا سېتىپ، ئەتە تەرگەن پاختىدىن بىر تاغارنى تۇرئەلانىڭ يوتقىنىغا سېلىۋېلىشىغا ماقۇل بولغانىدى. تەلۋە چىرماقچى پالتابەگ ھارۋا ھەيدەشكە ئامراق بولغاچقا، ئائىلە بويىچە ھارۋىنى ئەپچىل ھەيدەيتتى. بوز ئېشەكمۇ پالتابەگنىڭ ئاۋازىنى ئوبدان تونۇيتتى. پالتابەگ پولۇ بىلەن تونۇر كاۋىپى ھەر قېتىم ئېسىگە كەلگەندە، قولىدىكى سېرىق سۆگەتنىڭ كۆك كەسمىسى بىلەن ئېشەكنىڭ بويىغا تازا كېلىشتۈرۈپ سېلىپ تۇردى. كۆك كەسمە ھەر قېتىم پاتاڭ ئارىلاش يۆگىشىپ تەگكەندە، بوز ئېشەك چىچاڭشىپ ئالدىغا بىر دېۋىنىپ بىر تىنىقتا سوكۇلداپ ماڭدى. ئـېـشـەكـنـىـڭ يۈگلۈق كالتە پاچىقى قومساڭغۇ نەمسىز توپىغا ئۆچلانمىغان، قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ كەتكەن جىگدە قوزۇقىدەك پـېـتـىـپ كۆتۈرۈلگەندە ھاسىل بولغان توپا ـ توزان غىچىرلاپ كېتىۋاتقان رېزىنكە چاقلىق ياغاچ ھارۋىنىڭ كەينىگە سۇس تۇمان ھاسىل قىلدى. ئانىسىنىڭ كاۋاپ بىلەن پولۇنى تازا يەپ تويغاندىن كېيىن مايلاشقان قوللىرىنى يۈزىگە ئوبدان سۈۋاپ، چاۋا ـ چاۋاڭ بـولـۇپ يـېـرىـلـىـپ كەتكەن مايسىز يۈزلىرىنى مايلىۋېلىشىنى ھـەمـىـشـەگە قايتا ـ قايتا تاپىلىغىنىنى ئويلاپ قالغان پالتابەگ ئارقىسىغا قاراپ سورىدى:

— ئانام نېمە دەپ تاپىلىدى؟

— كاۋاپ بىلەن پولۇنىڭ يېغىدا يۈزۈڭلارنى ياغلاڭلار دېدى شۇ، — دېدى توختى قارىي.

— ئانامغىمۇ نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىڭا تاۋاق پولۇ بىلەن

بەش زىخ كاۋاپ يۆگىگەچ كېلىلى دادا، مۇزلاپ قالسىمۇ ئېغىز تەگسۇن، — دېدى پالتابەگ.

— شۇنىمۇ دېيىش كېتەمدۇ دۇرۇن، — دېدى توختى قارىي. پالتابەگ ئانىسىنى تولاراق ئويلاپ قالدى. «هارۋىدا سىلكۇشتۇرمەي سىلىق هەيدەيلى قەندەك ئانا، ناۋات ئانا... بازارغا بارە. ئۆيدە يېتىۋەرسەڭمۇ بىر كېسەل ئىككى بولۇپ تېخىمۇ تۇگىشىپ كېتىسەن ئانا، — دېدى پالتابەگ پاختا ساتقىلى مېڭىش ئالدىدا. ئانا بىر دەم شۇكلەپ كېتىپ جاۋاپ بەردى:

— بولسىغۇ بارسام خوپ ئىدى بالام. مۇشۇ تاپتا تېنىمدىن ئۇلۇكنىڭ سۇرى كېلىدۇ. مۇشۇ هالىمدا قانداقمۇ بازارغا بارالارمەن. سىلەر بېرىپ كۆرۈپ، تويۇپ كەلسەڭلار مەن كۆرگەنگە، مەن تويغانغا ئوخشاش بالىلىرىم. كۆڭلۈڭلەر ماڭا تېگىل بولدى. رەهمەت بالىلىرىم، خۇدايىم هەممىڭلارنىڭ بەختىنى بەرگەي.

ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى قايتىدىن يادىغا ئالغان پالتابەگنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، قارا قوي كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

ئۇلار ئېشەكنى قارل تەرگە چۆمدۈرۈپ قوغلاپ يۈرۈپ، نامازدىگەر مەهەلدە پاختا زاۋۇتى ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن ئاران ئۇلگۇرۈپ باردى. سايىت پوقاق پاختا زاۋۇتىنىڭ مۇز قاپاق پىرىيومچىلىرىنىڭ دۇشكەللەشلىرىگە خىجىللىق هەم تۆۋەنچىلىك بىلەن زورىغا كۇلۇمسىرەپ، پاختىنى دەرىجىسىنى پەسلىتىپ ئېلىشقا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنىتىپ، قوڭىدىن يۆلەپ دېگۇدەك ئاران ئۆتكۇزدى.

بالىلار كەڭرى كەتكەن مەيداندا بىر - بىرىدىن ئېگىز دۆۋىلىنىپ تۇرغان پاختا دۆڭلىرىگە قاراپ هەيران قالدى.

پاختا پۇلىنى ئالىدىغان تۆشۈككە يېقىنلاشقانسېرى سايىت پوقاقنىڭ يۈرىكى سىلىپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى. قولى، لەۋلىرى، پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. بىر خىل ئەنسىزلىك

ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماشقا باشلىدى . ھېچ كىرگەچكە پاختا ساتىدىغانلارنىڭ ئاغزى بېسىقىپ پۇل ئېلىش تۆشۈكىدە ئادەم يوق ئىدى . سايىت پوقاق تۆشۈكتىن قاراپلا شۈركۈنۈپ كەتتى . سوقا باش ھېساباچى شىرەگە بېشىنى قويۇپ خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى . بېشىدىكى قەشقەرنىڭ شەپكىچى ئۇستىلىرى ئارىسىنى كۆنجۈر بىلەن كىتىگىزدە قاتۇرۇپ ھاۋا ئۆتمەس قىلىپ يېرىم كىلو ئېغىرلىقتا تىككەن سارجا كەپكە چۈشۈپ قالغان . دۈمچەك ھېساباچىنىڭ بېشى ئاۋۋال يەر يەپ ، كېيىن ئاپتاپ چىقىپ كەتكەن كۆزلۈك قوتۇر كۆكچى قوغۇنىنىڭ ئاق غەشەك قورسىقىدەك ئاق ھەم تاقىر ئىدى . دۈمچەك گەجگىسى بورداققا چۈشكەن قىرى قوتازنىڭ بوينىدەك تۈرۈلگەن گەدىنىدىكى تۈرۈم - تۈرۈم ھارام گۆشى بىلەن ياندىشىپ بوتىلاقىنىڭ لوكىسىدەك بولۇپ قالغانىدى . جاۋغىيىدىن قويۇلغان شالى ھېساب دەپتىرىنى ھۆل قىلىپ ، قىرى چار پاقىنىڭ يەل خالتىسىدەك كۆپۈپ - پەسىيىپ تۇرۇۋاتقان سېرتقى قوۋزىغا ساقىپ چۈشكەنىدى . سايىت پوقاق سوقا باش ھېساباچىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن قىستىغان كۈلكىسىنى ئاران بېسىۋالدى . ئاندىن زورلاپ بىرقانچىنى قۇرۇق يۆتەلگەن بولسىمۇ ، سوقا باش ھېساباچى قىمىرلاپمۇ قويمىدى ، تىتىلداۋاتقان سايىت پوقاق توۋلاپ ئويغىتىشقا پېتىنالماي ، ئەستاغپۇرۇللا دەپ توختىماي ئېڭىكىنى سىلىغىلى تۇردى . بوز ئېشەك ئەنسىز ھاڭرىۋىدى ، سوقا باش ھېساباچى ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتتى . پالتابەگ ئېشەكنىڭ بۇرنىغا ماز كەپلەپ ھاڭراتقانىدى . قورقۇپ كەتكەن سايىت پوقاقنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ كەتتى .

— ئېشەكنى نېرى ئاپىرىشە ھاي كىسىپۇرۇشلار... ئەجەب سەت ھاڭرىدا... قوتۇر ئېشەك... — دېدى سوقا باش ھېساباچى كېرىلىپ ئەسنەپ تۇرۇپ ، شۇ ئەسنادا ، ئۇنىڭ بەترەڭ تاز چىرايىغا ماس گازىردەك كۆزى يۇمۇلۇپ كالتە سىزىق بولۇپ قالغانىدى .

— كەچ... كەچ بولغاندا پاختا ساتقىلى كەلگەن قانداق لامزەللە دېھقانسەن ؟ — دېدى ھېسابچى سايىت پوقاقنىڭ قولىدىن قەغەزنى خۇشياقماستىن ئېلىۋېتىپ .
— بۇ... بۇگۇن كەچ قالدۇق ، تۇزىتىۋالىمىز ، تۇزىتەيلى ئەمدى ، — دېدى سايىت پوقاق خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ . ھېسابچى تازا ئەسنەپ ھورۇنلۇق بىلەن قىزىل تاشلىق قېلىن دەپتەرنى ئېلىپ ئالدىرىماي ۋاراقلاپ بىر يەرگە كەلگەندە توختاپ ، قولىدىكى قەغەزگە قاراپ بىر نەرسىلەرنى يازدى . ئاندىن تامغىنى ئېلىپ قەغەزگە ۋاققىدە بېسىپ ، سايىت پوقاقنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . سايىت پوقاقنىڭ يۇرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالدى .
— پۇ... پۇل... پۇل كەلمەمدىكەن ؟
— ۋەزىپەڭ تولىمىسا ، قەرزىڭ ئۇزۇلمىگەن تۇرسا پۇل دەيسەنغۇ ئاكا... پۇل لازىم بولغان ئادەم پاختىنى جىق ئۆتكۇزسەڭ بولمامدۇ...
— ۋاي خېلى ھەلەم ئۆتكۇزدۇم ئۇكام ، قەرز يەنە تۇگىمەپتۇما ؟
— تۇگىگەندە مەن ساڭا مانا پۇل دەيمەن . خاتىرەڭنى جەم قىل .
— ئوبدان ئۇكام...
تۆشۇكنىڭ بالا ئىشىكى جالاق قىلىپ ئېتىلدى . سايىت پوقاقنىڭ گېپى ئۇزۇلۇپ دىمى ئىچىگە چۇشۇپ ، بېشى مەيدىسىگىچە ساڭگىلاپ كەتتى . ئۇ بالىلىرىغا يەر تېگىدىن گۇناھكاردەك قارىدى . بالىلار ئاتىسىغا غەزەپ ، ئىچ ئاغرىتىش ، نەپرەت ئارىلاش جىمىدە قاراپ تۇرۇشتى .
— ئاتا ئاينا ئاۋۇ ئوغرى ، بېرىپ دەپ باقە يەنە ، — دېدى تۇرئەلا .
سايىت پوقاق بۇرۇلۇپ قارىدى . سوقا باش ھېسابچى ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ دوقمۇشتىكى مەزىلىك تاماق پۇرىقى

تارتىپ تۇرغان ئاشخانىغا ماڭغانىدى .

— قانچىلىك ئۆتكۈزدۈڭ ، قانچىلىك قالدى ، قەرزىڭ قانچىلىكتى ، بىرىپ ھېسابلاشمامسەن؟ سېنىمۇ ئاشۇ دېگىلى بولامدۇ؟ قەرزىڭ بار دەپ بولغۇچە قورقۇپ تىترەپ تۇرىدىكەنسەن. تىك تۇرۇپ گەپ قىلساڭ ھاپ ئېتىپ يەپ كېتىدىغان ئەزرائىل ئەمەس ئۇ ، — دېدى توختى قارى .

سايىت پوقاق پەلپەتىش دەسسەپ يۈگۈرۈپ ئاشخانا ئالدىغا بارغانچە ھېسابچىغا يېتىشتى .

— ئوبدان... ئوبدان ئۇكام . مەن... مەن سىزدىن خۇش بولاي . بۇ... بۇ دۆرەملىك پاختا پۇلىنى بېرىۋەتسىڭىز . بالىلىرىم بۈگۈن كەچكىچە تاماق يېمىدى . ئۇنىڭ تاشايىندا قىشلىق ئۆتۈكى يوقتى . مەن بالىلارغا سۆز بېرىپ قويۇپتىمەن . بۈگۈن ئۇلارنىڭ غەلۋىسىنى بېسۋالسام . ئەتىدىن باشلاپ ساتقىنىمنى قەرزگە ھېساب قىلساق .

— ئاھاش... ئاكاۋاي ، تولا كاپىلداپ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا... ماڭا ھېساب ئۆگىتىمەن دەپ ئاۋارە بولما . مەن ئۇنداق نەخ ـ نېسى مەكتەپتە ئوقۇمىغان .

— تۆگىمەيدىغان قانداق قەرز ئۇ؟ ھېسابنى بىزگە ئوچۇق دەپ بېرىڭ ، — دېدى ئاتىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن تۇرئەلا ، ئاتىسى دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىغا كاچات بىلەن بىرنى سالدى .

— كەچ بولغاندا نەدىن كەلدى بۇ كۆك پىتلار ئادەمگە چاپلىشىپ .

— بىز كۆك پىت ئەمەس ، ئاغزىڭىزغا بىقىپ سۆزلەڭ ، — دېدى توختى قارى .

— زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈش دەيمەن جۇۋا ئىغىزلار! خاپا بولمىسىلا ، خاپا بولمىسىلا ، مەن ناماقۇل ، بۇ پوقلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا ئۇكام ، ھېچبولمىسا بىر ۋاق قوساق تويغۇزغۇدەك پۇل بەرسىلە ، — دېدى سايىت پوقاق ئېگىلىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ .

— مەن ساڭا ئۇرغۇيچە گەپ قىلىۋاتىمەن ئاكا. ساڭا بېرىدىغان پۇل يوق. قەرزىڭ تۈگىگەندە پۇل ئالىسەن. بولمىسا بېشىڭنى تامغا ئۇرساڭمۇ پۇل بەرمەيمەن.

سوقا باش بوغالتىر شۇنداق دەپلا ياغلىشىپ كەتكەن مەلەڭزىنى زەردە بىلەن قايرىپ، ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— ئاتا نېمانداق تىلەمچىدەك يالۋۇرىسەن، بىز ئۇنىڭدىن تىلەۋاتمايمىز. ئۆزىمىزنىڭ پاختا ساتقان پۇلىنى بەر دەۋاتىمىز. مۇشۇنداق يالۋۇرمايدىغان ئىشقا يالۋۇرۇپمۇ مۇشۇ ھالغا قاپتىكەنسەن، — دېدى تۇرئەلا.

— ئوبدان بالام، جېنىم بالام، مەن خۇش بولاي. مەن قانداق قىلسام قىلىپ ئۇنىڭدىن ئازراق پۇل بولسىمۇ ئېلىشنىڭ كويىدا بولاي. سىلەر تالادا بىردەم قوشۇق سالماي تۇرۇڭلار، — دېدى سايىت پوقاق ۋە ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ، ھېسابچى ئولتۇرغان شىرە ئالدىغا كەلدى.

— ئوبدان ئۇكام، ئۇششاق سېرىق تۈكلەرنىڭ توك گېپىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولاي، ئازراق بولسىمۇ پۇل بەرسىلە. بالىلىرىم بۈگۈن كەچكىچە تاماق يېمىدى. بىزگە بىر ۋاخ ئاش ـ ناننىڭ پۇلىنى بولسىمۇ بەرگەن بولسىلا. ئەتىدىن باشلاپ ساتقان پاختىنىڭ پۇلىنى قەرزگە...

— قانداق گەپ ئۇقمايدىغان نېمىسەن؟ ساڭا پۇل بېرەلمەيمەن دېگەندىكىن گەپ تۈگىدى. تاماق يەمسەن ـ يېمەمسەن مېنىڭ نېمە كارىم، ياكى پاختىنى ماڭا ساتتىڭمۇ؟ ساتساڭ ھۆكۈمەتكە ساتتىڭ، مەن ھۆكۈمەتنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم. مېنى تاماق يېگىلى قويامسەن ـ يوق؟! قورسىقىم ئېچىپ ئارانلا قالدىم.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېساباتچىنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە ئاشمانتا كەلتۈرۈلدى.

— بىر ھارغانغا، بىر ئاچقانغا گەپ قىلما، دەپتىكەن، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، گەپ بولسا سەل تۇرۇپ دېمەمسەن ئاكا، —

دېدى خام سېمىز ئاشپەز سالاچىلىق قىلىپ .

— ھەي... ئوغرى بىزنىڭمۇ قورسىقىمىز ئاچ . ئەتىگەندىن بېرى قارنىڭنى ئىككى مەرتەم كەپلەپ تويغۇزغانسەن . بىز تويۇنۇپ قورساق توقلىغانچە... بىز يىل بويى ئاچ ـ توق ئۆتىمىز ، كېۋەز تېرىيمىز ، ساتىمىز ، يەنە قەرزىمىز تۈگىمەيدۇ . سەن يىل بويى كېۋەزلىككە دەسسەپ باقمايسەن ، ھېسابخانىدا ئولتۇرۇپ گۆش ، پولۇنى يەيسەن ، قەرزىڭ يوق ، پۇلۇڭ تۈگىمەيدۇ . بىزنىڭ رىزقىمىزنى سەن ئوغرىلاپ يېمىسەڭ ، كېۋەز تېرىماي تۇرۇپ قانداق باي بولاتتىڭ ؟ !

چىچاڭشىپ سەكرەپ قوپۇپ كەتكەن ھېساباچى ھور چىقىپ تۇرغان ئاشمانتا سېلىنغان تەخسىنى ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىگەن پالتابەگكە قارىتىپ ئاتتى . تەخسە تامغا تېگىپ پارە ـ پارە بولۇپ يەرگە چۈشتى . پولۇ ، مانتا يەرگە چېچىلدى .

— ھەي ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن يېتىم ئوغلاق ، زۇۋانىڭغا سىيىپ ، دارغا تارتىمەن باكا...

ھېساباچى پالتابەگكە ئېيىقتەك ئېتىلدى .

— ھاي... ھاي ، — سايىت پوقاق ھېساباچىنى توسۇپ ئارىسىغا كىرىشىگە ، مۇشت بىلەن بىر قويۇپ سايىت پوقاقنى ئۇڭدىسىغا چۈشۈرۈۋەتكەن ھېساباچى پالتا بەگنىڭ ساپاقتەك بويىندىن تۇتۇپ بىر چۆرۈۋىدى ، پالتابەگ ئەسكى چاپانەدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئاشخانا ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز خىش سۇپىچاق ئۈستىدىكى گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشكە ئۇرۇلدى . مەش ئۈستىدە يوغان ئاليۇمىن قازاندا پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان قايناقسۇ ئۆرۈلۈپ پالتابەگنىڭ ئۈستىۋېشىغا تۆكۈلدى . پالتابەگ بىر ئۈنى ئاسماندا ، بىر ئۈنى يەردە چىرقىراپ كەتتى . شۇ ئەسنادا ، گۆش چانايدىغان يوغان قىڭراق ھېساباچىنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن بويىنغا ئۇرۇلدى .

ھېساباچى كەينىگە ئۆرۈلۈشىگە سايىت پوقاقنىڭ قولىدىكى قىڭراق ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىگە چېپىلدى . ئۈچىنچى قېتىم

چېپىلغان قىڭراق بوشقا كەتتىيۇ ، ھېسابچىمۇ ھۆركىرەپ ، ۋايساپ گۇپ قىلىپ يىقىلدى . بۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شۇنچىلىك تېز بولدىكى ، ئاشپەزلەر ۋە خېرىدارلار ھاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ، بۇ ئىشلارغا ھېچكىم ئۇلگۇرمىدى . سايىت پوقاق قىڭراقنى تاشلاپ ، چىرقىراپ يىغلاپ يۇمۇلاۋاتقان پالتابەگنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ھور چىقىپ تۇرغان كىيىملەرنى يېشىشكە باشلىدى . بوينىدىن ، يۇزلىرىدىن جىرغىپ قان ئېقىۋاتقان ھېسابچى يەردە يۇملاپ ، بىر قانچىنى ھۆركىرەپ جىم بولدى . سايىت پوقاق پالتابەگنىڭ بېشىدىكى ھور چىقىپ تۇرغان قىزىق بۆكىنى ئېلىۋىدى ، باشنىڭ تېرىسى بۆك بىلەن بىرگە سويۇلۇپ چىقىپ ، بالىنىڭ بېشى پوستى سويۇلغان پىيازغا ئوخشاپ قالدى . بالىنىڭمۇ چىرقىراپ - چىرقىراپ ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى...

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۇنى ، ئۇرۇمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بوران

كېچىدىن چىققان بوران قوشنا دۇكاننىڭ ئالدىدىكى قېرى قارىياغاچنى تۈۋىدىنلا ئۇشتۇپ دۇكاننىڭ ئالدىنى دەرەخ شاخلىرى بىلەن بېسىپ، بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىنىمۇ، ياندىكى يەنە بىر قوشنا دۇكاننىڭ ئالدىنىمۇ توسۇۋالغانىدى. خۇشال بولغان يېرىمىز دەرەخ يىقىلغاندا يولغا قىيپاش يىقىلغان بولۇپ، دۇكاننىڭ تام ياكى ۋىتۇسكىلىرى ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغانىدى. ئەتىگەندە دۇكان ئالدىدا دەرەخ يىقىلغانىنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدىغان بىر توپ بىكارچى ئادەملەر يىغىلىۋېلىپ، كېچىدىن چىققان بوراننىڭ كىملەرنىڭ تېمىنى ئۆرۈگەنلىكىنى، قايسىبىر بازاردا دەمدۇ، كوچىدا دەمدۇ بىر لاپاسنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ بازار ئېچىلىپ قالغانلىقىنى، بىرمۇنچە دۇكانلارنىڭ كونا ياكى بوش ئورنىتىلىپ قالغان ۋىتۇسكىلىرىنىڭ كېچىدىكى بوراندا ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى، يەنە قايسىبىرىنىڭ ئۆگزىدە كاتەك ياساپ باققان نەچچە مىڭ كويلۇق كەپتىرىنىڭ كاتىكىنى كەپتىرى بىلەن قوشۇپ بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى.

ھەممە ئادەم خۇشال سۆزلەۋاتقان بىلەن دۇكاننىڭ ئىشىكىنى، يولنى توسۇۋالغان دەرەخ شاخلىرىنى بىرى ئېلىۋېتەي دېمەي، يولدا ماشىنىلار توسۇلۇپ قالغان، دۇكانغا كىرىپ ـ چىقىدىغان خېرىدارلار كىرەلمەي قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قوشنا دۇكاننىڭ خوجايىنى بەك خۇشال بولۇپ كۈلكىدىن ئاغزى يۇمۇلماي

قاپتۇ.

— ئادەتتە بىر خېرىدار بوسۇغىدىن ئۆتكۈچە پۇتلىشىپ يېنىپ كەتسە، بىر كۈن قاپىقىڭلا ئېچىلماي، نەچچە تال تاماكىنى ئۇشۇق چېكىدىغان ئادەم بۈگۈن دۇكانغا خېرىدار كىرەلمىسىمۇ سېرىتمىسى بۇزۇلۇپ قالغان سومكىنىڭ ئاغزىدەك ئاغزىڭلار يۇمۇلماي قاپتىغۇ؟

— بۈگەن··· بۈگەن تۇيام بولغاندەك خۇش مەن جۇما ئاداش. قىز ئالغاندىنمۇ خۇش مەن ئاداش. كېچىدىكى خاسىيەتلىك بوران شەھەردىكى بىرمۇنچە ئەدەمگە زىيان سالغان بىلەن ماڭا پايدا ئەكەلدى دەڭلا، پايدا.

— ھە، بىركىمنىڭ بىرەر سومكا پۇلىنى ئۇچۇرۇپ ئەكىلىپ دۇكىنىڭلارغا تىقىپ تاشلاپ كەتكەن ئوخشىمامدا؟

— ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا ئىش بولدى دەيمەن. مۇشۇ قېرى قارىياغاچ دۇكاننىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۆتسە خېرىدارنى، قارىسا كۆزنى توسۇۋېلىپ يامان پۇتلاشقان، نۇرغۇن ئىشقا پۇتلاشقان، بىرمۇنچە پۇلغا زىيان سالغان. بىر قۇتۇلۇپتىمەن دەڭلا. ماڭا پۇتلاشقان ھەممە يامان نەرسىلەرنى مۇشۇنداق سۇپۇرۇپ ئەكېتىدىغان خاسىيەتلىك بوراننى سۆيۈپ قويسام دەڭلا، سۆيۈپ قويسام···

قوشنام كۆكىرىپ قالغان قارا دورداي كالپۇكلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ بوراننىڭ سۇسلاپ قالغان شامالىرىنى سۆيۈپ كەتتى.

— مۇشۇ پۇتلاشقان دەرەخنى يىقىتقان بوران كۈنلۈك سودامغا يەنە كەم دېگەندە بىرەر يۈز كوي قوشتى دەڭلا، قوشتى، قوشتى.

— ئانداق بولسا ھىجراپ بىكار تۇرغىچە دۇكاننىڭ ئالدىنىمۇ، يولنىمۇ توسۇۋالغان دەرەخنىڭ ئۆلۈكىنى قاشقا تارتىۋەتمەيلىما؟ پۇتلىشىپ تۇرسا شۇنچە ئادەم تۇرۇپ ئېلىۋېتەي دېمەي، تاماشا كۆرۈپ تۇرغىنىنى نېمىسى. مۇشۇمۇ كۆرگۈدەك تاماشىمۇ ئەمدى!؟

— هاي... هاي... ئالدىرىماڭ... غوجامنىڭ غوجىسى، چامغۇرنىڭ ئورىسى، دەپ شەنىڭ ئىگىسى با، يوتكەش تۈگۈلۈن بىر تال يوپۇرمىقىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىپ سالىدىغان بولسىغۇر هېلى شەهەر ئورمان مۇهاپىزەت ئەترىتىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ هۆلدەپ سالىدۇ. مانا مۇنداق، قوشنام قول هەرىكىتى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، جايلايدۇ دېگەن مەقسىتىنى بىلدۈردى.

— ئەمىسە خەۋەر قىلىمامدۇق؟

— تېلېفون قىلدۇق. هازىر لا كېلىپ ئۆلۈكنى ئۆزلىرى قاشقا تارتىدۇ دەڭلا.

شۇ گەپكىلا قاراپ تۇرغاندەك، چوققىسىغا يول بىكارلا دەپ چىرقىرايدىغان كاناي بىلەن قىزىل چىراغ بېكىتكەن كرانلىق يوغان ماشىنا كېلىپ، ئورمان مۇهاپىزەتچىلىرى دەرەخنىڭ ئۆلۈكىنى كرانغا ئېلىپ ماشىنىغا باسقىلى تۇردى. دەپتەر، سۈرەت ئاپپاراتى، تېلېكامېرا، مېتىر تۇتقان تۆت ـ بەش ئادەم يەرلەرنى، دەرەخنى ئۆلچەپ، سۈرەتكە تارتىپ، خاتىرىگە يېزىپ كېلىپ قوشنامدىن سورىدى.

— بۇ دەرەخ قانداق سۇندى؟

— ۋايتاڭ، ئەتىگەندە كەلسەك يەردە ياتىدۇ.

— بوراندا يىقىلدى دېمەمسىز، — سۈرەتكە تارتىۋاتقان بىرى قوشنامنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەردى.

— هەئە... هە راست كېچىدىكى بوراندا سۇندى.

— مايەرگە شۇنداق دەپ يېزىپ قول قويۇڭ.

— ئېتىمنى يازالمىسام قانداق يازىمەن؟ — قوشنام شۇنداق دەپ قىزىرىپ هىجايدى.

— ئەمىسە قولىڭىزنى بېسىڭ، — دەپتەر كۆتۈرگەن ئادەم قوشنامنىڭ قول باسىدىغان يېرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇدى:

— تۇرداخۇننىڭ 183 ـ نومۇرلۇق دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى بىر يۈز ئوتتۇز يىللىق قېرى قارىياغاچ 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېچىدە

چىققان بوراندا يىلتىزىغا يېقىن يەردىن سۇنۇپ قومۇرۇلۇپ كەتتى .

— راستمۇ ؟

— ھە... ئە راست .

— ئەمىسە ، قول قويۇڭە .

قوشنام بىگىز بارمىقىنى قىزىل بوياق قۇتىسىغا پاتۇرۇپ ، كۆرسەتكەن يەرگە قول باستى .

— ماۋۇ بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىدىكىسىمۇ شۇنداق يىقىلغان بولسىچۇ ، — دېدى مېنىڭ دۇكىنىمدا ئىشلەيدىغان نىمكار بالا ئۆزىچىلا . بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىدىكى قېرى كۆكتېرەكنى كۆرسىتىپ .

— بۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى كىم ؟ — سورىدى سۈرەت تارتقۇچىلار كىشى .

— مەن ، — دېدىم مەن .

ئۇ كىشى مېنى خالىي يەرگە ئىشارەت قىلىپ :

— مۇشەگە كەلگەن ھەربىر نىمىزگە ئەللىك كويدىن بەرسىڭىز كېلەر قېتىملىق بوراندا بۇ دەرەخمۇ ئۆرۈلىدۇ ، — دېدى ھىجىيىپ تۇرۇپ .

— بۇ... بۇ... يىقىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز ؟

— بىز دېگەن ئۇزاق يىللىق ئورمان مۇھاپىزەتچىسى . ھەممە كەسىپنىڭ ئىگىسى ئۆز ئىشىنىڭ ئىپى - جېپىنى بىلمىسە قانداق بولىدۇ .

مەن دەرھال قوشنامغا قارىدىم . قوشنام ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ ھىجايدى . ھەم پۇل بەر دېگەن ئىشارەتنى قىلدى . بۇ گەپ ماڭىمۇ خۇشىيېقىپ دېگىنى بويىچە بەردىم . ئۇ پۇلنى خاتىرجەم ھالدا ھەمراھلىرىغا تارقىتىپ ، بىر بوتۇلكا ئاق سۇيۇقلۇقنى ماڭا بەردى .

— بۇنى دەرەخنىڭ تۈۋىنى سەل كولاپلا قويۇۋەتسىڭىز بۇدا قېتىم بوراندا بۇ دەرەخ ئۆرۈلىدۇ . ئۆرۈلگەن ھامان بىزگە تېلېفون

قىلىڭ . مانا بۇ تېلېفون نومۇرى .

ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى ماشىنىنى چىرقىرىتىپ قىرى قارىياغاچنى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى . مەن قولۇمدىكى ئىسىم كارتىسى بىلەن بوتۇلكىغا قاراپ جاھاننىڭ مۇنداق ئۆيۈملىرىنىڭ بارلىقىنى ئەمدى بىلدىم . ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم . ئۈچ قېتىم بوران چىقتى . شەھەرنىڭ ئۇ يەر ، بۇ يەرلىرىدە ھەر يوغان دەرەخلەرنىڭ بوراندا يىقىلغىنىنى كۆردۈم ، ئەمما قېرىشقاندەك دۆكىنىمنىڭ ئالدىدىكى كۆكتېرەك مېنى مەسخىرە قىلغاندەك يوپۇرماقلىرى شامالدا يېنىك چاۋاك چېلىپ تىك تۇرىۋەردى .

— قوشنام ، بۇ گۈيلار سىلىڭگە بەرگەن دورا جا ئوخشىمامدۇ ؟

بىز تېلېفون بەردۇق . ھايال ئۆتمەي ھېلىقى قورقۇنچلۇق يوغان ماشىنا چىرقىرىغانچە كېلىپ كۆكتېرەككە قاتتىق ئۇسۇپ تۇختىدى . تېرەك قاراسلاپ سۇنۇپ ، ياندىكى قېرى قارىياغاچقا ئارتىلىپ ، يىلتىزىدىنلا يېرىم قومۇرۇلدى . ئەمما يەرگە چۈشمىدى . قېرى تېرەكتە بىرمۇنچە ئاق قۇشقاچ ، تۇمۇچۇقلار ئۇۋا سالغانىكەن ، چاڭگىلار چۇۋۇلۇپ قۇشقاچلارنىڭ تۇخۇمى ، تۇخۇمدىن چىققان باللىرى يەرگە تۆكۈلۈپ ، قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ باش ئۈستىمىزدە چىرقىرىشىپ ئۇچتى .

— يوق يەپتىمەن ، — دېدىم مەن . قۇشنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك يالىڭاچ پىلتىڭلاپ يەردە ياتقىنىنى كۆرۈپ . قۇشقاچ بالىسى بىرقانچە قېتىم پىلتىڭلاپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ جان بەردى .

— قول قويۇڭ .

ئۆلۈم خېتىگە قول قويغاندەك بولدۇم . كرانلىق ماشىنا كۆكتېرەكنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ دەھشەتلىك چىرقىراپ كېتىپ قالدى . دۇكان ئالدى ئېچىلىپ قاقاس بىر ئازگال پەيدا بولدى . شۇ چاغدىلا كىران ئىشىكىم ئالدىدىكى كۆكتېرەكنى ئەمەس ، يۈرىكىمنى يۇلۇپ ئەكەتكىنىنى ھېس قىلدىم .



www.uyghurkitap.com

# تورغاي

قەپەستىكى تورغاي تاڭ ئېتىشى ھامان شۇنداق يېقىملىق سايرايتتى. بۇ سايراش ئەۋجىگە چىققاندا سارغۇچ، پارقىراق تۇمشۇقى يېرىلىپ، قىپقىزىل ئاغزى زىيادە ئېچىلاتتى، نازۇك كېچىك تىلى خۇددى بىلىنجاندەك پىلتىڭلايتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى سەھەر ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ پۈتۈن خالتا كوچىنى بويلاپ تارقىلىپ، بامدات نامىزىغا ئالدىراپ كېتىۋاتقان مۆمىنلەرنىڭ كېچىچە تۈنجۇققان كۆكسىنى بوشىتاتتى.

ئۇ كۆزىنى قىيا ئېچىپ، چىۋىققا چىڭ چاپلاشقىنىچە تىنىماي ۋىچىرلاپ سايراۋاتقان كىچىككىنە جانىۋاردىن سۆيۈنۈپ ھۇزۇرلاندى. ئۇنىڭ سايدا ئۆسكەن سۆكسۆكتەك بومبا ساقال قاپلىغان يۈزى ئاق يوتقان ئىچىدە تەبەسسۇم بىلەن جىلۋىلىنىپ، سۇزۇك جىلغا سۈيى يالىغان قاراتاشتەك پارقىراپ كەتكەنىدى. بارماقلىرى بولسا تۈكلۈك مەيدىسى بىلەن قورسىقىنى توختىماي سىلايتتى. ئۇ تورغاينىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىماي سايراشلىرىغا خېلى يىللاردىن بېرى كۆنۈپ قالغانىدى. بۇنداق سايراشلار، ۋىچىرلاشلار ياشلىقىدا ئوينىغان قىزلارنىڭ تولغىنىپ پىچىرلاشلىرىغا، يامىشىپ كۈلۈشلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

قىزلار ياراتمايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىر قەپەستە تورغاي باقتى؛ نەۋجۇۋانلاردىن بىزار بولغاندىن باشلاپ بەش قەپەستە تورغاي باقتى؛ ئاياللاردىن رەسمىي كۆڭلى قالغاندىن كېيىن، تورغاي

باقىدىغان قەپەسنى ئوتتۇزغا يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن بىرى ئۇنىڭ مەھەللىسىدىن كېچە - كۈندۈز تورغايلارنىڭ ئاۋازى ئۆكسۈمەيدىغان بولدى. بۇ ئاخىر كوچىدا جېدەل كەلتۈرۈپ چىقاردى. قوشنىلىرى ئۇخلىيالماي ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى، لېكىن ئۇ ھەممىدىن ئۆتتى. چۈنكى، ئۇ پۈتۈن كوچىنى پۇلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بېسىقتۇرۇپ، غالىبلىقنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاۋۋال ئۇنىڭ رەھمان ھاجى دېگەن ئىسمى رەھمان تورغايغا ئۆزگەردى. ئارقىدىن مەھەللىسىمۇ تورغاي مەھەللىسى دەپ ئاتالدى. دەسلەپتە ئۇ ھۆزۈرلانسا، پۈتۈن مەھەللە ئازابلاندى. قوي مىجەزلىك جامائەت بارا - بارا بۇنىڭغىمۇ كۆندى. مەسچىتكە خېلى كۆپ پۇل ياردەم قىلغاندىن كېيىن بولسا، كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. ئاخىر بېرىپ تورغايلارنىڭ نەغمىسى بۇ كوچىدىكىلەرنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ، بىردەم ئاڭلىمىسا بىرنېمىسى يىتۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىدىغان، ھەتتا كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان ھالغا يەتتى.

رەھمان تورغاي ئۆز ئۆمرىدە ئىككى نەرسىگە ئېتىقاد قىلىپ، شۇنىڭ كويىدا ياشاپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بوسۇغىسىغا يېقىنلىغان. ئۇنىڭ بىرى، پۇل، يەنە بىرى، ئايال بولۇپ، ئۇ ھەر ئىككىسىگە قانائەتلەنگۈدەك ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پۇلنىڭ ئورنى يەنىلا ئۆزگەرمىدى، ئەمما ئايالنىڭ ئورنىنى تورغاي ئىگىلىدى. ئۇنىڭچە، تورغاينىڭ جان - جەھلى بىلەن چىرىلدىشى ياشلىقىدىكى قىزلارنىڭ ئاۋازىغا، ئادەتتىكىدەك يېقىملىق سايراشلىرى نەۋجۇۋانلارنىڭ ناز - خۇلقىغا ئوخشايتتى. ئۇ ھەربىر تورغايىنى ئۆز كۆڭلىدە بىر ياكى بىرقانچە قىز - جۇۋانلارغا ئوخشىتاتتى. شۇڭا، بارلىق تورغايلىرىنىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئايالچە ئىسمى بار ئىدى. ئۇلارنى بۇۋى خېنىم، ئاق قىز، رەنا قىز، گۈلباھار... دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەنىدى. ھەرقايسىسىنىڭ ئاۋازىنى روشەن پەرقلەندۈرەلەيدىغاندەك، سايرىغان ئاۋاز ئاڭلانغان ھامان

ئىختىيارسىز: «ھە، ئاق خېنىم، سېغىندىڭمۇ؟» دەيتتى. توغايلار سايراپ ھالىدىن كەتكەندە، ئاق بېلىقتەك سوزۇلۇپ ياتقان ئاشۇ خېنىملار كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئامراقلىق بىلەن سۇ بېرەتتى، دان چاچاتتى. تورغاينىڭ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئەسەبىيلىك بىلەن سايراپ، ئاغزىدىن قان تامچىپ، چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ يۇمۇلۇپ كېتىشى قىزلارغا ئوخشايدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل لەززەت، دۇنياغا تېگىشىپ بولمايدىغان كەيپ.

ھەممە تورغايلار بىرلا تورغاي سايراۋاتقاندەك ھەم يەنە بىر مۇنچە تورغايلار سايراۋاتقاندەك بىر خىل رىتىمدا سايراشقا باشلىدى. ئۇلار تەكشى ھالدا ئاغزىنى يوغان كېرىپ، تىلىنى لىپىلدىتىشاتتى. يوغان قەپەسكە سولانغان بۇ جانىۋارلار قونداققا ئەمەس، قەپەسنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن چىرايلىق چىۋىقلىرىغا پوكانلىرىنى چىڭ چاپلىشىۋېلىشقان بولۇپ، سىرتقا قاراپ قاتتىق چىڭقىلىش ئىچىدە چىرىلدىماقتا ئىدى. يىلان باغرى سوزۇلغان خالتا كوچا — تورغاي مەھەللىسىدىن چىقىۋاتقان بۇ ئاۋاز شوخ تۈي نەغمىسىگىمۇ، مۇڭلۇق مۇقام پەدىسىگىمۇ، غەزەپلىك نەرە تارتىشقىمۇ ئوخشىماي، تامدىن تامغا سوقۇلۇپ ئەكس سادا پەيدا قىلغاندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى - دە، ھاۋا زەررىچىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن تاغ چوققىلىرىغا ئۆرۈلدى. تورغايلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان قانلار قەپەسنىڭ ئالتۇن ھەللىك چىۋىقلىرىدىن ساقىپ دەريالارغا قۇيۇلدى. ئاندىن دەريالارنىڭ لاي سۈيىگە ئارىلىشىپ پايانسىز قۇملۇقلارغا سىڭىپ كەتتى. رەھمان تورغاي ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ تورغايلار بىلەن بىر قەپەستە تۇراتتى. ئۇمۇ ئاغزىنى ئېچىپ بىرنېمە دېۋىدى، ئاۋازى ئادەمنىڭكىگىمۇ، ھايۋاننىڭكىگىمۇ ياكى ئۇچار قاناتلارنىڭكىگىمۇ ئوخشىماستىن، غەيرىي بىر مەخلۇقنىڭكىدەك چىقتى. ئاغزىدىن تورغايلارنىڭكىگە ئوخشاش جىر تىلداپ ئېتىلغان قان بىردەمدىلا قەپەسنى توشقۇزۇپ پەسكە ساقىشقا باشلىدى. ئاندىن بىردىنلا پۈتۈن تورغاي پوكانلىرىنى يېقىپ تۇرغان قەپەس چىۋىقلىرىدىن ئاجراپ كېلىپ،

رەھمان تورغاينىڭ باش - كۆز ، كانىيىغا ئېتىلدى ، ئۇلارنىڭ قانلىق قىزىل تىرناقلىرى كانىيىغا چىڭ پاتۇرۇلدى . ئۇلار بىر خىل ئاۋازدا چىرىللدايتتى ، زۇۋانى ئادەمنىڭكىگە ئوخشايتتى .

— بىزنىڭ ئۇۋىدىكى تۇخۇملىرىمىز قۇرۇدى ، چوجىلىرىمىز ئاچلىقتىن ئۆلدى . سەن كۆڭلۈڭنى ئېچىش ئۈچۈن ھاياتىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ .

— سەن كالۋا جاللات بىزنىڭ نالە - زارلىرىمىزنى خۇشال سايراۋاتىدۇ ، دەپ بىلدىڭ . ئەمدى سەنمۇ قەپەسكە چۈشتۈڭمۇ ؟ قەپەسنىڭ تەمىنى سەنمۇ تېتىپ باق ، سەنمۇ نالە - زار قىلىپ باق...

نەچچە ۋاقىتتىن بىرى روھىڭ ، ئېتىقادىڭ قەپەس ئىچىدە بىز بىلەن بىللە ئىدى ، ئەمدى ئۆزۈڭمۇ كىردىڭ ، قېنى سەنمۇ سايرا !

تورغايلار بىردىن قىز - جۇۋانلارغا ئايلىنىپ ، ھەممىسى تەڭلا ياقىسىدىن ئالدى .

— سەن بىزنىڭ ھاياتىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ ، بىزنى نابۇت قىلدىڭ...

رەھمان تورغاي تىنالماي تۇنجۇقۇپ كەتتى . ئۇ قان ئىچىگە تىزلىنىپ ، گۇناھىنى تىلىمەكچى بولۇۋىدى ، بايىقى مەخلۇقنىڭكىدەك ئاۋازىمۇ ئۆچۈپ ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى . ئاخىرىدا بولالماي تۇنجۇقۇپ ئۆلدى ، ئۆمرى قەپەس ئىچىدە ئاخىرلاشتى .

ئۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ پولات چىۋىقلا ئۇسۇۋالدى . گۆردەك قاراڭغۇ سولاقخانا يورۇپ كەتتى . ئىككى گۇندىپاي يۈگۈرۈپ كەلدى . رەھمان تورغاينىڭ پېشانىسىدىن قان ئېقىۋاتاتتى .

— نېمە بولدۇڭ ؟

— قارا بېسىپ قاپتۇ .

— پېشانەڭ نېمە بولدى ؟

— مۇگدەپ قېلىپ ئۇسۇۋالدىم .

— ياۋاش بول .

چىراغ ئۆچۈرۈلدى . تۈرمە ئىچى يەنە گۆردەك تۇس ئالدى . رەھمان تورغاي بىردەم ئولتۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ يىغىسى سىرتقا يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى . تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان گۇندىپاي خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى :

— ئەجەب خوتۇن كىشىدەك يىغلايدىغان نېمىكەن . ھا ، ھا ، ھا…

ئۇ تورغىيىنى ئوغرىلىغان بىر باللىنى تۇتۇۋېلىپ پېيىنى كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، تۈرمىگە چۈشۈپ قالغانىدى . ئۇنى ئايالى يوقلاپ كەلدى .

— دەرھال ئۆيگە قايتىپ باللارغا ئېيت ، تورغايلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتسۇن . قەپەستىن چىقىرىپ ئۇچۇرۇۋېتىڭلار !

ئايالى ھەيران قالغان ھالدا دېدى :

— شۇنچە پۇلغا ئالغان تورغايىنى بىكاردىنلا قويۇۋېتەمدۇق ، بىزنى باقالمايدۇ دەپ شۇنداق دەۋاتاملا ؟ باللار تورغايلارغا سىلىدىنمۇ ئۆتە ئامراق ، شۇنداق ياخشى بېقىۋاتىدۇ .

— ئاغزىڭنى يۇم ! مەن قويۇۋەت دېگەندىكىن قويۇۋېتىش !

— ئەمىسە سېتىۋېتەيلى ، نەچچە مىڭ كويلۇق تورغايىنى بىكاردىن بىكار قويۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ ، ماقۇل دېسىلە ، سېتىۋېتەيلى ، پۇلنى شامالغا ئۇچۇرمايلى .

— ھۇ غەرەز ئۇقمايدىغان كالۋا ، مەن قويۇۋەت دېگەندىكىن قويۇۋەت . تورغايلارنىڭ قەپەستىن چىقىشى مېنىڭ ماۋۇ قەپەستىن قۇتۇلۇشۇمنى بەلگىلەيدۇ . ئاڭلا ، مېنى قىساس تۇتۇپتۇ ، ئاشۇ تورغايلارنىڭ قىساسى تۇتۇپتۇ .

ئايالى ھەيران بولغىنىدىن داڭقېتىپ قالدى .

— ھاڭۋېقىپ تۇرماي چاپسان بول ، ئالۋاستى .

— بۇنى قانداق بىلدىلە ؟

— ئىپلاس ، چۈشۈمدە ئايان بولدى ، چۈشۈمدە !

ئايالى ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى . ئەمدى ئوغلى

كەلدى . ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغانىدى .

— قانداق بولدى ؟ — تەقەززا بولغان رەھمان تۇرغاي پوكىنىنى پولات چۆنقا چىڭ يېقىپ زارلانغان ھالدا سورىدى .

— قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئۈچ كۈن ئوچۇق قويسام چىققىلى ئۇنىمىدى . ئۇلار قەپەسكە كۆنۈپ قاپتۇ .

— بەتبەخت ، سەن ئۇلارنى تۇتۇپ ئەپچىقىپ ، ئاسمانغا ئېتىپ ئۇچۇرۇۋەتسەڭ بولمامدۇ ؟

— چىچىلمىسىلا دادا ، ئۇنىمۇ قىلدىم . ئاسمانغا ئاتسام چالمىدەك پوككىدە يەرگە چۈشۈۋاتىدۇ . ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت ئۇچمىغاچقا ئۇچۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ ، بولمىسا ھەممىسى بېجىرىم ، قانىتى ساق ، ئەمما ئۇچالمايدۇ ، قەپەسكە يۈگۈرەيدۇ…

بالا بوغۇلۇپ كۆزىگە ياش ئالدى . دادىسى لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

— ھە ، مۇنداق ـ دە… مۇنداق ـ دە . ئەسلىدە ھايات مۇنداق دېگىن . سەن… سەن ئۆگەت ، ئۇلارنى سايلىقتا ئەپچىقىپ ئۇچۇشنى ئۆگەت ، ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشىڭ شۇ بولسۇن ، باشقا ئىشنى قوي . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويما ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەت . كۈتۈپ تۇر . ئۇلار زېرىنغا ئۇچرىسا ، سەنمۇ داداڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن بالام . ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئەسلىدىكى ياشىغان ھاياتىنى ، ماكانىنى ئەسكە ئالىدۇ ، ئاندىن ئۇچىدۇ ، ئەنە شۇ چاغدا داداڭمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولالايدۇ .





www.uyghurkitap.com

# تىرىلىش

مەن تەڭشىلىپ قالدىم. ياق، سەنمۇ تەڭشەلدىڭ، ئۇمۇ تەڭشەلدى، ئىشقىلىپ، ھەممىمىز تەڭشەلدۇق. ھا... ھا... ھا... ھەممىمىز تەڭشەلدۇق، تەڭشىكىمىز شۇنداق قاملاشتىكى... ھۆ زۇۋانىڭغا، بىز ساراڭ بولغان ئوخشايمىز. ئەسلى بىزنىڭ تەڭشىكىمىز يوقمىدى؟ قايسى مەلئۇن تاپتى بۇ گەپنى. مانا، مانا مۇشۇ بىر توپ مەستلەر، قاۋاقتا پاتماي يولغا كىرىۋالغان كىزىكنىڭ پىتلىرىدەك تارقاپ كەتكەن مەستلەر تاپقان گەپلەر، باشقا گەپ تاپالمىدۇق. بىز ئىچمىگەن ۋاقتىمىزدا پاڭقۇش، گالدۇرۇك، كالۋا، ئىچكەن ۋاقتىمىزدا تەڭشىكىمىز بولامدۇ؟... قانداق تەتۈرلۈك، ساق دەسسەپ ماڭغاندا تەڭشىكىمىز يوق، ئىچكەندە بار. ئاللا ئەسلى ھەممە ئىنساننى ھاراقسىز تەڭشىكى بىلەن ياراتسا، بىز ئىچىۋېلىپ تەڭشىكىمىزنى تاپامدۇق؟... ھا... ھا... ھا... ساراڭ بوپتىمىز. سەن جادۇگەر مانا مۇشۇ پۇچۇق پىيالەڭدە بىزنى تەڭشەيسەن. بىز تەڭشەلگەندىن كېيىن خوراز بولىمىز، ئىت بولىمىز، ئېشەك بولىمىز، توڭگۇز بولىمىز، يولۋاس بولىمىز، تۈلكە بولىمىز. ئاخىر بىر زەمبىل پوق بولىمىز. مانا بىزنىڭ تەڭشىكىمىز، بىزنى مۇشۇنداق تەڭشەيسەن... ھا... ھا... ھا... راست دېدىمۇ، ھە... دېگىنە، مەن ھازىر نېمە بولدۇم، ئىت... قانجۇق بولدۇممۇ، قاۋاۋاتىمەنمۇ... ماقۇل، سەن نېمە دېسەڭ مەن

www.uyghurkitap.com

شۇ بولاي . يەنە يۈز گرام بەرگىن ، قەرز دەپتىرىڭ توشۇپ كەتكەن بولسا كەينىگە يېزىۋەر . مەن پەقەت مۇشۇنداق قاۋاپ يۇرسەملا... بەرگىن خۇش بولاي ، سەن ياش بولغان بولساڭ مەندەك بىر ئوغۇل بالىنى قەرزدار قىلمايتتىڭ ، سەن موماي ـ دە... ها... ها... ئوبدان خان ئاچا خۇش بولاي ماقۇل دە . مۇشۇ ئايلىق مائاشىمدا ھەممە قەرزىمنى ياندۇرۇۋېتىمەن . نىمە ، يېرىم يىللىق مائاشىمۇ يەتمەمدۇ ؟... مەيلى ، پۈتۈن شەھەر كۆيۈپ كەتسىمۇ ، بىر تال تۈكۈم تەۋرەپ كەتمەيدۇ ، ئاخىر دۇكىنىڭغا ئوت قويىۋۇۋېتىمەن . دادامدىن قالغان ئۆي ، ئون پارچە گىلەم ، يەنە مائاشىم ، ئابرۇيۇم ھەممىسىنى سەن مۇشۇ پوچۇق پىيالەڭ بىلەن تارتىۋالدىڭ... ئوبدان ئاچا ، ئۇ دۇنيادا ئەگەر ھەممە ئادەمگە ھاراق ئىچۈرگەن گۇناھىڭ ئۆچۈن دوزاختا بۆيرۇلساڭ ، مەن جەننەتكە بېرىشقا لايىق بولسام ، مەن خۇدادىن سىنى مېنىڭ ئورنۇمدا جەننەتكە كىرگۈزۈشنى تىلەي . يەنە يۈز گرام بەرگىن ، ماشا ئىشەن ، مۇشۇ ئايلىق مائاشىمدا خۇدا بۇيرۇسا بېرىۋېتىمەن . كونىسىنىمۇ ، يېڭىسىنىمۇ ھەممىسىنى بېرىۋېتىمەن ، ئىشەن . قىينانام بۇ ھېيتتا خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىزگە بىردىن سارجا پەلتو قىلىپ بەردى . خوتۇنۇم ساندۇققا سېلىۋېلىپ چىقارمايۋاتىدۇ . بىر كۈن ئەمەس ، بىر كۈنى ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ ئىككى پەلتونى ئەكەلسەم كونا قەرزىم تۈگەر... ھە ، مەيلى قىرى ، يېرىمىغا ھېساب قىلساڭمۇ ، راست ، ئىشەنمەمسەن ؟ بىر ئۆي بىلەن ئون پارچە گىلەمنى بەرگەنگە ئىشەنگەن يەردە ، ئاشۇ پەلتونى بېرىشىمگە ئىشەنمەمسەن ؟ مەن ھاراقنا كەلگەندە قىلىمەن دېگەن ئىشىمنى قىلىمەن . ماقۇل دە ، مەن ئەسلى باي ، سەن يالاڭ تۆش دىۋانە ئىدىڭ . ئەمدى ئىككىمىز ئالماشتۇق . بۇرۇن سەن بويۇن قىسىپ يالۋۇراتتىڭ . ئەمدى مەن يالۋۇرىمەن . خۇدا بىزنى مۇشۇنداق قوش كىندىك ياراتقان . كىم بىلىدۇ ، ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇپ قالىمەنمۇ تېخى . ها... ها... ۋاي...

ۋاي ، ئۇ چاغدا مەن ئاشۇ ھاراق تۇڭىدا چىلىشىپ ئولتۇرۇپ ، ئىچە مەستلەر ، ئىچە ، دەپ تازا بەرمەيدىغان بولسام . سەن بېيىغانچە چىڭىپ كەتتىڭ ، مەن باي چېغىمدا سەندەك پىخسىق ئەمەس ئىدىم . خوش بولاي ، ئوبدان خان ئاچا ، جېنىم ئاچا ، تاتلىق ئاچا . يۈز گىرامغا ھېساب ئەللىك گرام بەر... ھە ، خوشە مانا ئىچتىم . گۆرۈڭدىن توڭگۈز قوپقۇر . ئىچىمدىكىنى تاپ دېگۈچە بالدۇرراق ئوچۇقىنى دېسەڭ بولمامدۇ ، جېنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ... يەنە بېرەمسەن ، ياق ، ئەمدى ئىچمەيمەن ، ئەمدى ئىچسەم قەرزگە ئىچكەن ھارىقىمنىڭ ھەممىسى يەنە دۇكىنىڭدا قالىدۇ . ماقۇل ، خەير سۆيۈملۈك ئاچا ، خان ئاچا خۇدا ساڭا يېقىن . سەن ئۆمۈر بويى بىزنى مەست قىلىپ يىلىكىمىزدە سۇ ئىچىسەن ، بىز مەست بولۇپ ئەقلىمىزنى يوقىتىمىز . ئۆلۈكىمىز دۇكىنىڭدىن چىقىدۇ... ھا... ھا... ھا... ئىچىڭلار مەستلەر . ئىچىڭلار ، ئەرزان ھاراق . زەھەردىن قىممەت ھاراق خوشە... ھۇررا ، ئىچىڭلار... ئۆلگۈدەك ئىچىڭلار... خوشە... ھۇررا!... مەن كەتتىم . ئۆلسەم ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنى ئوقۇڭلار...

— كەتتىڭمۇ توختى مەست ؟

بولۇڭدىن شالى قۇيۇلۇپ ، كۆزى يۇمۇلۇپ قالغان بىرى شۇنداق دېدى .

— ھە... ھىم... سەن كىم ، ئاناڭنى ، ئوبدان بۇرادەر ، مېنى بىلىدىكەنسەن . سەن... سەن ھازىر ئوبدان تەڭشىلىپسەن . مەندىنمۇ ئوبدان تەڭشىلىپسەن . مەن سەندەك تەڭشەلمەيمەن . سەندەك تەڭشىلىپ قالسام خوتۇنۇم ماڭا باشقا ھاراقنى ئىچۈرىدۇ . مەن تالادا ئۇخلايمەن ياكى بوسۇغىدا...

توختى مەستىنىڭ قىزىرىپ خۇنۇكلىشىپ ئۈيقۇسىرىغان كۆزلىرى تارتىشىپ ، ئىشىك ئالدىدا شىرە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ ئىچىشۋاتقان مەستانىلەرگە تىكىلىپ قارىدى . سېمىز بىرى يېنىچە بولۇۋېلىپ تىلەپ ئىچىدىغان بىر ھاراقكەشكە گەپ قىلىۋاتاتتى .

قولىدا پۇچۇلۇپ كەتكەن پىيالىدە يېرىم هاراق بار ئىدى.

— خۇش بولاي غوجام دېگىنە...

— خۇش بولاي غوجام، — ئەگىشىپلا دېدى ئەرۋاھ ئوخشايدىغان تىلەمچى هاراقكەش تىترەپ هەم هىجىيىپ تۇرۇپ.

— ئاكا دېگىنە.

— ئاكا.

— دادا دېگىنە.

— دادا.

— ها... ها... ها...

— ها... ها... تۇتە ئىچە... ياشا... ئۆلمەي مۆشۈنداق ياشا، ئۆمۈر بويى تىلەپ ئىچ، يالۋۇرۇپ بويۇن قىسىپ ئىچ، سەندە ۋىجدان، غۇرۇر بولمىسۇن، يانچىل، مىجىل، قۇرتتەك يۇمشاق، ئەۋرەز پاقىسىدەك شەرمەندە ياشا.

هەممە مەستلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. توختى مەستمۇ كۈلۈپ سالدى.

— هەي دولقۇن يەنە ئىچەمسەن؟ — شەپكىنى گەدىنىگە كىيىۋالغان يەنە بىرى سورىدى. دولقۇن ئەرۋاھتەك يەنە دىكىلدەپ هىجىيىپ كەلدى. ساقال باسقان سېرىق چىراي خۇشلۇقتىن چىبەرقۇتتەك قورۇلۇپ كەتتى ۋە يېرىم پىيالە هاراقنى قولىغا ئالدى.

— هەي!؟...

— خوش تەقسىر.

— تەقسىرىڭنى قوي كاززاپ...

— ها... ها... ها...

— ما هاراقنى ئىچەمسەن؟

— بەرسىلە ئىچىمەن.

— ماۋۇ تۇلۇم خوتۇندىن پۇلغا ئالساڭ نەچچە پۇلغا ئالىسەن؟ ئەرۋاھ بويىنىنى سوزۇپ پىيالىگە قارىدى.

— بەك قارا، سىنچىلاپ قارا.

— ھە... ھەقىچان ئەللىك پۇڭغا ئالىمەن.

— پۇلۇڭ بارمۇ؟

ئۇ ھىجايدى، بوينى قىسىلىپ كەتتى.

— پۇلى يوق ئادەم پۇلى بارغا تەزىم قىلامدۇ، قىلمامدۇ؟ دولقۇن گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجايدى.

— گەپ قىلە! — گۇندىپايدەك سەت ۋارقىرىدى قاراگىر ئادەم.

— ھە، تەزىم قىلىدۇ! — ئۇ دىڭگىدە چۆچۈپ كۆزلىرى چىمىلداپ كەتتى.

— نان تىلەيدىغان تىلەمچى نان بەرسە دۇئا قىلىدۇ، سەن ھاراق تىلەيدىغان تىلەمچى بولغاندىكىن تەزىم قىل، بولامدۇ؟

— قانچىنى تەزىم قىلىمەن؟

— بىر تىيىنغا بىرنى.

— ئە... ئەل... لىكنى؟

— ھاراق ئىچكۈڭ بارمۇ؟ نەپسىڭ بىسىلىپ قالدىمۇ؟ ئەرۋاھ يەنە ھىجايدى.

— غاچ گەپ قىل، بولمىسا كۆتۈر قاسقىنىڭنى، ئۆزۈم ئىچىمەن، ئىبىسىل مەي، پۇراقلىق مەي، ئىشقى بار مەي.

— قىلاي، قىلاي، ئازراق تەزىم قىلاي.

— يوقال، ئۆزۈم ئىچىمەن. ئىچىدىغان ئىشىڭ بولسا بىرىنى كەم ئەمەس ئەللىكنى، بولمىسا يوقال.

دولقۇن ئەرۋاھنىڭ ئاغزىغا يىغىلغان سىرىق سۇ جاۋغىيىدىن ساقىدى.

— ماقۇل، مانا بىر، ئىككى...

— ھېساب ئەمەس، توختا. بۇنداق قىلساڭ ھېساب ئەمەس. كىنودا گادايىنىڭ پادشاھقا تەزىم قىلغىنىنى كۆرگەنمۇ؟ مېنىڭ پۇلۇم بار، مەن ھازىر پادشاھ، سەن گاداي، تىزلان، تىزلىنىپ

تەزىم قىل.
— ماقۇل، مەن تىزلىناي.
دولقۇننىڭ دىردىيىپ چىققان كېكىردىكىدىن غورۇلداپ ئاغا چىقتى. تەلمۈرۈشتىن پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى قىزىرىپ ئېشەكنىڭ كۆزىدەك مىسكىن ھەم ھېسسىياتسىز ئىدى. ئۇ تاقىلداۋاتقان نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تاققىدە تىزلىنىپ تەزىم قىلىشقا باشلىدى. قاراگىر تومپاي ئادەم سانىغىلى تۇردى.
— ئۈچ… ئالتە… پېشانەڭ يەرگە تەگمىسە ھېساب ئەمەس… سەككىز… توققۇز… ھە، ھەببەللى، ئون، ئون بىر، ئون ئىككى… ھا… ھا… ھا…
مەستلەر تىزغا شاپىلاقلاپ كۈلگىلى تۇردى.
— ئاپلا، بالدۇرراق مېنىڭ ئەقلىمگە كەلسىچۇ؟ ھا… ھا… ئەمما، توختى مەست شۈكلەپ قالدى. كۈلمەكچى بولۇۋىدى، ئىچىدىن كۈلكە چىقماي ئاسماندىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، پۈتى ئاسمانغا، بېشى يەرگە بولۇپ قېلىۋاتقاندەك بېشى چىڭقىلىپ كەتتى.
— يوقال… يوقىلىش، دوزاخنىڭ مىتىلىرى…
ئۇ بۆرىدەك سوۋۇلىپ ئېتىلىپ كەلگىنىچە تەزىم قىلىۋاتقاننىڭ كۆتىگە بىرنى تەپتى. دولقۇن ئەرۋاھ «ۋاي… جان» دەپ تۈۋت قەدەم يەرگە دومىلاپ كەتتى. قاراگىر تومپاي ئادەم ھاڭۋېقىپ قالدى. بىر مۇشت كۆتەكتەك گەدىنىگە تېگىپ ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى…
— يوقال، ھۇ خۇدانىڭ ئاسىيلىرى، ئادەم ئەمەس توڭگۇزلار… سەن كىمنىڭ پادىشاھى… سەن كىمنىڭ گادىيى… ھە… توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن.
توختى مەستنىڭ ئالدىغا يەنە بىرى يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى، بىر كاللا قويۇپ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى. شىرە ئۈستىدىكى بوتۇلكىلار بىلەن بىرىنىڭ بېشىغا

سالدى ، شىرەنى بىر تېپىك بىلەن ئۆرۈپ ، يۇگۇرگىنىچە تامنى بويلاپ قۇيۇندەك كەتتى . ئۇ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندەك ۋارقىراپ ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ يۇگۇردى . تىنىقى يېتىشمەي قاتتىق ھاسىراپ كەتتى . يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر توختى مەستكە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالدى .

— توختى مەستنىڭ مەستلىكى چېكىدىن ئېشىپ غالجىر بولۇپ قالدىمۇ نېمە ؟

— ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ .

ئۇ يۇگۇردى ، توختىماي يۇگۇردى ، ۋارقىراپ ، يول ، كوچا ، ئادەم كۆپ يەر ، ئاز يەر ، يوق يەر ، ھەممە يەردە ئاستىلىماستىن يۇگۇردى . ئۇنىڭ ۋارقىراپ يىغلىشى ساراڭغا ئوخشىغاندەك قىلىدۇ ، ئەمما يۇگۇرۇشلىرى مەستكە ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ دوپپىسى يولدا چۈشۈپ قالدى . بىر پاي ئايىغىنىڭ پاشنىسى ئاجراپ قالدى . يۇگۇرەلمەي قىلىۋىدى ، ئايىغىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ پايپاق بىلەن يۇگۇردى...

دەريا... پاكلىق دەرياسى ، ئانا دەريا ، تۇمەن دەرياسى... ھەممە مەرەزنى ئېقىتىپ كېتىدىغان دەريا ، قەشقەردىن چىققان مەرەزلەرنى ئېقىتىپ بولالمىغان دەريا ، ئېقىتىپ بولالماي قېرىپ كېتىۋاتقان دەريا .

تاپىنىدىن قان چىقىپ ماي يولدا قىزىل ئىزلار قالدى . ئۇ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى ، يەنە لەيلەپ چىقتى . يەنە زورۇقۇپ چۆمدى ، يەنە لەيلىدى ، چۆمدى... غالجىرلىقى بېسىقىپ تىنىقى قىنىغا چۈشتى . ئوكدىسىغا لەيلىدى... كونا پاتقىلى قىزارغانىدى . سۇ يۈزى قىزىل رەڭدە لۆمشۈپ ئاقماقتا ئىدى . زەڭگەر ئاسماندا كەپتەرلەر ئېگىز ـ پەس ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ . كۆكتە قاراگىر تومپاي ئادەم خىرىلداپ كۈلۈپ ، گىرۋىكى ئۇچۇپ كەتكەن پىيالىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى . بارغانچە يېقىنلاپ كەلدى .

— ئىچە توختى مەست... تىزلان... تەزىم قىل... مەن

پادىشاھ… پۇلۇم بار .

قول بارغانچە سوزۇلۇپ ھەرە چىشلەەك پىيالە ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا كەلدى .

— يوقال… يوقال… بوغۇزلايمەن . ئاھ ، خۇدا ئۇنى كۆزۈمگە كۆرسەتمە . ئۇنى كۆرسەتمە… سەندىن تىلەي ، ئۇنى كۆرۈم كۆرمىسۇن !…

توختى مەست سۇدا سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى . يەنە غالجىرلىق بىلەن ۋارقىرىدى :

— توۋا قىلدىم خۇدا… توۋا… مېنى… گۇناھىمنى كەچۈر !… ئۇلۇغ خۇدا ئۇنى كۆزۈمگە كۆرسەتمە . مەن ئۆلىمەن… جېنىمنى ئال !…

ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ يەنە بېشىنى چاڭگاللاپ سۇغا چۆمـۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ سۇ بۇقىسىدەك بوم ئاۋازى تۇمەن دەرياسى بويىنىڭ تىنچ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى .



# رېستوراندىن ئىشرەتخانىغا

سېلىم بايۋەچچە گۇگۇمدىكى ئالىيېشىل چىراغلار خەت بولۇپ يېنىپ - ئۆچۈپ تۇرغان رېستوران ئالدىدا تۇرۇپ خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ مەمەدان كۆيۈمچانلىقى بىلەن تېلېفون ئۇرماقتا :

— ۋەي... ۋەي... ئاڭلا خوتۇن ، جومباق... مانا ، مانا... ئەڭ ئالىي رېستوراننىڭ ئايرىم خانىسىدىن ئەڭ قىممەت جوزىلىق تاماق بۇيرۇدۇم . هاراقنىڭ ئەڭ كاتتىسى . گاداي مۇئەللىم ئىچىپ بېقىش تۇگۇل ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان چەت ئەل هارىقىنى تەييارلىدىم... — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، يېقىنلا كېلىپ قالغان مۇئەللىمنى كۆرۈپ قالدى .

— هەي... هەي مۇئەللىم كېلىپ قالدى . كېيىن سۆزلىشەرمىز - هە... — شۇنداق دەپلا تېلېفوننى ئۆچۈرۈپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى .

رېستوراندىكى پۈتۈن ئولتۇرۇشتا مۇئەللىم بىلەن سېلىم بايۋەچچە ئوتتۇرىسىدا هېچقانداق گەپ گەپ بولمىدى ، قولاشمىدى . ئۇلار نېمىنى دېيىشىدىغانغا گەپ تاپالمىغاننىڭ ئۈستىگە سېلىم بايۋەچچىنىڭ ئۇزۇلمەي جىرىڭلاپ تۇرىدىغان تېلېفونى ، تېلېفوندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان پاراڭ ، مۇئەللىم بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا هېچبىر يېقىنلىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرەلمىدى . گېپىنى تاپالمىغان سېلىم بايۋەچچە هاراقنى جىق ئىچىپ تەڭشىلىپ قالدى .

شىرەدە باققالنىڭ هارۋىسىدىكى تۆكمە قىلىنغان مېۋىدەك

تۆپە ـ تۆپە بولغان ، بىر ـ بىردىن ئېسىل ئانام ـ قورۇملار شۇ پېتى قالدى .

— بۇ… بۇ قاملاشمىدى مۇئەللىم… ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ پەقەت بولمىدى . مەن سىزنى ئېچىلدۇرالمىدىم… مەن ، مەن بۈگۈن سىزنى ئېچىلدۇرۇپ خۇش قىلمىسام ھېساب ئەمەس ، جۇرۇڭ ، مەن سىزنى ئۆمرىڭىزدە ئۇنتۇلمىغۇدەك خۇش قىلىدىغان يەرگە ئاپىراي !

سېلىم بايۋەچچە دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، سەنتۈرۈلۈپ ماڭالماي قالدى . مۇئەللىم ئۇنى يۆلىۋالدى . يەنە تېلېفون كەلدى .

— ۋەي… ھە جومباق… سەنما ؟ ھە… مېنى ئۇنتۇپ قالماپسەن ـ دە… سېنى سېغىنمايدىغان ئىش بولامدۇ . ھە… قارا مەن… گۇاڭجۇدىن كەلگىلى تېخى ئۈچ كۈن بولدى . قىزىمنىڭ مۇئەللىمىنى مېھمان قىلىمەن دەپ رېستوراندا ئولتۇرۇۋاتىمىز . ھە شۇ ، بۇ يىل قىزىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى… مەن شۇ شىركەت ، سودا دەپ ھېلى ئىچكىرى ، ھېلى چەت ئەلدە يۈرۈپ ھەش ـ پەش دېگۈچە قىزىم ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈدەك بولۇپ قاپتۇ . ھازىرغىچە بالامنىڭ مۇئەللىمىنى بىلمەي… بالامنىڭ ئانىسىمۇ ، بالامىمۇ ھەممە بالىلارنىڭ دادىسى مۇئەللىملەرنى تونۇيدۇ ، پەقەت سىزلا تونۇمايسىز دەپ تولا سوقۇشۇپ ، كوتۇلداپ يىغلاپ ـ قاقشاپ ، ئاخىر مېنى قورقۇتتى . بالامنىڭ مۇئەللىملىرىنى مېھمان قىلىپ تونۇشاي ، بالامنى ئوقۇتۇپ بەرگەنگە رەھمەت دەي دېسەم ، سىنىپ مۇدىرىدىن باشقا ھەممە مۇئەللىمنىڭ ئىشى باركەن . ياق… ياق ، كۆزۈڭدە مىڭ كىشى ، كۆڭلۈڭدە بىر كىشى دەپ ، جاھاننى ئۇنتۇپ كەتسەممۇ ، سېنى ئۇنتۇمىدىغان جېنىم… خوش . بولدى… ھە ئەتە ، جېنىم…

سېلىم بايۋەچچە تېلېفوننى تاقاپ مۇئەللىمگە قاراپ ھىجايدى :

— رەھمەت مۇئەللىم ھە ، رەھمەت… سەت ئىش بولدى . سىز تولۇقسىزدىن تارتىپ قىزىمغا سىنىپ مۇدىرى بولۇپ ، تولۇقنى

پۈتتۈرۈپ مانا ئەمدى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈچە ئوقۇتۇپ بەردىڭىز. ئۇستاز ھەم ئاتا بولدىڭىز، تەربىيلەپ بەردىڭىز، مەن... ياق سىزنىڭ ئائىلە سىزگە كۆپ يۆلىنىۋالدۇق، مانا ھازىرمۇ يولۇمنى ماڭالماي سىزگە يۆلىنىۋالدىم... مەندىن باشلاپ ھەممە ئاتا ـ ئانا سىزلەر مائارىپچىلارغا يۆلىنىۋالدۇق. بالىنى تېپىشنى ھەممە بىلىدىكەن، ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇزلارغىچە... ئەمما، تەربىيىلەشتە سىزلەرگە يۆلەنمىسەك بولمايدىكەن. مانا قاراڭ، مېنىڭ سىزگە يۆلىنىپ ماڭغان كۆرۈنۈشۈم پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا يۆلىنىپ تۇرغان كۆرۈنۈشىگە ئوخشايدۇ. قانداق دېدىم مۇئەللىم؟ ئوخشىتىشىم تازا جايىغا چۈشتى دەڭا، ھا... ھا... قالتىس كەلتۈردۈم... تېخى يەنە بىرنى دەيمەن، يۆلەش دېگەننىڭ تايىنى يوق. يۆلىنىۋېلىش ھەددىدىن ئېشىپ، ئېتىم بوغۇز يېمىسىكەن، قانات چىقىرىپ ئۇچسىكەن. ئېشىكىم سامان يېمىسىكەن، بار نېمەمنىڭ ھەممىنى كۆتۈرسىكەن، دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ مۇئەللىم، تازا راست دېگەندىمەن.

— ھەئە، ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش ئاغزىدا مائارىپنى سۆزلەيدۇ. بالام، دەپ ھالى قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە سىزگە ئوخشاش ھاجىتى قىستاپ كەلگەندە، خۇددى يەنە سىزگە ئوخشاش مۇئەللىمنى ئىزدەيدۇ. مانا مەن قىزىڭىزغا سىنىپ مۇدىرى بولغىلى ئالتە يىل بولدى. سىزنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، بۇرۇن سىزنى دائىم مەن بىلەن بىر كۆرۈشكەن بولسا دەپ تەكلىپ بەرسەم، سىزنى دائىم ئىچكىرىدە ياكى چەت ئەلدە دەيتتى. كاتتا باي ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەتتىم. بالىسىغا ئالتە يىل ئۇستاز بولۇپ دادىسىنى كۆرمەي، تونۇشماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇق دېسەم، ئاخىر بۈگۈن كۆرۈشكىلى ۋاقتىڭىز يەتتى. داڭقىڭىزنى تولا ئاڭلاپ، دىدارىڭىزنى بۈگۈن كۆردۈم.

بايۋەچچە ئىككى قوللاپ مۇئەللىمنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى:

— بولدى... بولدى، مۇئەللىم، ئىزادىن ئۆلەي دېدىم، مەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

ئەيىبلىك ، لاياقەتسىز دادا بولۇپ قالدىم . ئالدىڭىزدا ناھايىتى خىجىلمەن ، مەن بۇگۈن… مانا ھازىر يىغىۋاتىمەن… ئالدىڭىزدا قايتا چاي قۇيۇپ… خىزمىتىڭىزدە بولىمەن… بالاڭنىڭ ھەممە مۇئەللىملىرىنى ئايرىم - ئايرىم مېھمان قىلىپ رازى قىلىمەن خاتالىقىمنى يۇيىمەن . مانا بۇگۈن سىزنى ئايرىم ئۇسۇلدا مېھمان قىلىپ ئالدى بىلەن سىزنى رازى قىلىمەن . ئاتا - بوۋىمىزنىڭ بالاڭنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالغان ئۇستازىنى ئاتا - بوۋاڭدىن ئەزىز بىلىپ ھۆرمەتلە ، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى بۇگۈن مەن ھەق دادىغا يەتكۈزىمەن ، مەن قاتتىق گۇناھكار… مەن ئەيىبلىك…

— مەن سىزنى ئەيىبلىمەكچى ياكى مېنى مېھمان قىلىمدىڭ دېمەكچى ئەمەسمەن . مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىۋالماڭ ، مەن ئوقۇتقۇچى بولغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئوقۇتقان بالىلىرىمنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن دائىم بولمىسىمۇ پات - پات ئۇچرىشىپ ، بالىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئۆزئارا پىكىرلىشىپ بالىنى قانداق يېتەكلىگەندە ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئورتاقلىشىپ كەلدۇق . ئاتا - ئانىلار مەكتەپكە كېلەلمىسە تېلېفون ، خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردۇق ، ئالاھىدە ئەھۋالدا مەن ئىزدەپ باردىم . بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى دېمەمسىز ، ئائىلە بىلەن مەكتەپ تەربىيىسى بىردەك بولدى . بالا مەيلى ئائىلىي مەكتەپكە كىرسۇن ياكى كىرمىسۇن جەمئىيەتتە توغرا يولدا ماڭىدىغان ، توغرا پىكىرلىك ، ھالال ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ ، جەمئىيەتكە كېرەكلىك ، تۆھپىكار ئادەم بولدى . ھازىرغىچە ھېچقانداق ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئاتا - ئانىسى سىزدەك بۇنداق كايىپ مېھمان قىلغىنى يوق . پەقەت بالا ئۈچۈن چىرايلىق سۆھبەتداش ، سەمىمىي دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق . يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىگە كەلسەك ، تاماق ۋاقتىغا كەلسە بىر نان بولامدۇ ، بارنى تەڭ يېدۇق .

سېلىم بايۋەچچە سەل سەگىپ قالدى :

— توغرا دەيسىز مۇئەللىم ، ئالدىڭىزدا راستىنلا خىجىلمەن ،

بۈگۈن مەن ئالتە يىلنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ سىز بىلەن دوست بولغىنىم بولغان، تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ كونا قەدىناس دوستلاردەك بولۇپ كېتىمەن.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، باياتىن بېرى كۆپ كايىدىڭىز، ھېلىمۇ ئۇستەلگە دۆۋىلىۋەتكەن نەرسىلىرىڭىز كەم بولغاندا مېنىڭ بىر ئايلىق مائاشىمغا كېلىدىغۇ، دەيمەن.

— ھە… ھە… بۇنى بۇنداق ھېسابلىساق دېھقانىنىڭ ئائىلە بويىچە بىر ئاي يەيدىغان نەرسىسىنى يەۋەتتۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىمىز، تەقدىر شۇنداقكەن. قىزىمنىڭ ئۇستازىنىڭ ھۆرمىتى ـ دە، ئەمدى. مەنمۇ دائىم بۇنداق ئىسراپچىلىق قىلىپمۇ يۈرمەيمەن. بۈگۈن مېنىڭ باشقا مۇئەللىملەرنى بەك زورلاپ كەتمەي، سىزنىلا زورلاپ مېھمان قىلىشىم سىز بىلەن سىرداش دوست بولۇپ قېلىش. چۈنكى، مەن سىزنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق، تۈز ـ سەمىمىي مىجەزىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ھازىر سەمىمىي ئادەم تاپماق ئاسان ئەمەس. بۈگۈن كېچە مەن سىز بىلەن بار گەپنىڭ ھەممىنى، بار تاماشىنىڭ ھەممىنى قىلىپ تۈنەيمىز. تۈنىنى تاڭغا ئۇلايمىز.

— ئەتىگەنلىككە دەرس ئۆتمىسەم بولمايدۇ، شۇڭا ئارام ئالساق.

— كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلمىگەن يەردە ئەمەسمەن. ئۆيگە كىرسەك ھەر ئىككىمىز جاھانگىر خوتۇنلارنىڭ سوراق ـ سوئالىغا قالىمىز. خوتۇندىن قورقمىساق سىز بىلەن بىزنى قانداقمۇ ئۇرۇمچىلىك ئەر دېگىلى بولىدۇ، ھا… ھا… ھەممە شەنىڭ گۇيلىرى بىزنى شۇنداق مازاق قىلغان بىلەن ئۇلارنىڭ ھالى بىزدىنمۇ بەتتەر. بۈگۈنى ئۇرغان بىلەن ئەتىسى يالۋۇرىدۇ. بىز ئۇرمايمىز ھەم يالۋۇرمايمىز، ھا… ھا… ھا… چاقچاقمۇ قىلدىم، خوتۇنلارنىڭ كۆڭلى ياخشى، چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىزگە كۆيۈنۈپ، ئاسراپ شۇنداق قىلىدۇ. ھازىر سىزمۇ، مەنمۇ ئۆيگە

www.uyghurkitap.com

تېلېفون ئۈرۈۋېتىمىز . بوپتۇ ، ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزنى ئايايلى . سىزنىمۇ ئاۋارە قىلماي ، پەقەت ئىككى سائەت ، ئىككى سائەتلا ئىچ پۇشۇقى قىلىپ مەن سىزنى تازا بىر خۇشال قىلىۋېلىمىز ، ئاندىن ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي ، — سېلىم بايۋەچچە يانفوننى قولىغا ئالدى .

— بولدى، بولدى قىلايلى .

— ماقۇل دەڭ ، پەقەت ئىككى سائەت… ھە ۋەي… خوتۇن دېگەن لەقۋاما… كىم دەيسىنا ، مەن بولماي كىم بولاتتى… ئاچە كۆزۈڭنى ، ئاڭلاپ تۇر… بۈگۈن قىزىمىز رەھىمەنىڭ مۇئەللىمى بىللە نچۇ ، كونا قەدىناسلاردىن بولۇپ كەتتۇق . مانا ھازىر ئىچىۋېتىۋاتىمىز… سورۇنىمىز يەنە ئىككى - ئۈچ سائەت سوزۇلىدۇ . سەن خاتىرجەم ئۇيقۇڭنى ئۇخلاپ ، كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدەك ئاخىرى چىقمايدىغان چۈشۈڭنى كۆرۋەر . ھە… ھە… بولدى ، تولا كوتۇلداۋەرمە… ئۆگەتمىسەڭمۇ بىلىمەن ، بولدى خوش .

— بولدى قىلايلى ، بەك كەچ بولۇپ كەتتى . ئولتۇرۇش تازا سىغارلىق بولدى ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئولتۇرساق…

— باياتىن بىرى بىر ئاپتوبۇس ئادەمنىڭ تامىقىنى يېدۇق ، ئەمدى مەن سىزنى يەيدىغان يەرگە ئاپارمايمەن . سىز مۇئەللىم ، ياق… ئويلاپ باقسام ئىككىمىز تەڭ دېمەتلىك ئىكەنمىز ، سەن - پەن دېيىشىپ ئارىلىقتىكى تامنى ئۆرۈۋېتىپ بىراقلا يېقىنلاپ كېتەيلى . ئەمدى قارا ئاداش ، مەن سېنى چەت ئەلنىڭ زۇڭتۇڭلىرىدەك بىر راھەتلەندۈرۈۋېتەي ، ھازىر شۇنداقلا بىرىپ ئۇخلىساق قارنى بالالىق قىلىپ ئۆلۈپمۇ قالمايلى ، بىردەم دورىلىق سۇغا چىلىنىشىپ ، ھورداقتا كىرىپ تەرلىنىپ… ھە… مانتىدەك قىزلار بەدىنىمىزنى ئۇۋۇلاپ قويسا ئاندىن سۇ ئۈزۈپ ، تاماقنى سىڭدۈرۈپ ، ئۆيگە كېتىمىز . ماقۇل دېسەڭ ، تاڭ ئاتقۇزىمىز ، بولمىسا ھېچبولمىغاندا ئىككى سائەت بولسىمۇ ساڭا ئېيسىلغىنىم ئېسىلغان . ئۆيۈڭنىڭ تېلېفونىنى دە ، تېلېفون ئۇرۇپ جاھانگىر

خانىمدىن ئىچىۋاتىمىز دەپ رۇخسەت سورايمىز.

— ئۆيدە تېلېفون يوق.

— تېلېفون يوق؟! بۇ قانداق گەپ، تېلېفون دېگەن ھازىر كوچىلاردىكى تېلېفونلاردىمۇ ھاسىنىڭ ئورنىدا تۇرسا، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە تېلېفون بولمىسا قانداق بولۇپ كەتكىنى. بولماپتۇ. ئەتە مەن ئۆيۈڭگە، قولۇڭغا تېلېفون قىلىپ سېنى ئۇچۇرلاشقان زامانىۋى مۇئەللىم قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن، شەرت مەن دېگەنگە ماقۇل دەيسەن.

— بولدى، بولدى قىلە، ئويناتمىدىغان، تېلېفونغا خەجلەيدىغان پۇلغا سىنىپقا پارتا ئەپ بەرگىنە، مېنى ئويناتقانغا ھېساب بولسۇن، ئېشىنساڭ سىنىپتىكى نامرات باللارغا ياردەم قىل.

— ھېساب، سەن دېگەن ئىشلارغىمۇ يېتىشىمەن. ئۇنىمۇ قىلاي قارا، لېكىن مەن سېنى ئاللىقاچان مەن دېگەن يەرگە ئەكىرىپ بولدۇم. تارتىشما، مۇشۇ بىر قېتىم لەۋزىمنى يەردە قويماي، ماڭا قويۇپ بەر، ئۆزۈڭنى قويۇپ بەر، بۇنىڭدىن كېيىن سەن تەلەپ قىلمىساڭ مەن سېنى ھەرگىز بۇ يەرگە زورلىمايمەن. مېنىڭ پۇلۇم جىق دېگەن بىلەن سۇپۇرۇۋالمايمەن، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ دېگۈدەك ئاران تاپىمەن، بۇ قېتىم بىر نۆۋەت مېنىڭ رايىمغا قويۇۋەت. جۇرە، ئاۋۋال تانسا ئوينايمىز، ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتقۇچى دېگەن بۇنداق يەرنىمۇ كۆرۈپ قويۇشى كېرەك. بۇنى كۆرمىسەڭ باللارغا نېمىنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ سۆزلەيسەن، تانسا ئويناۋېتىپ پۇتۇشۇپ قالساڭ، دىلىڭ تارتسا خاتىرجەم، قانچىلىك دېسە شۇنچىلىككە ماقۇل دەۋەر، ھەمراھ بولغان ساھىبجامال ھەممىنى ئۆزى دەيدۇ، ھەرگىز ياق دېمە. ھېساباتنى ئاۋۇ مېنىڭ خىزمەتكارىم قىلىدۇ، دەۋەر، ھەرگىز خىجىل بولما. بۇ بىر پۇرسەت، بۇ پۇرسەتنى مەن پەقەت بۈگۈن ساڭا بىرلا قېتىم يارىتىپ بېرىمەن. غەنىيمەت بىل، —

بايۋەچچە مۇئەللىمنى تارتىشتۇرۇپ ، سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك يەر ئاستىدىكى رەڭگارەڭ غۇۋا چىراغلىق قاراڭغۇلۇققا سۆرەپ كىردى. «دوزاخ مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈردى مۇئەللىم دىمىقىغا ئۇرۇلغان ئېچىمال پۇراقتىن يۈرىكى سىقىلغاندەك بولۇپ.

— سىلەرگە نېمە خىزمەت كېرەك ؟ — سورىدى كېلىشكەن بىر يىگىت ئايالچە ناز - كەرەشمە بىلەن بەللىرىنى تولغاپ ، قاش - كۆزلىرىنى شەھۋانىي ئوينىتىپ ، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ .

— ئۆزى چىرايلىق ، تومۇچۇقنىڭ بالىسىدەك شوخ قىزلاردىن قانچىسى بولسا شۇنچىنى چاقىر . ئۆزىمىز تاللايمىز ، كېيىنكى گەپنى ۋاقتى كەلگەندە قىلىشىمىز .

— خوپ… تاللىق باغنىڭ ، ياق ، يېڭى باغنىڭ مېۋىسىنى سىلەر دەسلەپ قىلىدىغان بولدۇڭلار - دە ، تەلەيلىك مېھمانلار كەنسىلەر ، بىر تېتىپ قالساڭلار بۇ يەردىن مېھرىڭلارنى ھەرگىز ئۈزەلمەيسىلەر .

مۇئەللىمنىڭ تېنى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ ئارقىغا ياندى .

— نېمانداق قىلىسىز مۇئەللىم ، كىرىپ قۇرۇق چىقىپ كېتەي دەمسىز ، قارىڭا ئاۋۇ ئاق قولاردەك قىزلارغا ، ۋاھ… ۋاھ… بىر - بىرىدىن كىچىك باچكىلاركەنغۇ… باغچىدىكى قەپەسكە سولانغان رەڭلىك بىر چىشلەم قۇشقاچلاركەنغۇ ئاھاي… سىلىمۇ مەندەك ئوغۇل بالا بولىغاندىكىن ، كۆزۈڭلىنى چوڭ ئېچىپ قاراڭلا دەيمەن… ھەي كۆزمونچاقلار ، ماۋۇ يۈزى ئېچىلمىغان مېھماننىڭ يۈزىنىمۇ ، كۆزىنىمۇ… نەرىنى ئېچىشنى خالىساڭلار شۇ يېرىنى ئېچىڭلار ، قايسىڭلار ، قانچىڭلار ئاچالىساڭلار بەش يۈز كوي مۇكاپات بېرىمەن .

قىزلار چۇرقىرىشىپ مۇئەللىمگە ئېتىلىشتى .

قىزلار مۇئەللىمنى تۇرغان يېرىدىن تارتقۇشلاپ سۆرەپ

مېڭىشتى··· بەكرەك يورۇق بىر جەينەككە كەلگەندە قىزلارمۇ، مۇئەللىممۇ بىر ـ بىرىنى ئېنىق كۆرۈشتى.

— سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— ۋاي··· مۇ··· مۇئەللىم···

قىزلار قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا بىر چىرقىراپلا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، دەسسىشىپ دېگۈدەك غايىب بولۇشتى. مۇئەللىم داڭ قاتقانچە تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدى مۇئەللىم، قىزلار كوكۇيۇن چاقنان بايتالدەك قېچىپ كەتتىغۇ··· ھەي قىزلار، نېمىگە قاچىسىلەر؟ توختاڭلار··· نېمە ئىش بولدى مۇئەللىم؟···

— باشقا ئىش بولمىدى. ئۇلار قىزىڭىز رەھىمەنىڭ ساۋاقداشلىرى، مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم.

— نېمە، مېنىڭ قىزىم يوقتۇ؟

— بىلىپ بولالمىدىم.

— ھە··· ئەگەر مېنىڭ قىزىم بولىدىغان بولسا، پاچىقىنى چېقىۋېتىمەن، راست گەپ قىلىڭ مۇئەللىم، مېنىڭ قىزىم بارمۇ ـ يوق، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ مۇئەللىم دەپ ھۆرمىتىڭنى قىلىپ قويسام، ئەجەب قېتىپ كەتتىڭغۇ؟ دېگىنە، راست گەپ قىل، قىزىم بارمۇ ـ يوق··· بولمىسا سېنىمۇ زۇۋانىغا كەلتۈرەلەيمەن جۇما، سەن بىلەن قىلىدىغان ھېسابات بار تېخى، سەن باللارنى مۇشۇنداق تەربىيىلىدىڭما··· نەگە قاچتى؟··· مەن تاپىمەن. بارلا بولسا، قىزىممۇ، سەنمۇ··· ئانىسى، ھېچقايسىڭ مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن···

سېلىم بايۋەچچە دەرغەزەپ بىلەن ئىچكىرىگە ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى.

2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# چىراغ

ھەبىبىخان موماي جاينامازنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا ، ئۆي ئىچىنى خىلىلا قاراڭغۇلۇق قاپلاپ بىرنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولماي قالدى . ئۇ كەچلىك تاماقتا ئالدىراپ قالغانىدى . ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ قازان باشلىرىنى ئىلغا قىلغىلى بولماي قالدى . چىراغنىڭ يىپىنى تارتتۇيدى ، چىراغدىن پاراسلاپ ئوت چىقىپ يالت - يۇلت قىلىپ بىر ئوت چاچرىغان بىلەن تەڭ چىراغ بىرلا يورۇپ ئۆچۈپ قالدى . كۆيۈكنىڭ ھىدى پۇرىدى . ھەبىبىخانىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالدى . ئۆينى بارغانچە گۆردەك قاراڭغۇ جىملىق قاپلىدى .

— ۋاي خۇدايىم ، ئۆي دېگەندە چىراغ بولمىسا گۆركەنغۇ ؟ ئىپتىمالىم چىراغ كۆيدى . شام بارمىدۇ ؟ !…

ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ تارتمىنى تېپىپ ئاختۇرۇپ شامنىمۇ تاپالمىدى . ھەممە ئۆينىڭ چىرىغى كۆيگەنىدى .

— يائاللا ، باللارنىڭ دادىسى بىر چىقىۋالسا خۇپتەننى تۈگىتىپمۇ جامائەت بىلەن كوتۇلدىشىپ مەسچىتنىڭ ئالدىدا كېچىگىچە بازار قىلىپ ئاندىن كىرىدۇ . ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ !

موماي ئۆزى بىلەن ئۆزى كوتۇلداپ قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرگەندە ، دۇكاندار ئوغلى رۇستەم كىردى .

— ئاپا… ئاپا… بارمۇ سەن ؟

— بار بالام ، بولمامدىغان .
— چىراغ ياقماپسەنغۇ ؟
— ئەجەب ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىڭ بالام .
— نېماداق جىنغا ئوخشاش چىراغ ياقماي ئولتۇردۇڭ ؟ —
رۇستەم چىراغنىڭ يېپىنى تارتىپ چىراغ يېقىلمىغاندىن كېيىن ،—
تـوك يوقمىكىن دېسەم ، ھەممە خەقنىڭ ئۆيىدە چىراغ يېقىقلىق
تۇرىدۇ ، — دېدى .
— بايا چىراغ كۆيۈپ كەتتى .
— تاماق تېخى پىشمىدى ـ دە .
— شۇ ، قاراڭغۇدا قازانغا تەمشەلمەي ئولتۇردۇم بالام .
— ئاھاي ، ئەتىگەندىن بېرى دۇكاندا خېرىدار بىلەن بولۇپ
قورسىقىم ئاچ قالدى . كوچىدىلا تاماق يەي دېسەم ئۆينىڭ تامىقىنى
يېمىدىڭ دەپ كوتۇلدايسەن . ئاپام ئەتكەن تاماقنى يەي دەپ كىرسەم
تاماق ئەتمەيسەن ، ئەجەبمۇ تويدۇمغۇ ؟ !
— تاماقنىڭ ھەممە راسكالىقىنى قىلىپ قويغان…
مومايىنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۇشۇپ بولغۇچە ئوغلى ئىشىكنى
جالاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى .
ئۆينى يەنە قاراڭغۇ جىملىق باستى .
— ھوي… ھوي… ئۆيدە… خوتۇن بارمۇ ، سىلە… چىراغ
ياقماپسىلەغۇ ؟
ئۆيگە بوۋاي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كىرىپ كەلدى .
— نېمىشقا چىراغ ياقمىدىڭلا ؟
— چىراغ كۆيۈپ كەتسە نېمىنى ياقىمەن ؟
— قاراڭغۇدا ئولتۇرغۇچە نېمەڭلا بولسا شۇنى ياقماسىلە !
— شامۇ يوقكەن ، تۈگەپتۇ .
— ئىككىمىز چىراغ ياقالماس بوپتۇق ـ تە… ھا… ھا…
ھا…
— بېشىڭنى يەيدىغان قېرى . ئەمدى سەن بىلەن بىر نېمىنى

ياقساقمۇ يورۇتالمايمىز...
بوۋاينىڭ شائىرلىقى تۇتتى :
— ياشلىق كەتتى توك قالمىدى بىزلەردە ،
توك بولسىمۇ يورۇق بەرمەس ئۆيگە تۇگۈل كۆزلەرگە
موماي تېرىكتى :
— ئۇھوي شائىرلىق قىلغانغا ئۆي يورۇپ قالامدۇ؟ قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ چىراغ ئەكىرىڭلا چىقىپ .
بوۋاينىڭ ئوبزورچى ئوغلى كىرىپ كەلدى .
— ئەجەب دېدىڭىز ئاپا ، دادامدەك بىچارە شائىرلارنىڭ بەختسىزلىكى سىز دېگەندەك ئۆمۈر بويى شائىرلىق قىلىپ خەقلەرنىڭ دىلىنى يورۇتىمەن دەپ ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى يورۇتۇشقىمۇ مادارى يەتمىگەنلىكىدە .
بوۋايمۇ تېرىكتى :
— ھە ، تاپقان داداڭنىمۇ يوقىتا چىقىرىپ ئىنكار قىلىدىغان ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان كۆزمونچاق ئوبزورچى ، مەن شائىرلىق قىلىپ يورۇتالمىغان بولسام سەن ئوبزورچىلىق قىلىپ يورۇتۇپ باقە قېنى ؟
— ۋاي - ۋۇي شائىرغا خوتۇن بولۇپ ، ئوبزورچى ئوغۇل تۇغقانغا كانىيىمغىچە كېكىردىمغۇ ؟ دادا - بالا سوقۇشقانىڭ ئورنىدا قايسىڭلار ياندۇرساڭلا ماۋۇ ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرمامسىلە .
شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ساقچى ئوغلى كىرىپ كەلدى .
— ئاپا ، دادام بىلەن ئاكام دائىم مۇشۇنداق كوتۇلداپ سوقۇشۇشنى بىلىدۇ . دائىم ئۆينى پاراكەندە قىلغىنى قىلغان . ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرسە ئادەم بۇلارنىڭ دادا - بالا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ . ھەممە ئادەمنىڭ چىرىغى ھېچنېمە بولمايدۇ ، بىزنىڭلا كۆيەمدۇ ؟ بۇنىڭدا بىرەر گۇمانلىق ئىش ، بىرەر سىر باردەك قىلامدۇ نېمە ؟
ئاپىسى ساقچى ئوغلىغا يالۋۇردى :

— ئوبـدان بالام ، سەنـلا جانـغا ئەسـقاتىسەن . بۇ سوقۇشـقاق چۈجە ـ خورازلار سوقۇشىۋەرسۇن ، سەن گاچچىدە چىقىپ چىراغ ئەكىرىپ ، چىراغنى ياقىدىغان ئىشنى قىلە بالام .

— توختاڭ ئاپا ، چىراغنىمۇ بىردەمدە يەڭگۈشلەيمىز ، ئەمما بىرەر گۇمانلىق ئىش بارمۇ ، يوق ، مەن بىر تەكشۈرەي جۇما .

— ئوهوي ، ھەممىسىنىڭ كەسپىي كىسەللى قوزغالدىغۇ ، بۇ بىر توپ ساراڭلارنىڭ . مەن بىر توپ لاپچىلار ئارىسىدا چىراغسىز قالدىمغۇ ئەمدى .

ئۆيگە قىزى بىلەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى .

— ئاپا... نىمە ئىش بولدى .

— ئۆينىڭ چىرىغى كۆيۈپ كەتكەنتى ، ماۋۇ بىر توپ ئەر كىشى كوتۇلدىشىپ جېدەل قىلىدۇ . بىرسىمۇ چىراغنى يەڭگۈشلەي دېمەيدۇ ، — قىز بىلەن يىگىت بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا ، يىگىت چىقىپ كەتتى .

— بـولدى ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭە ، ئاپا ، مەن كەلدىمغۇ ؟ ! چىرىغىڭىز هازىرلا يورۇيدۇ ، — قىزنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ئـۆيـنىڭ چىرىغى پاللىدە يورۇدى . ھەممىسىنىڭ كۆزى چىراغ سـالغان ناتونۇش يىگىتكە چۈشۈپ ھەيران قېلىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى .

— بـۇ كـىـم ، نىمـە دەپ بىزنىڭ ئۆيـنىڭ ئىشـلىرىغا ئارىلىشىدۇ ؟ — دېدى ساقچى .

— ئاكا ، سەن بىزنىڭ ئۆيدە ئەنزە ئېنىقلايمەن دەپ ئاۋارە بولمىساڭمۇ ئىدارەڭدە جىققۇ . سىلەرگە تونۇشتۇرسام بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم .

— كېلىڭە بالام ، كاللىسى نورمال ساۋاقدىشىڭ باركەن بالام ، رەھمەت سىزگە .

www.uyghurkitap.com

# كونا قالپاقنىڭ سايىسى

مۇسا بەغەرەزنىڭ ئايالى ھەجەرخان چۆچۈرىگە چامغۇر ئاقلاۋېتىپ داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ھويلىنىڭ ئىشىكى داراڭلاپ ئېچىلىپ، چالا كەيپ بولغان مۇسا بەغەرەز قولىدا يېرىم بوتۇلكا ئەرزان ئاچچىق هاراق كۆتۈرگەن، يالاڭ قالغان بېشىدىكى چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، توپا، لاي، پاتقاق چاپلىشىپ توپىغا مىلەنگەن كۆرۈك توخۇنىڭ پەيلىرىدەك سالۋاراپ كەتكەن، يۈزلىرى خۇشاللىقتىن كونا چېپەرقۇت تامبالنىڭ تىقىمىدەك پۈرلەشكەن، ئاغزى سۆگىدىن كەتكەن كالاچتەك ھىجاراپ، شالىنى ئېقىتىپ كىرىپ كەلدى. ھويلىنىڭ ئىشىكى ئۇنىڭ بىر تېپىكى بىلەن كەينىگە قاڭقىپ ئېچىلىپ، ئۇلگۇجەك تامغا ئۇسۇپ يەنە كەينىگە يېنىپ، مۇسا بەغەرەزنىڭ قاڭشىرىغا تېگىپ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان ئېلىپ، ئاندىن ئېچىلىپ جايىدا توختىدى.

— ھوي… بەغەرەز، بۇ نېمە قىلىق ئەمدى؟

— بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم قوزىچاق بىلمەستىن چوشقىنى ئېمىپ قالغاندەك ئىشقۇ بۇ؟

— تولا كوتۇلدىما بەغەرەز خوتۇن. بۈگۈن ئىبرىڭ خۇشال. خۇشاللىقتا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي بولۇشىغا هاراق ئىچىپ يۇخادىن چىقتىم.

— نېمە خۇشاللىق دادا، ماڭا دەپ بېرىڭە. ماڭا ئەدرەك كەمپۈت ئەكەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دەپ غەلۋە قىلدى ئوغلى

تاھىر.

— سىزنى كاللىڭىزدىن ئايرىپ مەھەللە - كويدا شەرمى - ساز، رەسۋا قىلغۇدەك نېمە خۇشاللىقكەن ئۇ؟... تۇۋا، ماۋۇ ئادەم كۈپكۈندۈزدە ئەھلىمەھەللىدىن ئىزا تارتماي ئىچىپ مەست - ئەلەس بولۇۋالغىنىنى. مەھەللە - كويدىن نومۇس قىلمىدىڭىزمۇ؟ تايىنلىق قاراڭغۇ چۈشكۈچە نەس قاۋاقخانىڭىزدا قۇسقىڭىزنى پۇراپ يېتىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ خەلقى ئالەم ئۆيلىرىگە بېسىققاندا كەلسىڭىز بولماسمىدى؟ نومۇستىن ئۆلەي دېدىمغۇ. ئىشىك ئالدىغا قانداق چىقارمەن، خەقنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن، قايسى يۈزۈم بىلەن جامائەت بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ مەسچىتكە كىرەرمەن دېمىدىڭىزما؟

— ۋاي - ۋۇي ما ۋاتىلداق بەغەرەز خوتۇننى. مېنىڭ خۇشال-لىقىمنى ئاڭلىساڭ، قولۇمدىكى ماۋۇ ئېشىپ قالغان هاراقنى سەنمۇ ئىچىۋالىسەن دەيمەن خوتۇن.

— هۇ ئۆلگۈر، ئاغزىڭىزغا تاش... مېنى ئەرشىئەلاغا ئەپچىقىدىغان ئىش بولسىمۇ ئىچمەسمەن. سىزنى ھەممە نومۇستىن ئايرىغان نېمە خۇشاللىقكەن ئۇ؟

— ئاڭلاپ قوي خوتۇن، بۈگۈن مۇسا بەغەرەزنىڭ يەتتە يىللىق قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى.

— نېمە؟ — ھەجەرخان ئۇھ تارتىپ ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى.

— يەنە بىر دەڭە. قۇلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن.

— بەغەرەز خوتۇن. بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىدارە قالپاقتىن ئازاد قىپتۇ. قالپىقىمنى چۆرۈپ تاشلىغان خۇشاللىقتا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تازا ئىچتىم، بولدىمۇ؟

— ۋاي خۇدايىمەي، خۇدايىمغا يۈز مىڭ شۈكۈر. مۇبارەك بولسۇن، ئىچكىنىڭىزنى خۇدايىم ئەپۇ قىلار.

ھەجەرخان خۇشاللىقتا ئېرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— ئاپا، مەن تونۇسام سىزمۇ نومۇسنى ئۇنتۇپ دادامنى قۇچاقلاۋاتسىزغۇ؟ — دەپ يۈزىنى تۇتۇۋالدى تاھىر.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي ئۆلەي ، راست بالام خۇشاللىقتا مەنمۇ نومۇسنى ئۇنتۇپتىمەن .

ھەجەرخان دەرھال مەست ئېرىدىن ئاجراپ ، ئوغلى تاھىرنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاغزى كۈلۈپ ، كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ ، خۇشاللىقىدىن ئۆكسۈپ ھەم ئۆپكىدەپ كەتكەنىدى .

— قارا ئوغلۇم تاھىر ، داداڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپتۇ . ئەمدى داداڭنىڭ قالپىقى بولمىغاندىكىن ، خاتىرجەم ياشىيالايدىغان بولدۇق . قېنىپ ئۇخلىيالايدىغان ، قارا باسماي تاڭ ئاتقۇزىدىغان بولدۇق ، — تاھىر ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ دادىسىنىڭ لاي يۈزىگە سۆيدى .

— قولىقىمدىن ، ئىككى قولىقىمدىن تۇتۇپ سۆيە .

— ئاغزىڭىز ئاچچىقكەن ، سېسىق پۇراپ قاپسىز .

— ئەمىسە پېشانەمگە سۆي .

— دادا قالپىقىڭىزنى چۆرۈۋەتكۈچە ماڭا بەرسىڭىز مەن كىيسەم بولمامدۇ ؟

— ياھ ، ماگەپنى . ھە… سەنمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولغاندىكىن ، مەنچە بولغۇچە ئۆزۈڭ بىرنى تېپىپ كىيۋالارسەن ئوغلۇم .

— ئاغزىڭىزغا تاش ـ تۇپراق .

ھەجەرخان ئاچچىقىدا ئۆزىمۇ تۇيماستىن ئېرىنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇپ سىلىپ ، يەنە ئېرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى .

ئارىدىن ئون بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى .

بۇ كونا ھويلىنىڭ ئىشىكى داراڭلاپ ئېچىلىپ ، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ بالدۇر قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن مۇسا بەغەرەز يەنە مەست بولۇپ گىلدىڭشىپ كىرىپ كەلدى . ھەجەرخان يەنە ھەيران قالدى :

— ھۇ قېرى جوھۇت ، ئەمدى بۇ نېمە قىلىق ؟ قېرىپ نەۋرەڭ ئۆيلەنگۈدەك بولغاندا يەنە مەست بوپسەنغۇ . مەسچىتنىڭ قېرى مەزىنى مەست بولۇپ قاپتۇ دېسە ، نى ئات ، نى نومۇس ئەمدى .

قايسى يۈزۈڭ، قايسى ئاغزىڭ بىلەن نامازغا ئەزان توۋلايسەن ئەمدى؟

— توۋا قىلغۇچىنى ئاللا كەچۈرىدۇ، ئاللانىڭ جازاسىدىن رەھمىتى كەڭرى. توۋا قىلىمەن. چىدىماي ئىچىپ سالدىم.

— مېنى ئەخمەق قىلغان بىلەن ئاللانى ئەخمەق قىلىمەن دەپ ئويلىما، قېرى توڭگۇز. جامائەتنى ئەخمەق قىلىمەن دېمە ئەمدى. جامائەتكە يۈز كېلىپ قاريالىغىنىڭنى بىر كۆرەي، نېمىگە چىدىماي ئىچتىڭ؟

— بالا خاپىلىقى. بالىنىڭ ئوتى يامانكەن خوتۇن، چىدىماي ئىچىۋەتتىم. دەردىمنى، پۇخايىمنى قانداق چىقىرىشنى بىلەلمەي ئىچىۋەتتىم.

— نېمە بولدى؟ قايسى بالىغا نېمە بولدى؟ چاققان بول، يۈرىكىمنى سىقما.

— ئوغلىمىز تاھىرنى توققۇز يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىپتۇ.

— ۋاي ئوغلۇم تاھىر... ئەمدى سېنى بۇ دۇنيادا كۆرەلمەيدىغان بولدۇم... سەن، سەن كاساپەت قېرى... تۇنجى ھاراق ئىچكەن چېغىڭدا ئاغزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتكەن. ئۆلگۈچە سېنىڭ كاساپىتىڭدىن قۇتۇلالماي ئۆلىدىغان بولدۇم.

ھەجەرخان شۇنداق دەپ ھوشىدىن كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شامال ئۆتمەيدىغان تام

ئاتام زامانىدىن قالغان ئۇدۇم گەپلەرنى كىچىكىمىزدە دەپ ئوينايتتۇق. كەتمەن ساماندىن قورقىدۇ، ئىت تاياقتىن قورقىدۇ، يىلان ياقىدىن قورقىدۇ، ياقا كاماردىن قورقىدۇ، كالا ئەسكى تامدىن قورقىدۇ، شامال تامدىن قورقىدۇ. مۇشۇنداق قورقىدۇلاردىن كۆرمىگىنى دەپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە، بۇ قورقىدۇلار تۈگەپ كېتىپ، ئاخىردا «قورقىدۇ»لارنىڭ ئاخىرىنى ئۇلايدىغان گەپ تاپالمىغاندىن بىرى ئاتاڭ ئاناڭدىن قورقىدۇ دېسە، نەدە ئاتام ئانامدىن قورقىدۇ، دەپ تالىشىپ مۇشتلىشىپ، ئاخىر ئىككى تەرەپ بولۇپ «ھەربىي ـ دۈشمەن» بولۇشۇپ چالما سوقۇشقا چۈشۈپ كېتىشەتتۇق. دائىم چىقىپ تۇرىدىغان غۇر ـ غۇر شامىلى بىلەن داڭقى كەتكەن بۇ شەھەرنىڭ شامىلى مانا ئەمدى بىر قانچە يىلدىن بىرى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن قىيىدىغاق چوكاندەك شەھەرنى تۇمان، ئىس ـ تۈتەككە تاشلاپ كەتكەنىدى. ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا قالغان شەھەر قىشنىنى يۇلۇۋېتىپ يالغان قاش سىزىپ، ئۇپا ـ ئەڭلىكنى بولۇشىغا سۈۋىغان، يالغان چاچ كىيگەن تاز چوكاندەك غىلتاڭ قورغاق ھەم ياسالما ئىدى. شامال بەزمىسىدە سالقىنداپ سوزۇلۇپ ياتقان قاقاس تاغلار ھور مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقان ئوردا ناپاقلىرىنى تاماشا قىلىپ، سوزۇلۇپ چىلىم

تارتىپ ياتقان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سۇلتانلىرىدەك قاپىقىنى تۈرۈپ شەھەرگە نەزەر تاشلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ھەقىقەتەن شامالسىز قالغان شەھەر ھور مۇنچىغا ئوخشاش كۆرۈنگەندە ، بالا چاغلىرىمىزدا «قورقىدۇ» سۆز ئويۇنىدىكى «شامال تامدىن قورقىدۇ» دېگەن بېيىتلار ماڭا راستتەك تۇيغۇ بېرىدىغان بولدى . بۈرۈنقى قەۋەتسىز قورۇلىرى شامال بىلەن سۆيۈشۈپ ياشاپ كەلگەن شەھەردە مانا ئەمدى ئاسمانغا شوتا قويغان بىنالاردىن شامال يامانلاپ كېتىپ ، ئۇخلاپ قوپسا بۇرنىدىن ، ئاغزىدىن قارا بەلغەم چىقىپ ، ئادەملەر ئۆپكىسىدىن بالدۇر ئايرىلىدىغان تىنالماس كېسەل ئادەمگە چاپلاشقىلى تۇرغاندەك ئىدى . ھاۋاسى شالاڭ ئېگىز تاغلاردا ئادەم ئاسان چارچاپ ماڭالمىغاندەك ، ئىس ـ تۈتەك ئاستىدا قالغان شەھەردىمۇ ئادەمگە ھاۋا يېتىشمەي ئاسان ھارىدىغان ، ئۆيدە ئولتۇرسا زېرىكىدىغان ، تالاغا چىقسا ھېرىپ قالىدىغان كېسەلگە يېقىن بوپقالغانىدى . شۇڭا ئاشۇ شامال كەتمەيدىغان تام مېنى شامال ئۆتمەيدىغان تاملار بىلەن قورشالغان شەھەردىن نەچچە ھەسسە ئۆزىگە تارتىدىغان بولدى . غۇرۇلداپ ساپ ھاۋانى ئۇچۇرۇپ كېلىپ تۇرىدىغان يېقىملىق شامال ئۇيۇشقان ، تارتىشقان ، تالغان بەدەنلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قويغاندەك بىردىنلا راھەتلىنىپ ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ ، قۇشلاردەك يەڭگىللەپ كەتكەنىدىم . بارغانچە شەھەرگە كىرسەم ياستىپ قويۇپ ئۆلۈمىمنى كۈتۈۋاتقان گۆرۈمگە كىرىپ يېتىپ باققىنىمدەك ، تام تۆپىسىگە — ساپ ھاۋالىق شاماللىق تاغقا چىقسام ياشلىقىمغا قايتىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم . ئۆلسەممۇ قىرلىق كېسىلى بىلەن ئەمەس ، ياشلىق ھېسلىرىم بىلەن ئۆلەي دېگەن ئۈمىدتە تاغدا تۇرۇۋېلىشقا باھانە تاپتىم . «شەھىرىمدىن ماكان تەگمەي تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق» دېگەندەك ، مىڭلىغان شەھەر نامراتلىرى ھەم شەھەر ـ شەھەردىن قاڭقىپ كەلگەن سەرگەردان نامراتلار تەرەپ ـ تەرەپتىن

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇپ كەلگەن تاغ قارلىغاچلىرىدەك ، تاغنىڭ پۈت قويغۇدەك يېرىدە بىر قارىسا ئۆڭكۈردەك ، بىر قارىسا كەپىدەك ، يەنە بىر قارىسا ئۇرۇش خارابىسىدەك كۆرۈنىدىغان ساناقسىز ئۆيلىرىنى سېلىپ ، تام ئارىسىدا تاغ ئۆچكىلىرىدەك مىڭىشىپ يۈرۈشىدىكەن تاغنىڭ ئۆزىدە بىر پۈتۈن نامراتلار شەھىرى ھاسىل بولغان . ئۇلار گويا شەھەردىن چىققان ئەخلەت دۆۋىلىرى ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن سەرگەردان لالما ئىتلاردەك ، ئەخلەتلەر ئارىسىدىن يەيدىغان نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنۈشىدۇ . مەن بۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ، بالىلىقىمدا بىرگە ئويناپ ئۆسكەن ، نى - نى ئېسىل ئائىلىلەردە بايۋەچچە چوڭ بولغان دوستلىرىم ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ، مەن يېيەلمەيدىغاننى يەپ ، كىيەلمەيدىغاننى كىيىپ ، كاتتا ياشايدىغان بايلارنىڭ مانا بۇ يەردە چىرايلىرىدىن توپا ياغدۇرۇپ ، مۆكچەيگەن ھالدا بىچارە ھالەتتە يۈرۈشلىرىگە قاراپ چوڭ دادام ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «جاھان تەتۈر ئايلىنىپ ياقىلار ئىتەك بولدى ، ئىتەكلەر ياقا بولدى» دەيدىغان ھېكمەتلىك گەپلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم . شۇنداق قىلىپ ، بۇلارنى كۆرۈپ بالىلىقتىكى تاتلىق چاغلىرىم كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولدى .

— سەن يەنە دوختۇرلۇق قىلىپ لەھەڭ يەپ ، تويمىساڭ كېسەللەرنى يەپ يۈرەمسەن ؟ ئوقۇيدىغان كەسىپ دوختۇرلۇقكەن . كىچىككىنىدە ئانچە ئەقلىڭ يوق ، كۆك ماشاڭ دائىم قالماقنىڭ مەڭزىدەك قىزىل يۈزۈڭگە چاپلىشىپ ، قۇرۇپ يېرىلىپ كېتىپ يۈرۈيدىغان سىيىت ماشقا ، ئەمما تەلەيلىك ماشقا ئىدىڭ . كۆل ئارىسىدىن كۆمۈر تەرسەك ، دائىم ساڭا ئەڭ يوغىنى ئۇچرايتتى . مانا «باشتا كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەندەك ، بىز يەنە شۇ ئەبگار پېتى قىلىنىۋەردۇق . سەن ئۇن خالتىسىدەك ئاق خالاتنى كىيىۋېلىپ ، ئاق موما يەپ جان قىينىماي جان باقتىڭ ، — دېدى بالا ۋاقتىمدىكى بىر دوستۇم .

— مەن پىنسىيىگە چىقتىم .

— پىنسىيىگە چىققان بولساڭ بۇ نامراتلار شەھىرىدە چىمچىلىقىڭغا كەلگۈدەك دوختۇر يوق . يوقىلاڭ ئاغرىق بىلەن چىۋىن ئۆلگەندەك خەق بىكارلا ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئۆمۈر بويى ھوقۇقى ، ئورنى ، پۇلى بار كىشىلەرنى داۋالاپ پۇلغا تىنىپ كەتتىڭ ، تام كۆتۈرەلمىگۈدەك گۇناھقا پاتتىڭ . بۇ گۇناھلىرىڭنى سۆرەپ ئۇ دۇنياغا بارساڭمۇ ، جىنازاڭنى كۆتۈرگىلى ئادەم چىقماي قالىدۇ . ھەپىلەتەك كەپىدىن بىرنى داۋاخانا قىلىپ قۇرۇپ ، ماۋۇ پۇلى يوق نامراتلارنى داۋالاپ گۇناھلىرىڭدىن ساقىت بولۇۋالامسەن . پالتا چۇشكۈچە كۆتەك دەم يېگەندەك ، ئەزرائىل كەلگۈچە ساڭا پۇرسەت دېگىنە . ھەرھالدا ئۇ دۇنياغا پاكىزرەك بارساڭ ، قەبرە بېشىڭدا ئازغان كۆكلەپ قالسىمۇ ھېساب . بۇ يەردە شەھەردىكى بىرمۇنچە نەرسە بولمىسىمۇ ، پاقلان گۆشىگە بەرگىلى بولمايدىغان ساپ ھاۋالىق تاغ شامىلى بار .

— دەل كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ ، مەنمۇ مۇشۇ شامال تاغدا تۇرۇۋېلىشنىڭ بىرەر باھانىسىنى ئىزدەپ يۈرەتتىم . تازا ئوبدان گەپ بولدى . مۇشۇ كۆرسەتكەن ئەقلىڭ ئۈچۈن ، بالا ـ چاقىلىرىڭنى بىكارغا داۋالايمەن .

— كۆك پوتلا چېغىڭدا لاپچى ئىدىڭ ، يەنە شۇ خۇيۇڭ قېرىغىچە تازىنىڭ قۇمىقىدەك چاپلىشىپ كەپتۇ . خاتىرەڭنى جەم قىل . بۇ يەردە ھېچنېمىسى يوق كۆك نامراتلار بولغان بىلەن خەقنىڭ بىرنېمىسىنى بىكارغا ئالىدىغان بىكار تەلەپ قارا كۆڭۈللەر يوق . دوراڭنى بىكارغا يېمەيمەن ، ئەرزان پۇللۇق داۋالاپ قويساڭ ، سەن زىيان تارتمىساڭ بولدى . شۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن سېنى بېشىمىزدا كۆتۈرىمىز .

شۇنداق قىلىپ ، ياسىن تەخەي لەقەملىك ئاكا ئاغىنەمنىڭ سالا ـ سۇلىسى بىلەن تاغ باغرىدىن چوققىسىغىچە ھەرە كۆنىكىدەك

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشقان نامراتلار شەھىرىدە بىر ئېغىزلىق بىر داۋاخانا قۇرۇۋالدىم. خوتۇن - بالىلىرىم قىلغىنىمدىن نومۇس قىلىپ نارازى بولۇپ تۇسۇپ، قىلغىلى قىلىق تاپالمىغان بولسىمۇ، مەن تاپقان بۇ خۇشلۇقنىڭ لەززىتىگە بۇ خاپىلىق ياماق بولمىدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، مېھىر مۇھەببەت شەھەردىن تاغقا چىقىۋالغان ساپ ھاۋالىق شامالغا ئوخشاش، شەھەردىن مۇشۇ تاغقا چىقىۋالغانىدى. مەن بۇ يەرگە ساپ ھاۋالىق شامال ئىزدەپ چىقىپ، بالا چاغلىرىمدىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى قىزغىن، سەمىمىي، دوستانە ساپ ھاۋانىمۇ تېپىۋالغىنىمدىن بىراقلا ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەك بوپ كەتتىم. شەھەردىن بۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئورتاق مۇھەببەتنى تاپالمايتتىم. بىر - بىرىگە ئاش سۇنۇشۇش، بىرى ئاغرىسا مىڭى پايىپېتەك بولۇش، بىر ئۆيگە مېھمان كەلسە چۇمۇلىدەك سەپ تارتىپ، ئۇ مېھمان ھەم ئۆي ئىگىسىنى مىڭلاپ ئادەم بېشىغا ئېلىپ ئىززىتىنى، قەدرىنى قىلىپ، ئۆي - ئۆيگە چىللاپ، بار - يوقنى تەڭ كۆرۈش، بىرسىگە ئون تەڭگە لازىم بولسا ھەممىسى يىغىلىپلا يۈز تەڭگە پەيدا قىلىش… بالىلىق چاغلىرىمدىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورتاق مۇھەببەت شەھەردە ئاللىقاچان غايىب بولغان، مانا بۇ تاغدا تېخىچە ھايات ئىدى. مەسچىت يېنىدىكى بىر ئېغىزلىق دوختۇرخانامغا ئەتىگەندىلا مەسچىت جامائىتى يوقلاپ كىرگەنچە كەچكىچە ئادەم بىلەن تاماق ئۈزۈلمەيدۇ. ھېلى بىر ئۆيدىن پولۇ، بىر ئۆيدىن مانتا، يەنە بىر ئۆيدىن لەڭمەن، گۆش نان، سۈيۈقئاش — تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان تاماق، مېۋە دېگەنلەرگە قاراڭ. كېسەللەرمۇ، ھال - مۇڭ ئىزدەپ كەلگەن ئادەملەرمۇ بارنى تەڭ يەپ شۇنداق كۆڭۈللۈك، خۇشال - خۇرام ئۆتىمىز. بىر ئۆمۈر دوختۇرلۇق قىلىپ بۇنداق كاتتا ئىززەت - ھۆرمەتنى مەن ھېچ يەردە كۆرمىگەندىم. كىشىلەر كېسەلنى

ئەمەس، ئائىلىسىدىكى ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنىمۇ ماڭا مەسلىھەت سوراپ كېلىدىغان، بۇ يەرگە يىغىلغان بارلىق هال ـ مۇڭچىلار بار مەسلىھەت تەڭ ئەقىللىشىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشلىرىغا تەڭ ھەمدەم بولىدىغان بولدۇق. بۇ بىر ئېغىزلىق دوختۇرخانام يالغۇز بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى ئاغرىقنى ئەمەس، ئادەملەرنىڭ روھىغا كەلگەن ئاغرىق، ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن چوڭ كەلگۈلۈكلەرنى داۋالايدىغان داۋاخانىغا ئايلاندى. داۋاخانامغا ئادەملەر پاتماي تالادا توپ ـ توپ بولۇپ، ئۈجمە دەرىخى ئاستىغا كارىۋات، ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ كەتتۇق. يېرىم كېچىگىچە گەپلىرىمىز ئۈزۈلمەيدۇ. خۇشاللىقىمىزغىمۇ، غەم ـ خاپىلىقلىرىمىزغىمۇ ئورتاق بولۇپ، ھەممىمىز روھىمىز يېنىك، كۆتۈرۈلۈپ، تارقاپ كېتىمىز. روھ ئادەمنى ياشارتىدىكەن. بارغانچە ياشىرىپ، پۇت ـ قولۇمنىڭ ماغدۇرى ئېشىپ، روھىم كۆتۈرۈلدى.

بىر كۈنى كەچ، ھەممىمىز تارقاپ ئىشككە قۇلۇپ سېلىۋاتسام، بىر ئايال بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كېپقالدى.

— ھاي دوختۇر، خاپا بولماي تۇرۇپ تۇرسىلا. ماۋۇ بالىغا كىچىككىنە دورا بەرسىلە. ئۆلەمدۇ نېمە ماۋۇ شۇم، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ.

— قانداق دورا؟

— باش ئاغرىقىنىڭ، قىزىغاننىڭ. ھەمساتىنا ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ كەتتىيا.

ئالتە شەھەر تەرەپتىن يېڭى كەلگەنلىكى ئەپتىدىن تارتىپ گەپلىرىگىچە مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان سامان تىققان تاغاردەك سېمىز ئايالنىڭ قولىدىكى بوۋاق ھەم يۆتىلىپ، ھەم چىڭقىلىپ قىرىلداپ يىغلاۋاتقانىدى. بالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقسام ئوت ـ كاۋاپ قىزىپ كېتىپتۇ. دەرھال داۋاخانامنىڭ ئۆچكەن

چىرىغىنى ياقتىم . تىكشىغۇچ بىلەن مەيدىسىنى تىڭشىدىم . بالىنىڭ ئۆپكىسى ئىششىغانلىقى ئېنىق ئىدى . بۇنداق قىزىتمىغا مانا مۇشۇنداق تىلى چىقمىغان بوۋاق چىدىمىسا چوڭ ئادەم چىدىمايدۇ .

— بالىغا ئاسما ئوكۇل قىلمىساق بولمايدۇ . ئوكۇل سىناق قىلايلى .

— هاي ، ياق دوختۇر ، ئۆتۈپ كەتسە بىر كويلۇق دورا بەرسىلە ، مۇشۇ دورىنى ئىچكۈزۈپلا ئىگىسىگە بىرىۋالاي ، ماڭا ئۆلەپ بەرمىسۇن بۇ يېتىم ئوغلاق .

— بۇ بالا سىزنىڭ ئەمەسما ؟

— هاي ياقەي ، خەقنىڭ بالىسى بۇ .

— ئەمىسە كىمنىڭ بالىسى ؟

— كىمنىڭ بالىسىلىقىنى مەن نەدىن بىلەي .

— هوي ، بۇ قانداق گەپ . بۇ بالىنىڭ كىمنىڭ بالىسىلىقىنى بىلمىسىڭىز ، بۇ بالا سىزگە نەدىن كەلدى ؟ ئوغرىلاپ كەلمىگەنسىز ؟

— ئوهۇش ، تولا كوت ـ كوت دوختۇركەنلا . ئاۋۋال قىزىتـ مىنى ياندۇرىدىغان دورىدىن بىر كويلۇق بەرسىلە . ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك .

— بالىنىڭ هالى خەتەر ، بىر كويلۇق دورا بىلەن بالىنى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ . جىددىي ئاسما ئاسمىساق بولمايدۇ .

— هاي ، بۇنىڭغا ئاسىدىغان ئاسما ھەقچان سىلىگىمۇ بىكارغا كەلمەيدۇ . تاغادا بى پۇلغا ئاسالا ھەقچان . تولا گەپ قىلماي بىر كويلۇقلا سوۋۇتىدىغان دورا بەرسىلە . شۇ دورىسى بىلەنلا ئىگىسىگە بىرىۋالاي بۇ بالىنى .

— ۋاي مەن دورىغىمۇ ، ئوكۇلغىمۇ پۇل ئالماي داۋالاپ قوياي ، بالىغا ئوكۇل سىناق قىلاي .

— هاي ياق ، ئۆلەپ قالسا بۇ شۇمنىڭ بالاسىغا سىلىمۇ ،

مەنمۇ قالماي ، ماقۇلما ؟ بىر كويلۇق دورىسى بىلەنلا ئىگىسىگە بېرىۋالاي بۇ شۇمنى . ئەتىگەن بىر ئوبدان تۇرىتتى ، بالا تەگكەن شۇم .

— بۇ بالا زادى كىمنىڭ بالىسى ؟

— كىمنىڭ بالىسىلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن .

— ئەمىسە بۇ بالىنى نەدىن تاپتىڭىز ؟

— ئوهوي ، تازا كۆك بۇدۇشقاقنىڭ پۇشتىكەن ما ئەدەم . بۇ بىر كۇنلۇكىنى بەش كويغا ئىجارىگە ئالغان بالا . زىيان چىقتى بۇ شۇمدىن .

— ئىجارىگە ئالغان ؟ — داڭ قېتىپ قالدىم .

— بۇ بالىنى ئىجارىگە ئالغان ؟ ئىجارىگە ئېلىپ نېمە قىلىسىز ؟ بالىنىمۇ ئىجارىگە ئالىدىغان ئىش بارما ؟

— ئوقەت قىلىمىز ، ئوقەت . بىزنىڭ سىلىدەك هۇنىرىمىز يوق .

— بالا بىلەن قانداق ئوقەت قىلغىلى بولىدۇ ؟

— هاي سىلى كوچىدا بالا كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئەگەشتۇرۇۋېلىپ تىلەۋاتقانلارنى كۆرگەنما ؟ شۇلارنىڭ هەممىسى ئىجارە ئالغان بالا بىلەن تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار . ئەتىگەن بىر ئوبدان تۇرىتتى بۇ شۇم . تاللاپ ئۆچ سوكنى بەش كويدىن ئىجارە ئالسام ماۋۇ بىر سوك كېسەل چىقىپ ماڭا بىر كوي زىيان سالىدىغان بولدى . بولسىلا گاچچىدا . زىيان چوڭلاپ بىر ئېشەكنىڭ پۇلىنى زىيان تارتماي يانا .

— ياق ، بۇ بالىغا ئاسما سالمىساق بولمايدۇ .

— ئانداق بولسا مەن ماۋۇ سوكنى ئىگىسىگە ساق بېرىۋالاي . ئىگىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە نېمە بولسا بولا . ئەجەب خىزىر ئەلەيهىسسالامدەك قىپ كەتتىلە ، خۇددى ئەۋلىيادەك .

ئايال قىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىنى ئېلىپ يامانلاپ ماڭدى ، مەن

هاپىلا ـ شاپىلا دورا ، ئوكۇل ئىلىپ ئايالنىڭ كەينىدىن ئۇڭغۇل ـ دوڭغۇل يول بىلەن تار كوچىلارنى ئارىلاپ تام تۆپىسىگە قاراپ هاسىراپ ـ هۆمۇدەپ ئەگەشتىم . بۇ ئايال سىپمىز بولغان بىلەن قىسىر قىلىپ سەمرىپ كەتكەن تۇگمەنچىنىڭ ئىشىكىدەك غىپىلداپ ماڭاتتى . ئۇنىڭغا زادىلا يېتىشەلمەي ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى . نەچچە يەردە مۇدۇرۇپ دۇم چۈشكىلى تاس قالدىم . ئايال ئارقىسىغا قىيا بۇرۇلۇپ مازاق قىلىپ قاپاقتىن سۇ چاچرىغاندەك كۇلۇپ ، قىقىلىپ ـ يۆتىلىپ ، چالا قوپۇرۇلغان ، پۇتمىگەن ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ يەر ئاستى ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى . پۇچۇق كىسەك ، شىغىل ، پاتقاق ، كالتە ـ كۆسەي ياغاچ ـ تۆمۇر ، ۋادەكلەردىن ئۆمىلەپ دىگۇدەك بىنانىڭ يەر ئاستىغا تەستە كىردىم . ئاچچىق بۇس ، كونا تەرەتنىڭ ئىپىمال پۇرىقى نەپسىمنى بوغقان بولۇپ ، ئۇنىڭ تاشاينىدا كەڭرى كەتكەن قاراڭغۇ زال بالا چاغلىرىمدىكى كونا مال بازىرىدەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن تولغانىدى . زالنىڭ تۇۋرۇكلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە شام يېقىلغان ، هەر شامنىڭ يېنىدا بىر توپ ئادەم يەرگە گۇلخان يېقىپ ، گۇلخان يېنىدا قىمار ئويناشماقتا ئىدى . بىر توپلىرى مەستخۇش هالەتتە نەشە چىكىپ يانپاشلاپ ياتقان ، نەشىنىڭ پۇرىقى زالدىكى سىسىپ كەتكەن هاۋانىڭ ئارىسىدا يەنە ئۆزگە خاس ئۆتكۇر پۇراقلىرىنى دىماغقا ئۇرماقتا ئىدى . نەپسىمگە هاۋا يېتىشمەي ، تىنالماي ، كاللام ئىسىلىپ كەتتى . سىپسىقچىلىقتا بىردەم يۆتىلىپ ، 1970 ـ يىللاردىكى سۇسىز هاجەتخانىغا كىرىپ قالغان- دەك بوپكەتتىم . ئەمما بۇ يەردىكىلەر خۇشال ۋارقىرىشىپ ، سەت تىللىشىپ ، توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئۆز هەلەكچىلىكى بىلەن ئىدى . شامال ئۆتۇشىدىغان بىرەر دىرىزە بولسا ئىچىپ ، يېنىدا بىردەم تۇراي دەپ هەر تەرەپكە زەن سېلىپ قارىسام ، كىچىك دىرىزىلەرنىڭ هەممىسىگە ئەسكى ـ تۇسكىلەر تىقىلىپ ، ئۇستىدىن ياغاچ مىخلاپ



www.uyghurkitap.com

ئېتىۋەتكەن بولۇپ، شامال ئۆتۈشىدىغان بىرمۇ تۆشۈك چاغلىق بىرنەرسە قالماپتۇ. شۇڭا، بۇ كەڭ كەتكەن قەلەندەرلەر شەھىرىنىڭ ھاۋاسى بۇزۇق ئىكەن. ئادەملەرگە زەن سېلىپ قارىسام، كۆپلىرى بوۋايلار، مومايلار، توكۇر- مېيىپلار ھەم بالىلار ئىدى. يەنە تولىسى شەھەر دوقمۇشلىرىدا تولا ئۇچرايدىغان تونۇش چىراي بوپكەتكەن تىلەمچىلەرنى تونۇۋالدىم. بۇلار ئەتىگىنى پەيدا بولۇپ، كەچلىرى يوقاپ كەتسە، شەھەرنىڭ قايسى تۆشۈكلىرىگە تارقاپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ماكانى مۇشۇ يەر ئىكەن، دەپ بىلدىم ئىچىمدە. بوۋاقنىڭ قىقىراپ يىغلىغان تونۇش ئاۋازى قاراڭغۇلۇقتىكى ئادەم بازىرىنىڭ بولۇڭىغا باشلاپ باردى. كۆزۈم بىرنەرسىلەرنى پەرق قىلالماي يۇمشاق بىرنېمىگە دەسسىۋالدىم.

— ۋايجان… ھۇ… ئاناڭنى قارىغۇ. كۆزۈڭگە بىرمە كىرىپ قالمىغاندىكىن قاراپ ماڭمامسەن؟ قوسىقىمغا دەسسىدا ماۋۇ كۆكمەت…

— خاپا بولماڭ، كۆرمەپتىمەن…

— كۆرمەپتىمەن… سىز… سىز دەۋاتقان كىمسەن؟ — مەن يەنە بىرسىگە پۇتلىشىپ دۈم چۈشتۈم، يەنى ياتقان بىر توپ ئادەملەرنىڭ تۆپىسىگە چۈشۈپتىمەن.

— ۋايجان… ۋايىيەي تام ئۆرۈلدىمۇ؟ ئاناڭنى… سامان تىققان تاغاردەك بىرسىكەن بۇ… ۋوي… ياتلا بىرسىكەنغۇ بۇ…

— كادىر ئوخشايدۇ. ئۇرۇڭلار بۇنى…

— بۇ يەردە بىرنېمە سوۋۇتۇپ قويۇپتىمۇ بۇنىڭغا…

ھەر تەرەپتىن مۇشت، تېپىكلەر مۆلدۈر ياغقاندەك باش- كۆزۈمگە تەگدى.

— ۋاي مېنى ئۇرماڭلار… ئۇرماڭلار. مەن مۇشۇ مەھەللىنىڭ دوختۇرى. مەسچىتنىڭ يېنىدىكى دوختۇرمەن. يەتمىشكە بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

قالغان ئادەممەن، ئۇرماڭلار...

— ھە... دوختۇر... ھە... مەسچىتنىڭ يېنىدىكى دوختۇر... ھا... ھا... ھا...

— بوپتۇ. ئۇرمايلى... مەسچىتنىڭ يېنىدىكى دوختۇر بولسا ئۇرمايلى.

— دوختۇر بۇ يەردە نېمە بار سىزگە؟

بومبا ساقال، كۆلا كىيگەن، بىر پۇتى يوق، بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ قالغان، كۆپ بولسا قىرىق ئالتىلەردىكى بىرى كۆلۈپ تۇرۇپ، چىشىنى بىگىز بارمىقىدا كولىغاچ سورىدى.

— بىر بالا قاتتىق ئاغرىپ بولالماي قاپتىكەن، داۋالاپ قويااي دەپ كەلگەن...

— ھە... مۇنداق دەڭ...

— ئايىمخان موك ـ موكىنىڭ سوكلىرىدىن بىرەر ـ يېرىمى ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ.

— بىكار ئاۋارە بوپسىز دوختۇر، جېنى چىڭ كۆك ماڭقىلار بۇ. ئۇلارنى داۋالاشنىڭ ھاجىتى يوق، بىردەمدە ئاغرىپ، بىردەمدە ساقىيىپ قالىدۇ.

— ئۆلۈپ تۇرىدۇ، ئالتەشەھەر تەرەپتىن كېلىپ تۇرىدۇ. ئۆلسە قۇشقاچ، پاشىنىڭ جېنىدەك سوكلار بۇ. ھا... ھا... ھا...

— ھەي ئايىمخان موك ـ موك، سوكلىرىڭنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈپ قاپتۇ. ئاتايىن داۋالىغىلى دوختۇر كەپتۇ...

— ئەتە ـ ئۆگۈن سوكلىرىڭغا ئامېرىكىدىن دوختۇر ئەكەلدۇرەمسەن نېمە، ئايىمخان موك ـ موك.

— بالىلىرىڭنى بەش كويدىن ئىجارە بېرىپ، ماشىنا سېتىۋېلىپ شەھەرمۇشەھەر بالا ئىجارە تارقىتىپ يۈرۈيسەن، مانا ئەمدى شەھەردىكى داڭلىق دوختۇرنى يالىنىۋالغۇدەك بولساڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن شەھەرنى سېتىۋالامسەن نېمە؟ ھا... ھا... ھا...

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى . مەن بالا بار يەرگە كەلدىم . بالا مۇز تەلەت ، ئوڭ قېشىنىڭ باشلىنىشىدا ئۇچكىدەك مېڭى بار ئاتمىش ياشلاردىكى بىر موماينىڭ قۇچىقىدا ياتقانىدى . قارىسام بالا نەپەستىن قاپتۇ . بەدىنى ئىسسىق ، ئەمما قېتىپ قالغان . بايىقى قىزىتمىسى ، يۆتىلى ، يىغىسى بىراقلا توختاپ ، خاتىرجەم كۈلۈمسىرىگەندەك ياتقانىدى .

— سەن شەقى بايتال ماڭا بىر بالىنى زىيان سالغىنىڭنى ئاز دەپ ، نېمىدەپ دوختۇر ئەكەلدىڭ ، مېنىڭ پۇلۇم ئېشىپ - تېشىپ كېتىپتىما ؟ — دېدى ئايال .

— ياق… ياق… دوختۇر ئۆزى كەلدى .

— ئۆزلىرى كەلگەن بولسىلا… ئۆزلىرى كەتسىلە ، سىلىگە بېرىدىغان سېرىق سىنتام يوق مېنىڭ…

ئوتتۇز - قىرىقتەك قاسماق بالىلار قولىرىنى ئاغزىغا تىققان ، بەزىلىرى چاتراقلىرىنى قاشلىغان ، بەزىلىرى نان غاجىلىغان ھالەتتە ماڭا قاراپ ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى .

— بۇ بالىلار ؟

— ھە سىلى دوختۇر بولغاندىكىن ، تولا گەپ سورىماي كېتىۋەرسىلە .

— ھەي روزەك توكا ، ماۋۇ ئەللىك كوينى ئېلىپ ماۋۇ شۇمنى تاغنىڭ كەينىگە ئەپچىقىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ ، كۆمۈۋېتىپ كېلىڭلار .

— ھازىر كەچ بوپكەتتى . بەرگەن پۇلۇڭ ئون ئادەمنىڭ تەرتىگە يەتمەيدۇ . يۈزنى بەر…

— بوپتۇ . مېنى تولا گەپكە سالما ئەرۋاھىم ئۇچۇپ تۇرغاندا . سەكسەننى بېرەي .

— ھە مەيلى ئەمىسە . ما قېتىم تەڭشۈېتەرسەن ، — ھېلىقى بىر پۈتى يوق ئادەم شەرەتلىۋىدى ، بىر توپ ئادەم كېلىپ مۇز تەلەت

ئايالنىڭ قولىدىن بوۋاقنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭدى .

— ماۋۇ دوختۇرنىمۇ يېتىلەپ ئەپچىقىپ يولىغا سېپ قويۇ ، يولنى تاپالمايدىغان ئادەمكەن ، ها... ها... ها...

ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى . باشقا بىر ئالەمگە كەپ قالغاندەك كاللام چۆرگىلەپ قالدى . دەلدۈگۈنۈپ ماڭالماي قالدىم . تېخىمۇ قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى . بۇرنۇمغا ساپ ھاۋا ئۇرۇلۇپ كاللام سەگىپ ، كۆز ئالدىم يورۇغاندەك بولدى ، قارىسام بايا كەلگەن يولۇمدا تۇرىمەن .

— مۇشۇ يول بىلەن ماڭسىڭىز كەلگەن يېرىڭىزگە كېتەلەيسىز دوختۇر .

— ھېلىقى ئايال بۇ بالىنىڭ...

— ھە ، ھېلىقى ئايىمخان موك - موكنى دەمسىز ؟ ئۇنىڭ مۇشۇنداق تىلەمچى باللىرى بەزىدە ئەتىيازدا چۈجە چىقارغان كۆرۈك مېكيانىنىڭ چۈجىسىدەك پاتماي قالىدۇ ، بەزىدە ھازىرقىدەك ئازلاپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئالتەشەھەر تەرەپتىن بالا يىغىپ ئەكېلىپ بېرىدىغان ئادەملىرى بار . بەزى خەقلەر باللىرىنى سېتىۋېتىدىكەن ، بەزىسىنى يېرىم يىللىق ، بىر يىللىق ئىجارىگە بېرىدىكەن . سېتىۋەتكەن باللارنى بۇ قېرى ئىچكىرىسىدىكى ئوغرى - قاراقچىلارغا ساتىدۇ . ئىجارىگە ئالغان باللارنى تىلەمچىلەرگە كۈنلۈك ، ئايلىق ئىجارىگە بېرىپ پۇل تاپىدۇ بۇ باي قېرى . بىر بالىنىڭ يىللىقىنى مىڭ كويغا ئېلىپ ، كۈنلۈكىنى بەش كويدىن ئىجارە بېرىدۇ بۇ جادۇگەر .

— باللار بۇ بالىدەك ئۆلۈپ كەتسىچۇ ؟

— ئۇنى ئاللىقاچان پۈتۈشۈپ ئەكېلىدىكەن . ئۆلۈپ كەتسە يا پۇل ئال ، يا ئالدىمىدىكى ماۋۇ باللاردىن بىرىنى تاللىۋال دەپ ، يا بالىدىن بىرنى ، يا تۆت تەڭگە بېرىپ ئاسانلا تۈگىشىدۇ بۇ يامان ئالۋاستى ، — ئۇلار شۇنداق دەپ بوۋاقنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قاراڭغۇلۇقتا تاغ تەرەپكە كەتتى . مەن چىراغلار يورۇپ كەتكەن

شەھەردىكى كاتتا بىنالارغا قاراپ جايىمدا قاققان قوزۇقتەك بىرھازا تۇرۇپ قالدىم.

كېچىچە پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. سەھەردە تاغدىكى داۋاخانامغا چىقىپ بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت بىلەن بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشىپ، مەھەللە ساقچىسىنى ئېلىپ ئاخشامقى چالا ئىمارەتكە كەلدۇق. ھېلىقى قەلەندەرلەر دېگىنىزغا ئايلانغان زال قۇپقۇرۇق، بىرمۇ ئادەم يوق، ئەمما يەنىلا چوشقا قوتىنىغا ئوخشاش سېسىق ئىدى.

— ئۇلار كەچتە كېلىدۇ. بىز پايلاپ تۇرۇپ كەچتە كېلىمىز، — دېدى ساقچى باشلىقى.

— كەلمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، — دېدى يەنە بىر ساقچى.

— ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئەتراپتا. ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئىز قوغلىساق تاپالمايدىغان ئىش يوق، — دېدى ساقچى باشلىقى.

چۈن يەۋالغاندەك خامۇش ھالدا سالپىيىپ يېنىپ كەلدۇق. شۇ تاپتا، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە بىرەر يولدا خىيال كەلمىدى. نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي باشلىرىمىز ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شىرىك

بىر توپ ئاغىنىلەر ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە دەرەخ سايىسىدا يەر جىجاپ ، پارچە چالمىدا قاتار پاڭ ئوينىدى . ئۇلار بىكار تەلەپ ئىشسىزلار ئىدى . ئۇلار زوڭ ئولتۇرۇپ پاڭغا بىر بىرلىپ كەتسە كۈن كەچ بولغىنىنىمۇ ، قورسىقى ئاچقىنىنىمۇ تۇيماي كەچ قىلىپ كۆنگەندى . كەچ بولۇپ قورسىقى ئېچىپ ، باشلىرى قېيىپ كۆزلىرى تورلاشقاندىلا ، پەيلىرى سىقىرىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ، ئارىسىدا ھەممىسىنى قورقىتىدىغان پۇلى بار باي قاسىم ئېشەككە تەلمۈرەتتى . قاسىم ئېشەك ئۇلارنى يەتكۈچە تىللاپ ، ھاقارەتلەپ تۇرۇپ ئەرزان باھالىق پاسكىنا ئاشخانىغا ئەكىرىپ ، يېرىمدىن لەغمەن ، ئون بەش زىخ ئۆچەي كاۋىپى ئېلىپ بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، ئەرزان ھاراق بىلەن مېھمان قىلىپ چالا مەست بولغاندىن كېيىن ، خۇشى تۇتسا بىر يۆگەم نەشە چەكتۈرەتتى بولمىسا ، بولدى قىلاتتى . قىزىپ كەتسە ئاشۇ پارچە ھاراق ساتىدىغان ، نەشە يۆگەپ بېرىدىغان دۇكاندا ئالتە قەلەندەر بىلەن نېسىگە قىمار ئويناپ ، بۇ ئىشسىز نامراتلارنى قەرزگە بوغاتتى . قەلەندەرلەر ئۇتسا بوغۇلغان قەرزى خالاس تاپاتتى . قاسىم ئېشەك ئۇتسا قەرزنىڭ ئۈستىگە قەرزگە بوغاتتى . كۈنلەر مانا شۇنداق داۋام قىلىپ يىلغا ئۆرۈلدى . بۈگۈن قاسىم ئېشەكنىڭ خۇشى تۇتۇپ بىكار تەلەپ ئاغىنىلىرىنى بىر تاۋاق توخۇ قورۇمىسى بىلەن ئىككى بوتۇلكا ھاراقتا مېھمان قىلىۋەتتى . ئەمما ئاغزىدىن چىققان سېسىق

گەپىنىڭ يامانلىقىغا بىر نەرسە توغرا كەلمەي قالدى . ئۇنىڭ تىل ـ ئاھانەتلىرىگە كۆنۈپ ، نېمە دېسە ھە دەپ ئولتۇرۇپ بىر ۋاخ قورساقنىڭ غېمىنى غەملەپ كۆنگەن قەلەندەر ئاغىنىلىرى چىدىماي ـ چىدىماي ئاران ئولتۇردى . ئۇ بۈگۈن بەك تىللىغان بىلەن ، قىلىۋاتقان سېخىي مېھماندارچىلىقىمۇ باشقا كۈندىكىدىن ئوبدان . تىل ھەرقانچە ئاچچىق بولسىمۇ ماۋۇ قىزىل مۇچقا بېسىپ تەييارلىغان توخۇ قورۇمىسىدىن كەچكىلى بولمايدۇ . قورساق بېقىش ، تۆت سەر ھاراقنىڭ پەيزى ئۈچۈن بارلىق خورلۇقلارغا چىداش كېرەك . بەزى ئاتا ـ ئانىسى خورلۇق ئىچىدە تاپقان ، خورلۇق ئىچىدە چوڭ بولغان ئادەملەر ھەر ـ ھەر خورلۇقلارغا كۆنۈپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كېتىدىكەن .

قاسىم ئېشەكنىڭ تىل ـ ئاھانىتىگە چىداپ قىمار ئويناپ ئىچىپ ۋاقىت يېرىم كېچىگە ئۇلاشقاندا ، ئاشخانا ئىگىسى خەيرەكباي ئۇلارغا يالۋۇردى :

— ئاشخانىنى تاقايدىغان چاغ بولغىلى نەكەم . ئەتىگەنلىككە يەنە سەھەر قوپۇپ ئاشخانىنى ئاچىدىغان گەپ . ئاشخانىدىكى باللار ۋاقتىدا ئۇخلىمىسا ئەتىگەنلىككە تۇرالمايدۇ . ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى بولغاندىكىن ، قالغىنىغا ئەتە ئولتۇرمامسىلەر ! — دېدى يالۋۇرغان ھالدا .

— ھەي ، — دېدى چالا كەيپ بولۇپ تەڭشەلگەن راخمان شاراق دېگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — سەن ماۋۇ ئاشخانىنى قەرز قىلىپ ئاچقاندا ئاران جېنىڭ بار رۇۋۇك كۆك تۆش قەلەندەر ئىدىڭ . بىز كىرىپ تاماق يەپ ئاشخاناڭنى ئاۋات قىلىپ ، سېنى باي قىلىپ قويساق ، تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ ئەمدى بىزنى قوغلىغۇدەك بولدۇڭما ؟

— ئاشخاناڭغا بىز كىرىپ يۈرۈپ ئاشخاناڭ ئاشخانا بولغانەۋە ، بولمىسا چۈشۈپ قورۇپ ئولتۇرۇپ ئاقماي تاقىۋېتەتتىڭ . سەن تاپقان پۇل بىزنىڭ پۇلىمىز جۇما بىلىپ قوي ، — دېدى راخمان شاراققا ئۇلاپلا ئوبۇل توڭگۇز .

— بولدى ، بولدى ، خاپا بولماڭلار ، خاپا بولماڭلار ، مەن كەچۇرۇم سوراي ، — خەيرەكباي گەپ قىلغىنىغا تويۇپ ، قول باغلاپ تۇردى .

— هەي مۇتتەهەم كۆك تۆشلەر ، خەيرەكباينىڭ دېگىنى هەق گەپ . هېلىمۇ يېرىم كېچىدىن ئاشتى . باشقا ئاشخانىدا ئولتۇرغان بولساق ئالىلىقاچان كۆتىمىزگە تېپىپ قوغلايتتى . بىكارلىق هاراق بولسا يېتىپلاۋېلىشىسەن ـ دە ، بولدى ئەمدى ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ خەيرەكباينى بەزلەپ قويدى قاسىم ئېشەك .

— سەن ماۋۇ ئەبگارلارنىڭ گېپىگە خاپا بولما . ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ ياندۇرىمەن دەپ يۇرمەي ئاشقىنىغا مەكىت تاماكىسىدىن بىر يۆگەم ئەكىرىپ بېرە . بىر پەيزى قىلىۋېلىپ چىقىپ كېتەيلى . سەنمۇ ئاشخاناڭنى تاقاپ خوتۇنۇڭنى پوكىنىڭغا تىقىپ ئۇخلا ، — چالا مەستلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن قاسىم ئېشەككە مەدھىيە ئوقۇپ كېتىشتى .

— يېرىم كېچىدە هەممە جاهان ئۇخلاپ ، قېتىپ كەتكەندە نەدىن تاپارمەن ؟

— تولا گەپ قىلما ، سېنىڭ ئامالىڭ تولا .

— ئاشخاناڭنى تاقايدىغان خىيالىڭ بارمۇيا ؟ بولمىسا بىز بىلەن ئۆرە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزىسەن جۇما ، — مەستلەر چۇرقىرىشىپ كېتىشتى . خەيرەكباي بۇلاردىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا دەپ چىقىپ كەتتى .





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رەمبال

ئىككى ئەبگار ئادەم تار ھەم سىسىق ھاراق دۇكىنىدىن بىر- بىرىگە سىسىق گەپ قىلىشىپ چىقتى.

— ھەي ئابدۇقادىر شاتۇتى، مېنى بىلىسەنغۇ، مېنىڭ ئەسقەر قانجۇق دېگەن ئىتىمنى ئاڭلىسا مانا مەن دېگەن ئانىسى شۇمەك سالغان نوچىلارنىڭمۇ پېيى سىقىرايدۇ. مېنى بۇنداق تولا ئەخمەق قىلمەن دەپ بۆكۈمگە جىگدە سېلىۋەرمە. دۇكىنىمدىن نېسىگە ئىچكەن ھارىقىڭ ئىككى يۈز كويدىن ئېشىپتۇ. بۈگۈن ھېچبولمىسا يېرىمىنى بولسىمۇ تېپىپ بەرمىسەڭ، مېنى خەق بىكاردىن قانجۇق دېمەيدۇ جۇما. بىر تالايدىغان بولسام، تىتما قىلىۋېتىمەن.

ئابدۇقادىر شاتۇتى ئەسقەر قانجۇققا يالۋۇردى:

— ئوبدان ئاداش. مېنىڭمۇ خەقتە ئېلىشىم بار دېسەم ئىشەنمەيدىكەنسەن. راخمان چولاقتا ساق يەتتە مىڭ كوي ئېلىشىم بار دەيمەن. ئۇ مەندىن قېچىپ يۈرىدۇ. ئىتتىن ئېشەككىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، بىكار تۇرماي ئۆي كۆچۈپ مۆكۈنۈپ يۈرىدۇ. ئۇنى تېپىۋالسا قىيما قىلىۋېتىدىغان ئادەملەر بار دەيمەن. مانا قارا… ئاۋۇ بىنادا ئۆيى بار دەيدۇ. مەشەدە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ تۇتۇۋېلىپ قانداق قىلسام قىلىپ، ئىككى يۈز كوينى ئېلىپ، كەچكىچە دۇكىنىڭغا ئاپىرىمەن دەيمەن… قەرزنى تۆلىسەم يەنە بېرەرسەن؟

ئەسقەر قانجۇق سەل يۇمشىدى. ئەمما ئىشىنىپ- ئىشەنمەي سۆزلىدى:

— هە قېنى ئاۋۋال ئاشۇ ئىككى يۈز كويىنى ئاپار. قەرز بەك كونىراپ سەمرىپ كەتسە بەرمەكمۇ، ئالماقمۇ تەس. پاتاقىدىكى تومىلىشىپ بولغۇچە پات ـ پات يېغىلاپ تۇرساڭ، بىز بىرىمىزنى بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن پۇل كۆتۈرمەي بارما، ئاڭلىدىڭما؟

— مانا مۇشۇ بىنا ئالدىدا كەچكىچە ساقلىسامۇ چولاقتىن پۇل ئېلىپ بېرىپ، سەن بىلەن پاكىز كۆرۈشىمەن.

ئەسقەر قانجۇق ئىشەنمەسلىك، نەپرەت بىلەن ئابدۇقادىر شاتۇتىغا يېنىشلاپ قاراپ قويۇپ كەتتى. ئابدۇقادىر شاتۇتى بىناغا بويۇنداپ قاراپ، قويۇپ بىر بۇلۇڭغا كېلىپ بىنانىڭ ئىشىكلىرىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئادەملەرگە قۇشقاچ مارىلاپ ياتقان ئاچ مۈشۈكتەك زارىقىپ قاراپ كېتەتتى. قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن، پۇت ـ قوللىرى تېلىپ كۆزلىرى ئۇيقۇغا ئېلىنىپ قالغاندەك بولدى. كۆزۈڭنى ئاچ دېگەندەك غايىب بىر ئاۋاز بىلەن كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئەسكى تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ساقاللىق بىرى بىنادىن چىقىپ ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئابدۇقادىر شاتۇتى ئۇنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدىن تازا زەن سېلىپ قاراپ، داپقا چۈشكەن مایاقتەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي راخمان چولاق... توختا، مەن سېنى تونۇۋالدىم. راخمان چولاق ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ھىجايدى.

— ھە... ھوي ئابدۇقادىر شاتۇتى ئادىشىم، تونۇۋالدىڭلىما؟ مەن تېخى كۆزۈڭلىنى يۇمۇپ تاماكاڭلىنى دۆك تارتىپ ئولتۇرساڭلا تونۇمىدىمىكىن دەپتىمەن.

— ۋاي ھىيلىگەر، ئەمدى قىلمىغان مۇشۇ ئىشىڭ قالدىما؟ ماۋۇ پەردازلىرىڭنىڭ بەك قاملىشىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — ئابدۇقادىر شاتۇتى گەپ قىلغاچ راخمان چولاقنىڭ چۆكۈرۈپ كىيگەن ئەسكى تۇماق، قارا كۆزەينەكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ ئوينىدى.

— ئاداش، ئانداق قىلماڭلا دەيمەن.



www.uyghurkitap.com

— ساقاللىرىڭنى يالغان ساقالمىكىن دېسەم راست ساقال قويۇۋالدىڭمۇ نېمە؟ ما پەردازلىرىڭنىڭ قاملىشىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان.

راخمان چولاق ئالاق ـ جالاق بولۇپ، ئابدۇقادىر شاتۇتىنىڭ قولىدىكى تۇماقنى ئېلىپ كىيىپ، كۆزەينىكىنى تاقىۋالدى.

— ھىيلە ـ نەيرەڭدىن شەيتانغا دەرس بېرىدىغان چولاق جۇماسەن. قەرزىڭنى تۆلەشتىن قېچىپ، مۇشۇنداق نىقابلىنىۋالسام مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئالدىمدىن قاچماقچىمىدىڭ؟ مەن ساڭا بىر ـ بىرلەپ ساناپ بەرگەن گۇگۇتتەك پۇلدا يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ ھەققى بولمىغاندىكىن، بۇنداق مېنى سەرسان قىلىپ، ئۆزۈڭنى نىقابلاپ قېچىپ يۈرگۈچە بېرىۋەتسەڭ بولمامدا؟

— جېنىم ئاداش، قولۇمدا پۇل بولسا سېنىڭ مۇشۇنداق سېسىق گېپىڭنى ئاڭلىغۇچە بەرمەي قايىنتىپ ئىچەمتىم. ئىككى يىل بولدى، سودام ئۆلۈپ دۇكىنىمنىمۇ خەق تارتىۋالدى. سودا بولمىغاندىكىن، پۇلمۇ يوق، گادايلىشىپ قورساق بېقىش تەس بولۇپ كەتتى.

— ئەمدى بۇ ھالىڭدا تىلەمچىلىك قىلاي دەمسەن؟

— لاغايلاپ يۈرسەم بالىلىرىم ئاچ قالغۇدەك. قارىسام كوچىدا تىلەمچى بىلەن رەمبال تولىكەن. مەندەك يول تاپالماي بېشى قېيىپ كەتكەن ئادەملەر ئۇيان چۆرگىلەپ، بۇيان قېقىلىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ غەمگە پاتىدىكەن... ھەي قارا، ئادەملەر كەمبەغەللەشكەنسېرى دۆتلىشىپ، خىيالپەرەس، خام تەماخور بولۇپ قالىدىكەن. يولدىن بىرنېمە تېپىۋالغۇسى، ئاسماندىن توككىدە بىر كاللەك ئالتۇن چۈشسىكەن دېگۈسى كېلىدىكەن. شۇڭا، خەقلەر ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى رەمبالدىن سوراپ باققۇسى كېلىدىكەن. مانداق باقسام رەمبالمۇ جىق، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ رەم سالغۇزىدىغان ئاشۇنداق ئەخمەقلەرمۇ جىققەن. بولۇپمۇ ئىشسىز قالغان ياش باللار، بەختىنى ئىزدەپ يۈرگەن قىزلار تولا كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە زامان

www.uyghurkitap.com

بولدى . رەمبال بولۇۋالدىم . ھەرھالدا قورساق ئاچ قالىدىغان ئازابتىن ئازاد بولدۇم .

— رەمباللىقنى قانداق بىلىسەن ھەي مەككار چولاق ؟

— ئاشۇ ئىچكىرىدە مىليونلاپ پۇلنى چۆرگىلىتىپ يۈرگەندە ، ماڭا ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن كىشىدىن قارتىدا رەم سېلىشنى ئۆگىنىۋالغان .

ئابدۇقادىر شاتۇتى كەمسىتىپ ئالايدى .

— قارتا ، تاش ، رەم دېگەنلەر يالغان . دېگەنلىرىڭ يالغان چىقىپ قېلىپ بىر كۈن ئەمەس بىر كۈنى ئۆلگۈدەك تاياق يەيسەن چولاق . ئەگەر رەمباللار خەق بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلگەن بولسا ساڭا ئوخشاشلار بىر ـ بىرىدىن ئەبگار ، ۋەيرانە بولماي ، ھەممە ئادەمدىن ئوبدان ياشىماتتى ؟ قارىسام ، ساپلا ئۇستۇۋاشلىرى پۈزۈر ، ھال ـ كۈنى ئوبدان ئادەملەر ئۆزىدىن رەزگى رەمبالنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن . سەن كاززاپلار قۇرۇق گەپنى قىلىپ خەقنىڭ پۇلىنى سوقۇدىكەنسىلەر ، خەق راست دۆتلىشىپ كېتىپتۇ .

— دۆت بولمىسا ئۆزى يامان ئەمەس يولى ، بەختى تورۇپ ، جىنىنى باقالمىغان ، مەندەك يولىنى تاپالماي تۆت كوچا بېشىدا ئولتۇرغان ئادەمدىن ئۆز يولىنى تاشلاپ يول سورامدۇ ئاداش ؟

— ئاخىر بىر كۈن رەسۋا بولىسەن .

— ئۇنداق دېمە . دۆت ، ئەخمەق ئادەملەر ھېلىھەم تولا . شۇڭا ، بىزنىڭ رەمباللىق بازىرىمىز بارغانچە قىزىپ ، خېرىدارىم كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ . تېخى بەزىدە قارتىغا قاراپ يالغاننى توقۇپ بولالماي ، ھەر ئادەمنىڭ بېشىغا ، چىرايىغا ، كىيىمىگە قاراپ ئاغزىمغا كەلگەن خەق خۇش بولىدىغان چىرايلىق گەپلەرنى دەپ بەرسەم ، سالپىيىپ كەلگەن ئادەملەر روھلىنىپ ، ئۈمىدلىنىپ ، پۇل تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ . ئىشقىلىپ ، خەققە يامان ئىشلارنى ، كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلماي چىرايلىق يالغان گەپنى دەپ ، تاتلىق گەپنى قىلىۋەرسە ، خەق يالغان گەپكە

كۆنۈپ كەتكەن بولغاندىكىن، يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ خۇش بولۇپ، كۆڭلى تەسەللى تېپىپ كېتىدىكەن. ھازىرغىچە بىرمۇ خېرىدارغا يامانلىقتىن بېشارەت بەرمەي، جەننەت، بەخت ـ تەلەي، مال ـ دۇنيا ھەققىدە ئاغزىمغا كەلگەن تاتلىق، يالغان گەپنى قىلىۋەردىم. بىرمۇ ئادەم مەندىن نارازى بولمىدى.

— ھەببەللى. بازىرىڭ ئوبدان بولغاندىكىن، مەندىن ئالغان قەرزىڭنى بېرىۋەتمەمسەن ئەمىسە؟

ئابدۇقادىر شاتۇتى ئالتىقىنىنى ئېچىپ راخمان چولاقنىڭ گېلىغا يېقىن ئاپىرىپ دېۋەيلىدى.

— ۋاي ئاداش، بازار ھەرقانچە ئوبدان بولسىمۇ، قورساققا ئاران ئۆلگۈردۇ. ئېشىپ، يىغىلىپ قالىدىغان ئىش يوق.

— مېنىڭ ھالىم ھازىر سېنىڭكىدىن بەتتەر. بۈگۈنلۈك قورساق، ھاراق، تاماكىغا لايىق بىرمە بولسىمۇ بەر ئەمىسە.

— بولمىسا نېمەمنى بېرىمەن؟ لەقەمنى خىزىر قويدۇ دەيدىغان گەپ بار، سېنى خەق بىكاردىن ئابدۇقادىر شاتۇتى دېمەيدۇ. قايسى ئىشىڭ بازىرى ئوبدان بولسا شۇنى دورايدىغان شاتۇتى تۇرساڭ. نەگە بارساڭ تۆت گالۋاڭنى ئاغزىڭغا قارىتىپ... ھەي... ھەي... خېرىدار كېلىۋاتىدۇ.

راخمان چولاق جىددىيلىشىپ دوقمۇشتا ئولتۇرۇپ سۆزلىدى.

— پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە... ھەي قىزچاق تەلىيىڭىزنى سىناپ باقامسىز. ئەتىگەندە ئەزانلا...

ياش قىز ئىككىلىنىپراق رەمبالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئابدۇقادىر شاتۇتى ئۇلاردىن سەل نېرىراقتىكى تامنىڭ تۈۋىگە چۆكتى. چولاق قولىدىكى قارتىنى قىزغا ئېلەشتۇرگۈزۈپ تىزىشقا باشلىدى. ئاندىن تىزغان قارتىغا، قىزغا بىردەم زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— سىزگە يېقىندا سەپەر باركەن. سەپىرىڭىز ناھايىتى ئوڭكەن. كۆڭلىڭىزدە بىر غەم باركەن. ئاتا ـ ئانىڭىز كېچە ـ كۈندۈز سىزنىڭ غېمىڭىزدە، جايناماز ئۈستىدە سىزگە دۇئا

قىلىدىكەن . غەم قىلغان ئىشىڭىز ئۆزۈڭلا قالماي ھەل بولۇپ كېتىدىكەن . بىر يىگىت كېچە ـ كۈندۈز سىزنىڭ يولىڭىزغا تەلمۈرىدىكەن . ئۇ ناھايىتىمۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت بولۇپ ، سىز ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ئىرادىسى باركەن . ئۇ يىگىت كېيىنچە ناھايىتىمۇ زور باي بوپ كېتىدىكەن . ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلۈك بولسىڭىز ناھايىتىمۇ بەختلىك بولغۇدەكسىز ، ئەمما كۆڭلىڭىزدە ئۇ يىگىتكە تازا ئىككى خىيالدا ئىكەنسىز…

ئەمماز ە… — رەمبال تۇرۇۋالدى . قىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەسىر بولۇپ قالغانىدى . رەمبال گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن قىز تەقەززا بولۇپ تاقىلداپ كەتتى .

— قا… قارىكا ، ئەممازە نېمە ؟ دېسىڭىزچۇ .

رەمبال گەدىنىنى تاتىلىدى . قىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ ، سومكىسىدىن پۇل چىقاردى . رەمبالنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى . قىز قولىغا چىققان پارچە پۇللارنىڭ ھەممىنى رەمبالغا ئالدىراپ تىقىپ دېگۈدەك بەردى .

— قېنى دەڭە…

— ئەم… ئەمدى… دېسەم بولارمۇ ، دېمىسەم بولارمۇ ؟

— دەڭە…

— دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەپ قالارمۇ ؟

— دەۋېرىڭ ھەرگىز كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ .

— شۇ… شۇ… ئەمىسە دەۋېرەي . بىر يېقىن دوستىڭىز باركەن سىزنى كۆرەلمەيدىكەن . ئاشۇ دوستىڭىز…زە كېچە ـ كۈندۈز ئاشۇ يىگىتىڭىزنى ئۆزۈمگە ئىگىۋالسام دەيدىكەن…

— راست… راست… بىلدىڭىز . مەنمۇ دائىم شۇنداق گۇمان قىلاتتىم . راست… راستىكەن… خەپ .

قىز يەنە بىر بەش سوملۇق پۇلنى رەمبالغا تاشلاپلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، بەش قەدەم مېڭىپ بوينىنى تولغاپ :

— رەھمەت جۇما ئۇستام ، — دەپ ماڭدى . ئۇ بىرنەرسىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال پارقىراپ كەتكەنىدى ، ئەمما تۇمشۇقلىرى

سوزۇلغان ھالدا كەتتى . راخمان چولاق خۇشال ھالدا قىز تاشلىغان يىپكى بەش كوي بىلەن پارچە پۇللارنى رەتلەۋاتقاندا ، شاتۇتى ئۇنىڭ قوللىرىدىكى پۇللارنى تارتىۋېلىپ ساناشقا باشلىدى .

— ۋاي نېمانداق قىلىسىلە؟ ئەتىگەندە دەسلەپ قىلغان پۇلنى ئالماي ، ھېلىراق ئېلىڭلا . بەرىكەت قاچىدۇ دەيمەن .

ئابدۇقادىر شاتۇتى پۇلنى بەرمەستىن ماڭدى .

— ھەي ئەكېلىڭلا پۇلنى ، نەگە بارىسىلە دەيمەن؟

— مېنىڭ شاتۇتى دېگەن لەقىمىمنى بىلىسىلەغۇ . مەنمۇ قارتتىن ئىككىنى ئېلىپ ئەتىگەندە ئىش باشلىۋالاي . ئەتىگەندە دەسلەپ قىلغان بەرىكەتلىك پۇلدا ئىش-باشلىسام ئىشىم بەرىكەتلىك بولامدۇ نېمە؟

شاتۇتى شۇنداق دەپ ئۆزىگە ئىش تاپقىنىغا خۇشال بولۇپ ، مۇدۇرگەنچە ، يىقىلماستىن مېڭىپ كەتتى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئۇزاق كېچە

## 1

چۈشتىن بۇرۇن مۇغەمبەرنىڭ زەھەرخەندە كۈلكىسىدەك ئىچىلىپ تۇرۇپ كۈن چىققانىدى. جاھان يورۇپ تۆت ئەتراپتىن بۇ شەھەرنى قاپساپ ياتقان تاغلاردىكى ئۇ يەر - بۇ يەردە شالاڭ ئۆسكەن قۇرۇق ئوت - خەسلەرمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇياش شۇنچىلىك پاكىز يورۇتقان تۇمانسىز، بۇلۇتسىز سۈزۈك ئاسماندىن قۇياش نۇرى توسالغۇسىز ھالدا دائىم قاپقىنى تۇرۇپ جۇت ھەم تۇتۇق چىراي تۇرىدىغان شەھەرنىڭ قاپقىنى ئېچىپ كۈلدۈرۈۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بولمىسا قىشى ئەڭ ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن قىشتا قارلىق تۇتقان ھازىدار ئادەمدەك دائىم قايغۇ چىراي، مۇز تەلەت تۇرىدىغان، بىراقلا قىش بولۇپ، يەنە بىراقلا تومۇز بولىدىغان ئۆزگىرىشچان پەسىللىك بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسىغا بىرنېمە دەپ بولمايتتى. ئەمما، كۈلۈپ تۇرۇپ جاندىن ئۆتكۈزۈپ چېقىۋالىدىغان ئىچى كۆيۈك ئادەمدەك ئاپتاپلىق سەھەردىكى سوغۇق ئادەمنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇلاقنىڭ گەردىشىگە نەشتەردەك سانجىيتتى. چۈشكە يېقىن بىر توپ قېرى بەڭگىلەرنىڭ يوغان بۇرۇنلىرىدىن توختىماي چىقىدىغان ئىستەك شەھەرنىڭ ساناقسىز بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىدىن چىققان ئىس بىلەن قارا قىشنىڭ سوغۇقىدا ئۇيۇغان شەھەردىن ھوردىلىپ كۆتۈرۈلگەن

ئاق تۇمان قوشۇلۇپ، شەھەر يەنە تۇتۇلۇپ، چۈشتىن كېيىن بىراقلا قاراڭغۇچىلىق بېسىپ كەتتى. كەچ كىرىشكە خېلى بالدۇر بولسىمۇ، بىراقلا كېچە بولۇپ كەتكەندەك، يولدا توختاۋسىز قارا چۇمۇلىلەردەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارمۇ تۇتەك ـ تۇمان دەستىدىن چىراغلىرىنى يېقىۋېلىشتى. ئەمدى بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى غەپلەت باسقان قېرى خامانچىدەك مۈگدەپ ياتقان تاغلار تۇمان ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالدى. پۈتكۈل شەھەر قاراڭغۇلۇققا تولدى. تىلمان بالكون دېرىزىسىدىن ساناقسىز بىنالارنىڭ غۇۋا يورۇق دېرىزىلىرىگە قاراپ تولا خىيال قىلىپ، شەھەرنى ئۆزىچە شۇنداق كۆزىتىپ تەھلىل قىلىپ كەتتى. سوغۇق بالكوندا يالاڭلا تۇرۇپ توڭلىمىغانلىقىنى ئۇستىگە، ئەتىسىز تارمۇچ بولۇپ قارا قاتقان بەدەنلىرى ئىچ ـ ئىچىدىن قىزىپ، مۇزدەك بولۇپ كەتكەن مىنېرال سۇدىن ئۈچ بوتۇلكىنى ئىچىپ بولدى. ئىشىك تىرىقلاپ ئېچىلىشى بىلەن يۇرىكى جىغىلداپ دەرھال بالكوندىن قاڭقىپ ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ئايالى ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ سىرتتا تۇرۇپلا چىرايلىق قارا پەلتوسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ ئايىغىنى سالماقتا ئىدى.

ئاياغنى سېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆي ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ ھجىيىپ تۇرغان ئېرىگە قاراپ، تەبىئىي تۇرغان شەھلا كۆزلىرى ئەيىبلەش ھەم نەپرەت بىلەن تىكىلدى.

— بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسىغا پەقەت ئىشەنگىلى بولمايدۇ ـ ھە. ئەتىگەن شۇنداق ئوچۇقتى، بىردەمدىلا بۇزۇلۇپ، تۇتۇلۇپ كەتتى، — دېدى تىلمان يالۋۇرغاندەك ئۆيگە كىرىپ پەلتوسىنى سېلىۋاتقان ئايالىنىڭ پەلتوسىغا قول ئۇزىتىپ.

— بولدى تۇتماڭ. ھاۋاسىغا ئوخشاشلا ئادەملىرىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ھاۋاسىغا ئوخشاش بىر كۈندە مىڭ خىل ۋەدە قىلسىمۇ بىرىدە تۇرمايدۇ.

ئايالىنىڭ چىرايلىق گىرىم بىلەن پەردازلانغان يۈزلىرى غەزەپتىن بىر قىزىرىپ، بىر ئېسىلىپ، بىر تاتىرىپ كەتتى. ئېگىز بىناغا چىقىپ بولغۇچە تىنىقلىرى يېتىشمەي ئاران چىققان

www.uyghurkitap.com

چوكان هازىر غەزەپتىن تېخىمۇ تىنالماي قالدى .

— كىم ۋەدىسىدە تۇرماپتۇ ؟

— سىزچۇ ، ئەتىگەن نېمىدەپ ۋەدە قىلغان ؟

— ئىشقا بارىمەن دېگەن شۇ ، باردىمغۇ . تېخى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا كېلىپ تۇرسام سىز كەلدىڭىز .

— تولا جېنىمغا تەگمىگە . بۇرۇن يالغاننى خېلى قاملاشتۇرۇپ توقۇپ مېنى ئالدىيالايتتىڭىز . تۇرمىگە كىرىپ پوق يەۋالدىڭىزمۇ ، ئەقلىڭىزمۇ قالماپتۇ . ئەتىگەن بىر چىرايلىق كىيىندۇرۇپ ، غىزالاندۇرۇپ ، بالىنى يەسلىگە ئاپىرىپ بولغۇچە كېچىكىپ قالىمەن دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتسەم ، ئەتىگەن پايپاقسىز قالغان ئادەم هازىرغىچە پايپاق مەن قويغان جايىدا ، ئاياغمۇ مەن مايلاپ قويغانچە تۇرۇپتۇ . ئىدارىگە يالاڭ ئاياغ باردىڭىزمۇيا ؟ مېنى ئالدايمەن دېمەڭ... سىزنى تۇرمىدىن ئاچىقىپ بولغۇچە ئاتا ـ ئانىڭىز ، مەن ، ئاتا ـ ئانام قانچىلىك يوللارنى ماڭدۇق ، قانچىلىك پۇل خەجلىدۇق . مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم . ئىدارىڭىزگە قايتا ئىشقا ئېلىشقا ماقۇل كەلتۇرگۈچە بىز باشلىقلارغا قانچىلىك يېلىنمىدۇق . نېمانداق باغرى تاش ئادەمسىز ؟ ! ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىمىسا ، ئاتا ـ ئانىڭىزغا ، بالىڭىزغا ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسا بولمامدۇ ؟ ئىدارىڭىزنى ئىشقا ئېلىشقا كۆندۈرۈشكە مەن نېمىلەرنى قىلمىدىم ، نېمىشقا ئازراقمۇ ۋىجدانىڭىز قايىنمايدۇ ؟ مېنىڭ كېچىچە شۇنچە يالۋۇرغىنىمنى قېنى ؟...

ئايالى سۆزلىگەنچە بوغۇلۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى دۈم تاشلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . تىلمان پايپاقسىز پۇتىغا قاراپ گەدىنىنى قاشلاپ ئېڭىكىنى خەپلەپ كوتۇلدىدى .

— ئەستاغپۇرۇللا ، ماكالتە ئەقلىمنى . پايپاق كىيمەپتىمەن ـ دە ! پايپاق ـ كەشمىنى كىيىپ تالادا بىر لاغايلاپ ، ئاياغنى لاي قىلىپ كىرگەن بولسام بىلىپ قالماسكەن ماۋۇ ساراڭ خوتۇن . ئەمدى قانداق قىلىپ ئاغزىنى باسارمەن بۇ ۋاتىلداقنىڭ .

تىلمان ئايالىغا قىلىدىغان گەپ تاپالماي ئۇنىڭ دۈم يېتىپ

يىغلاشلىرىغا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ ، كاللىسىغا ئايالىنى بەزلەيدىغان ھېچ گەپ كەلتۈرەلمەي ، بېشىنى چاڭگاللاپ ئىزىغىلا زوڭ ئولتۇردى . تىزىنى قۇچاقلاپ مۇشۇنداق ئولتۇرسا ئىچىدىن بىخسىپ چىقىۋاتقان ۋەسۋەسە ئارىلاش بەڭگىنىڭ خىيالى ئارام تاپقاندەك بولاتتى . ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ يىرىڭدەك چاپلاشقان قىزىل جىيەك كۆزلىرى دۇم ياتقان ئايالىنىڭ ھەر قېتىم ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلىغانلىرىدا لىغىلداپ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ساغرىسىغا ھالىدىن كەتكەن ئىشتىھاسىز قېرى ئىتتەك خۇنۇك تىكىلىپ قالدى . چەكمەستىن ئىلگىرىكى نورمال يىگىتلىك چاغلىرىدا ئايالى مانا مۇشۇنداق تەسەللىگە ھاجەت بولغان ئالتۇن چاغدا ، پاقلان بولغان كېيىك بالىسىنىڭ سۆڭگىچىگە چاپلاشقان ئاچ بۆركۈتتەك ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى . خىرۇئىن ئۇنىڭ بارلىق تىنىمسىز ئەركەك قۇۋۋەتلىرىنى قېرى قاسساپ قويىنىڭ ئاچچىق ئۈچىيىنى سىيرىغاندەك سىيرىپ ئەكېتىپ ، بەئەينى لەش بولۇپ كەتكەن ئاچچىق ئۈچەيگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى . بىر يىل تۇرمىدە يېتىپ ئايال زاتىنى كۆرمىگەن تۇرۇقلۇق ، پىچىۋەتكەن ئېرىكتەك قورسىقى تويسىلا كۆشەپ ، خوتۇنىغا سۆڭگىچىنى چىقىرىپ ياتقىنى ياتقانىدى . چەكمەستىن ئىلگىرى ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتسىلا نەپسى تاقىلداپ قانات پۇتلاپ تۇرالمايدىغان قىزىل تاجىلىق خورازدەك غالجىرلىقى مەڭگۈلۈككە يوقالغاندەك ئىدى . ئايالى رىزۋان تۇرمە ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچىنى خورىتىۋەتكەن ئوخشايدۇ ، دەپ بارلىق قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇقلار بىلەن ئۈچ ئايدىن بېرى باقتى . ھېچ سادا بولمىدى . ئۇنى ئۇنتۇلماس رىشتىگە ئىگە قىلغان ئەينى چاغدىكى تىلمانىنىڭ ئەرلىك جاسارىتى ئىدى . تەكلىماكانىنىڭ ئەتىيازدا توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان خادا قۇيۇنىدەك ئەرلىك جاسارىتىدىن رىزۋان خۇدىنى يوقىتىپ ئاغزىدىن قانداق مەدھىيىلەرنىڭ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتى . ئاغزى قۇرۇپ ، تىلى چاكىلداپ ھوشسىز لايدەك يېتىپ كېتەتتى . توقسان كۈن بېقىپ ئۇنى ئەر كىشىگە ئايلاندۇرالمىدى . قارىسا ئەر كىشى ،

ئەمما ھازىر ئايالغىمۇ، ئەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئادەمگىمۇ ئوخشىمايدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئېلان قىلىنغان يەرلەردىن دورا ئەكېلىپ يېگۈزدى، ئۇ مايلىدى، پۈركىدى. ھاياتلىقتىن دېرەك بولمىدى. يەر ئاستى سۇ سارىيىدىكى ھاياسىز سودىگەر چوكانلار بىر توپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا شەرمى ساز بولۇپ چۈشەندۈرۈۋاتقان يالغان دورىلاردىنمۇ ئالدى؛ ئايالىنىڭ تەبىئىي تەڭشىكى مەڭگۈلۈك غايىب بولغانىدى. تىلماندا بۇ كېرەكسىزلىك ئۈچۈن نومۇس قىلىدىغان، ھار ئالىدىغان ئار ـ نومۇس روھى خۇددى بۈرۈنمۇ بولۇپ باقمىغاندەك ئۆز خىيالى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرەتتى. بۇ تولۇق يوقىلىش، بىر پۈتۈن ـ سۈرۈك جەڭگىۋار ئەرلىك جاسارەتنىڭ غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى ئىسكىلىتى، ئىت يېمەيدىغان سېسىق سۆڭىكى بىلەن گۆشىلا قالغانىدى. ئۇنىڭدىكى ئىنسانلىق روھ تولۇق چىقىپ كېتىپ ھايۋان روھىمۇ قالمىغانىدى. قۇشقاچ ئۈۋىسىنى، ھەمراھىنى قورۇيدۇ، ھەتتا ئۆمۈرلۈك غالچىلىققا كۆنگەن ئىتمۇ يالىقىدىن قىزغىنىدۇ. جۈپسىز بىرگەندە، ھەمراھ تاپقاندا خوجىسىنىمۇ تالايدۇ. ئەمما، تىلماندىن ئۇنداق روھ چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. بۇ روھنى كىم ئەكەتتى؟ تۇرمىدىكى زەھەرلىنىشمۇ، تۇرمىنىڭ سىرتىدىكى زەھەرلىنىشمۇ، بۇنى تىلمان ئويلاپ باقمىدى.

رىزۋان يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۆزى توختاپ، ئېرىگە نەزەر سېلىپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ خىياللارنى قىلدى. تىلمان زوڭ ئولتۇرۇپ ئايالىغا مۆردىسىدەك تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى. رىزۋاندا كەلكۈندەك ئېتىلىپ كەلگەن بىر نەپرەتلىك تەلۋە كۈچ پەيدا بولۇپ، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئېرىنىڭ كۆكرىكىپ تارمۇچ بولۇپ كەتكەن يۈزىگە تەستەك بىلەن سالدى. زوڭ ئولتۇرغان تىلمان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى زەيدەپ كەتكەن كونا قەبرىنىڭ پۇچۇق تېمىدەك ئىزىغا موككىدا يىقىلىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتتى. ئاغزىدىن ھېچبىر زۇۋان چىقمىدى، رىزۋاندىكى نەپرەتلىك



www.uyghurkitap.com

غەزەپ بىردىنلا پۇشايمان، ئىچى ئاغرىشقا ئايلىنىپ، تىلماننى يۆلەپ باغرىغا بېسىپ، باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە پۈتۈن مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن سۆيدى. تىلمان يەنىلا ماگىزىنچى خېنىمنىڭ قولىدىكى رېزىنكە مودېلدەك ئايالىنىڭ قۇچىقىدا ئۈنسىز تۇراتتى. رىزۋاننىڭ تېخىمۇ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن تىلمانغا ئالىيىپ قارىيالمايتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

تىلمان ئۈنسىز قاراپ تۇردى. رىزۋان يالۋۇردى.

— مەن خۇش بوپ كېتەي، بايىقىدەك بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىڭا! نېمە دېسىڭىز مەيلى، — تىلمان ئاغزىنى مىدىرلىتىپ يەنە توختىۋالدى.

— نېمە دېسىڭىز دەڭ. گەپ قىلىڭا، — رىزۋان داۋاملىق يالۋۇردى.

— ئاچچىقىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ… دەردىڭىزنى چىقىرىۋېلىشىڭىزغا مەندە تۇرۇپ بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق. پۇخادىن چىققۇچە ئۇرۇڭ، نېمە قىلسىڭىز مەيلى. مەن تۇرۇپ بېرىمەن. كارغا كەلمەيدىغان ئادەمگە جاھاندىكى ھەممە خورلۇق، ئىت كۆرمىگەن زۇلۇملارغا كۆنۈش، چىداپ تۇرۇپ بېرىشتىن باشقا ئامال يوق. ماڭا ھەرقانداق ئۇرۇش، قىيناش، ھاقارەت، خورلۇقلار سۆيۈپ قويغاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن ھەممىگە كۆندۇم…

رىزۋان كۆزلىرىدىن تىرىك ئادەمنىڭ روھى ئۆچكەن، ئۆلۈك گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقان ئېرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. خىيالىدا ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان كالتە پەملەر كەچتى. «ئۇنىڭ يەتمىش بىر كىلو سۆڭەك، گۆشتىن پۈتۈلگەن بىر مېتىر يەتمىش توققۇز سانتىمېتىرلىق تېنىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتكەن ئادەملىك روھىنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمەن. ئۇنىڭ مۇشۇ چىرايلىق ئۇستىخىنىغا قاچىلانغان سۈزۈك سۇدەك پاك روھىغا بولغانغان مۇھىت بىر تال

قارىمۇقچىلىك نىجاسەتنى تاشلاپ ، ئاۋۋال ئۇنىڭ روھىنى بۇزۇپ ، ئۇنىڭ خىرۇستالدەك سۈزۈك بەدەن شىپشىسى ئىچىدىكى بۇلاق سۈيىنى نىجاسەت سۈيىگە ئايلاندۇردى . بۇ پاسكىنا سۇ قايناپ تېشىپ تۆكۈلۈپ تۈگىدى ، يەنە قاچىلاندى . بۇ نىجاسەتنى تۆكۈپ ، ئۇنىڭ نىجاسەت يۇقۇندىسى چاپلىشىپ كەتكەن بەدەنلىرىنى قايتا - قايتا يۇيۇپ تازىلاپ ، ئەسلىدىكى پاكىز شىپشە هالەتكە كەلتۈرۈپ ، قايتىدىن پاكىز سۇ قاچىلاش كېرەك . ئۇنىڭ پاكىز ئادەملىك روھىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇزاقىچە يۇندا ئورىكى تازىلايدىغان ئىشچى بولۇشۇم كېرەك . چىدىمىسام بولمايدۇ . يۇندا ئورىكى تازىلىغان ئادەم تازىلاش جەريانىدا نىجاسەتلەر پاتقىقى ئىچىدە پاتقاق كەچمەي ئامال يوق . ئۇنىڭ نىجاسەت تولۇمىغا ئايلانغان گەۋدىسىنى چوقۇم ئەسلىدىكىدەك پاكىز شىپشە هالىتىگە ئەكېلىمەن . ئۇنىڭدىكى نىجاسەت بىلەن ھەپىلىشىدىغان يامان ئادەت كېسەل ئادەمنىڭ كېسەلدىن زارلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپ يېتىپ يەنە كېسىلى بىلەن قېرىنداشلىق قىلىپ دوختۇر بىلەن دورىغا قارشى تۇرغىنىدەك تەتۈر تاناسىپ مۇناسىۋەت . بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىداش كېرەك . چىداپ تۇرۇپ ئاستا - ئاستا تازىلاپ پاكىز ئادەملىك روھىنى قاچىلاپ كۆندۈرۈش لازىم . نورمال ئادەملىك روھىغا كۆنگەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ نىجاسەت روھىغا قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا كۆنۈپ كەتكىنىگە ھەيران قالىدۇ ھەم نەپرەتلىنىدۇ . نىجاسەت روھىنى تازىلاپ ئادەملىك روھىنى قاچىلاش ئاسان ئەمەس . كىر بولماق ئاسان ، پاسكىنا يەردە بىرنى يۇمىلىسىلا ئىش پۈتىدۇ . ئەمما ، ئۇنى يۇيۇپ ئېرىنداش ناھايىتىمۇ جاپالىق ، بۇنىڭغا ئازابلىق جەريان كېرەك . بۇنىڭغا چىدىمىسا پاكىز روھقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ . چىدا... ئەمما سەۋر - تاقەتنىڭ چېكى نەدە ؟ »

رىزۋان خىيالدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش بىلەن توختىدى . سائىتىگە قاراپ چۈشلۈك تاماققا كىچىككەنلىكىنى بىلىپ نان ، چاي بىلەن بولدى قىلىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ زوڭ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ



www.uyghurkitap.com

قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئىككىلىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، كۆكرىپ گەز باغلاپ، قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا ئۇزاق سۆيدى. باغرىغا مەھكەم باستى. ئېرىنىڭ كالپۇكى پىشۇرۇپ توڭلاتقۇدا ساقلىغان كالا قىرىنىدەك ھارارەتسىز، يىرىك ھەم لەش ئىدى. ئۇ ئېرىنى قولتۇقلاپ ئاشخانىغا ئەكىردى.

— جاھاندا سىز كۆنمەيدىغان ئىشلار يوقمۇ؟

رىزۋان كۆپرەك گەپ قىلىپ، پىكىرلىشىپ بېرىش، ئېرىمنى قۇتقۇزۇشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى دېگەن خىيالغا كېلىپ قالغانىدى.

— بېشىمغا كەلگەن ئىشلار، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىم، كۆرگەن كۈنلىرىمنى خەقنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسام، بېشىمغا خەقنىڭكىگە كەلگەن كۈنمۇ كەپتۇ، كەلمىگىنىمۇ كەپتۇ. ھەتتا يەر يۈزىدە ھاشاراتلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلمىگەن كۈنلەر كەپتۇ. ھەممىگە كۆنۈپتىمەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، مەن كۆنمەيدىغان ئىشلار قالماپتۇ... ھە راست، ئويلاپ باقسام ياخشىلىققا كۆنەلمەيدىغان ئوخشايمەن. ئادەم ئۇزاققىچە يامانلىقلا كۆرۈپ نورمال روھى بۇزۇلۇپ كەتسە زۇلۇمنى، يامانلىقنى دوست تارتىدىغان، سېغىنىدىغان، شۇنىڭغىلا كۆنۈپ، ياخشىلىقنى يات ھەم يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

رىزۋان قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا ئېرىنىڭ ئاغزىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. ئېرى دەرھال بېشىنى يەرگە سېلىپ گەپتىن توختىۋالدى.

— سۆزلەڭ... سۆزلەۋېرىڭ، تېتىملىق گەپلەرنى قىلدىڭىز.

— قورقۇۋاتىمەن... ئۇزاق مۇددەت دەسسەپ - چەيلەنسە ئادەم قورقۇنچاق بولۇپ قالىدىكەن. سىز بەزىدە خوتۇنۇم ئەمەس، ساقچى، گۇندىپاي ياكى مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن ئاللىقانداق بىر جاسۇستەك، مېنى كۆزىتىشكە قويغاندەك، سىزدىن، بالامدىن، ئۆينىڭ تاملىرىدىن، ئىشىكتىن گۇمانلىنىپ خۇدۇكسىرەپ، قورقۇنچلۇقتا ئىچ - ئىچىمدىن تىترەپ كېتىمەن. تۈرمە ئادەمنى شۇنداق قىلىۋېتىدىكەن. ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان بالىلار،

www.uyghurkitap.com

بىنالار ، دەرەخلەر ، يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلار ، ھەتتا گۈللەرمۇ كۆزۈمگە گۈندىپاي ، ساقچىلاردەك كۆرۈنۈپ بېشىم قېيىپ كېتىپ ئىـــزىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم . كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم . قۇلاق تۈۋىمدە گۈندىپاي ، ساقچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى... مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن...

— بولدى سۆزلىمەڭ... سۆزلىمەڭ .

تىـلـمـان سـۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بارغانچە لاغىلداپ تىـتـرەپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ بولالماي قالدى . رىزۋان ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى .

— كەچۈرۈڭ... مېنى ئەپۇ قىلىڭ . مەن سىزنى توقسان كۈن باقتىم دەپ پەقەت ئاش ـ تاماق بېرىپ ، دىلىڭىزغا ئوزۇق بولىدىغان گەپلەرنى دېمەپتىمەن . سىزمۇ بۇگۈنكىدەك ئېچىلىپ گەپ قىلىپ بـەرمىگەنتىڭىز . كۆڭلىڭىزنى چۈشەنمەپتىمەن . دېمىسىڭىز مەن بىلمەيدىكەنمەن .ئويلىغانلىرىڭىزنى پات ـ پات ماڭا دەڭ . ھەرگىز قـورقـماڭ . ھەممە ئادەم سىزگە دۈشمەن ئەمەس . سىز پەقەت زەھــەرلىك چېكىملىك چەككۈچى ، شۇڭا سىزنى ھېچكىم پايلاپ يۈرمـەيدۇ . سـاقـچـىـلار ئـەتـكەسچىلەر ، ئوغرىلار ، قاتىللار ، خـىـيانەتچىلەرنى ، زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچىلارنى پايلايدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن چەكمىسىڭىز ئىدارىڭىزگە بېرىپ نورمال ئىشلەپ ياخشى ئىش بولسا قىلىپ ،يامان ئىش قىلمىسىڭىز ، ساقچى ، تۈرمە دېـگـەن ھەرگىز سىزگە مەنسۇپ بولمايدۇ . قولىڭىزدىن كەلسە ئەتراپىڭىزدىكى ھەرقانداق ئادەمگە ، ھەتتا دەل ـ دەرەخ ، ھاشارات ، جانىۋارلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىز باشقا تەرەپتىن سىزگە ياخشىلىق كېلىدۇ . كۆزىڭىزگە ھەرگىز ئۇنداق كۆرۈنمەيدۇ .

— بايا دېدىمغۇ ، ياخشىلىققا كۆنەلمەيدىكەنمەن . يامانلىقنى تولا كـۆرگـەن ئـادەمنىڭ روھى بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن . ئۆزىگە زۇلـۇمنى دوست قىلىۋالىدىكەن . سىز مېنى توغرا چۈشىنىڭ . مەسىلەن ، مەن سىزگە چۈشەندۈرەي ، كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى گەپنى قىلسام ، ئەڭ ئالدى بىلەن سىز ، ئاتا ـ ئانام ،

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مېنى تۇرمىدىن ئاچقىۋالمىز دەپ تارتمىغان ئازاب ـ خورلۇقلار قالمىدى. ئاتا ـ ئانام پۇل، بايلىقىدىن، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان يەر ـ زېمىن، ئۆيلىرىدىن ئايرىلدى. ھەتتا سىز مېنى تۇرمىدىن چىقىرىمەن دەپ قېرى ئوغرىلارغا... مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ ئانام بىلەن ئايالىمنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقى. ئەسلىدە مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇشال بولسام، رازى بولسام بولاتتى. بۇ ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسى، ئەمما ھايات ئوخشىمايدىكەن. ھازىر مەن مېنى زەھەرلىگەن تاماكا، مېنى مەست قىلغان ھاراق، ئەيش ـ ئىشرەت، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مېنى ئىشتىن ھەيدىگەن باشلىق، مېنى تۇتقان ساقچى، مېنى سولىغان تۇرمە، ئۇرغان گۇندىپاي، مېنى يولدىن چىقارغان ئۇلپەت ـ ئاغىنىلىرىمدىن نارازى ئەمەس. ئۇلارنى سېغىنىمەن، ئۇلارنى يامان كۆرمەيمەن، ئۇلاردىن رەنجىمەيمەن. ئۇلارنى يامان دېگۈممۇ كەلمەيدۇ. ئۇلار شۇنچە يامانلىقلارنى ماڭا تاڭدى، ئۇلاردىن خاپا بولۇشقا ئۆزۈمنى زورلىساممۇ ئۇلار ماڭا ئوبدان كۆرۈندۇ. مېنى ئەڭ قاتتىق رەنجىتىپ كەتكەن، خاپا قىلغان ئادەم كىم دېسە، دەل ئاتا ـ ئانام بىلەن مېنىڭ ۋاپادار خوتۇنۇم. مەن سىلەردىن نارازى. سىلەردىن نەپرەتلىنىمەن، سىلەردىن يىرگىنىمەن، سىلەرنى بەك يامان كۆرىمەن. نېمىشقا بۇنداق يامان كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ تاپالمىدىم. سىلەردىن باشقا، مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادەم تۇرمىدىكى چاغدا ئاچ قالسام ئۆزىنىڭ تامىقىدىن بۆلۈپ بەرگەن، باشقا مەھبۇسلار ئۇرسا مېنى قۇتقۇزغان تۇرمىداش دوستۇم ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىنمۇ رەنجىگىلىك. مەن سىلەردىن — ماڭا ياخشىلىق قىلغان قېرىنداشلىرىم، مېھرىبان، كۆيۈملۈك كىشىلىرىمدىن نارازى ئىكەنمەن. ئۇنداق ئويلاپمۇ، بۇنداق ئويلاپمۇ ئاخىر مەن ياخشىلىققا كۆنەلمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەن. بۇنداق بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىمەن. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭغا ئامالىم يوق. بۇ كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئىچىمدىن چىقمايدىغان، ماڭا

www.uyghurkitap.com

توختاۋسىز ئارام بەرمەيدىغان خادا تاش بولۇپ قالدى . سىز ماڭا ياخشىلىق قىلغانچە مېنىڭ ئېھتىياجىم يوغىناپ قالمايدىكەن . ياخشىلىق قىلىش سىزنىڭ تەبئىي ۋەزىپىڭىزگە ئايلىنىپ ياخشىلىقنى بىر قېتىم ئۈزۈپ قويسىڭىز ياكى قىلغان ياخشىلىقىڭىز سىز تەمە قىلغان بالداقتا يەتمەي قالسا بۇزۇپ قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەيدىكەن . مەن سىلەردىن رەنجىمەسلىككە شۇنچە تىرىشسامۇ ، ئاتا - ئانام نېمىشقا ئۆي - جايىنى سېتىۋېتىدۇ ، خوتۇنۇم نېمىشقا مېنىڭ ئۈچۈن خەققە ئاشنا بولىدۇ ؟... دەپ سىلەرگە غەزەپ - نەپرىتىم ئاشىدۇ ، شۇڭا مەن ياخشىلىققا كۆنەلمەيدىكەنمەن...

— بۇنداق كۆنۈپ قېلىش يالغۇز سىزدىلا ئەمەس ، نۇرغۇن ئادەم شۇنداق . مېنىڭ بىر دوستۇم توي قىلىش ئالدىدا ئۆي تاپالماي شۇنداق قىيىن كۈنگە قاپتىكەن . چوڭلارنىڭ بىكار ئۆيىدىن بىرنى مەن يالۋۇرۇپ بىكارلىتىپ بەرگەن . شۇ چاغدا بەك خۇش بولغانىدى . ھازىر ئىككى ئاي بولدى ، سۇ ، توك پۇلىنى بەرگىلى ئۇنىماي ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر تۆلەپ قويسىمۇ دادام - ئانام لاردىن ، مەندىن قاتتىق خاپا . تويدا قەرز بېرىپ تۇرغان پۇلنى سوراپ قويغانغا يەنە بىر دوستۇمدىنمۇ خاپا . سىز بۇلارنى دېسىڭىز ، بۇ ئىشلار ئېسىمگە كېلىۋالدى . ئەمما ، بىز ئۆزىمىزنى يەڭمىسەك ، ئۆزىمىزنىڭ تەتۈرلۈكى ئۈستىدىن غەلىبە قىلمىساق ، تەتۈر قىسمىتىمىز ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ . ئۆزىمىزنى ياخشىلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن تىرەجەپ باقايلى . بۇ تەتۈرلۈكىمىز ئۈچۈن ياخشىلىقتىن قول ئۈزگىلى بولمايدۇ .

رىزۋان ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ ، ئېرىنىڭ ئازابلىق كۆڭۈل سۆزلىرى چىداش تەس بولغان راست گەپلەر ئىدى . ئۆزىنىڭ ئېرىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئار - نومۇسىنى بەدەل قىلغان ئەقىدىلىرى ئۆزىگە لەنەت - نەپرەت ، ئۆچمەنلىك ، ئازار ئېلىپ كەلگەنىدى . خەق ئۇنى پوكىنىغا بېسىپ قېرى خورازدەك راھەتلىنىپ بولۇپ ، ئۇنى خەلقئالەمگە ئۆزى يايغانىدى . ئۇنىڭ

ئېرىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى خەقلەرنىڭ مىنىپ ئوينايدىغان ئېشىكى بولۇش تارىخى تۇرمىدىكى ئېرىگە بارمىقىنى چىشلەپ ئاڭلايدىغان ھېكايە بولۇپ قالغانىدى.

— ئازابلانماڭ. ھازىر ئىككىلىمىزدە پۇل بىلەن ھوقۇق بولمىسا، ئار ـ نومۇس، يۈز ـ ئابرۇي دېگەن نەرسىلەرنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەممە ئىشلار كۆڭلىمىزگە ئايان. مەن ھەممىنى بىلىمەن. بۇ مېنى قۇتقۇزۇش يولىدا بېرىلگەن قۇربانلار. ئۆتكەن ئىشلار ئۇچۇن ئەمەس، ھازىر ئۇچۇن سۆزلىشەيلى. سىز يەنە مېنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

تىلمان خۇنسىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ سوزىدى. رىزۋان لېۋىنى چىشلەپ بىردەم تۇرۇۋالدى.

— مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن بالىلىرىمغا دادا كېرەك. مەن ئىككى بالام ئۇچۇن، ئائىلىمىز ئۇچۇن سىزنى قۇتقۇزمىسام بولمايدۇ. بىر ئۆيدە ھېچ ئىش قىلالمىسىمۇ دەسسەپ تۇرىدىغان ئەر بولمىسا بولمايدىكەن. سىز بۇگۈن ئىشقا بارماي مېنىڭ نۇرغۇن قۇربانلىقلىرىمنى بىكار قىلدىڭىز. پەقەت ئىدارىگە بېرىپ ئايلىنىپ قويۇپ كەلسىڭىزلا بولاتتى. ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ بەرسىڭىزمۇ ھېساب. بۇگۈن بارمىغىنىڭىز ئۇچۇن ئىدارە باشلىقىڭىزنىڭ ئالدىغا مەن يەنە بارىدىغان بولدۇم. بۇ سىز ھەم مەن ئۇچۇن چىداش تەس بولغان ئازابلىق تىرىشىش.

رىزۋان باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

— ئىشقا بارسام ـ بارمىسام... بەرىبىر.

— بۇگۈن بارمىسىڭىز ئەتە ياكى باشقا بىر كۈنى ھامان ئۇ سىزنى يەنە كەلتۇرىدۇ.

ھەر ئىككىسى جىمجىمىدە بىر ـ بىرىگە سوكۇتتە قاراپ تۇرۇپ كېتىشتى.

— بىز سودىلىشايلى!

رىزۋان ئېرىگە ھاڭۋېقىپ قارىدى.

— سىز مېنىڭ قۇتقۇزغۇچۇم بولغانىدىكىن، ئاۋۋال مېنى،

www.uyghurkitap.com

ئاندىن ئىش ئورنۇمنى قۇتقۇزۇڭ . مەن چىدىمىغانغا سىز چىدايسىز . مەن بىراقلا تاشلىيالمىغۇدەكمەن . ئاستا ـ ئاستا تاشلاي . ھەممىگە چىدىسامىمۇ خۇمارغا چىدىيالمىدىم . سىز مەن بىلەن بىر يەرگە بېرىشىپ بېرىڭ . سىز بارمىسىڭىز ئۇلار بەرمەيدىكەن .

رىزۋان چاچراپ تۇرۇپ ئىبرىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى . ئىبرا يەنە ئىزىغا ھالسىزغىنە يىقىلىپ چۈشتى . رىزۋاننىڭ قولى قىبرى جىگدىنىڭ داشماق غولىغا تەگكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى . كۆزىدىن يەنە ياش قۇيۇلۇپ چىرايلىق مەڭزىدىكى ئازابلىق سىزىقلارنى يۇيۇپ تاشلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا خورلۇق ئىچىدە سۆيدى . ئالىقىنى بىلەن قۇلىقىدىن كىرگەن ئاغرىق يەنە بېرىپ يۈرىكىگە سانجىلدى .

كەچ كىرىپ شەھەر كوچىسىغا چىراغ يېقىلغان مەزگىلدە ، قار بىراقلا تۆكمە بولۇپ ، قارا يەرلەر ، دەرەخلەرگىچە ئاقارتىۋەتتى . چوڭ يوللاردا توختاۋسىز ماشىنىلار چاقىدا ئۈزلۈكسىز يانجىلغان يۇمشاق ئاپئاق قارلار ئاللىقاچان غىلتاڭ كۆك مۇزغا ئايلىنىپ ئۈيۈپ كەتتى . ھەرقانداق يۇمشاق نەرسە چەيلىنىۋەرسە قاتىدىغان ئوخشايدۇ . غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىدا لەيلەپ ئالدىراش چۈشۈۋاتقان قار توزانلىرى قار ئەمەس ، قارا قازاندەك ئاسماننىڭ ساناقسىز تۆشۈكلىرى ئۈستىدىن قادىلىپ ئۆتكەن پاكىز يورۇق نۇرلاردەك كۆرۈنىدۇ . تىلمان بىلەن رىزۋان ھەر خىل زىننەت چىراغلار چاقناپ ئوتتۇرا ئەسىر گېنېراللىرىدەك كىيىنىۋالغان مۇلازىملىرى قېتىپ تۇرغان ئالىي مېھمانخانا ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتى . ئۇلارنىڭ ياسىنىپ ـ تارىنىپ تاكسىدىن چۈشكەندىكى خۇش چىراي ھالى ھېچبىر دەردى ـ غېمى يوق بايۋەچچە ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك مەغرۇر ئىدى . ئەمما ، ئىچىدىكى مىڭ پاتمان دەردىنى خۇدا بىلەن ئۆزلىرى بىلەتتى . يولدا كېتىۋاتقان مىڭلىغان خۇشال كۆرۈنىدىغان ئادەملەرمۇ بەلكىم مۇشۇ ئەر ـ خوتۇنلاردەك ئەڭ ئازابلىق ، ئەڭ چىدىغۇسىز پەسكەش سودىنىڭ كەينىدىن مانا مۇشۇنداق ئىچىدە قايغۇ ـ ئەلەم ، تېشىدا بايرام

قىلىپ يۇرۇشىدىغاندۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاكسىدىن چۈشۈپ مېھمانخانا دەرۋازىسىدىن بىنا ئىچىگە كىرىپ بولغۇچە ئۇستۇۋېشىنى قار كۆمۈپ ئاقلاپ ئۆلگۈردى. لىفت ئىچىدىكى رەقەم ئون يەتتىنى كۆرسەتكەندە، لىفت ئۆرلەشتىن توختاپ ئىشىك ئېچىلدى. ئۇلار جىمجىت كارىدورنى بويلاپ بۇلۇڭدىكى ياتاق ئالدىغا بارغاندا توختىدى. تىلماننىڭ مۇردىدەك كۆزلىرى رىزۋاننىڭ ئالمىدەك جۇلالىق يۈزلىرىگە نەپرەت ئارىلاش يالۋۇرۇش بىلەن تىكىلدى. رىزۋان غەزەپ ھەم ئامالسىزلىق يىغىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى خورلۇق ئىچىدە تىلمانغا تىكتى. تىلمان قاقشالدەك قۇرۇپ كەتكەن گۆشسىز بارماقلىرىدا تارمۇچتەك تارتىشىپ كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى بىر سىلاپ قويۇپ ئىشىكنى چەكتى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇچىسىدا ئالىقانچىلىك ئەۋرەت ياپقۇچتىن باشقا كىيىمى يوق، قورسىقىدىن كانىيىغىچە چۇپۇر باسقان قارا كۆزەينەكلىك بىرى ئىشىكنى توسۇپ تۇردى. ئۆي ئىچىدىن تېلېۋىزور نومۇرلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى. ئىشىكتىن مەززىلىك ئەتىر ئارىلاش ھەر خىل ئىسسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقىپ دىماغقا ئۇرۇلدى. ئەر تىلمان بىلەن رىزۋانغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ قويدى.

— يەنە بىردەم كەلمىسەڭ تۇمۇچۇق ئىزدەپ قاڭقىپ ماڭاي دەپ تۇرغان. بۇ سومبۇل چاچ خېلى بولغۇدەك. قېنى كىرىڭ، جانان قىز!

رىزۋان دەرھال تىلمانغا قارىدى. ئۇنىڭ قارىچۇقىدىن چاچراپ تۇرغان نەپرەت تىلماننىڭ كۆكىرىپ كەتكەن تارمۇچ يۈزىگە قار يىغىپ ئېرىپ كەتكەندەك ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. رىزۋان بوسۇغا ئاتلىشىغا تىلمان مىڭىۋىدى، چۇپۇرلۇق ئەر ئىشىكنى توسۇۋالدى.

— ساڭا نېمە بار؟ ئەڭ ياخشىسى، سەن پەستىكى قەھۋەخانىدا ئوينىاپ تۇر.

تىلمان قولىنى تەڭلىدى. چۇپۇرلۇق ئۇنىڭ قىغچىنىڭ بەلچىسىدەك ئېچىلىپ تۇرغان ئالىقىنىغا ئۇرۇۋەتتى. ئاندىن

ئارقىسىغا بىر قارىۋېتىپ پەس ئاۋازدا :

— ئاشخانىغا كىرسەڭ تاماقتىن كېيىن ھېسابلىشىمەنغۇ . خۇمارىڭ ھەرقانچە بەك دوڭغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ بىر دەم قىسىپ تۇر ، — دېدى گۈلىيىپ .

چۇپۇرلۇق ئەر شۇنداق دەپلا ئىشكنى تاقاپ كىرىپ كەتتى . تىلمان ئالىيىپ يەرگە قارىغىنىچە لىفىت ئىشكى ئالدىغا بېرىپ قىزىل رەقەمگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇردى . رەقەملەر بىر دەم ئېگىزگە قاراپ ساناقلانسا ، بىردەم پەسكە قاراپ تاقلايتتى . تىلمان خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۆزىنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا بەلگە بېرىشنى ئۇنتۇپ ئۇزاق تۇرۇپ قالدى . قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن ، لىفىت ئىشىكى ئېچىلىپ كۆتكۈچى قىز چىقىپ كەلگەندىلا ، ئويغانغاندەك بولۇپ ئالدىراپ لىفىتقا كىرىۋالدى .

قەھۋەخانىدا بىردەم ئولتۇرۇپ بىقىپ تولا سائەتكە قاراپ ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ ئولتۇرالماي قالدى . تەلۋىلىك بىلەن دىسكو ئويناۋاتقان توپقا قېتىلىپ بىردەم چىچاڭلاپ بىقىپ ئۇمۇ تېتىماي ، مېھمانخانا كۈتۈش زالىغا كىرىپ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە ، تۈگۈلۈپ قالدى . ئېچىرقىغان مادارسىز قىرى مۈشۈكنىڭكىدەك خۇنسىز كۆزلىرى لىفىت ئىشىكىدە ئىدى . ئىشىك ھەر ئېچىلسا ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ ئىشىكتىن چىققانلار ئارىسىدىن ئايالىنى ئىزدەشتۇرەتتى . لىفىتنىڭ قىزىل رەقەملىرىنى ، كىرىپ ـ چىققانلارنى تولا ساناپ ئاغزى قۇرۇپ ، تىلى چاكىلداپ قالغاندا ، ئايالى ئىشىكتىن چىقتى . رىزۋان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ھىجىيىپ تۇرغان ئېرىنىڭ يۈزىگە تۇكۇرۇۋېتىپ ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىقىپ كەتتى . تىلمان يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ لىفىتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى . ئۇ ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ياتاق ئىشىكىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن قىنىغا سىغماي ، ئىشىكنى چەكمەستىنلا كىرىپ كەلدى . گەدىنىگە تەگكەن بىر مۇشت بىلەنلا

ياتاقنىڭ ئىچكىرىسىگە دەلدۈگىنىپ ، يۈمىلاپ بىرىپ كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . چۇپۇرلۇق ئەر ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ ئېلىپ ، تامغا چاپلاپ تۇرۇپ يۈزىگە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى . ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ هاسىراپ كەتكەنىدى .

— هۇ نجىس ئېشەك . ئىتمۇ سەندىن ۋىجدانلىقراق . جاهاندا باشقا خوتۇنلار تۈگەپ كەتكەندەك ، ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنۇڭنىمۇ ئەكىلەمسەن ئەمدى ؟ تاس قاپتىمەن... سەن مۇناپىقنىڭ بۇنچىۋالا بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي پوق يېگىلى . كوچىدا ئەخلەتتەك يۇتلىشىپ يۈرگەن ئويۇنچۇقلار ساڭا ئۇچرىمىدىما ؟... ۋاي دۆيۈز . مېنىڭمۇ خوتۇنۇم بار ، بالىلىرىم بار ئەمەسما... مەن ساڭا قىلسام چوقۇم بالىلىرىمدىن كۆرمەي قالارمەنما ؟

— ئوبدان ئاكا... مەن... مەندە پەقەت ئامال يوق... هېچكىم گېپىمنى ئاڭلىمىسا مەن قانداق قىلىمەن...

— هېلىقى گېپىڭگە ماقۇل دەيدىغان ئۇسسۇلچى بىرنېمىنى تېپىپ كەلسەڭ بولمامدۇ ؟ ئۇ ساڭا خېلى كۆيۈنىدىكەن . ئىش يۈزىدە ساڭا جىقراق پۇل بىرىشىمنى تاپىلايدۇ .

— ئۇ... ئۇ... بۈگۈن كېچىچە ئۇچ تانسىخانىدا ئىشلەيدىكەن ، ۋاقتى يوقكەن .

— بىرىنىڭ پۇلىنى بىرىمەن ، شۇنى ئەكەل . مەنمۇ كەچ سائەت ئون ئىككىدىن بۇرۇن ئۆيگە كىرمىسەم بولمايدۇ... هە توختا ، ئۇ سېنىڭ بىرنېمەڭ ئەمەستۇ ؟

تىلمان كىكەچلەپ گەپ تاپالماي قالدى . چۇپۇرلۇق ئادەم يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئۇچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سوۋاشلاپ سورىدى :

— راست گەپ قىل . راست گېپىڭ ئۇچۇن مۇشۇ پۇلنى بىرىۋېتىمەن . مەن راست گەپنى پۇلغا ئالىدىغان ئادەم...

— راست... سىز... سىز... بەك جىك ئادەم ، گېپىڭىزدە تۇرىسىز... راستىنى دەي ، ئۇ مېنىڭ ئازابىمغا چىدىمايدۇ . كىچە كىمىزدىن بىر ـ بىرىمىزگە بەك ئامراق . ئۇ مېنىڭ سىڭلىم...

www.uyghurkitap.com

— يوقال كۆزۈمدىن... ئادەم ئەمەس هايۋان...

چۈپۈرلۈق ئادەم تىلماننى بوغۇپ تۇرۇپ تامغا بىرقانچىنى ئۇستۇرۇپ كۆتۈرگەنچە ياتاقتىن تالاغا تاشلىۋېتىپ، ئۈستىگە كۆم قىلىپ يېپىۋەتتى. تىلمان بۇقىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئىلىنىپ قالغان چۈۋۈق سېۋەتتەك كارىدوردا نەچچىنى يۇمىلاپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئىشىك ئېچىلىپ چۈپۈرلۈق ئادەم بىرمۇنچە پۇلنى تىلماننىڭ يۈزىگە ئاتتى.

— خىروئىنىنىڭ ئادەمنى بۇنچىۋالا پەسكەش، ئىپلاس قىلىۋېتىدىغىنىنى بىلمەيتىمەن. بۇ پۇللارغا قانغۇچە چېكىۋېلىپ ئاندىن ئۆلۈۋال. سەن ئەمدى ياشىما. سەندەك ئىپلاس ئەخلەتتەك ئادەمنىڭ ھەممە ئادەمنى بۇلغاپ، ۋەيران قىلىپ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى. سەن قانچە بالدۇر ئۆلسەڭ ئاتا ـ ئاناڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ ۋە تېنىڭ ئارام تاپىدۇ. سېنىڭ ئۆلۈۋالغىنىڭ قەھرىمانلىقىڭ، سېنىڭ مىللەتكە قوشقان تۆھپەڭ بولۇپ قالىدۇ. مەن ھەممىگە قۇدرىتىم يېتىدىغان تۇرۇپ، سەن ئىپلاسنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلغان ئىشىمنى كۆر ئەمدى. نەۋاقىتچە ئازابلىنارمەن ئەمدى؟ ساڭا ئوخشاش مېنىڭمۇ سىڭلىم بار ئەمەسمۇ جوھۇت. يوقال، سەن ھەممە ئادەمنى ۋىجدانسىز قىلىپ بۇلغاپ بولغۇدەكسەن. سېنى باققان ۋەتىنىڭ، ئاتا ـ ئاناڭ، خەلقىڭگە قىلىپ بەرگەن بىر ياخشى ئىشىڭ بولۇپ قالسۇن. سەن بالدۇرراق ئۆلۈۋال...

چۈپۈرلۈق ئادەم شۇنداق دەپلا ئىشىكنى تېخىمۇ قاتتىق يېپىپ كىرىپ كەتتى. كارىدور گۆرىستانغا ئوخشاش جىمجىت ئىدى. تىلمان ئۆمىلەپ يۈرۈپ چېچىلىپ كەتكەن پۇللارنى يىغىۋالدى.

## 2

رىزۋان بالىلىرىغا ئۆيىدە چۆچەك كىتاب ئوقۇپ بېرىپ خېلى ئۇزاقتا ئۇخلاتتى. گىرىم ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى تۈزەپ

تامدىكى سائەتكە قارىۋىدى ، سائەت ئىستىرېلكىسى ئونغا ئاز قاپتۇ . ئۇخلاش كىيىمى بىلەن مېھمانخانىغا چىققاندا ، سېمىزلىكتىن تولۇمغا ئوخشاپ قالغان ئىدارە باشلىقى سافادا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مۈگدەۋاتقانىدى . رىزۋان يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا باشلىق ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ سائىتىگە قارىدى .

— ئۆيگە كىرىپ بولمىسام بولمايدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ . ئەجەب كەچ قالدىڭىز خېنىم .

— بالىلار ئۇخلىغىلى ئۇنىماي ئەمدى ئۇخلىدى . ئەپۇ سورايمەن...

— بولۇڭە ئەمىسە...

باشلىق كىيىملىرىنى سېلىپ كارىۋاتقا چىقتى . رىزۋان چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىرىپ ، يوتقاننى بېشىغا چۈمكىۋالدى . ئىككىسى يوتقاندا باشلىرىمۇ كۆرۈنمەي ، پومداقلاشقىلى تۇرغاندا ، ئىشىك بىردىن ئېچىلىپ ، چىراغ يېقىلدى . باشلىق «ھە» دەپلا يوتقان بىلەن پۈرلىشىپ كارىۋاتتىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى . رىزۋان دەرھال ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئالدىنى ئېتىپ ئۆزىنى تۈزەپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋالدى . ئىشىكتە تىلمان ئۇلارغا جىممىدە قاراپ قېتىپ تۇراتتى . باشلىق ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ يوتقاندا ئۆزىنى يۆگەپ تامغا يۆلىنىپ ، تاتىرىپ چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ سېمىز ئېڭەك پوقىقى توختىماي تىترەيتتى .

— ئو... ئوبدان... ئوبدان... ئوكام ، بىر... بىر يىللىق... يىغىلىپ قالغان مائاشىڭىزنى ھە... ھەل... قىلىپ بېرەي... مۇ... مۇئاۋىن... بۆلۈم... با... باشلىقى قىلىمەن... شۇ... شۇنى دې... دېيىشكىلى كېلىپ...

تىلمان يەنىلا زۇۋان سۈرمەي جىممىدە تۇردى .

— ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ — رىزۋان ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ باشلىقنىڭ ئىشتىنىنى ئېلىپ بەردى .

تىلمان يېنىپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ئىشىكنى يېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ

www.uyghurkitap.com

قالغانىدى . رىزۋان ئاستا كىلىپ ئىشىكنى ياپتى . باشلىق ئۇھ تارتىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى .

تىلماننىڭ قەدەملىرى بىنانىڭ ھەربىر پەلەمپىيىدىن قىرىق جۇۋاز كالىسىنىڭ قەدەم ئېلىشىدەك ئېغىر ھەم كالامپاي دەسسەپ چۈشتى . كارىدور ئىشىكىدىن چىققاندا ، بىر ئەر - خوتۇن بىلەن دوقۇرۇشتى . ئەر - خوتۇنلار ئۇنىڭدىن يىرگەنگەن ھالدا داجىپ بىنا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى . قار تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ياغماقتا ئىدى . تىلمان دەلدۈگىنىپ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئالدىغا ماڭماقتا ئىدى . پەلتوغا يۆگەنگەن سىمىز باشلىق ئۇنىڭ يېنىدىن شاپىلداپ ئۆتۈپ يانچە ھىجىيىپ :

— ئۇكام... ئۇكام... تىلمانجان... ئەمىسە شۇنداق بولسۇن . ئەتە ئىشقا بارارسىز . ئىشنى شۇنداق توغرىلايمىز ئەمىسە ، خوش ، ئەمىسە ھە ، خوش ، — دېدى .

ئۇلار شۇ گەپنى دېيىشىپ بولغۇچە چوڭ يول دوقمۇشىغا چىقىپ قالدى . سىمىز باشلىق بىر تاكسىنى توسۇپ چىقىپ كەتتى . تىلمان كوچىنىڭ تۆت دوقمۇشىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى . ئۇ يولغا بىر قەدەم مېڭىپ بېقىپ يەنە قايتتى . يەنە بىر يولدا ئۈچ - تۆت قەدەم دەلدۈگىنىپ ئارىسالدى بولۇپ ، توختاپ قايتىپ يەنە بىر يولغا ماڭدى . مۇشۇ ئارىلىقتا يولدا تېز ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار ئۇنى ياداپ بىرنەچچىسى توسۇلۇپ ، شوپۇرلار توختاپ قاقشاپ قويۇپ كەتتى . تىلمان دەلدەڭشىپ يەنە بىر يول دوقمۇشىدا بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ ، قايسى يولدا قاياققا مېڭىشنى بىلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، يولنىڭ دوقمۇشىدىكى قىرغا زوڭ ئولتۇردى . قار شىددەت بىلەن تۆكمە بولۇپ ياغماقتا . ماشىنىلار يولغا پېتىنشماي شىددەت بىلەن تۆت تەرەپكە سەلدەك ئاقماقتا ئىدى . يولنىڭ قارشىسىدا زوڭ ئولتۇرغان تىلمان بىردەمدىلا كىچىككىنە قار پومزىكىگە ئوخشاپ قالدى . ئۇنىڭ زوڭ ئولتۇرغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ھالدا ئىدى . بىر قاراشتا قار

كۆمۈۋەتكەن يول قىرىدىكى ئەخلەت قاچىلانغان خالتا دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى . بىر چاغدا ، ئاپئاق قار پومزىكى قار كۆچكەندەك يول قىرىدىن يولغا دومىلاپ كەتتى. ئەمدىكى قاراشتا بالىلار قاردىن ياسىغان پۇتبولغا ئوخشاپ قالغانىدى. قار پومزىكى يولنىڭ ئوتتۇرىدا ئاپئاق ھالەتتە ياتاتتى . بىرقانچە ماشىنا ئاق قار پومزىكىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى . شىددەت بىلەن كەلگەن يوغان بىر ماشىنا بۇ قار پومزىكىنى خاتىرجەم دەسسەپ كەتتى . ئاپئاق قار پومزىكىدىن قىزىل قان چاچراپ يولدىكى غىلتاڭ كۆك مۇز قىزىل رەڭ ئىچتى . ماشىنىلار خەۋەرسىز ھالدا قان ئۈستىدىن شىددەت بىلەن ئۇياق - بۇياق چېپىشىپ ئۆتتى . ساناقسىز قىزىل تاكسى-لارنىڭ قارا چاقلىرى ئۆز رەڭگىدەك قىزىل بويىلىپ ئۆتمەكتە . شوپۇرلار بولسا كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۆز يولىغا ئالدىراپ ماڭماقتا ئىدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ئەڭ ئاخىرقى تارىم يولۋىسى

(بۇ ئەسىرىمنى بىئولوگىيە ـ ئىرسىيەتشۇناسلىق ئالىمى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خەمىت ھەكىموف خاتىرىسىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.)

1951 ـ يىلى، ئاقسۇنىڭ ئارال توغراقلىقى.

ئەتىيازنىڭ سوغ شامىلى قەدىمىي توغراقلارنىڭ شاخلىرىدا شېھىت كەبى قېتىپ قالغان ياپراقلارنى مۇزدەك چىقىپ، شىلدىرلىتىپ، ئۇلارنى بېغىشلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئەدىمەكتە ئىدى. قۇم ـ بوراننىڭ شىددەتلىك سوقۇشلىرى، توغراقلارنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ، يۇمىلىتىپ، دېڭىز دولقۇنىدەك لۆمشۈپ تۇرغان كۆز يەتمەس تەكلىماكان قۇملۇقىدا سۇر ـ توقاي قىلىشلىرى، سۆرەپ سازايى قىلىشلىرى ئىچىدە، قۇم ـ بوران بىلەن ئېلىشىپ، پومداقلىشىپ، ئاخىر قۇملۇقنىڭ قايسى يېرىگە كەپ قالغان بولسا، شۇ سۇسىز قۇمغا كىگىز يۇڭىدەك ھەم يۇڭچىنىڭ بىگىزىدەك يىلتىزىنى پاتۇرۇپ، شۇ يەردە ئورنىدىن دەست تۇرۇپ، كۆكلەپ، ھاياتلىق كۈرىشىنى داۋام ئەتكەن قەھرىمان توغراق بۇنچىلىك قىچىشمىغان يەرنى قاشلىغاندەك ئەتىياز شامىلىغا پەرۋا قىلماس ئىدى. ئۇنىڭ قېنى، گېنى، يىلتىزىغا باش ئەگمەس، تىز پۈكمەس روھ مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق بولۇپ پۈتۈلگەنىدى. ياشاش مۇمكىنچىلىكى يوقتەك

كۆرۈنىدىغان سۈسىز قۇملۇق چۆل ئۇنىڭ ئانا تۇپرىقى — ۋەتىنى ئىدى. بوران - قۇملارنى ئۇنىڭغا دۈشمەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىنىمىگە ئۇسسۇلغا سالسىمۇ، ئۇنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ چۆلنىڭ مەيلى قەيېرىگە ئاپىرىپ تاشلىسىمۇ، «نەملىكتىن ئەسەر يوق يەرگە ئاپىرىپ تاشلىدىم. ئەمدى ئۆلىدۇ...» دەپ خۇشال مەشرەپ سالسىمۇ، چۆلنىڭ ھەرقانداق يېرى — قۇم بارخانلىرى ۋە بارخانلارنىڭ ئېگىز چوققىلىرىمۇ توغراقنىڭ ئانا ماكانى بولغاچقا، شۇ يەرلەردىن يەنە دەست تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، ياشناش كۈرىشىگە تەييار ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. غالىب قوشۇننىڭ زەبەردەس جەڭچىسىدەك: «بوران، سۈسىزلىق دەشتىدە مەغلۇبلارچە ئۆلۈپ بېرىدىغان مەن ئەمەس. چۈنكى، بۇ قۇملۇقنىڭ ھەممە يېرى مېنىڭ ئانا ماكانىم. ناۋادا، سەن بىلەن جەڭ قىلىپ نەگىلا يىقىلاي، يەر باغرىغا — ئانام باغرىغا يىقىلىمەن. ئانا باغرىغا يىقىلغان جەڭچى يەنە ئورنىدىن تۇرالايدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ يېشىل، جەننەت رەڭ بىخ، ياپراقلىرىنى چىقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوران: «يا پەرۋەردىگار، پۈتۈن ئىقلىمدا تەكلىماكان توغرىقىدەك چىداملىق، باتۇر، قەيسەر دۈشمەنگە دۈچ كەلمىگەنمەن. مەن ئۇنى مىڭ يىللاپ قاتتىق ھۇجۇم بىلەن دەسسەپ، چەيلەپ ھەممىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ قۇرۇتۇۋېتىپ، ئەمدىغۇ بۇ قۇملۇقتا ماڭا توسالغۇ بولغۇدەك، مېنىڭ ئەركىن - ئازادە ياйرىشىمغا پۈتلاشقۇدەك دۈشمىنىم قالمىغاندۇ، دەپ كەينىمگە قارىسام، بۇ توغراقلار يەنە ساناقسىز دۈشمەن قوشۇنىدەك قوۋم ئۇستىدە سەپ تارتىپ، بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. تېخى ماڭا پو ئېتىپ: ھە بوران، خىيالىڭنى خام چاغلىما، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم، جەددى - جەمەتىمنى قىرىپ يوقىتىمەن، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ يوقىتىمەن، بۇ قۇملۇق ماڭا ئۆچكە قالىدۇ! دەپ قالما، مېنى يۇلۇۋەتكەنگە، يىلتىزىمنى قۇرۇتۇۋەتكەنگە، مەن تۈگەپ كەتمەيمەن. سەن مېنى، مېنىڭ قېنىمنى، قاندىكى روھىمنى، گېنىمنى چۈشەنمەيسەن. مەن ۋە

مېنىڭ ئەۋلادىم ، جەمەتىم ، تەڭرى تەرىپىدىن مۇشۇ قۇملۇققا تومۇرداش قىلىپ ئاپىرىدە قىلىندىمۇ ، سەن ھەرنېمە دەيمۇ ، ھەرنېمە قىلىپمۇ بۇ قۇملۇقنى بىزدىن تارتىۋالالمايسەن . سەن بىزگە نەچچە مىڭ يىللاپ ھۇجۇم قىلدىڭ ، بىزنى ۋەيرانە ـ سەرسان قىلدىڭ ، بىزنى ئەسىرلەپ سۇسىز قويدۇڭ ، ئەمما ، بىز سېنىڭ بۇ خىلدىكى نابۇت قىلىشلىرىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ تۈگىمىدۇق ، يا سەن توختىمىدىڭ ، يا بۇ زېمىننىڭ مېھرىدىن كېچەلمىدىڭ ، يا بىز ساڭا بويۇن ئەگمىدۇق . سەن بىزنى ئەسىر ـ ئەسىرلەپ سۇسىز قويۇپ ، بىز قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەندە ، بىز رازىققان كەلكۈن سۈيى بىر كېلىۋىدى ، يىلتىزىمىزدىن بىر ئون بولۇپ قايتا كۆكلەپ چىقىپ ، بۇ زېمىندا يەنە سېنىڭ ئالدىڭنى توسۇپ ، سەپ تارتىپ چىقتۇق . چۈنكى ، بۇ زېمىندا سەن بىزنىڭ تېنىمىزنى ئۆلتۈرگەن بىلەن روھىمىزنى ئۆلتۈرەلمىدىڭ . سەن بىز توغراقلارنىڭ روھىنى بىلىۋال ، بىزنىڭ چىدامىلىقىمىز شۇ دەرىجىدە كۈچلۈككى ، بىز تىك تۇرۇپ كۆكلەپ مىڭ يىل ، سۇسىز قالساق ، قۇرۇپ كېتىپ تىك تۇرۇپ مىڭ يىل ، ئۆلۈپ يىقىلساق ئۆلۈكىمىزمۇ مىڭ يىل مۇشۇ يەرنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يەنە سېنى توسايمىز . بىزنىڭ تىرىكىمىزمۇ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ، ئۆلۈكىمىزمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ . سەن قانچىلىك ھەيۋە بىلەن گۈركىرەپ كەلگەن بولساڭ ، يەنە شۇنداق رەسۋا ھالەتتە كېتىسەن . چۈنكى ، سەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قاتىراپ ، قۇترىساڭمۇ ھېچيەردە پۇت تىرەپ تۇرالمايسەن ، ھېچقانداق يەردە يىلتىز تارتالمايسەن . سەن بىر مۇتتەھەم ، يىلتىزى يوق ، تۈپرىقى يوق بوران ، يەر قوينىغا ئالمايدىغان مەخلۇق . مەن تۈپراققا تۆرەلگەن يىلتىزى بار توغراق . يەر يۈزىدىكى ھەممە دەرەخنى بويسۇندۇرساڭمۇ مەن توغراقنى بويسۇندۇرالمايسەن ، دەپ ئۆكتە قوپىدۇ» دەيدۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي .

مانا بۇ توغراق بىلەن بوراننىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتلىق كۈرىشىنىڭ ئىنچام خاتىرىسى . بۇ كۈرەشتە بوران دائىم دەسلەپتە

غەلىبە قىلىدۇ ، كېيىن مەغلۇپ بولىدۇ . كىم باشتا مەغلۇپ بولسا ، ئاخىر شۇ غەلىبە قىلىدۇ . ئەمما ، ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ . مانا بۇ تەبىئەتنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى . تەبىئەتنىڭ ئۆزى ھېسسىيات ئەمەس ، ئۇ بىر رەھىمسىز قانۇنىيەت ، ئۇنى ھېسسىيات ، خىيال بويىچە بار قىلغىلى ھەم يوق قىلغىلى بولمايدۇ .

بورانىنىڭ ئەلچىسى بولمىش شامال قارامتۇل ، ئاقۇچ ھەم كۆكۈچ كەلگەن ئىس - تۇتەكنىڭ ئاچچىق بۇسلىرىنى ئېلىپ ، قاتمۇقات گىرەلىشىپ ئۆسكەن ، يوغان غوللۇق ، ئېگىز توغراقلار ، جەددى - جەمەتىگىچە گىرەلىشىپ توغراقنىڭ يوتىسىغىچە چىرمى-شىپ كەتكەن يانتاق ، زاغزاق ، سۆكسۆك ، ئازغان ، جىغان ، ياۋا جىگدە ، چاتقال ، يۆگىمەچ ، يەنە ئادەملەر ئات قويۇپ ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چىرماقلىرى ئارىسىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىپ ، بۇ قەدىمىي قېلىن ئورمانزارلىقتا ئۇۋا سالغان قىرغاۋۇل ، كەكلىك ، ياۋا توخۇ ، ياۋا كەپتەر ، بۇغا - مارال ، جەرەن ، تېكىلەرنىڭ بۇرۇن - بوغۇزلىرىغا زەھەردەك بۇخسۇپ كىردى . ھەممە جان - جانىۋارلار سېسىق بۇس كۆيۈكنىڭ ھىدىدىن بىر شۇملۇقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، چۆچۈش ، قىقىراش ، چۇرقىراش ، ۋارقىراشلىرى ئىچىدە ئۇۋىلىرىنى تاشلاپ ، شامال يەتمەس ، بۇس بارماس ئورمانزارلىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى . مىڭ يىللىق يوغان قەدىمىي توغراقنىڭ تاغ ئۆڭكۈرىدەك يوغان كاۋىكىدا سوزۇلۇپ يېتىپ ، يوغان بىر قوڭۇر بۇغىنىڭ يېرىم گۆشىنى يەپ تويغۇزۇپ ئۇخلاپ قالغان ياش ئەركەك يولۋاس سېسىق بۇسنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇشىدىن ئويغىنىپ ، ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى . ئۇنىڭ قىزىل ھەم سۇرلۇك ئۇزۇن تىللىرىنى قورشاپ تۇرغان ئاق يوغان ئېزىقلىرى ، بۇركۇتنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك مەگىز چىشلىرى — ھەممە نەرسىنى چىشلەپ ، قامالاپ ، تاراشلاپ ، چاينىپ ، بويسۇندۇرۇپ كۆنگەن بۇ ئوقيا ئۇچىدەك ئۆتكۈر چىشلار شامال ئېلىپ كەلگەن

سىپسىق بۇس، ئىس ـ تۈتەكلەرنى چايقاپ بويسۇندۇرماقچى بولغاندەك غىرىسلىتىپ ئاۋاز چىقاردى. ئۇنىڭ سولۇق، قىزغۇچ چىقىر كۆزلىرى قىيا ـ چىيا كېلىشۋاتقان تەرەپكە غەزەپ، سۈر ھەيۋە بىلەن تىكىلدى. «ئورمانغا ئوۋچى كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ لېكىن ئوۋ ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى قېنى؟...» ئۇنىڭ شۇ خىيالىغا جاۋاب بەرگەندەك ئەتراپتىن بۆرىنىڭ سوزۇپ ئاچچىق ھۇۋلاشلىرى، تۈلكە كۈچۈكلىرىنىڭ تىنەش، گاڭگىراشلار ئىچىدە قاۋىغان ئاۋازى كەلدى. «ئوۋچى ئورمانغا ئوت قويمايدۇ، پادىچى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنداقتا ئورمانغا بىرەر بالا ـ قازا كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟...» ياۋا كەپتەرلەر «گۇر» قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، بىر ئۆرلىگىنىچە زېمىنغا مەڭگۈ قايتماسلىقا ئۇچقاندەك ئاسماننىڭ قەھرىگە تاكى چېكىتكە ئايلانغانغا قەدەر كۆتۈرۈلۈپ، ساناقسىز توزغاقلاردەك غايىب بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇچۇشى بالا ياغقان بۇ زېمىندىن پۈتۈنلەي ئۈمىد، مېھرىنى ئۈزگەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلاتتى.

«تەكلىماكانغا يەنە بىر توپان بالاسى ياغقانمىدۇ؟...» ياش ئەركەك يولۋاس ھەر خىل خىياللار بىلەن كاللىسى گاڭگىراپ، قاغا جىگدىنىڭ تىكەنلىرىدەك ئۇزۇن ـ ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئاق تۇمشۇقىنى توم ئالدى پۇتىغا قويۇپ، قىزغۇچ چېقىر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، قۇلىقىنى شاۋقۇن ـ سۈرەن ئاۋازى كېلىشۋاتقان تەرەپكە شىڭشايتىپ، ئۇزۇن قاپاق تالىنىڭ بادىرىسىدەك ئالا قۇيرۇقىنى پات ـ پات كۆتۈرۈپ شىپاڭلىتىپ، سۆڭگەكچىگە قونۇپ، يۈز ـ كۆزىنى سىرىپ ـ سىيپاپ يۈرۈشكەن چىۋىنلەرنى قورۇغاچ سوزۇلۇپ يېتىپ، قايسىبىر چاغلاردىكى مۇنۇ جۈملىلەرنى ئەسلەشكە باشلىدى: «بىز ھېچنېمىدىن قورقمايمىز. ھەرقانداق تۆت پۇتلۇق ھايۋاندىن تارتىپ، ئۇچالىق، تىنالىققىچە بويسۇندۇرالايمىز. ئەمما، بىزدىن قورقۇپ تۇرۇپ جېنىمىزنى ئالىدىغان ئىككى خىل يامان دۈشمىنىمىز بار. ئۇنىڭ بىرى چۈمۈلە، ئۇنى چاينىساق چىشىمىزدا تۇرمايدۇ، يۇتساق گالدىن

ئۆتمەي، چېقىشىدۇ. ئۇنىڭ چېقىشى پىت، بۈرگىدىنمۇ يامان، پۇتىمىزدىن يامىشىپ بوينىمىزغا چىقىۋالسا، ئارقىمىزدىن يامىشىپ قۇيرۇق تۈۋىمىزگە پېتىۋالسا، شۇ يەردە ئۇۋۇلاپ، ماكانلىشىپ بىرى مىڭ بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ كۈچىمىز بوينىمىز بىلەن قۇيرۇقىمىزدا، بىز شۇنىڭغا تايىنىپ ھايات تۇرالايمىز. چۇمۇلە بوينىمىز بىلەن قۇيرۇق تۈۋىمىزدىن يەپ تۈگىتىدۇ. موماڭنى چۇمۇلە يەپ كەتكەن، بوۋاڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تېگى يوق ئاقىدىغان قۇم دەرياسىغا چۆكۈپ كېتىپ غايىب بولغان. داداڭنى ھەممىدىن ھىيلىگەر، ۋەھشىي، مۇتتەھەم، نامەرد ئادەملەر تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەتكەن. شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ قورسىقىمدا ئىدىڭلار. داداڭلار بىر توپ بۇغا، كېيىكنى قۇملۇق تەرەپتىن ئورمانلىققا قوغلاپ ماڭدى. قۇملۇقتىن چىقىپ ئورمان ياقىسىغا، شالاڭ چاتقاللىق، يۇلغۇن، جىغان، يانتاق ئۆسكەن يەرگە كەلگەندە، بۇغا- كېيىكلەرگە يېتىشىۋالغىلى ئاز قالغاندا، ئويلىمىغان يەردىن ئادەملەر كولاپ، ئاستىغا تۆمۈر قوزۇق ئورنىتىپ قويغان ناھايىتى چوڭقۇر مەخپىي ئورىغا چۈشۈپ كېتىپ تۆمۈر قوزۇققا مىخلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى...» ياۋا توڭگۇز توپىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىراپ، خاقىراپ، چاتقال، قومۇشلارنى ئەگرى خەنجەردەك مەگىن چىشلىرى بىلەن تاراشلاپ ئالدىراش قېچىشلىرى ياش ئەركەك يولۋاسنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ياۋا توڭگۇزلار ئالدىراپ قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئەگىشىپ ماڭالمىغان كۈچۈكلىرىگە تارتىشىپ، يەنە قايتىپ كېلىپ كۈچۈكلىرىنى يۈگۈرۈشكە ئالدىرىتىپ، مۆڭگەشلەپ، ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن ئىلىپ چىرقىرىتىپ ئالدىراش قېچىشماقتا ئىدى. بىچارە توڭگۇز كۈچۈكلىرى ئاتا- ئانىسىغا يېتىشىپ ماڭالماي قىقىرىشىپ، غىڭشىپ، خىرتىلداپ چاتقاللار ئارىسىدا يۇمىلىنىپ يۈرۈپ قاچاتتى. توڭگۇز كۈچۈكلىرىنىڭ ھالىغا قاراپ ياش ئەركەك يولۋاسنىڭ ئېسىگە ئاشۇ بالىلىق ۋاقتى كەلدى.

ئۇ ئەقلىگە كېلىپ، ئۇزاققا يۈگۈرۈشكە ياكى قېچىشقا توغرا

كەلگەندە، ئانىسى بىرى ئەركەك، بىرى چىشى بىر جۈپ بالىسى ئۆزى بىلەن تەڭ يۇگۈرەلمىگەنلىكتىن بىرىنى چىشلەپ، بىرىنى چاتقال ئارىسىغا مۆكتۈرۈپ قويۇپ، چىشلەپ كۆتۈرگىنىنى يۇگۈرۈپ يەنە بىر يىراق مەنزىلگە ئاپىرىپ جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، يەنە قايتىپ كېلىپ قالغان بىرىنى چىشلەپ چەكسىز قۇملۇق توغراقلىق ئارىسىدا يۇگۈرەيتتى. بەزىدە ئالدىراش ئۇلگۈرەلمەي قالسا، ئىككىسىنى قوشلاپ چىشلەپ بىراقلا يىراق سەپەرگە ئاتلىناتتى. بۇنداق چاغدا، ئانىسى قېرىلىق يەتكەنلىكتىن، ئاسانلا ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، قۇملۇقتا سوزۇلۇپ، ھالسىراپ يېتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدا بۇغا ياكى جەرەننى قوغلاپ يەتكۇدەك ماغدۇر قالمىغانلىقتىن، ئۆزى ئاچ قېلىپ، بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالسا سۈت چىقماي ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئانىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جۈپىدىن ئايرىلىپ قېلىپ كۆرگەن بۇ ئىككى بالىسىنىڭ بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. بولۇپمۇ، چىشى بالىسى بەك ئاجىز، ئاۋاق بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەيتتى. ئەركەك بالىسى ئىشتەيلىك، كۈچلۈك بولغاچقا، تېز لا چوڭ بولۇپ، ئانىسىغا ئەگىشىپ يۇگۈرەلەيدىغان بولدى. ئەمما، چىشى بالىسى ئاجىز بولغاچقا، چىشلەپ كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكتىن ئاخىر ئانىسىنىڭ ئاغزىدا ئۆلۈپ قالدى. «مېنىڭ تۆت كۆنلۈكۈم قالدى»، دېدى ئانىسى بىر كۈنى مەيۈسلەنگەن ھالدا، «مەندىن كېيىن يالغۇز قالارسەنمۇ، سەندىن بۇرۇن تۇغۇلغان ئاكا ـ ئاچىلىرىڭ ھايات بارمىدۇ؟ ئۇلار تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇۋېلىپلا تارىم بويلىرىنى تاشلاپ، كۈچانىڭ تاغلىرىغا، يۇلتۇز يايلاقلىرى تەرەپكە كېتىپ قېلىشقان. تارىم ئورمانلىقلىرىدا نەسلىمىز قۇرۇپ كەتمىسۇن. مەن ئۆلۈپ كەتمەي قالسام بىللە ياشاپ ئەۋلاد قالدۇرمىز. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم، سەن قانداقلا بولمىسۇن كۈچانىڭ تاغلىرى، يۇلتۇز يايلىقىدىن بولامدۇ جۈپتىن بىرنى تېپىپ بۇ ئورمانلىققا ئەكېلىپ ماكانلىشىڭلار، ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىڭلار. تارىم ئورمانلىقىدا تارىم يولۋىسىنىڭ

نەسلى قۇرۇپ كەتمىسۇن. چۈنكى، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتىنى بولغان بۇ ئانا قۇملۇقتا بىزگە كەلگەندە نەسلىمىز قۇرۇپ كەتسە، يەر يۈزىدە تارىم يولۋىسىنىڭمۇ بارلىقىنى ھېچبىر مەخلۇق بىلمىسە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمىز. مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سەن داداڭنى تارتىپ چۈشتۈڭ، قاۋۇل، كۈچلۈك، يوغان سانلىرىڭ، ئۇزۇن پاچاقلىرىڭ، مەزمۇت چىشلىرىڭ داداڭنىڭكىدىن ئېشىپ، بوۋاڭنىڭكىدەك يوغان ھەم ئۆتكۈر...»

قىرغاۋۇللار قاتتىق ۋاتاقلاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشىغا «تاتاتلاپ» مىلتىق ئېتىلىپ، يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قىرغاۋۇللار چالمىدەك يەنە توغراقلار ئارىسىغا چۈشتى. يولۋاس قاتتىق چۆچۈپ، توغراق كاۋىكىدىن يەرگە گۈپپىدە سەكرەپ چۈشتى. «بۇ ئورماندا ئەمدى يەنە قانداق ساراڭ ئوۋچى پەيدا بولغاندۇ؟ ئەتىياز پۈتۈن جان-جانىۋارلار ھامىلىدار ياكى تۇغۇتلۇق مەزگىلدە، ھەرقانچە ئېچىرقاپ ئۆلەي دېگەن ئوۋچىمۇ ھايۋان باللىرىنىڭ قىساسى تۇتىدۇ، دەپ ئوۋ ئوۋلىمايدىغان ئادەت بار ئىدىغۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە، ھازىرمۇ ئوۋ قىلىدىغان چاغمۇ ئەمدى؟ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باقاي...» توغراق، چاتقال ئارىلىرىدىن جىمى جان-جانىۋارلار قېچىپ كېلىۋاتسا، ئەركەك يولۋاس شۇ خىياللار بىلەن ئۇلارنىڭ تەتۈرىسىگە — شۇ بالايىئاپەتنىڭ ئالدىغا قاراپ يول ئالدى. ئىس-تۈتەك قاپلىغان بۇ كەڭ ئورماندا يانتاق، قومۇش، يۇلغۇنلار، چاتقال، قاپاقتال ۋە تۈرلۈك دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر، ئۆلگەن قەدىمىي توغراقلارنىڭ يەر بېغىرلاپ ياتقان غوللىرىغىچە پاراسلاپ كۆيمەكتە ئىدى. قومۇش كۆتەكلىرىدىن يېڭى بىخلىنىپ چىقىشقا باشلىغان بىگىزدەك بىخلار كۈل-قوقاسقا كۆمۈلمەكتە ئىدى. قويۇق ئىس-تۈتەك، ئۇلغايغان ئوت يالقۇنى ئىچىدىن توشقان، قىرغاۋۇللار تەرەپ-تەرەپكە قاڭقىپ قاچماقتا ئىدى. يوغان-يوغان كىرپىلەر غەلىتە چىرقىراپ، تاۋۇز يۇمىلد-

ـغاندەك يۇمىلاپ قاچاتتى . ئوت ، ئىس ـ تۈتەك ئىچىدىن ياش ئەركەك يولۋاس بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە ئاۋازلارنى ئاڭلىدى . بۇ ۋارقىراشلار بىرقانچە ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ئەمەس ، ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنىڭ ، كۆپ بولغاندىمۇ ئەركەك يولۋاس توختىماي يۈگۈرسە ھەپتە ـ ئون كۈندە بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئاران چىقىپ بولىدىغان كەڭرى توغراقلىقتىكى ھەممە ياۋايى ھايۋانلار تەڭ ۋارقىراشقاندىكىدىنمۇ جىق غەلىۋە ـ غوۋغا ئاۋازى ئىدى . «ئۇۋغا چىقمايدىغان پەسىلدە ئۇۋغا چىققان ساراڭ ئۇۋچىلار دېسەم ، پۈتۈن ئورمانغا ئوت قويغانمۇ مۇشۇ غەلىتە مەخلۇقلار ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ بىراق ئۇلار بۇ قەدىمىي ئورمانلىقتا ئوت قويۇپ نېمە قىلار ؟ ئۇلار ئورماننى كۆيدۈرۈۋەتسە ، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھايۋانلارلا ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ تالاپەتكە ئۇچرايدۇ ، ئۇلار مۇشۇنىمۇ بىلمەمدىكىن ؟...»

ياش ئەركەك يولۋاس ئىس ـ تۈتەك ، ئوتتىن داجىپ تېخى ئوت تۇتىشىپ ئۈلگۈرمىگەن ئېگىز بىر دۆڭگە چىقتى . ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار شالدىرلاپ ، قومۇش پۆپۈكلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن مانانلىرى توزۇپ ئۇچتى . دۆڭنىڭ چوققىسىدا باراقسان ئايىنىغان قەدىمىي توغراق بېشىدىكى پەسىل قوغلاشمىغان قاغا شۇملۇقتىن خەۋەر بېرىپ ئەنسىز قاقىلدىدى . ئەركەك يولۋاس كۆز يەتمەس ئوت ، ئىس ـ تۈتەك يانغىنى قاپلىغان كەڭ دالىغا قاراپ ، قىزغۇچ پال كۆزلىرى سۇرلۇك چاقناپ كەتتى . ھەممە يەردىن ئوت يالقۇنى ، ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دالىدا بىر توپ ئادەملەر قارا ـ قۇرا كۆرۈنۈپ ، ئۇياق ـ بۇياققا چېپىشىپ ، ۋارقىرىشىپ يۈرۈشەتتى . قاپقارا كۈل — قوقاس باسقان دالىنىڭ بىرقانچە يېرىگە كىچىككى توشقان ، كىرپە ، چوڭى ئېيىق ، بۆرە ، تۈلكە ، بۇغا ، جەرەنلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى قالايمىقان دۆۋىلەنمەكتە ئىدى . چۈمۈلىدەك قىمىرلاپ ، قۇتراپ يۈرۈشكەن ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى سۆرەپ ئەكېلىپ ، ئاشۇ بارغانچە يوغىناپ ، ئېگىزلەپ بېرىۋاتقان ئۆلۈكلەر دۆۋىسىگە

كالدىرلىشىپ تاشلاشماقتا ئىدى. «يا پەرۋەردىگار، ئۆمرۈمدە مۇنداق كۆپ، مۇنداق رەھىمسىز ئۇۋچىلارنى كۆرۈپ باقمىغانمەن. ئۇلار ئورمانلارنى كۆيدۈرۈپ، جان ـ جانۋارلارنى قىرىپ، يوقىتىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچىكىنا؟ ھۇ، خۇدا جاجىسىنى بەرگۈرلەر، خۇدا جاجاڭلارنى بېرىشتىن ئاۋۋال مەن سىلەرنى بۇ ئورمانلىقتىن قوغلاپ، قايسى تۆشۈكتىن چىققان بولساڭلار شۇ تۆشۈككە تىقىۋېتەي».

ئەركەك يولۋاس ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق بىر نەرە تارتىپ، دۆڭدىن — قومۇشلار ئارىسىدىن بۇلۇتتەك سوزۇلۇپ چىقىپ ئۇۋچىلار توپىغا بوراندەك ئېتىلدى. ئۇۋچىلار غەلىتە ۋارقىرىشىپ، كالدىرلىشىپ، چىرقىرىشىپ بۆرە قوغلىغان قوي پادىسىدەك پىتىراپ قېچىشتى. «نېمانداق يۇرەكسىز، جانسىز ئادەملەر بۇ، ھەممىسى سۈت ئۇرۇقى بولۇپ قالغان سوك ئوغلاقتەك ئاۋارە نەرسىلەركەن». ئەركەك يولۋاس مىغىلداپ تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ بىرلىرىنى كۈچلۈك پۇتلىرى بىلەن قامااللاپ بېسىپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن بوغۇپ، چىشلەپ، بىر يەرلىرىنى يۇلۇپ ئالسا، بىرلىرىنى دەسسەپ ـ چەيلەيتتى، بىرلىرىنى ئۇزۇن كالتەكتەك كۈچلۈك قۇيرۇقى بىلەن ساۋاپ ئۇرۇپ يىقىتاتتى. يولۋاسنىڭ ئېغىز، كۆكرەك، بويۇن، پاچاقلىرى ئادەملەرنىڭ قانلىرى بىلەن بويالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا بويۇلۇپ، بارغانچە ھېرىپ ھالسىزلىنىپ ئىككى پۇتى يەر دەسسىيەلمەي قالدى. ئۇ چىدىغۇسىز ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان تېنىنى تىلى بىلەن يالاپ بېقىۋىدى، ئادەم قېنى بىلەن ئۆزىنىڭ قېنى ئارىلىشىپ كېتىپتۇ، قورساق، بېقىنلىرىدىنمۇ قان ئېقىۋېتىپتۇ. ئەمدى، ئۇ بەدىنىنى كۆتۈرۈپ بولالماي ماغدۇرىدىن كېتىپ ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. نۇرسىزلىنىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قاراپ: «توۋا، مەن سىلەردەك نامەرد ئۇۋچىلارنى كۆرمىگەن» دېگىنىچە تىنىقى توختىدى.

يۈزنى سەپكۈن باسقان، ئىگىز ئۆۋچىلار باشلىقى سۈنايلىنىپ ياتقان يولۋاسقا قاراپ بىردە خۇشال بولسا، بىردە ئاھ ئۇرۇپتى. «تارىم ۋادىسىدىمۇ يولۋاس باركەن ـ دە، بىرمۇنچە ئادەملىرىمىزنىڭ بېشىغا چىقتىڭ، ھەممىدىن يامىنى ئادەملىرىمنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرگەندىنمۇ يامان قىلدىڭ...» دېدى ئۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە كايىپ.

پېتىۋاتقان قۇياش ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن بۇ زېمىنغا سەپمەكتە ئىدى. كۆيگەن توغراق، يۇلغۇن، جىغان، چاتقاللارنىڭ كۆل ـ قوقاسلىرى ۋە قان ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ تۇپراقتا سوزۇلۇپ ياتقان يولۋاسنىڭ ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىدە چەكسىز نەپرەت ۋە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن پايانسىز توغراقلىق ۋە قوملۇقنىڭ غۇۋا سىيماسى سۈرەت كەبى قېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، 1951 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئەڭ ئاخىرقى تارىم يولۋىسى ئاقسۇنىڭ ئارال رايونىدا يەر يۈزىدىن نەسلى قۇرۇپ كەتتى.



# مۇسا كالا پوقى

قاراڭغۇ چۈشكەنچە ئاسمان سۈزۈلۈپ، يۇلتۇزلار كۆلۈپ تۇرۇپ زەھەردەك چېقىۋالىدىغان، ئىچىدىن ئوغا قاينايدىغان ئىچى تار ئادەمدەك مۇسا توپاقنىڭ كۆزىگە سەت پارقىراپ كۆرۈندى. قورساقنىڭ ئاچلىقنى ئۇنتۇش ئۈچۈن يېكەن دۈۋسىگە چۆمكىنىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ساناپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇسا توپاقنىڭ قورساقلىرى هاڭگا تېرەكنى كۆۋرۈك قىلىپ ياسىغان ناغرىدەك تاراقلاپ، ئاغزى پاقا ئوسۇرغاندەك لاۋزىلاشتى. يۇلتۇزلار ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە بىرى ئون بولۇپ كۆرۈندى. ئۇنى سانىيالمىسۇن دەپ قېرىشقاندەك سەكرىشىپ ئويناپ ئىزىدا تۇرغىلى ئۇنىمىدى. بىردەم شاپاقتا چىۋىن ئولاشقاندەك بىر يەرگە يىغىلىۋالسا، بىردەم ئاق سانى كۆرگەن قۇشقاچلاردەك هەر تەرەپكە پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى. بىردەم سۇزۇك كۆرۈندى، ئەمما زادىلا سانىغىلى بولمىدى.

— هەي… هەي… مۇساق… مۇساق… ئۇخلاپ قالدىڭما؟ ئۇخلاپ قالساڭ توڭلاپ ئۆلۈپ قالىسەن… خوتۇنۇڭ تۇل قالىدۇ.

— تېخى ئۆلمىدىم. ئىشقىلىپ، بۇگۈن كېچە تاڭ ئاتقۇچە هامان ئۆلىمەن. يا توڭلاپ ئۆلىمەن، يا ئاچ قېلىپ ئۆلىمەن. ئۆلىمەن دېسە بىرنېمە قىلىمەن دېگەندەك قورساقنىڭ دەردىدە قالغاندا خوتۇننى ئويلايدىغانغا چولا نەدە.

— ئۈمىدسىز شەيتان… نا ئۈمىد بولما…

www.uyghurkitap.com

— دائىم قۇرۇق گەپ قىلىسەن ، باراتوۋاي . تولا گەپ قىلغان ، قۇرۇق گەپ قىلغان ئادەمنىڭ قولىدىن پوق كەلمەيدۇ . قۇرۇق گەپ قىلىشتىن باشقا ، دائىم مۇشۇ بىرلا گەپنى قىلىسەن ، قارا قۇشقاچ توغاينى دورىغاندەك ، سېنىڭ گېپىڭ ئەمدى دائىم ھېلىقى بىر ـ ۋىتەمدىغاندەك گەپ قىلىپ ئادەمنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكىلىدىغان غىلتاڭ جالاپنىڭ گېپىدەك ئاڭلىنىدىغان بولدى . ئەمدى بۇ گەپلىرىڭ ئېتىمايدۇ . تولا ئاغزىمنى ئاچتۇرما . سېنىڭ قۇرۇق گېپىڭگە جاۋاب بېرىمەن دەپ قورسىقىم ئېچىپ ناغرا چالغىلى تۇردى .

— ھەي كالا پوقى... ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان قوڭالتاق سويماق . مەن ساڭا كۆيۈنۈپ گەپ قىلىۋاتىمەن . سەھەرگىچە سەۋر قىلساق ، يۇرتتىن نان كېپ قالار دەيمەن...

— كۆتۈر قاسقىنىڭنى ، ئىككى يېرىم كۈن بولدى ، ئاغزىمىزغا بىر بۇردا دان سالمىغىلى ، ئاچاڭ ئەكىلەمتى ناننى ؟ كادىرلار سەن بىلەن بىزدەك بەش خىل ئۇنسۇرنى ، بولۇپمۇ مەندەك ئاتىسىنىڭ پومېشچىكلىق راھىتىنى كۆرمەي قاق بالاسىغا قالغان گاداي پۇشتىنى بىر تېيىنغا ئالمايدۇ . نان تۈگۈل ، چېچىپ پوقىنى بەرمەيدۇ . سېنىڭ قۇرۇق گېپىڭگە ئالدىنىپ ، گىياھ يېمەي جېنىم ئېتىنىڭ جېنىدىن بەتتەر قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن .

— ۋاي چىدىماس كالا پوقى ، ۋاي چىدىماس كالا پوقى ، لەقەمنى خىزىر قويىدۇ دەپ ، كىم قويۇپتىكى بۇ كالا پوقى دېگەن لەقەمنى ساڭا ، ئېغى توپاقمىش .

— نېمە ؟ كالا پوقى... مېنى كالا پوقى دېدىڭما ؟

مۇسا توپاق يېكەن ئارىسىدىن قارا قىشتا ئۇۋۇسىدىن ئۆمىلەپ چىققان قىرى قانجۇقتەك ھالسىز ئۆمىلەپ چىقتى .

— رەھمەت ساڭا بارات كاپ ـ كاپ ، كاس ـ كاسلىقىڭ بىلەن كۆڭلىسىدا ئۇسارسا ھەسەن گۇرۇپ دېگەن تازغا چېقىپ قويىدىغان سۇخەنچى شاكال ئاكتىپلىقىڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يەنىلا ئالدىدا

تۆت سەر گۆش ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئەركىشىسەن. خوتۇن كىشى بولۇپ قالغان بولساڭ مەھەللىدە گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىك قىلىپ، مەھەللە ـ كوينى جېدەلگە سېلىپ، ھەممە خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، ئېرىڭنىڭ تايىقىدا ئۆلىدىغان دەللال خوتۇن بولاركەنسەن.

— نەگە بارسەن مۇسا، كالا پوقى نەگە بارسەن؟

— سەن ياقا يۇرتلۇق كەلگۇندى قەلەندەر بولغاچقا، بىزنىڭ جەمەتنىڭ ئاتا مىراس لەقىمىنى بىلمەيسەن. چوڭ ئاتامنىڭ ئېتى مۇسا بەگ ئىدى، ئۇ بىر ئەۋلادنىڭ لەقىمى بەگ ئىدى. ماڭا كەلگەندە، ئاتام رەھمەتلىك مېنى ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان كالا پوقى دېگەن. شۇڭا، مېنى خەقلەر مۇسا كالا پوقى دەيدۇ.

— ھە، ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان كالا پوقى بولغاندىكىن جىم يات. خۇدا بۇيرۇسا تاڭ ئاتقۇچە يۇرتتىن نان كېپ قالار.

— سەن ئاسماندىكى غازنىڭ شوۋىسىغا نان چىلاپ يەپ يېتىپ تۇر. مەن بىر ئىش قىلىپ باقاي، ئاچ قېلىپ ئۆلگەندىن بىرەر ئىش قىلىپ ئۆلەي...

— ئوغرىلىق قىلما... پاچىقىڭدا مادار يوق، تۇتۇلۇپ قالساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن بىكار، ھارام تۇرمىگە كىرىپ كېتىسەن كالا پوقى.

— ئۇنى قىلساڭ ئۆلىسەن، بۇنى قىلساڭ بېشىڭنى يەيسەن، دەپ قورقۇتۇپمۇ ئادەمنىڭ ئەركەك تۇكىنى ئۆلتۇرۇپ بولدۇڭ، چەكەدى. زۇۋانىڭنى بىردەم دارغا تارتىپ قويايمۇ... زۇۋانىڭنى يۇمامسەن ياكى ئەمدى خوتۇنۇڭ باشقا ئەرگە تېگەمدۇ؟

بارات چەكەدى ئاغزىنى كامارىدەك ئېچىپ قېتىپ قالدى. چۈنكى، مۇسا كالا پوقى ئۇزۇن پىچىقىنى ساغرا غىلاپتىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ كېكىردىكىگە تەڭلەپ تۇرغانتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى قارىچىغىنىڭ كۆزىدىن چىقىدىغان يىرتقۇچقا خاس ئۇچقۇن بارات چەكەدىنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ ، غىڭ قىلالماستىن ئىچ-ئىچىدىن تىترەپ كەتتى . ئۇ ھېچ ۋاقىتتا مۇسا كالا پوقىنىڭ بۇنداق ئۇلپارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى .

مۇسا كالا پوقى نەشە ئەپ كەتكەن قەلەندەر بەڭگىدەك دەلدۈگۈنۈپ ، ئالماش دەسسەپ ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى قوينىغا سېلىپ ، ئورۇس گۈگۈتىدا يارىيا ھارۋىدىن چۈشۈرمەي شۇ پېتى توختىتىپ قويۇلغان بىر ھارۋا قۇرۇق يېكەنگە ياقتى .

— ھەي... ھەي... مېڭەڭنى قاغا چوقۇۋالدىمۇ . كالا پوقى... ھەي...

بارات چەكەدى يوغان بىر دۆۋە يېكەن ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ كېلىپ بولغۇچە ھارۋىدىكى يېكەن پاراسلاپ كۆيگىلى تۇردى . بارات چەكەدى يۈگۈرۈپ كېلىشىگە مۇسا كالا پوقى يەنە ساغرا غىلاپتىن مۈڭگۈز دەستىلىك سىرنىقبۇيا پىچىقىنى چىقىرىپ تەڭلىدى .

— ئۆلگۈك كەلسە كېلە چەكەدى . قارنىڭنى چۇۋۇپ جىگىرىڭنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن ! — بارات چەكەدى ھارۋىدىكى ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۈزۈن تون چاپىنىنى سېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى . ئۇ يەنە ئىزىدا توختاپ قالدى .

— ئوبدان ئۇكام... ھارام سولاقتا چۈشۈپ قالىسەن . بالىلىق قىلما... پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمە...

ئۇنىڭغىچە يېكەن دۆۋىسىدىن چالا ئۇيقۇلۇق مامۇت زەدەك سەكرەپ چىقتى...

— ۋاي مېنىڭ ھارۋام... ھارۋامغا ئوت قويغان قايسىڭ ؟...

— ئاچاڭنىڭ ھارۋىسىغا... ھارۋا تۈگۈل پىتىڭمۇ يوق . سەن كۆك پىتلارنىڭ ، ھەممىسى كوپېراتسىيىنىڭ... يېقىن كېلىدىغان بولۇشساڭ قارنىڭنى چۇۋۇپ تاشلايمەن .

مامۇت زەدەكمۇ ھاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .

— ئەمىسە نېمە قىلاي دەيسەن ؟ سەندە بۇنداق يۈرەك يوقتى .

ئەجەب بۇگۇن نوچى بولۇپ كېتىپسىنا؟ چۇش كۆرۈۋاتامدىمەنيا؟

— كۆرمەيۋاتامسەن. توڭۇپ ئۆلگۈچە ئوت سۇنۇپ ئىسسىنىۋالاي دەۋاتىمەن. غىت قىسىپ كەلسەڭ سەنمۇ ئوت سۇنىسەن.

— مېنىڭ... ھە... ياق كوپېراتسيىنىڭ ھارۋىسىنى ئوت قالاپما؟

— ھازىر پەقەت ئوت سۇنسامىلا بولدى. كوپېراتسيەنىڭ بولسىمۇ كارىم يوق. كېلە ئوت سۇن، ئەتىكى ئىشنى خۇدا بىلىدۇ.

— بەللى، ئوتنى سەن قويدۇڭ نوچى ئوغۇل بالا... ئوت سۇنغانغا گۇناھ يېچماس. راست دەيسەن، ھايات قالساق ئەتە خۇدا بار.

— ھە... ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ.

— بارات چەكەدى، كېلە، ھارۋا كۆيۈپ بولغۇچە ئوت سۇنۇپ ئىسسىنىۋالايلى. يولۋاس قوتاننىڭ دامبىسىنى باقمىز دەپ ئۆلمەيلى.

ھارۋا ئۆچۈرۈۋالغۇسىز يوغان لاۋا بولۇپ پاراسلاپ كۆيدى. دەريا يۈزىدىكى ئەينەكتەك مۇزلاردا ئوت يورۇقىدا دەريا يۈزى كۆيۈۋاتقاندەك ئوت شولىسى كۆرۈندى. دامبا ئۈستىدىكى يېكەنلەر ئارىسىدىن ئادەملەر ئالدىراپ چىقىپ لاۋا ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار جالاقلاپ تىترەشكەن پېتى ئوتنىڭ ئەتراپىغا نىجاتلىق تاپقاندەك خۇشال كېلىشىپ، ئوتقا بىردەم ئالدىنى قىلىشسا، بىردەم كەينىنى قاقلاپ ئولتۇرۇشتى.

— يائاللا، ئوتنىڭ «بىر نېمىسى يەتمىش گەز، ئىلىناشقاننى ئالدىغا يۈكۈندۈرەر» دەپ مەدداھلار بىكار دېمەپتىكەن. ئاچاڭنى ئەرگە بېرىمىز دېسە بۇنداق ئالدىراپ كېلىشمەستىڭ، — دېدى مامۇت زەدەك چۈپۈرلۈق مەيدىسىنى ئېچىپ ئوتقا قاقلاپ.

مۇسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىز دامبا چوققىسىغا قاراپ ماڭدى.

— ھەي… ھەي مۇسا، ئوتنى سەن ياقتىڭ. چىقراق سۇنۇۋال. ئەتە ھەقچان ھەسەن گۇرۇپ سىنى مۇرىغا دەسسىتىدۇ.

— ئەمدى ئىسسىۋالدىم. پۇت - قولۇمغا جان كىردى. قورساقنىڭ غېمىنى قىلمىسام، قوڭامدىن جىنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— يائاللا، كالا پوقى يەنە قانداق كارامەتلەرنى ئويلاپ قورساقنى غەملەرسەن… ھەممىمىز ئىككى تۇخۇمىمىزنى ماۋۇ قوقاسقا كۆمۈپ يەمدۇقيا… ھى… ھى… ھى…

ماموت زەدەك ئۆزىنىڭ گېپى ئۆزىگە قىزىق تۇيۇلۇپ خىرىلداپ كۈلدى، قالغانلار ئەگىشىپ كۈلۈشتى. بارات چەكەدى كۈلمەستىن كۆزىنى ياغ سالغان چايدەك پارقىرىتىپ دامبىنىڭ ئېگىز چوققىسىغا قاتۇرۇلغان سېمونت تامدىكى ماۋجۇشىنىڭ ھەربىي فورما بىلەن كۈلۈپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ چۈشكەن سۈرىتى ئالدىغا كەلدى. پەستە لاۋا سىلىپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا ماۋجۇشىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن باشمالتىقىنى چىقىرىپ كۈلۈۋاتقان كۆرۈنۈشى مۇسا كالا پوقىغا ئۈمىد، ئىلھام بەردى. مۇسامۇ ماۋجۇشىنى دوراپ كۈلدى. ئەمما ئۇنىڭ بىر يېرى تارتىشىپ، بىر يېرى سولىشىپ پۇرلىشىپ قالغان يۈزىگە كۈلكە قولاشماي، يىغلىغاندەك كۆرۈندى. مۇسا كالا پوقى سۆزلىدى:

— ئى مېھرىبان، دانا داھىمىز ماۋجۇشى ئاتا. كەچ كۈزدە دەرياغا سەل كېلىپ ئون ئىككى نەپەر بەش خىل ئۇنسۇر يولۋاس قوتان دامبىسىدا تۇغان بېقىۋاتىمىز. ئەمما ئىككى يېرىم كۈن بولدى، يۇرتتىن نان كەلمەي ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم. ئەمدى سىزگە بىر ئىلتىماسىم: ھازىر بىرنىمە يېمىسەك ئون ئادەم تاڭ ئاتماستا توڭلاپ ئۆلىمىز. شۇڭا، كوپېراتسىيىنىڭ بىر كالىسىنى سويۇپ يەپ قورساقنى توقلاپ دامبا باقساق. سىزمۇ بىلىزنىڭ گۆشىنى سەل بېسىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالماي، ئىشلىرىڭىزنى خاتىرجەم قىلىۋەرسىڭىز، ئالدىغا يىغلاپ

خالتا كۆتۈرۈپ بارساق ، بىزنىڭ ھەسەن گۇرۇپ دېگەن ياغدان باش تازمۇ ئىشىشەك چارەك كۆكۈرۈپ قالغان قوناقنى تەستىقلاپ بېرىدۇ . سىزمۇ ماۋۇ قېرىپ ھالىدىن كېتىپ جىنازىدەك بولۇپ قالغان كوپېراتسىيىنىڭ كالىسىنى تەستىقلاپ بەرسىڭىز . سويۇپ يەپ ئاچلىقتىن قۇتۇلۇۋالغان بولساق... بۇ قېرى كالىنىڭ ئەمدى كۆچىمۇ قالمىدى . بىر كۈنلۈك يولغا ئۈچ كۈندە كېلىدۇ . ئۇنى ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈۋەتمىسەك ، سوتسىيالىزمنىڭ ھارۋىسىنى مۇشۇنداق ئاستا سۆرەپ سىز - بىزنى ئەخمەق قىلىدۇ... ھەسەن گۇرۇپ دېگەن مۇز قاپاق تاز دېھقانغا ، بولۇپمۇ بىزدەك قالپىقى بار بەش خىل ئۇنسۇرغا سىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭىزچىلىك كۈلۈمسىرەشنى بىلمەيدۇ . دائىم قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ گۈندىپايدەك نەشتىرىنى سانجىپ تىكىلىدۇ . سىز مېھرىبان بولغاندىكىن ، بىز بەش خىل ئۇنسۇر بولساقمۇ ، بىزمۇ خۇدا ياراتقان بەندە بولغاندىكىن ، ئاشۇ ھەسەن گۇرۇپ دېگەن بەز قاپاق تاز ئىششەك چارەك قوناق تەستىقلاپ بەرگەن يەردە ، سىز بىر كالا تەستىقلاپ بېرەرسىز... ھە... راستما؟ مىڭ رەھمەت ماۋجۇشى ئاتا ! سىزگە يۈز مىڭ رەھمەت ! تۈمەنمىڭ يىللار ، ھەتتا مەڭگۇ ياشاڭ ، ماۋجۇشى ئاتا !

مۇسا ئىزىغا تىزلىنىپلا خاتىرجەم كۆشەپ ياتقان كالىنى ياتقان يېرىدىلا بوغۇزلىۋەتتى ، ھەم مۇڭگۇزىدىن تۇتۇۋېلىپ يەرگە نىقتاپ بېسىپ يېتىۋالدى . قېرى ئورۇق كالا دۈلۈنۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا بىرقانچە نۆۋەپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ، ئاخىر خارقىراپ تىرتاڭلاپ ئاسانلا جىم بولدى . پەستە گۈلخان ئەتراپىدا تۇرغانلار يۇگۇرۇشۇپ دۆڭگە يامىشىپ چىققاندا ، قېرى كالا ئاللىقاچان جان تەسلىم قىلغانىدى .

— ھەي... ھەي... مۇسىراق... مۇسىراق تۇگىمەس بالاغا قالدىڭ... ئۆمۈرۈڭ تۇرمىدە ئۆتىدىغان بولدى ، — دېدى بارات چەكەدى ئېچىنىپ .

— تولا كاسىلدىماي، قولمۇقول سويۇشۇپ گۆش چىقىرىپ كاۋاپ قىلىدىغان ئىش قىلىشە. ئەتە نېمە كۆرسەم كۆرەي، مازار بىر تويسامىلا بولدى. خاتىرەڭنى جەم قىلىش، پايدىلىنىشىڭ زىيانغا ئۆزۈم تەن...

— هەي مۇسىراق... بايا ماۋجۇشنىڭ سۈرىتىگە قاراپ بىر نېمىلەرنى دېگەندەك قىلدىڭ، نېمە دېدىڭ؟

مۇسا كالا سويغاچ سۆزلىدى:

— «ئاتا، ئىككى يېرىم كۈن بولدى. ئاچ قالدۇق. بىر كالا تەستىقلاپ بەرسىڭىز. بىر تويۇۋالساق» دېسەم، مېھرىبان، باغرى يۇمشاق كىشىكەن. «بوپتۇ مۇسا، كالىنىڭ ياخشىسىدىن بىرنى سويۇپ يەڭلار، جىق ئۆلتۈرمەڭلار. بىرنى يەپ دامبىنى چىڭ ساقلاڭلار، مېنىڭ خو باللىرىم، ياخشى باللىرىم» دېدى. ماۋجۇشى بارمىقىنى چىقىرىپ: «بىرنى يەڭلار، ياخشى باللىرىم» دېسە، هەسەن گۇرۇپ دېگەن تازىنىڭ هۆرۆت - پۆرۆت دەيدىغانغا هەددىمۇ؟! ئەتە بىرمە دېسە، ئاينا، ماۋجۇشى ئۆزى تۇرۇپتۇ. ماۋجۇشىدىن سورىغىنىمنى سىلەرمۇ كۆردۈڭلار، «ياخشى كالىدىن بىرنى سويۇپ يەڭلار» دەپ باش بارمىقىنى چىقارغىنىنى سىلەرمۇ كۆردۈڭلار.

هەممە قورقىنىدىن لاغ - لاغ تىترەپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە مۇسانىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى.

ئۇلار قېرى كالىنىڭ گۆشىنى ئوتقا قاقلاپ يېيىشتى. تېشى كۆيۈپ ئىچى خام تاراچ، قىزىل قان ساقىۋاتسىمۇ ئىككى يېرىم كۈن ئاچ قالغان هاشارچىلارغا شۇنداق تېتىپ كەتتىكى، مۇسا كالا پوقى ھەققىدىكى ھەممە قورقۇنچلۇق گەپلەرنى ئۇنتۇپ، قېرى كالىنىڭ ئۇستىخىنى بىلەن ئىچ - باغرىدىن باشقا گۆشىنى تاڭ ئاتقۇچە يەپ، قورۇق پايخۇننىلا تېرىگە يۆگەپ قويۇشتى. ئەمما سەھەردە، ھەممىسىنىڭ ئىچى سۈرۈپ، تولا تەرەت قىلىپ، تېقىملىرى سەزمەس بولۇپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى.

— دەريانىڭ توغىنىدىن يار كەتسە سەكسەن قوزۇق ، ئوتتۇز هارۋا شاخ ـ شۇمبا بىلەن توغ باغلاپ توختىتىشقا بولىدىغان ، ئادەمنىڭ كۆتى يار ئىلىپ كەتسە يا قوزۇق قېقىپ شاخ باسقىلى بولمىغان . ئاچلىقتىن ئۆلمەي توقلۇقتىن ئۆلەمدۇق نېمە ؟!

بۇ ئىش بىردەمدىلا دوپپامدەك يۇرتقا پۇر كېتىپ ، هېچكىم ئۇنىنى چىقىرالماي چاپىنىنىڭ ئىچىگە ، سامانغا ، پاخالغا ، پاتاققا بېشىنى تىقىپ هەركىم ئۇن چىقارماي كۈلۈشتى . هەسەن گۇرۇپ مۇسا كالا پوقىنىڭ هېلىقى جاۋابىنى ئاڭلاپ غىدىق ـ پىدىق بولۇپ ، بوغۇلۇپ ، كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى . هەسەن گۇرۇپنىڭ كەينىدە ئۇۋچىنىڭ ئىتلىرىدەك «ئال» دەپ بولغۇچە باسمىداپ ئالىدىغان ، دوپپىسىنى ئەگىل دىسە كاللىسىنى ئەكېلىدىغان قول ـ پۇت چاپارمەنلىرى مۇسا كالا پوقىنى چۆجىنى باسمىدىغان سادەك بوغۇپ ـ بوغۇشلاپ ، قوللىرىنى باغلاپ يېزىلىق هۆكۈمەتكە ئاپار-دى . مۇسا كالا پوقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ ، گەپ تاپالماي ، ناهىيىگە ئاپاردى . ناهىيىدىكىلەر ئاڭلاپمۇ جاۋاب تاپالماي ، كېسىم چىقىرالماي ئۇنى تۈرمىگە سولاپ قويۇپ ، بۇ ئىشنى يۇقىرىغا يوللىدى . بۇ گەپ ناهىيىدە هەممە ئادەم قۇلاقتىن قۇلاققا پىچىرلاپ ، سۆز ـ چۆچەك قىلىپ ، پىخىلداپ كۈلۈپ ئوينايدىغان قىزىق ئويۇن بولدى . سەكسەن كۈن بولغاندا ، مۇسا كالا پوقى سەمرىپ ، ئاقىرىپ قالغان ، ئۇنىڭ قولى بوينىغا ئىسسىقلىق هالدا يۇرتتا پەيدا بولدى . خەق ئەتراپىغا ئولاشتى .

— نېمە دېدى ، ئۇردىمۇ ؟ تىللىدىمۇ ؟ تۆمۈر تىكەنلىك قەپەزگە سولىدىمۇ ؟

— بىر هېسابتا تۈرمە تالادىن ئوبدانكەن . ئەپتىمگە قالاڭلا ، ئۈچ ۋاخ مولا يەپ ياتتىم . بۇنىڭدىن كېيىن تالادا قورسىقىم تويمىسا تۈرمىدە يېتىپ جان ساقلىسام بولامدۇ نېمە دەپ قالدىم ، — دېدى مۇسا كالا پوقى پەرۋاسىز كۈلۈپ .

— ھەي... ھەي... كالا پوقى... سەن تۈرمىدە يېتىپمۇ چۆچۈمەپسەن، بۇرنىڭغا سۇ كىرمەپتۇ، قىلچە ئۆزگەرمەپسەن، ئادەم بولماپسەن، ئۆزگىرىشىڭ لازىم ئىدى، — دېدى بارات چەكەدى چىن كۆڭلىدىن كايىپ.

— ھوي! سەنچە بولغاندا قانداق ئۆزگەرسەم بولاتتى. مەن بۇرۇن ئادەم ئەمەس، ھايۋانمىدىم؟! سېنىڭ نەزىرىڭدىن مەن ھايۋان، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسىگە كىرىپ ياتسام، ئاندىن ئادەمگە ئۆزگىرەمدىمەن؟ مەن بۇرۇنمۇ ئادەم، ھازىرمۇ ئادەم. سەن بىلەن مېنى مېنىڭ خىيالىمچە سېلىشتۇرساق، سەن ئادەم سۈرەتلىك ھايۋان. چايان ئادەم چاقىدۇ، ئاندىن سەن چىقىمچى. شۇڭا، سېنى مەن ئادەم سۈرەتلىك ھايۋان دەيمەن.

— سەنچۇ؟

— مەن ھايۋان سۈرەتلىك ئادەم. چۈنكى، ھايۋانمۇ ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن يەم ئىزدەيدۇ. مەسىلەن، مەن كالا ئارقانىنى ئۈزۈپ بېرىپ كوپېراتسىيىنىڭ قونىقىنى تويغۇچە يېدىم. تۈرمىدە قورسىقىم تويغۇدەك نان يەپ چىقتىم. مانا ھازىر ئادەمگە ئۆزگەردىم. سەنمۇ تۈرمىگە كىرىپ ھايۋان سۈرىتىڭنى تاشلاپ، ئادەم سۈرەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىشنە بىر. يۇرت - مەھەللە، يىلان، چايانىنىڭ چىقىمچىلىقىدىن قۇتۇلسۇن. يىلان، چايان سۈرەتلىك يىلان، چايانىنىغۇ كىم ئۇچراتسا ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلىدىكەنمىز. ئادەم سۈرەتلىك يىلان، چايانىنى يا ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمىسا، ئۆلتۈرەي دەپ قارىسا سۈرىتى ئادەمگە ئوخشايدۇ... ھا... ھا... ھا... ھا...

ھەممىسى كۈلۈشتى، بارات چەكەدى ئۇجۇقۇپ ئەل - جامائەت ئارىسىدىن غىدىق - پىدىق بولۇپ يىراقلاشتى.

— تۈرمىنىمۇ كۆردۈم. ئۇنىڭدىمۇ يېتىپ قويغاننىڭ يامىنى يوقكەن. ماۋۇ قېتىم چىقىپ قويساڭ، ئادەم سۈرەتلىك يىلان، چايان قاتاردا سېنىمۇ بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ يۇرت - مەھەللىنى

خاتىرجەم قىلاي دەپ قالدىم ، — دېدى مۇسا كالا پوقى بارات چەكەدىنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ .

— سېنى تۇرمىدە ئېسىپ ئۆرۈپ قولۇڭنى ناكا قىپتۇ ھە ، كالا پوقى ؟

— ياقەي ، تۇرمىدە ھېچنېمە دېمىدى . ئاشۇ تۇرمىگە بېرىپ بولغۇچە ھەسەن گۆرۈپنىڭ غالچىلىرى قولۇمنى ئۇلغاپ - تولغاپ ، جەينىكىمنى ئىككى يەردىن چىقىرىپ تاشلاپتۇ .

— ئاغرىقنىڭ دەستىدىن ئىشتىنىڭغا چىقىرىۋەتكەنسە ، كالا پوقى ؟

— ئۇلار تۇتماستىلا ئىشتىنىمغا چىقىپ بولغان گەپ ، — دېدى بىرى .

ھەممىسى تېلىقىپ كۈلۈشتى .

— سېنى نېمە دەپ قويۇۋەتتى ؟ ئاڭلىسام ، تۇرمىدە ياتقانلارغا «ئۇرغان ، سورىغان ، قىينىغانلارنى تالادا دېمەيسەن ، دېسەڭ يەنە سولايمىز » دەپ تىلخەت ئېلىپ قويۇۋېتىدۇ دەيدۇ . سېنىمۇ شۇنداق قىلغاندۇ تايىنلىق .

— ياق ، گەپ قىلماي تاماق بەردى . يېدىم ، ياتتىم ، قولۇمنى دوختۇرغا كۆرسەتتى ، داۋالىدى . بۇ يەردە بولسام ھەسەن گۆرۈپ دوختۇرغا كۆرسىتىش تۇگول ئۆلتۈرۈۋېتەردى .

— راست دەيسەن . تۇرمىدە ياتقانلار سەككىز - ئون يىل يېتىپ چىقىپ ئۇزاق ياشىدى . ئەمما ، بۇ يەردە قېلىپ قىينالغانلار يا ئاچلىقتىن ، يا ھاشاردىن ياكى تىل - دەشنام دەستىدىن تۇرمىگە كىرىپ - چىققانلاردىن بالدۇر تۈگىشىپ ئۆلۈپ تۈگىدى . ئاخىر نېمىدەپ قويۇۋەتتى سېنى ؟

— بىر كۈنى ياتسام ، ھەربىي جۇۋا كىيگەن بىر خەنزۇنى ئىككى خىزمەتچى باشلاپ كىردى . ئۇلار مېنى تىك تۇرغۇزۇپ : «بۇ بىزنىڭ ئەڭ كاتتا باشلىقىمىز ، ئېگىلىپ تەزىم قىل » دەپتى ، «بەندە تۇرۇپ بەندىگە تازىم قىلسام خۇداغا شېرىك كەلتۈرگەن

بولىمەن . تەزىمنى خۇداغا قىلماي بەندىگە قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ دوزىخى يەتمىگەندەك ئۇ دۇنيانىڭمۇ دوزىخىغا كىرگۈم يوق. مېنى تولا ئۇنى قىل ـ بۇنى قىل دېمەي ، ئوقنىڭ پۇلىنى ئۆيۈمدىكى بىر مېكىيانىنى تارتىۋېلىپ شۇنىڭغا ھېسابلاپ ، گۇملا قىلىپ ئاتساڭلار سىلەرمۇ ، مەنمۇ بىر ـ بىرىمىزدىن قۇتۇلۇپ كېتىلى » دېسەم ھېلىقى باشلىق بىرنېمىلەرنى دېدى . پەممىچە ئاۋۇ ئىككى كۆتۈر- مىچى مېنىڭ گېپىمنى ئۆرۈپ بەردى چېغى ، ئىككىسى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي قۇشقاچتەك سايرىشىپ كەتتى . ئۇ ئىككىسى سىلى ـ بىزگە مىلك يىلدىمۇ قاپقىنى ئېچىپ گەپ قىلمايدىغان قاپىقى يامان نېمىلەركەن دەيمەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشلىق مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىردەم قاراپ تۇرۇپ ، مۇرەمگە شاپىلاقلاپ كۈلدى ، كۈلگەندىمۇ كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى . زۇۋانىنى بىلمىسەممۇ ئۇنىڭ كۈلگىنىگە ئەگىشىپ مەنمۇ كۈلدۈم . قايلىسام ئاۋۇ ئىككىسىمۇ كۈلۈۋاتىدۇ . بىر كۈلكىسىنىمۇ ھەر خىل مەنىلەر بىلەن كۈلەلەيدىغان ئۇستا بىرنېمىلەركەن دەيمەن... بىرنېمىلەرنى دېدى . ھېلىقى ئىككىسى بەس ـ بەستە ماڭا ۋارقىراپ كەتتى .

— رەھمەت دە . باشلىققا رەھمەت دە ، چاققان بول ، — دەيدۇ .

— نېمىگە رەھمەت دەيمەن ؟ ! مېنى ئېتىۋېتىڭلار دېدىمۇ ؟ ئېيتىپ بەرگىنىڭىزگە ھەشقاللا دەيمەنىا دېسەم ، «ھەي سارالڭ كالۋا ، باشلىق سېنى قويۇۋەتتى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلما ، ياخشى ئەمگەك قىل ، ياخشى گۇڭشې ئەزاسى بول » دېدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ماۋۇ ساق قولۇمنى ئەكىلىپ باشلىقنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . سول قولۇم بولغاچقا ، قول تۇتۇشۇم ئەپلەشمىدى دەڭلا ، تۇزۇك تۇتالمىدىم . ئاغزىمدا «رەھمەت» دېدىم ، تەستە دېدىم . بوغۇزۇمغا لازا كەپلىشىپ قالغاندەك ، تىلىم ئىشەك باغلاپ قويغاندەك قولاشمىدى . كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى . باشلىق ئوبدان ئادەمكەن . مەن ھازىرغىچە ھەسەن گۈرۈپ تازدىن باشلاپ ،

مەندەك بىر قەلەندەر دېھقانغا چىراي ئېچىپ كۈلگەن ، ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ كۈلۈپ گەپ قىلغان باشلىقنى كۆرمىگەن . بۇ خەنزۇ يوغان باشلىق بولسىمۇ ماڭا كۈلۈپ گەپ قىلىپ ، مېنى ئېرىتىۋەتتى . ئۆچكە يىغىدەك ئېرىپ ، مېگە ـ مېڭىلىرىمدىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتىم . ئەگەر ئاشۇ باشلىق قويۇۋەتمىگەن بولسا ، گەپ يوق ئېتىۋېتەتتى . باشقا مەھبۇسلاردىن ئاڭلىسام ، ئېتىۋېتىدىغان جىنايەتچىلەرنى ئاتىدىغانغا ئاز قالغاندا ، مانا مۇشۇنداق ئۈچ ۋاخ ئاق موما بېرىپ باقارمىش . شۇڭا ، مەنمۇ ھايات قېلىشىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ «يەۋال ، مۇسا يەۋال . قارنىڭنىڭ يامانلىقىدىن بېشىڭنى يەيدىغان بولدۇڭ . شۇڭا ، ئۆلسەڭمۇ قورسىقىڭ توق ئۆل . مۇنكىر ـ نەكىرلەرگە ئاچ قورساق جاۋاب بېرەلمەي قالما» دېگەنىدىم . ھېلىقى باشلىقنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن مانا ھايات قالدىم .

مامۇت زەدەك ئۆيىدە تاڭ ئاتقۇچە مۇسا كالا پوقىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاش بىلەن بولدى . مۇسا كالا پوقى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندە ، ھەسەن گۈرۈپ «ئېرىڭنىڭ چاتىقى بوش چاتاق ئەمەس . سەنمۇ سولاققا كىرىپ قالما» دەپ ئۇنىڭ ئايالىنى ئەرز قىلغۇزۇپ ئاجراشتۇرۇۋەتكەن . «ئۇ ئايال قورقۇنچلۇقتا ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يۇرتىدا تۇرۇشتىنمۇ قورقۇپ مارالبېشىنىڭ تۇمشۇققا قېچىپ كەتكەنمىش . كېيىن ئاقسۇ ، كۇچا تەرەپكە كېتىپتۇ . ئۇ يەردىمۇ تۇرماي تەلەمەتنىڭ داۋىنىدىن ئۆتۈپ يايلاققا — قازاقلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ ، ئۆزىگە ھەم بالىلىرىغا قازاقچە ئات قويۇپ ، قېرى قازاققا خوتۇن بولۇپ كېتىپتۇ » دېگەن خەۋەر كەلگەنىدى . مۇسا كالا پوقىنىڭ بىكار قالغان ئۆيىنى ھەسەن گۈرۈپ ئېرىنى ھاشاردىن كەلتۈرمەيدىغان ئۆيى يوق بىر ئاشنىسىغا بېرىپتۇ . مۇسا كالا پوقى تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندىن كېيىن ، ھەسەن گۈرۈپ مۇسا كالا پوقىنى «كالا ئېغىلىدا ئوقۇردا يات ، قىش سوغۇقىدا ئۆي كۆچمەك تەس . ئۆيۈڭنى ئەتىيازدا بېرىمىز» دەپ كالا ئېغىلىغا ئورۇنلاشتۇردى . ئاندىن مۇسا كالا پوقىنىڭ ئوك

قولى تۈزلەنمەس بولۇپ مەشىنىڭ ئەگرى ئىنىسىدەك ساقىيىپ، كەتمەن تۇتالماس بولغاچقا، ئەترەتنىڭ كالا ئېغىلىدا كالا بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئۆيىمۇ، قىلىدىغان ئىشىمۇ كالا ئېغىلىدا بولغاچقا، بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئىشى ئوڭ كەلگەندەكمۇ بولدى. مامۇت زەدەك چاقچاق قىلدى:

— كالا ئېغىلى بىزنىڭ ئۆيدىن ئىسسىق، كالىنىڭ ئوقۇرىدا ئاناڭ بۆلىگەن بۆشۈكتە ياتقاندەك ياتىسەن... بىزدەك ھاشارغا، ئېتىزغا بېرىپ مۇزدا، توڭدا يالاڭ ئاياغ كەتمەن چاپمايسەن، ئاچ قالمايسەن، كالىنىڭ ھەلەپكە سېپىدىغان كېپەكىدە كۆردى ـ كۆرمىدى دەپ، ھېچبولمىسا ئۇماچ ئېتىپ ئىچىۋالىسەن، كۆمەچ كۆمۈپ يەۋالىسەن. توۋا، ئاتاڭ كالا پوقى دەپ قويۇپ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتتىمۇ. ئۆمۈرۈڭ كالا بىلەن باغلىنىپ قاپتۇيا سېنىڭ... كالا پوقىغا تېيىلىپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتىڭ، يەنە كالا پوقىغا تېيىلىپ يۈرمە، جۇما.

— ھەسەن گۇرۇپ دېگەن تازىمۇ شۇنداق دېدى. «يەنە بىر كالىنى يەۋالساڭ ياكى بىرەر كالىغا خىيىمخەتەر يەتكۈزسەڭ، ئەمدى سېنى يۇقىرىغا يوللاپ يۈرمەيلا مۇشۇ كالا ئېغىلىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئېغىلنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋېتىمەن. يۇقىرى دېگەن يۇمشاق باش كېلىدىكەن، سەندەك ئوغرىلارنى بىلمەيدىكەن» دەيدۇ. سەنمۇ خۇددى ھەسەن گۇرۇپ تازدەك گەپ قىلىۋاتىسەن، — دېدى. ئاتىنىڭ ئاغزىدىن بالا ئۈستىدە چىققان سائەت بولۇپ كەتكەن سۆزى شۇ بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرىگە تامغا بولۇپ بېسىلىپ كەتسە كېرەك. مۇسا كالا پوقى دائىم كالا پوقىغا تېيىلىپ ھاياتى ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ.

مۇسا كالا پوقى كالا ئېغىلىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، شۇ يەرگە كۆنۈپ قالدى. كالا ئېغىلى ئۆيدىن ئىسسىق، ئۆينىڭ غېمىدەك مىڭبىر غەم، ئاچ قالىدىغان، ھاشارغا بارىدىغان، مۇزدا ـ توڭدا كەتمەن چاپىدىغان، بالىلىرىم ئاچ قالدىمىكى، بۈگۈن نېمە

يەرمىز ، ئەتە ئوچاققا نېمە قالارمىز ، باللىرىم نېمە كىيەر دەيدىغان گەپ يوق . مامۇت زەدەك دېگەندەك ئېغىل ئانىسىنىڭ بۆشۈكىدەك ئەپلىك . يەنە كالا يەيدىغان ھەلەپكە سېپىدىغان قوناق كېپىكى ياكى بۇزۇلغان قوناقنىڭ ئۇنى بار . قىلىقى تۇتۇپ ، سۇرگىنى كەپ قالسا ، ئاز ـ تولا كېپەك ، ئۇن ياكى قالايدىغانغا تېزەك دېگەندەك نەرسىلەرنى خۇپىيانە ئاچىقىپ بەرسە ، ئېرى ھاشاردىن كېلەلمەي ، باللىرىنى باقالمىغان ھەرقانداق چوكان ، مۇسا كالا پوقى ئىشارەت قىلسىلا ، توكۇر خورازغا بۇك ـ بۇك كۆنگەن مەللە مېكىياندەك كالا قوتىنىنىڭ ئىچكىرىسىدە ياكى پاتاقخانىدا ، ئۆزىلا ھاۋا تاپان بولۇپ «ئالە شەرىكنى» دەيدۇ . مۇسا كالا پوقى كالا ئېغىلىغا كۆنۈپ قالدى . ئەمدى دائىم ھاشار بېشىدا ئاچچىق موخۇركىنى مەدەك غاڭزىغا سېلىپ چېكىپ يۆتىلىپ تۇرۇپ غىڭشىيدىغان :

«ھاشار سالمىدۇق دەيدۇ ،

قوزۇق قاقمىز توگدا .

ئالۋان سالمىدۇق دەيدۇ ،

ئىشتان قالمىدى قوگدا .»

دېگەن بىر پۇچۇق قوشىقىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تۇردى . چۈنكى ، بىر ھېسابتا ئۇ كالا ئېغىلىدا توققۇزى تەل بولۇپ قالغان كالىغا ئوخشاپ قالدى . «مېنىڭ كۆنۈم كالىنىڭكىدىنمۇ خاتىرجەم . ئەترەتنىڭ بۇقىسى بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈلۈپ ئايرىم ئېغىلغا زەنجىرلەپ سولاپ قويۇلىدۇ . پەقەت ئىنەك سېغىنغاندا يىلدا ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئىنەكنىڭ راھىتىنى كۆرەلەيدۇ . ئۇ بۇقا ئىنەك بۇقىنى سېغىنىپ بۇقىغا چۈشكەندە راھەتلەنگەن بىلەن ، مەن ئەترەت تەۋەسىدىكى قايسى ئىنەكنى سېغىنسام بىر مۆرسەملا شۇ ئىنەك ئالدىمغا كېلىدۇ . بۇ كۈندە ئەترەتتىكى ھەسەن گۇرۇپ تازدىن باشقا راھەتنە ياشاۋاتقىنى مەن . » دەپ ئويلايتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەسەن گۇرۇپ ئۆيۈگە كۆچ دەپ قالارمۇ ، دەپ يۈرەكئالدى بولۇپ بىر

مەزگىل يۈردى . ھەسەن گۇرۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك بۇ گەپنى تەگىمىدى . مۇسا كالا پوقىمۇ ئۆيىنى دىرەكلىمىدى . ئەتراپتىكى ھەممە ئادەم بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى . شۇنداق قىلىپ مۇسا كالا پوقى ئۆي دىمىگەنگە ھەسەن گۇرۇپ خۇش ، ھەسەن گۇرۇپ ئىغىلدىن قوغلىمىغانغا مۇسا كالا پوقى خۇش كۈلكىلەر باشلاندى . تىلغا ئالمىغان بىلەن ھەر ئىككىسى ئۆز كۆڭلىدە بۇ ئىشقا رازى ھەم خۇش بولۇشتى . مەھەللە ـ كويمۇ گويا مۇسا كالا پوقى ئەزەلدىنلا مۇشۇ كالا ئىغىلىدا قايىسدۇر بۇرۇن ئۆلگەن ئىنەكنىڭ ئەۋلادى ، ئەزەلدىن كالا بىلەن ئىغىلدا چوڭ بولغان ئادەمدەك ئۇنتۇپ كەتتى . ئەمما بىر مەزگىل ئۆتۈپ ، مۇسا كالا پوقىنىڭ توققۇزى تەل خاتىرجەم كۈنلىرىگە خەقنىڭ كۆزى تەگكەندەك يەنە كالا پوقىغا تىيىلىپ كەتتى .

بىر قىبرى ئىنەك بوغاز ئىدى . بىر كىچىدە تۇغالماي ، ئىنجىقى يەتمەي ، موزايىنىڭ بېشى چىقىپ بويىغا كەلگەندە ئۆلۈپ كەتتى . مۇسا كالا پوقى موزايىنى ئىنەكنىڭ بايلىقىدىن تارتىۋىلىپلا ئىنەكنى بوغۇزلاشقا ئاران ئۈلگۈردى . ئىنەكتىن يوق ھىساپتا قان چىقىپ ، ھىساپتا تەيمە ھالال بولدى . مۇسا كالا پوقى تېزەكتە كۆلخان سېلىپ ئانىسى يالاشقا ئۈلگۈرمىگەن بىتەلەي يېتىم موزاينى تاڭ ئاتقۇچە ئوتقا قاقلاپ ، ئۇستۇۋىشىدىكى شىلىمشىقلارنى مەڭگەن سامان بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتۇپ چىقتى . قوتاندا موزاينى ئىمىتكۈدەك ئىنەك يوق ئىدى . موزاي تولا مۆرىدى . ھەدەپ مۇسا كالا پوقىنىڭ چاترىقىغا ، قولتۇقلىرىغا بېشىنى تىقىپ ، ئانىسىنىڭ يېلىنىنى ئىزدىدى . ئادەمنىڭ ئاچلىقىغا پەرۋايى پەلەك مۇسا كالا پوقىنىڭ تۇغۇلا ـ تۇغۇلماي ئانىسىدىن يېتىم قالغان تاغىل موزايغا ئىچى ئاغرىپ يىغلىۋەتتى . موزاينىڭ ئۇماق ، چىرايلىق كۆز ، تۇمشۇقلىرى يېڭى تۇغۇلغان ئادەم بالىسىدىن ئۇماق ھەم چىرايلىق ئىدى . «سوك قالغىنىغا باقماي ، كىچىككىنە نىمىسىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاشلىرىنى ، ھالىغا باقماي ئەركەككەن تېخى » دەپ

تـوختىماي يىغلاپ ، ئۆزىنىڭ قولتۇقىدىن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئىزدەۋاتقان تاغىل موزاينىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى . ئاندىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ پېشانىسىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ، موزاينى كۇرەك جۇۋىسىغا يۆگىدى ـ دە ، چارەك قوناق ئۇننى يۇدۇپ ، جۇۋىغا يۆگەلگەن تاغىل موزاينى بوۋاقنى كۆتۈرگەندەك قۇچاقلاپ ، قـوشـنـا ئەترەتنىڭ كالا قوتىنىغا باردى . يېرىم كېچىگە خوراز چىلىلىغاندا ، چوڭ يول بىلەن ماڭماي ، ئىتتىك ئۇدۇل بارىمەن دەپ قومۇشلۇق جاڭگال بىلەن ماڭغان مۇسا كالا پوقى باش ئەزان بىلەن تەڭ قوشنا ئەترەتنىڭ كالا قوتىنىغا باردى . قوتان دەرۋازىسىنى ئـۇرۇۋىـدى ، قوتاننىڭ ئۆگزىسىدىن توپاقتەك ئىتنىڭ هاۋىلداپ قاۋىشى بىلەن كالا باققۇچى ئەيساكام ئاچچىقنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— هـوي... هـوي... ئـەتـىگەندە ئىت پوق يېمەستە قايسى يوتقاننىڭ تېشىدىن بولغاننىڭ ئانىسى ئۆلدى ؟

— هەي... هوي ئەيساكا... مەن... مەن مۇسا...

— قايسى مۇسا ؟

— كالا پوقى...

— هە... هەسەن گۇرۇپ تازنىڭ ئەترىتىدىكىمۇ ؟ يەنە بىر كـالـىـنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ، بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن بولساڭ دەرۋازامدىن بوسۇغا ئاتلايمەن ، دەپ خىيال ئەيلىمە ، ئىتقا تالىتىپ ئۆلتۈرىمەن . سەن قولى ئەگرى گۇينى .

— ئەيساكا... مەن ساڭا بىر چارەك ئاق سۇزۇك قوناقنىڭ ئۇننى ئەكەلدىم...

— هە... مۇسىراق... كۇن بۇگۇن كۇن پاتاردىن چىقماس...

ئـۇزاقـقـا قالماي ، ئەيساكام ئاچچىقنىڭ ئۆگزىدە توختىماي هـاۋىلداپ قاۋاۋاتقان ئىتنى تىللاپ ، هاسىراپ يىقىنلاپ كەلگەن ئاۋازىنى مۇسا كالا پوقى ئاڭلاپ تۇردى .

— هاي... هاي... بوش قاۋا بېشىمنى ئاغرىتماي ، قانجىقنىڭ

بىرسى بىلەن تۈتۈلۈپ قالمىغاندىكىن خوتۇن تالاق… كاسكا… غاچىلداپ قوتان دەرۋازىسى ئېچىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەيساكا…

— بامداتقا تەرەتكە قوپاپتىكەنسەن ھە؟ — دېدى مۇسا كالا پوقى ئەيساكام ئاچچىقنىڭ قولىدىكى پۈچۈق ئىۋرىققا قاراپ سىنسىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ.

— تولا كاسىلدىماي، نان تېگىدىغان گەپنى قىل. سەن ماڭا بىر چارەك ئۈننى بىكار بىرىۋەتكىلى كەلمىگەنسەن؟ سەن كالا پوقى چوقۇم بىر بالا تېرىپ شاتىرىغىڭنى ماڭا سۈۋغىلى كەلدىڭ. ئۈچاڭدىكىغۇ ئۈن بولسۇن، قۇچىقىڭدىكى بالىما… خۇمپەر خەقنىڭ خوتۇنىدىن ھارامدىن بالا تېپىپ قويۇپ، ئانىسى بالىسىنى تاشلاپ بەرگەن بولسا ھارامدىن بولغان بالاڭغا سۈت سوراپ كەلدىڭمۇيا؟

— كېچىدىن بىر قېرى ئىنەك موزايلاپ، موزىيى قېلىپ ئۆزى ئۆلدى. سۈتى بار ئىنەك بولسا بىر ئېمىتتۇۋالاي دەپ كەلدىم.

— ھە… ماىداق دە… موزىيى يەرگە دەسسىگىلى ھەپتە - ئون كۈن بولغان سېغىن ئىنەك بار… ئەمما بۇ سوك موزىيىڭغا سۈت بىرەمۇ… ئەكە ئۈنىڭنى، — ئەيساكام ئاچچىق مۇسا كالا پوقىنىڭ ئۆشنىسىدىكى خالتىنى ئالدى.

— ھۇ لولا… ئەينۇ كالا پوقى… نەدە بىر چارەك. نىم ئىششەك چارەكمۇ چىقمايدۇ ئەكەلگەن ئۈنىڭ.

— قانداق قىلىمىز ئەيساكا… بارىنى ئەكەلدىم. جاھان ئۆزۈن، كەم - كۈسىنى كېيىن تولدۇرارمىز.

قوڭۇر ئىنەك چاياندەك چېچەن كېلىپ موزايغا سۈت بەرگىلى ئۇنىماي، موزاينى ئۆزگە ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنەكنى سوقۇمغا چىڭ باغلاپ ئارقا پۇتلىرىنى ئارغامچا بىلەن باغلىۋىدى، ئىنەك قورسىقىنى ئىچىگە تارتىپ بىتەلەي تاغىل موزاينىڭ ئاغزىغا قورۇق ئەمچەك سالدى. ئاخىر بولماي ئۆزىنىڭ موزىيىنى قويۇپ بىرىۋىدى، سۈت بەردى. ئاندىن ئەيساكام ئاچچىق

ئىنەكىنىڭ سىرىق موزىيىنىڭ ئاغزىنى ئەمچەكتىن چىقىرىۋالدى، مۇسا كالا پوقى تاغىل موزاينى قويۇپ بەردى. تاغىل موزاي تويۇۋالدى. مۇسا كالا پوقىمۇ، ئەيساكام ئاچچىقمۇ خۇشال بولدى. مۇسا كالا پوقى ئەيساكام ئاچچىق بىلەن خوشلىشىپ تاغىل موزاينى بوۋاقىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كەلگەندە، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن، كالا قوتىنى ئەتراپىدا ئادەملەر قۇشقاچتەك سايرىشىپ، چۇرۇلداپ ئولىشىۋالغانىدى. مۇسا كالا پوقىنى كۆرۈپ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزىنى تۇتۇشتى. مامۇت زەدەك مۇسا كالا پوقىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ۋاي كالا پوقى، يەنە قانداق پوق يېدىڭ؟ «ئەترەتنىڭ بوغاز ئىنىكىنى مۇسا كالا پوقى ئۆلتۈرۈپ يېگىنىنى يەپ، يېمىگىنىنى تاشلاپ قېچىپتۇ» دەپ مەھەللىدە بىر پاتمان گەپ تارالدى. ھەسەن گۇرۇپ تاز بارات چەكەدىنى يۇقىرىغا سۇخەنچىلىككە يولغا سالدى. قاچقان ئادەم قېچىۋەرمەي، پوق يەپ ئۆلگىلى كەلدىڭمۇ؟ مەن تېخى غۇلجا تەرەپكە خوتۇن - بالىلىرىنى پاناھ تارتىپ قاچقان چېغى دەپتىمەن، ئەمدى ئۆلۈم سائىتىڭ كەلگەن ئوخشايدۇ... ئەجىلىڭ سۆرەپ كەپسەن، — مامۇت زەدەكىنىڭ ئاخىرقى گېپىنىڭ پۇچقى ئاغزىدا قالدى. ھەسەن گۇرۇپنىڭ كالتەك كۆتۈرگەن چوماقچىيسى قوتان ئىچىدىن چىقىپ مۇسا كالا پوقىنى كۆردى - دە، چوجىنى كۆرگەن سادەك ئېتىلىپ كېلىپ، قولىدىكى كالتەك بىلەن مۇسا كالا پوقىنىڭ ھوشۇقىغا سالدى.

— ھە ئوغرى... كالا پوقى ئوغرى. مۇشۇ پاچىقىڭىزنى چېقىۋەتسەمغۇ قاچالماسسىز.

مۇسا كالا پوقى «ۋاي پاچىقىم» دەپلا يىقىلدى. گۇرەك جوۋىسى ئىچىدىن مۆرەپ تەمتىلەپ تاغىل موزاي مۇدۇرۇپ چىقتى. ھەممىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. مۇسا كالا پوقى پاچىقىنى چاڭگاللاپ بىر ئۇنىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، بىر ئۇنىنى يەردە قويۇپ، قاقشاپ يۇمىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ پاچىقى ئوشۇقىدىن چېقىلىپ كەتكەنىدى. مامۇت زەدەك بىر خورىزنى ئېلىپ دۇشەنبە

بازاردىكى سىدىق مىسكەر دېگەن تېخنىقچىنى باشلاپ ئەكەلدى. سىدىق مىسكەر قولى يېنىك ئادەم ئىدى. مۇسا كالا پۇقىنىڭ چىقىلىپ غوچ ـ غوچ بولۇپ كەتكەن ئوڭ پۇتىنى تۇخۇم بىلەن شاقىداپ، تارىشا گۆڭگۈرتتە تېڭىۋەتتى.

ھەسەن گۈرۈپ زاراتنىڭ جاڭگىلىدىكى ئەترەتنىڭ مىلتىقىنى ئىككى ئوغلاقلىق ئۆچكىنى ئەكىلىپ تاغىل موزاينى ئۆچكىگە ئەمدۈرۈپ بېقىشنى مۇسا كالا پوقىغا تاپشۇرۇپ، «خاپا بولما» دېدى ـ دە، بىر ئېغىز سوغۇق گەپ بىلەن تەھدىت سالدى:

— سەن قىشتا مۇزنىڭ، يازدا ئوتنىڭ ئىچىدىن، توگمەننىڭ كۆلىمىسىدىن پۇتۇن چىقىدىغان كالا پوقى بىرەر كالتەك يەپ، بىرەر پۇتۇڭ ناكار بولغانغا ئۆلمەيسەن، ئەمما ئىككى ئۆچكىنى ساڭا بەردىم. بىرەر ئۆچكە ياكى ئوغلىقىنى ئۆلتۈرۈپ قويساڭ ئەمدى ھايات قالمايسەن. ئادەم كۆرمەيدىغان يېرىڭگە پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ماۋۇ تاغىل موزاينى ئەي قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئانىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەيدىغان بولساڭ، ئاشۇ قىرى ئىنەكتىن بەتتەر قىينىلىپ ئۆلىسەن. ناھايىتى كۈچى بار، بىزنىڭ ئەترەتكە جىق كۈچ بەرگەن ئىككى كالىنىڭ بېشىغا چىقتىڭ. ئەمدى مەرتەم مەرتەم ئۈچ مەرتەم. ماۋۇ موزاينى ئۈچىنچى قېتىم ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈپتىمەن دېسەڭ بولىدۇ.

مۇسا كالا پوقى غىڭ قىلمىدى. تاغىل موزاينى بوۋاقنى باققاندەك كۆرەك جۇۋىسىغا يۆگەپ، ھاسا تاياق بىلەن ئوڭ پۇتىنى سۆرەپ، ئۆچكىنى قېقىرتىپ بېسىپ تاغىل موزايغا ئەمدۈرۈپ يۈردى. تاغىل موزاي ئۆچكىگە شۇنداق ئۆگىنىپ كەتتىكى، ئەمگۈسى كەلسە سەكرەپ كېلىپ مۇسا كالا پوقىنى ئۈسسۈپ مۆرەيدۇ. مۇسا كالا پوقى ئاقساپ، پۇتىنى سۆرەپ بېرىپ ئوقۇرنىڭ يېنىدا باغلاقلىق ئۆچكىنى تۆت پۇتىنى بوغۇپلا باسىدۇ. موزاي شالاپشىتىپ بىرنى ئېمىپ تويماي، يەنە بىرنى باسقىلى سالىدۇ. بىچارە ئوغلاق بىلەن ئۆچكە بىرەر دەم يىغلىشىپ، ۋارقىرىشىپ بىسىقىپ قالىدۇ. بارا ـ بارا ئۆچكە، ئوغلاق، موزاي،

مۇسا كالا پوقى بۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدى . ئۆچكىمۇ بۇرۇنقىدەك دات - پەريات سالمايلا جىم يېتىپ بېرىدىغان ، ئوغلاقمۇ يىغلىمايدىغان ، موزايمۇ تارتىنىپ تۇرمايلا ئۆچكىنى ئېمىپ بولۇپ تويغاندا ئىككى ئۆچكىنىڭ ئىككى ئوغلىقى بىلەن تەڭ سەكرىشىپ ، تەڭ قوغلىشىپ ئوينايدىغان بولدى . ھەتتا بىر كۈنى كۆك ئۆچكە مۇسا كالا پوقى بىلەن موزاي يېنىغا كېلىشى بىلەن تەڭ ئۆزى يانتۇ بولۇپ يېتىپ بەردى . تاغىل موزاي ئەمدى ئېمىپ بولۇپ ، ئوغلاقلار بىلەن سەكرەپ ئوينىشىپ بولۇپ ، مۇسا كالا پوقىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى پۇراپ ئۇخلايدۇ . ئوغلاقلار ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلايدۇ . بۇ چاغدا ، مۇسا كالا پوقى كۈرەك جۇۋىسىنى موزايغا يېپىپ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلايدۇ . بەش ئايدىن كېيىن ئۆچكىنىڭ سۈتى تارتىلىپ كەتتى ، يېلىنى يوقالدى . ئوغلاقلارمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى . موزايغۇ تازا تولۇپ ، سېمىز بوي تارتتى . ئەمدى ئۇ تۆتلۈك مۈڭگۈزى بار ، تازا قاملاشقان بۇقىچاق بولدى . ئۇ مۇسا كالا پوقىنىڭ ئوغلىدەك ئۇ پۇتىنى سۆرەپ نەگە بارسا بىر قەدەم قالماي بىللە ماڭىدۇ . مۇسا كالا پوقى ئوقۇردا ياتسا ئۇ ئوقۇرنىڭ ئاستىدا ، مۇسا كالا پوقىنىڭ جۇۋىسىدا ياتىدۇ . ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈرسە تەڭ مۆرەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ . ئەتىگىنى مۇسا كالا پوقى ئوقۇردا بۆشۈكتە ياتقاندەك يېتىپ ئۇخلاپ قالسا تىلى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى يالاپ ئويغىتىدۇ . ئۆچكە سۈتى ئەمگەچكىمۇ بۇ موزاي ئۆچكىنىڭ ھوشيارلىقى ، ھەييار - شەيتانلىقى سىڭىپ چوڭ بولدى . پات - پات پاكار ئەنجان تېمىغا ، سامانلىقنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالىدۇ . كالا قوتىنى تەۋەسىدە كالىلار تائىپىسىدە بىردىنبىر ئەركىن - ئازادە ، جەننەت ھۇزۇرى سۇرۇۋاتقان كالا مانا مۇشۇ تاغىل موزاي ئىدى . ئۇنى مۇسا كالا پوقى ئادەم بالىسىنى باققاندەك پەپىلەپ ئەتىۋارلاپ باققاچقا ، كالىنىڭ ئەڭ ئالىي غىزاسى ھەم غايىسى بولغان كېپەك سەپكەن ھەلەپنى تويغۇچە ، ئامراق لەڭمىنى بولغان پاتاقنى تويۇپ بولدى دېگۈچە يېگەچكە تېزلا موزايدىن ئايىنىپ توپاققا ، توپاقتىن بۇقىغا

چوڭ بولدى . ئۇ چىرايلىق ، قاملاشقان بۇقا بولدى . مۇڭگۈزى تازا يارىشىملىق ئۆستى . مۇلايىم كۆزلىرىگە قان تولۇپ بۇلۇتلىرى قېپرى ياڭاقنىڭ كۆتىكىدەك تۇرۇلۇپ ، بوينىدىكى بۇقىلىق لوككىسى ئۇستىدە بىر تۇتام ئەركەك تۈك ئۆسۈپ ، ئەركەك تۈكى ئايغىر ئاتنىڭ يايلىسىدەك ئۆسكىلەڭ بولۇپ چىقتى . مۇسا كالا پوقى ئۆزى بىر قوللۇق بېقىپ ئەي قىلىپ ، مانا مۇشۇنداق قاملاشقان بۇقا يېتىشتۇرۇپ چىققىنى ئۇچۇن دۇمبا يەپ ، ئۇشۇقى چېقىلىپ ، توكۇر بولۇپ ساقايغىنىغا رازى بولۇپ قالدى . دىڭگۇسلاپ مېڭىپ يېرىم بولغان كۆڭلى تاغىل بۇقىنىڭ سۇرلۇك ، ھەيۋەتلىك ھەم سۆلەتلىك تۇرقىغا قاراپ يايرايدۇ . گويا بالىسىنى چېلىشچى پالۋان قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلغاندەك پەخىرلىنىپ قاراپ ھاردۇقى ، دەردى چىقىپ قالغاندەك بولىدۇ . دېمەك ، ئوبدان بېقىلسا ، بېقىش تاپسا ھېلىقى ھەسەن گۇرۇپ دېگەن تاز قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكەن قازاق يايلىقىدا قازاق بولۇپ كەتكەن ئىككى ئوغلىمۇ مانا مۇشۇ بۇقىدەك قاملاشقان يىگىتلەردىن بولۇپ چىقار ئىدى . ئىككى ئوغلىنى مۇشۇ بۇقىدەك قوينىغا سولاپ باقالىغان بولسا كاشكى . مانا ئەمدى تاغىل بۇقا موزاي چاغلىرىدىكىدەك مۇسا كالا پوقىغا ئاتىسىغا ئەگىشىۋالغان بالىدەك ئەگەشمەيدىغان ، ئوقۇر يېنىدا ياتمايدىغان ، نېرى تۇرۇپ قاراپ قويىدىغان ، نېرى ياتىدىغان بولدى . «ماۋۇ كاساپەتنى كۆرۈڭ ، بېقىپ چوڭ قىلىپ قويسام ، خۇددى ئۆزى چوڭ بولۇۋالغاندەك مەن توكۇرنى ياراتمايدىغان بولدى» دەپ تۇرۇپلا كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن ئاغرىنىدىغانمۇ بولدى . تېخى ھەسەن گۇرۇپ دېگەن تازنىڭ قورساق كۆپىدىغان گېپىنى بىر دېمەڭ ، ئۆلگۈچە پوكۇنۇمدا تۇرۇپ قالىدىغان بولدى . تاغىل بۇقىنىڭ سۇرلۇك ، ھەيۋەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ «مۇسا كالا پوقى سەن ئىككى كالىنىڭ بېشىغا چىققان بولساڭمۇ ئۇن كالىغا بەرگۈسىز بىر كالا چوڭ قىلدىڭ . بولدى گۇناھىڭدىن ساقىت بولدۇڭ» دېمەكتە يوق ، «سەن بىر ئېغىل كالا يەيدىغان ھەممە ئوبدان يەمنى بۇ سوك موزايغا يېگۈزۈپ ، مۇشۇنداق پودىقى

چاترىقىغا پاتماس قىلىۋەتتىڭ» دەپ ئاھانەت قىلدى...

تاغىل بۇقىغا ھەسەن گۇرۇپ تازنىڭ ھەستى تۇتۇپ، ئۇنى ئەمدى تاڭ ئاتماستىلا ھارۋىغا قوشۇپ كۆز باغلانغانغا قەدەر توپا، قىغ، شاخ توشۇيدىغان ئىشقا سالىدىغان بولدى. شۇڭا ئەترەتتىن تۆت قاۋۇل ئەمگەك كۈچىنى تاغىل بۇقىنى ئون تاغار قۇم بېسىلغان پىگىلو ھارۋىغا قوشۇپ ھارۋىغا كۆندۈرۈشكە سالىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاغىل بۇقىنىڭ بەختلىك كۈنلىرى ئاخىرلاشتى. ئۇمۇ كۆنگەن باشقا قۇل كالىلاردەك ئەترەتنىڭ ھارۋىسىنى سۆرەيدىغان بولدى. مۇسا كالا پوقى بۇ ئىشتىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كېچىدە ئوقۇردا دۈم يېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. گەرچە بارلىق كالىلارنى ئاقىۋەتتە ھارۋىغا، ھارۋىدىن قوشقا، قوشتىن سۆرەمگە، سۆرەمدىن جوۋازغا يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئىشتىن چىققاندا ئۆلتۈرۈپ يەيدىغان بولسىمۇ، ئاتام زامانىدىن بېرى كالىلارنىڭ بېشىدىكى بۇ قۇللۇق تۇزۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلىدەك كۆرىدىغان تاغىل موزاينىڭ بېشىغا كېلىدىغىنىنى پەقەت ۋە پەقەت ئويلىمىغان ئىكەن. مانا ئەمدى ھار كەلدى. ھارۋىغا كۆندۈرىدىغانلار كەچتە تاغىل بۇقىنى ئېلىپ كەلگەندە، بۇقىنىڭ رەسۋايى ئەزەم ھالىنى كۆرۈپ مۇسا كالا پوقى ھۆكىرەپ ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى. بىچارە تاغىل بۇقا تۈنۈگۈنكى تاغىل بۇقا شۇ دېسە ھېچكىم ئىشەنمىگۈدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. باشلىرى ھەم چاترىقىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان پودىقى ساڭگىلاپ تىزىغا چۈشكەن، ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان ئارىلاش شالى ئېقىپ كۆزلىرى كالتەك ـ تاياقتىن ئىششىغان، پۈتۈن ئەزايى تەر ھەم لاي بولۇپ،، پۇتىنى يۆتكەرگە ھالى قالمىغانىدى. مۇسا كالا پوقىنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، كۆندۈرگۈچىلەر كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي كالا پوقى، بۇ كالا بولمىغۇدەك. بۇ ھارۋىغا ئەمەس، پىچاققا لايىق كالا بوپتۇ. شۇنچە ئۇرۇپ يۇرۇپ ئېغىر ھارۋىنى قاتساقمۇ جاھىللىق قىلىپ ھەرگىز كۆنمىدى. قوپقۇدەك ھالى قالمىسىمۇ ھارۋىغا كىرگىلى ئۇنىمايدۇ. ھارۋىغا كىرسە، يا

ئۆلەر ـ تىرىلىشكە قارىماي سۆرەپ قېچىپ ئازگالغا سەكرەيدۇ يا يېتىۋالىدۇ. قانداق دېگەن جاھىل، ساراڭ، توخسۇ پوقى كالا بۇ. بىز ئۆمرىمىزدە نۇرغۇن كالىنى كۆندۈرگەن، بۇنداق ساراڭ كالىنى كۆرمەپتىكەنمىز... بىز ھەسەن گۇرۇپقا دەيلى ئەتە ئۆگۈن كوپېراتىپقا گۆش ئالغىنى كەلگەندە ئۆلتۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتسۇن بۇ ساراڭ كالىنى... ھە توختا مۇسا توكا... مۇسا كالا پوقى، بۇ كالىنى سەن باققاچقا راست ئۆزۈڭنىڭ خۇيىنى ئالدىمۇ نېمە، سېنىڭ ساراڭ خۇيۇڭنى ئاپتۇ... راست سەنمۇ ھازىرغىچە كوپېراتسىيىگە كۆنمەي، ھە دېسە قاملاشمىغان ئىشلارنى تېرىپ يۈرۈيسەن ئەمەسمۇ. راست... راست، بۇ موزاينى سەن بېقىپ قاتارغا قوشقاچقا، سېنىڭ ئۇرانىڭنى ئېلىپ چوڭ بوپتۇ... نەق سېنىڭ ئۆزۈڭ. ئەگەر سەن كالا بولۇپ قالغان بولساڭ ھەسەن گۇرۇپ شۇ تىنىقتا سېنى بوغۇزلاپ كوپېراتىپنىڭ گۆش ئالغىنىغا ئۆتكۈزۈپ قۇتۇلاتتى. خۇدايىم ياخشىمۇ ئادەملەرنى ئادەم گۆشى يەيدىغان قىلىپ ياراتماپتىكەن، بولمىسا ھەسەن گۇرۇپ سېنى ئاللىقاچان بوغۇزلاپ تەمىنلەشكە ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. ھا... ھا... ھا...

مۇسا كالا پوقىنىڭ قۇلىقىغا كۆندۈرگۈچىلەرنىڭ گەپلىرى كىرمىدى. ئۇ ئېغىلغا ئاران كىرىپ موكلا يېتىپ تۇمشۇقى يەر تىرەپ قالغان، ئىششىغان باش ـ كۆزلىرىدىن يوغان كۆزلىرى كۆرۈنمەي قالغان تاغىل بۇقىنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ ھۆكرەپ ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ كالىنىڭ ئاغزىدىكى قان ئارىلاش شالىنى يەڭلىرى بىلەن ئېرتىپ كىچىك بالىنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك سىلاپ، ئۇنىڭ دۇمبىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ قۇچاقلاپ يىغلىدى، سۆزلىدى:

— بالام، تاغىل بۇقا... گەپ ئاڭلا... سەن بەربىر كالا... ئەمما سەن مېنىڭ بالامغا ئوخشاش، ئوغلۇمغا ئوخشاش... مەن ساڭا چىدىمايمەن. ئەگەر سەن كوپېراتسىيىنىڭ ھارۋىسىنى سۆرەشكە كۆنمىسەڭ، سېنى ھەسەن گۇرۇپ تاز ئۆلتۈرۈپ، كوپېراتىپنىڭ

گۈش ئالـدىنىغا تۇتۇپ بېرىدۇ. سىنى ئۆلتۇرۇۋەتسە... مەن چىدىيالمايمەن... سەن ئۆلۈپ مەن قالغۇچە... مەن سەندىن بۇرۇن ئۆلسەم بولىدۇ. خۇدا بۇ مېھرىنى... سىنىڭ مېھرىڭنى ماڭا ساپتۇ... سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ مەن ياشىيالمايمەن. سەن ئۆلۈپ كەتكۈچە مەنلا ئۆلۈپ كەتسەم بولىدۇ... ئۇنداق قىلما... مىنى دەپ ياشا. مەن سىنى بەك تەستە بېقىپ چوڭ قىلدىم، قاتارغا قوشتۇم. سىنىڭ مۇشۇنچىلىك بولۇشۇڭ بەك تەسكە چۈشتى. مەن سىنى باققىچە ئانامنىڭ مىنى قانداق باققىنىنى ئاندىن بىلدىم. ئانداق قىلما سەن. بىز هامان كوپېراتسىيىنىڭ قوچىقىغا تۇغۇلدۇق. ئۇنىڭ هارۋىسىنى سۆرىمىسەك، ئۇنىڭغا ئىشلىمىسەك بىزگە كۈن بەرمەيدۇ. گەپ ئاڭلىغىن بالام. گەپ ئاڭلا... هارۋىغا كۆنگىن، كۆنمىسەڭ سىنى ئۆلتۇرۇۋېتىدۇ. سىنى ئۆلتۇرۇۋەتسە... مەنمۇ... ئۆلۈپ كىتىمەن...

مۇسا كالا پوقى ئۇزاق يىغلىدى، كالىنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ جىق گەپ قىلىپ ئاغزى تالدى. ئاندىن كالىنىڭ كۆزىگە قارىدى. تاغىل بۇقا كۆزىنى يۇمۇپ جىممىدە ياتماقتا ئىدى.

— هۇ كالا... شۇنچە گەپ قىلسام مۆ دەپ بىر ئېغىز مۆرەپ قويماي پۇشۇلداپ ياتقىنىنى... ئىسىت ئاغزىم... ساڭا گەپ قىلغۇچە تامغا گەپ قىلسامچۇ... بالام بولغان بىلەن بىر كالا ـ دە سەن... گەپ ئاڭلىمايدىغان... گەپ ئۇقمايدىغان، — مۇسا كالا پوقى خاپا بولۇپ، قېپىداپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇخلاش ئۈچۈن ئوقۇرغا مېڭىۋىدى، تاغىل بۇقا يەر تىرەپ قالغان تۇمشۇقىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى تەستە ئېچىپ مۇسا كالا پوقىغا قاراپ، چوڭقۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئىنجىقلىدى. مۇسا كالا پوقى كەينىگە ئۆرۈلدى.

— هە شۇنچە گەپ قىلغاندىكىن، مانا مۇشۇنداق بىرەر ئىنجىق بولىسىمۇ چىقمامدۇ سەندىن. شۇنچە گەپ قىلسام كالىدەك پۇشۇلداپ ياتقاندىكىن، ئۆلسەڭمۇ كارىممۇ يوق دەپ ئويلىغانتىم...

كالا يەنە بىرنى ئىنجىقسىمان، ئاۋازى بوش پۇتۇپ قالغان

ھالەتتە مۆرەپ قويدى .

— ھە بوپتۇ… مەن يەنىلا ساڭا چىدىمايمەن ، — مۇسا كالا پوقى دىگگۇسلاپ مىگىپ يوغان داش قازان ئىستىلىق ئوچاقتا قۇرۇپ قالغان تىزەكتە ئوت يېقىپ ، داش قازاندىكى سۇنى ئىسسىتتى . ئاندىن ياغاچ تەڭلىگە ئۇسۇپ كېلىپ كالىنىڭ باش ـ كۆزىدىن باشلاپ قۇيرۇقىغىچە قىتىپ كەتكەن قان ئارىلاش لايىنى يۇدى . يۇيۇپ بولۇپ ، كالىنىڭ يېنىغا تىزەكتە ئوت يېقىپ ئىسسىتتى .

— سىنى يۇيۇپ پاكىز ئىرىغداپ قويماي ، سەنمۇ دوست ـ دۈشمەنلىك بولۇپ قالدىڭ . نەچچە ۋاقتتىن سەن چاپچىپ ، ئارتىلىپ ئويناپ رەنجىتكەن كالىلار سىنىڭ رەسۋا ھالىڭنى كۆرۈپ قوڭچە كۈلمىسۇن يەنە .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، ھەسەن گۈرۈپ كەلگەندە ، مۇسا كالا پوقى ئۇنىڭ ئالدىغا باردى :

— ھەسىناخۇن ، تاغىل بۇقىنى مەن ھارۋىغا قاتاي . مەن ئىشلىتەي دەيمەن .

ھەسەن گۈرۈپ ئاچچىقلاپ كەتتى :

— ئادەمنى تولا زاڭلىق قىلما . ئۇنى ھەپتە ـ ئون كۈن ئوبدان باق ، تازا سەمرىسۇن . گۇڭشېدىكى كادىرلار باھالاشقا كەلسە شۇلارغا سويىمىز… ئۇ بىرمەڭ ئۆزۈڭگە ئوخشاش كوپېراتسىيىگە كۈچ بەرمەيدىغان لامزەللە چىققتى .

— يامان كۈچتۈڭگۈر كالا بولغان . كۆندۈرگۈچىلەر ئۇنى ئەپلىيەلمەپتۇ . مەن بۈگۈن بىر ھارۋىغا قىتىپ باقاي . ئەپلىشىپ قالسا كۈندۈزى ھارۋىغا ، كېچىسى جۇۋازغا سىلىپ كۈچىدىن پايدىلىنايلى . قالغان كالىلار كۈندۈزى ئىشلەپ ، كېچىسى جۇۋازغا ماڭماي يېتىۋېلىپ گۇڭشى كادىرلىرى يەيدىغان جۇۋاز يېغى ئۈلگۈرمەي ، ئۆزەڭلىمۇ تولا يامان ئاتلىق بولۇپ كەتتىڭلا…

— ھە ؟ سەن بۇ ئەتىۋارىڭنى ئاشۇنداق ئىشلىتەلەمسەن ؟

— ھەئە .

— ئەمسە سەن كۈندۈزى هارۋىغا قات، كېچىسى جۇۋاز ھەيدە. شۇنداق قىلالىساڭ مەنمۇ سەندىن ئۆمرۈمدە بىر خوش بولۇپ باقاي... يائاللا سېنى كوپېراتسىيىگە بىر ئىشلەيدىكەن دەپ قالاي.

ھەممە خەق ھەيران قالدى. مۇسا كالا پوقى تاغىل بۇقىنى ھارۋىغا قېتىۋىدى، تاغىل بۇقا خۇددى بۇرۇنلا ھارۋا سۆرەپ كۆنگەن كالىلاردەك مۇلايىم ھەم چاققان ھارۋا سۆرەپ كەتتى. تاياقمۇ، تىلمۇ كەتمىدى. «چۇ!» دېسە ماڭدى. «ۋۇ!» دېسە توختىدى. «سو!» دېسە ياندى. ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى. ھەممە كالىدىن جىق سۆرەپ، ئىتتىك مېڭىپ ھەسەن گورۇپنى خوش قىلىۋەتتى. مۇسا كالا پوقى ھەممىدىن خۇشال، ھارۋىغا تاغىل بۇقا ئوسۇرۇپ سالغۇدەك جىق توپا باسسىمۇ سۆرەيدۇ. بىر قېتىملىقى مۇسا كالا پوقى ئاقساق پۇتىنى سۆرەپ، كالىغا ئىچى ئاغرىپ مەنمۇ ئېغىرىمنى سالماي دەپ ھارۋىغا چىقمىسا، تاغىل بۇقا ھەرگىز ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ. مۇسا كالا پوقى ھارۋىنىڭ تۆپىسىگە تەستە يامىشىپ چىقىپ ئولتۇرسا تاغىل بۇقىنىڭ بەللىرى قىسماقتەك ئېگىلىپ، پەي-پۇتلىرى تىترەپ، تۇمشۇقلىرى كېرىلىپ، ئاغزىدىن شالى قۇيۇلۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ھەم قىزىرىپ كەتسىمۇ، ھارۋىنى ئوبدان تارتىدۇ. خەقلەر ھەيران قېلىشتى. مەھەللىدە «مۇسا كالا پوقى توكۇرەكنىڭ كالىسى گەپ ئۇقىدىكەن، غەرەز ئۇقىدىكەن. ئادەمدەك ئەقىللىقكەن» دېگەن سۆز-چۆچەك تارقىلىپ، يىراق-يېقىندىن ئادەملەر ئىشىنىپ-ئىشەنمەي كېلىپ، تاغىل بۇقىنى كۆرۈپ كەتتى. كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپ ماختاپ كېتىشتى. مۇسا كالا پوقى ماختىنىپ خۇشال بولدى. ھەسەن گورۇپ تازىمۇ ئۆمرىدە ئاغزىغا چىش چىقىپ تۇنجى قېتىم مۇسا كالا پوقىنى ماختاپ قويدى.

— يائاللا كالا پوقى، توكۇرەك. مەن ئۆمرۈمدە ھەممە ئادەمنى دەردىم چىققۇدەك ئىشلەتتىم. مۇسا كالا پوقىنى ئىشلىتەلمەسمەنمۇ دەپتىم، سېنىڭمۇ قىچىغاڭنى تاپىدىغان كۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولىدىكەن ـ ھە . سېنىمۇ ئىشلەتتىم . تاغىل بۇقاڭنى قازاقچا تاشلىنىۋەتكەن خوتۇن ـ باللىرىڭدىن ئەنسىرەپ كۆرۈندىكەنسەن ئەمەسما ، توكۇ .

— خۇدا سالغان ئۇنتقا ئامال يوق ، — دەپ قويدى مۇسا كالا پوقى خۇشال بولۇپ . كۈندۈزى ھارۋىغا قوشۇپ ، كېچىسى جۇۋازغا سالىدىغاندا تاغىل بۇقىنىڭ پۇتىنى يۆتكەرگە مادارى قالمايتتى .

— ھەدەپ ماڭمامسەن ، قاراڭغۇ جۇۋازخانىدا سېنى كىم كۆرەتتى . ئاشۇ يەردە يېتىپ زىغىر كۈنجۈرىسىنى ، پاخىلىنى تازا يەيسەن . سەن يېگەننى ئېغىلدىكى قايسى كالا يېيەلەيتتى . تاڭ ئاتقۇچە تازا يەپ ، قېنىپ كۆشەپ ، ئۇخلىۋال ، مەنمۇ ئۇخلايمەن . ناماز بامداتتا بىردەم ماڭساڭ ، باشقا قېرى كالا ئىككى كۈن ھەيدىگەننى چىقىرىسەن . سەن قارنىڭغا ئامراق ، ئوبدان يەپ چوڭ بولدۇڭ . باشقا كالىلار بىلەن بىر ئېغىلدا ئۇخلىساڭ قورسىقىڭ غورىگىل قالىدۇ… ھۇ بەغەرەز !

كۈنلەر شۇنداق ئۆتتى . بۇ يېڭى ئىشقا تاغىل بۇقىمۇ ، مۇسا كالا پوقىمۇ كۆنۈپ قالدى . ئەمما ، مۇسا كالا پوقىنىڭ پات ـ پات كالا پوقىغا تېيىلىپ كېتىدىغان كۈنلىرى كېلىپ ، ئۇنى ئەمدى يەنە بىر كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بالاغا گىرىپتار قىلدى .

ئەقىللىق ، كۆچتۇڭگۇر ، قاملاشقان تاغىل بۇقىدىن موزاي ئالىمىز دەپ پات ـ پات ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئىنىكىنى بۇقىغا قويغىلى كەلگەن دېھقانلار مۇسا كالا پوقى بۇقىسىنى ئايىمىسۇن دەپ ، ئۇن تۇخۇم ، ئاز ـ تولا ئۇن ، بىرەر خوراز ، بەش زاغرا چاغلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ ، مۇسا كالا پوقىنىڭ كۈنلىرىنى باياشات قىلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇنتۇپ قالغان خوتۇنى ئايىمخان ئىككى ئوغلى قايىم بىلەن تۇرغۇننى ، يەنە قۇچىقىدا قازاقتىن بولغان ئوغلى ئالچىنبەگنى ئېلىپ كېلىپ قالدى . ئايىمخان مۇسا كالا پوقىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلىدى .

— قېچىپ كەلدىم… مۇسىراخۇن… يۇرتقا چىدىمىدىم… سىلىگە چىدىمىدىم… يۇرت ـ كوينىڭ ئوتى يامانكەن… ئاچ قېلىپ

ئۆلسەممۇ يۇرتۇمدا ئۆلەي... ھايات بولساڭلا ئايغىمڭلاردا ئۆلەي دەپ قىچىپ يىنىپ كەلدىم... ئىككى ئوغلۇڭلارنى قازاق باققانتى... قازاقتىن بولغان بۇ ئوغلۇم سىلىگە ئىغىر كەلمەس، دەپ ئىلىپ كەلدىم...

ئايىمخاننىڭ دات يىغىسى مۇسا كالا پوقىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئايىمخان بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئوغلى كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خىلى خوپ بوي تارتىپ سىمىز، ئەتلىك چوڭ بولۇپ قالغان ئىككى ئوغلىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا ياتسىراپ قارىشىپ تۇرۇشتى. «كەتكەندە كىچىكتى، گۆدەك ئەمەسمۇ... ئاۋۇ قايىمەكنىڭ چىراي - تۇرقى ئاتامنى تارتقاندەك، ماۋۇ تۇرغۇن ئانا تەرەپ تاغىسىغا ئوخشىغاندەك قىلامىدۇ نىمە... كاساپەت. نىمە بولسا خىلى ئادەم بولۇپ قالغۇدەك...»

مۇسا كالا پوقىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئۆي بولمىغاندىكىن، خوتۇن - بالىلىرىنى ئىغىلنىڭ بۇلۇڭىدىكى سامانخانىغا باشلىدى. يوتقان - كۆرپە بولمىغاندىكىن، سامان ئۈستىگە كىگىزنى سىلىپ شۇ يەرگە چۈشتى. خوتۇن - باللىرىنى سامانغا كۆمۈپ ياتقۇزۇپ تاڭ ئاتقۇزدى.

مۇسا كالا پوقىنىڭ خوتۇن - باللىرىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلىغان مەھەللە - كوي بىردىن - ئىككىدىن كۆرگىلى، كۆرۈشكىلى كەلگىلى تۇردى. بۇ ئىشلار مۇسا كالا پوقىغا خەقنىڭ تاغىل بۇقىسىنى كۆرگىلى كەلگىنىدەك تۇيۇلدى. خەقلەر «ئەمدى خوتۇن - باللىرى كەلگەندىكىن، ھەسەن گۇرۇپ ئاشنىسىنى كۆچۈرۈۋىتىپ، كالا پوقىنىڭ ئۆيىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ» دىيىشتى.

— ھۇي ئادەم، ھەسەن گورۇپقا دىمەملا... ئۆيىمىزنى بەرسۇن...

— دىمەيمەن...

— يەنە كالا پوقىلىقىنى قىلىدۇ. شۇنداق ئويلىغانىدىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمىسە مەن دەيمەن.

— گەپ قىلما. مىت قىلىپ ئاغزىڭى ئاچىدىغان بولساڭ تىلىڭنى كېسىمەن.

— بىز بىر كالا، ئىت، ھايۋان بولمىغاندىكىن، ئادەم بولغاندىكىن، ئۆيدە ئولتۇرساق، ئۆز ئۆيىمىزگە ئىگە بولساق بولامدۇ... دېگىنىم دېگەن مېنىڭ!...

— ئۆيۈڭگە ئىگە بولىدىغان ئادەم نېمىدەپ مەھكەم ئولتۇرماي، قازاقنىڭ يايلىقىغا بېرىپ قوڭۇڭنى شامالغا سىلىپ ئەلىنىدۇرۇپ كېلىسەن. ئىككى بالىنىڭ يۈزىنى قىلمايدىغان بولسام، بۇ كەمگە بوغۇزلىۋېتەتتىم! ساڭا ئۆي لازىم بولىدىغان ئادەم ئۆينى تاشلاپ كەتمەيسەن. ئۆينى تاشلىغان ئادەمنىڭ ئۆيىسىز قالىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ. سەن تاشلىساڭ، خەق ئىگىلەيدۇ. سەن ئولتۇرمىساڭ، خەق ئولتۇرىدۇ...

— مەنمۇ شۇ ئىككى ئوغلۇڭنى دەپ شۇنداق قىلغان. ھەسەن گۇرۇپ دېگەن قومۇق باش «ۋاي، ئېرىڭ چوڭ چاتاق تەردى، ھەممىڭنى سولايدۇ، ئاتىدۇ. بالىلىرىڭنىمۇ ئېتىپ تۇخۇمىڭنى، نەسلى - نەسەبىڭنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ» دېسە قورقۇپ كېتىپ، مەن نېمە بولساممۇ ئىككى ئوغلىمىز ھايات قالسۇن دەپ قېچىپتىمەن شۇ... ھۆ... ھۆ... ھۆ... سەن ئاشۇنداق يامان ئىشنى قىلمىغان بولساڭ بىزمۇ سورۇقچىلىقنى تارتمايتتۇق. ھۆ... ھۆ... ھۆ...

— بۇ دېگەن خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، پېشانىمىزدە ئېرىمەيدىغان بىر توڭرا بار. شۇ توڭرا ئېرىمىغۇچە، بىر تۆشۈكتىن چىقىپ يەنە بىر تۆشۈككە كىرگۈچە، يەنە تېخى نى - نى كۆرگۈلۈكىمىز بار...

— ئەمىسە بۇ سامانلىقتا قاچانغىچە ئولتۇرىمىز؟

— خۇدايىمنىڭ بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى بار. ئۆلۈككە گۆر، تىرىككە ئۆي تېپىلىدۇ. غىت قىسىپ يۇر. بىر گەپ بولار...

مۇسا كالا پوقى شۇنداق دەپ توكۇر پۇتىنى سۆرەپ سامانلىقتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاقساپ جۇۋازخانىنىڭ ئالدىغا

بىرىپ بىردەم تۇرۇپ، جۇۋاز ھەيدەشكە قولى بارماي، ئىغىلدىكى ئۆزى يېتىپ كۆنگەن ئوقۇرغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. جىمجىت كۆشەپ ياتقان تاغىل بۇقا «جۇۋاز ھەيدىمەمدۇق؟» دەپ ئىنجىقلاپ مۆرەپ قويدى.

— جىنىم يات كالا. بۇگۈن جۇۋاز ھەيدىگىلى رايىم يوق. كۆڭلۈم پاراكەندە... — دەپ غۇتۇلدىدى مۇسا كالا پوقى.

سامانلىقتىن ئەگىشىپ چىقىپ كەلگەن ئايىمخان ئوقۇر يېنىغا كەلدى. بىردەم ئېرىگە قاراپ تۇرۇپ:

— شۇنچە يەردىن سېغىنىپ كەلسەك، نېمىدەپ بىز بىلەن ياتماي كالا ئىغىلىغا كىرىپ كالا بىلەن ياتىلا؟

— كۆنۈپ قاپتىمەن... ئادەم بىلەن يېتىپ باقمىغىلى ئۇزاق جاھان بولدى.

— ئەمىسە ماڭمۇ قاشلىرىدىن ئورۇن بەرسىلە...

— نېرى تۇر پاسكىنا... قولۇڭنى تارت... ماڭ جۇگۇ بالىلىرىڭ بىلەن يات... ئارىمىزدا نىكاھ يوق...

— بىز دېگەن ئىككى بالىغا ئاتا - ئانا بولغان كونا قەدىناسقۇ؟

— ئەتە مەتنىياز قارىمنى تېپىپ نىكاھنى يېڭىلىغاندا بىر گەپ بولار.

ئايىمخان يۈزىنى تۇتۇپ مىشىلداپ يىغلاپ كېتىۋېتىپ غوتۇلدىدى:

— تالادا ئوينىڭ دېسە... قوڭى تەگمىگەن، ئاشنا تۇتمىغان بايتال قالمىدى... قېرى بۇزۇق...

مۇسا كالا پوقى بېشىنى كۆتۈردى:

— ھۇ كالۋا... ئاشنادارچىلىق دېگەن باشقا، ئەر - خوتۇنچىلىق باشقا... ئۈچ بالىغا ئانا بولۇپ ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىيالمايدۇ كالۋا... ئاشنادارچىلىق دېگەن بىر ئويۇن، كۆڭۈل خۇشى... ئەر - خوتۇنچىلىق دېگەن رەسمىي ئىش. ئىككىسىنى تەڭ قىلغىلى بولامتىكى... ھۇ مەرەز... تاغدا يۈرۈپ دىنىمۇ، قائىدە - يوسۇنىمۇ ئۇنتۇدىمۇ نېمە بۇ مەرەز... ئۆزىمىغۇ ئېچىپ قالغان

گۆش پۇراپ كەپتۇ...
مۇسا كالا پوقىنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتتىمۇ ياكى تەگرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ ، ئۇلارغا ئەر ـ خوتۇنچىلىق نېسىپ بولمىدى...
ئەتىسى ئەتىگەندە ، مۇسا كالا پوقى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تاغىل بۇقىنى ھارۋىغا قوشۇپ ، بىر ھارۋا قىغنى ئۇسۇپ ماڭغاندا ، يولدا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھەسەن گورۇپقا ئۇچراپ قالدى . ھەسەن گورۇپنىڭ پەيلى يامان ئىدى .
— ھەي توكۇر... خوتۇن ـ بالىلىرىڭ يۇرتقا ئۇندىما ؟
— ھەئە .
— يائاللا ، كالا پوقى بولغىنىڭ بىلەن سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويىدىغان كالا پوقىكەنسەن . جىمجىت كالا ئېغىلىدا يېتىپ ـ قوپۇپ يۇرسەڭ تېخى ئىچىم ئاغرىپتۇ . ئەمما ، سەن يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان كالا پوقى توكۇ جىم يۇرمەي ، قازاقنىڭ يايلىقىغا خەۋەر سېلىپ ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى ئەكەلدىڭ...
— يوقسۇ... مەن ئىللا ـ بىللا خەۋەر قىلمىدىم ، ئۆزى كەپتۇ .
— سەن مەن بىلەن ھەپىلىشىپ نېمە پايدا ئالارسەن ؟ يەنە ماڭا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىپ ، بېشىمنى ئوچاق قىلماقچىمۇسەن ؟... خەپ سېنى ، سەن نېمىدەپ قىغنى يېرىم ئۇستۇڭ ، لىق بىر ھارۋا ئۇسماي . ھارۋىنى ، كوپېراتسىيىنى كوشۇغلاشتۇرماقچىغۇ . ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان توكۇ . مەن تايىنلىق سەن توكۇنىڭ ئىككىلى پۇتىنى باسماس قىلمايدىغان بولسام ئانامنىڭ بالىسى بولماي ئۆلەي !...
ھەسەن گورۇپ ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئولتۇرىدىغان سۆلەتلىك ئات ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ھارۋىسىدىكى گىلەمنىڭ ئاستىدىن كەتمەن دەستىسىدەك كالتەكنى ئېلىپ كېلىپ مۇسا كالا پوقىنىڭ سول پاچىقىغا بىرنى سېلىۋىدى ، مۇسا كالا پوقىنىڭ بىر ئۈنى ئاسمانغا چىقىپ ، بىر ئۈنى يەرگە كىرىپ «ۋاي پۇتوم» دىگىنىچە ھارۋىسىدىكى قىغنىڭ تۆپىدىن يەرگە يۇمىلاپ چۈشتى .



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەسەن گۇرۇپ كالتەك بىلەن يەنە بىرنى سىلتىۋىدى، مۇسا كالا پوقىنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ جىممىدە ياتتى. ھەسەن گۇرۇپ ئۇرماقچى بولۇپ كالتەكنى يەنە كۆتۈرۈپ بولۇپ، مۇسا كالا پوقىنىڭ جىممىدە ياتقىنىنى كۆرۈپ دېدى:

— ھۇ... ئەينۇ... كالا پوقى... ئىككى كالتەك يېگەنگە ئۆلەمتىڭ...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشە ـ چۈشمەي تاغىل بۇقا ھۆركىرىگەنچە ئېتىلىپ كېلىپ ھەسەن گۇرۇپنىڭ ئاچ بىقىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇسۇپلا دۈم چۈشۈرۈپ، قوڭ، يانپاش، توقۇز كۆزلىرىگە پېتىغلاپ، دەسسەپ، چاپچىپ، ئورغاقتەك يوغان ھەم ئۇچلۇق مۈڭگۈزى بىلەن نىقتاپ، مۈڭگۈزىنى دۈمبىسىدىن قاتتىق پاتۇردى. ھەسەن گۇرۇپنىڭ بىر ئۈنى ئاسمانغا، بىر ئۈنى يەرگە كىرىپ، دېھقانىنىڭ ئارىسى سانجىلغان ياۋا توڭگۇزدەك چىرقىراپ كەتتى. مۈڭگۈز سانجىلغان يەردىن جىرتىلداپ چىققان قان تاغىل بۇقىنىڭ پېشانە ھەم پاتىڭىدىكى بۇقىلىق لوككىسى، ئەركەك چۇپۇرىنى بويىۋەتتى. بۇقا ھۆركىرەپ ئاۋازى پۈتۈپ كەتكۈچە يەرگە نىقتاپ، مۈڭگۈزىنى يېرىمىغا كەلگۈچە پاتۇردى. ھەسەن گۇرۇپ خېلى تىرتاڭلاپ ۋارقىراپ، تېپىچەكلەپ باقتى. ئەمما ئىزىدىن قىمىر قىلالمىدى. ھەسەن گۇرۇپنىڭ ھارۋىكىشى ئېتىلىپ كېلىپ ئۈنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن كالتەكنى ئېلىپ، تاغىل بۇقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كالتەك ئۇردى. بۇقا ھۆركىرەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر سىلكىۋىدى، ھەسەن گۇرۇپ ئەسكى چاپاننى چۆرۈۋەتكەندەك بەش ـ ئالتە چامدام يەرگە يۇرلىشىپ چۈشۈپ، تىرتاڭلاپ جىم بولدى. بۇقا ئۈنى پۈتكەن ھالدا ھۆركىرەپ ھارۋىكەشكە ئېتىلدى. ھارۋىكەش قېچىپ تۇرۇپ بىرقانچە كالتەك ئۇرالىدى. كالتەك تەگكەنچە غالجىرلاشقان بۇقا پەرۋاسىز ھۆركىرەپ، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ھارۋىكەشنى تېخىمۇ قوغلىدى. ھارۋىكەش «ۋاي ئادەم بارمۇ؟... ئادەم ئۆلدى!» دەپ ۋارقىراپ قاچتى. تاغىل بۇقا

ھارۋىسىدىكى قىغىنى باللار غالتەك سۆرىگەندەك سۆرەپ ھارۋىكەشنى قوغلاپ ئېتىلدى. ھارۋىكەش قورقۇنچتا قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانغا كۆزى يېتىپ، يول بويىدىكى يوغان بىر تېرەككە يامىشىپ چىقىپ ئۆلگۈردى. تاغىل بۇقا ھۆركىرەپ، تېرەكنى ئۈسۈپ، تۇرتۇپ قان تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتە تېرەككە پاقىدەك چاپلىشىپ يىغلامسىراپ تۇرغان ھارۋىكەشكە پۇتۇپ قالغان ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ توختىماي ھۆركىرىدى. بۇرۇنلىرى كېرىلىپ پۇشقۇردى. بۇنى كۆرگەن ھارۋىكەشنىڭ تامىلىنىڭ ئېغىدىن سۆيدۈكى سىزمە بولۇپ ئاققىلى تۇردى. ئۇ توختىماي «ئادەم ئۆلدى!... قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم بارمۇ؟!» دەپ ۋارقىراۋەردى. تاغىل بۇقا ھەر قېتىم تېرەكنى تازا كۈچەپ، ھۆركىرەپ ئۈسكەندە تېرەك ھېلى سۇنۇپ ياكى قومۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك غاراسلاپ پۇلاڭلاپ تۇردى. ھارۋىكەش تېرەككە تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ شاخلارنى چىڭ گىرەلىۋالدى. ئۇنىڭغىچە تەرەپ-تەرەپتىن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. تاغىل بۇقا تېرەك تۈۋىدە تۆت پۇتى تىزىغىچە توپىغا پاتقانىدى. خەقلەر يىگىرمە قەدەم نېرىدا قان توپىدا لاي بولۇپ ياتقان ھەسەن گۇرۇپىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن، ئىككى قۇلىقىدىن، دۇمبىسىدىن، ئىشتان ئاغلىرىدىن قان تېخىچە چىقىۋېتىپتۇ. كۆزلىرى ھېلى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك پولتىيىپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. مىدىر-سىدىر قىلماي، ئۇنىمۇ يوق ياتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئون قەدەم نېرىدا مۇسا كالا پوقى ئىنجىقلاپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ سول پۇتى يوتىسىدىن چىقىلغان بولۇپ، يەرنىڭ تېگىدىن ئىنجىقلايدۇ. خەقلەر ھەسەن گۇرۇپىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزم قىلىشتى. ئاندىن تاغىل بۇقىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، سەككىز-ئون ئادەم تەڭلا «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ ۋارقىراپ قىغ چىقىرىدىغان تۆمۈر ئارىنى تاغىل بۇقىنىڭ ھەر تەرىپىدىن تەڭ تىقىشتى. تاغىل بۇقا قاتتىق ھۆركىرەپ تېرەكنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە ئادەملەرگە ئېتىلىپ، بەش-ئالتە قەدەم مېڭىپ دۈم يىقىلىپ تۇمشۇقى يەر تىرەپ قالدى.

شۇنداقتىمۇ دۆلۈنۈپ، تىزلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا يەتتە ـ سەككىز ئارا يەنە تىنىلدى. بۇقا قاتتىق بىرقانچىنى ھۆركىرەپ، قان تولغان كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئاغزىدىن چىققان ئاق كۆپۈك توپىغا قويۇلۇپ لاي بولغان ھالدا جىم بولدى.

ھەسەن گۇرۇپىنىڭ ئۆلۈمى داغدۇغىلىق ئۇزىتىلدى. ھەتتا ناھىيىدىن پىكاپقا ئولتۇرغان باشلىقلارمۇ كەلدى. ئۆلۈم كاتتا ئۇزىتىلدىيۇ، يۇرت ـ مەھەللىدىكى دېھقانلارنىڭ تارمۇچتەك تارتىشاڭغۇ، تاتىراڭغۇ يۈزلىرىدە قايغۇ يوق ئىدى. ئىچ ئاغرىتىشتا يوق يۇغۇچىغا كىرگەن ئاخۇنۇملار «كۆتەن ئۇچىيى چىقىپ كېتىپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەكنى كۇسۇرلىشىپ سۆزلىشىپ يۈردى. يۇقىرىدىن كەلگەنلەر ھەسەن گۇرۇپنى يەرلىكىدە قويۇپلا ئورنىغا بارات چەكەدىنى باشلىق قىلىپ ئېلان قىلدى. بارات چەكەدى يۇقىرىدىن كەلگەنلەرگە «مۇسا كالا پوقى بۇ كالىغا گەپ ئۆگىتىپ، رەھمەتلىك ھەسەن گۇرۇپنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. چۈنكى، ئۇ كالىنى كىچىكىدىن گەپ ئۇقىدىغان قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلغان» دەپ چاقتى. شۇنىڭ بىلەن يوتىسىدىن سۇنۇپ ماڭالماس بولۇپ ياتقان مۇسا كالا پوقىنى ياتقان ئېغىلىدىن كۆتۈر ـ كۆتۈر قىلىپ قولغا ئېلىپ ئەكېتىشتى. ئايىمخان «تۇغۇلغان يۇرتۇمدىن يەنىلا قازاقنىڭ يايلىقى ئوبدانىكەن. قېرى بولسىمۇ قازاق ئېرىمنى تاپاي» دەپ يىغلاپ بالىلىرىنى ئېلىپ، يەنە تاغ ئاتلاپ كەتتى.

مۇسا كالا پوقىنى ئون يىللىق كېسىۋەتتى. ئون يىلدىن كېيىن مۇسا كالا پوقى قېرىپ مۈكچەيگەن، ئاغزىدا چىشى قالمىغان، چاچ ـ ساقىلى ئاقارغان ھالدا ئىككى قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئەمما، يۇرتتا ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم، باش تىقارغا نە بىرەر ئۆي قالمىغانىدى. كوپېراتسىيە چۇۋۇلۇپ كەتكەن، يەر ـ چارۋا خەققە تارقىتىلىپ بولغان بولغاچقا، ئەترەتنىڭ قوتىنىمۇ قالماپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋامۇ قىلمىدى. ئاندا ـ ساندا تونۇيدىغانلار ئۇنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆيىدە بىرەر ۋاخ تاماق بېرىپ بىرەر كېچە مېھمان قىلدى. كېيىن ئۇ كوچىدا

قالدى . ئۇ كوچىدا دۇگغاسلاپ يۈرۈپ ، ئۆزىدىنمۇ بەتتەر ھالەتتە ساراڭدەك سىياققا كىلىپ قالغان بارات چەكەدىنى كۆردى . ئۇ ئون قەدەم نېرىدىن تىنغۇسىز سېسىق پۇرايدىكەن . ئۇ بىر خىل بىلىنىپ بولماس ھايات تۇرۇپ سېسىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ ، بەدىنى قوغۇننىڭ شاپىقىدىن سېسىپ مىلتىقلاپ سۇيۇق ئاققاندەك ، پۇتىنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ كۆكىرىپ ، قارىداپ سېسىپ ئاقىدىكەن . تېرىسى سېسىپ ، قىزىل ئەتلىرى ، سارغۇچ سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىكەن . ئەمما ئۆلمەيدىكەن . خەقلەرنىڭ دېيىشىچە «ئۇنىڭ يۇرت - مەھەللىدە چاقمىغان ئادىمى قالمىغان». يېقىندا ، بىرقانچە ياش باللارنى «مەسچىتكە كىردى ، ناماز ئوقۇدى» دەپ چېقىپ قويۇپ تۈرمىگە سولىتىۋەتكەنمىش . بىرقانچە مويسىپىتنى «مەخپىي ھەرەمگە باردى» دەپ چېقىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىۋاقىنى مۇسادىرە قىلغۇزۇۋەتكەنمىش . شۇڭا ، خەقنىڭ قىساسى ھەم قارغىشى تۇتۇپ ، مانا مۇشۇنداق ئادەم ئاڭلاپ باقمىغان ھايات تۇرۇپ سېسىپ ئېقىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانمىش . ئۇنى خوتۇن - باللىرىمۇ تاشلىۋېتىپ ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپتىمىش . چۈنكى ئۇ تۇرغان يەردە ئون قەدەم يەردە ئادەم تۇرغۇسىز سېسىق پۇراق تارقايدىكەن . ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ ساناتورىيىگە ئاپىرىپ قويغانىكەن . ساناتورىيىدىكى ئادەملەر سېسىق پۇراققا چىدىيالماي ئۇنى ساناتورىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ . ئۇ يات - يات خوتۇن - باللىرى ، ساناتورىيىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ بارىدىكەن . ئەمما ، ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن ھەممىسى قېچىپ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايدىكەن . ماسكا تاقىغان ساقچىلار : «ھە ، سىز كېتىپ تۇرۇڭ ، بىز يېقىندا بارىمىز» دەپ قويۇپ ماشىنىغا سىلىپ ئەكېلىپ قويىدىكەن . ئۇ مەسچىتكە كىرىۋىدى ، جامائەت ئۇنى يېقىن يولاتمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراققا مەسچىت جامائىتىمۇ چىدىيالماي قالدى . مۇسا كالا يوقى ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى : «خۇدايا تۇۋا ، ئۆز قوۋمىغا شۇملۇق قىلغان ئادەم مۇشۇنداق خارۇزار

بولـدىغان بولسا، مېنىڭ شۇكۇر، ئۇنىڭدىن مەن مېنىڭ ھەسسە ئۇبدانكەنمەن. خۇدا بەندەم دېگەن بەندەڭگە بۇنداق خارلىقنى سالمىغايسەن» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. مۇسا كالا پوقى مەسچىتتە بىر قېشىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىياز كەلگەندە، ئۆز يۇرتىغا ياتسىراش ھەم مۇساپىرلىق، غېرىبلىق ئىبغىر كېلىپ، مەسچىت جامائىتى بىلەن خوشلىشىپ، «ئاشۇ يەرگە كۆنۈپ قاپتىمەن، تىرىكىم كۆڭگەن يەردە ئۆلۈكۈم قالسۇن» دەپ تۇرمىگە كەتتى. چۈنكى، ئۇنى تۇرمىدىكى گۇندىپايدىن تارتىپ ھەممە جىنايەتچى ۋاي كالا پوقى دېسە كالا پوقى دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. ئاغرىپ قالسا ھەممىسى ئۇنى يوقلايتتى. چۈنكى، ئۇ تۇرمىدە ناۋاينىڭ تونۇرىغا ئوت قالاپ يۈرۈپ ئۇستا ناۋاي بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ياققان نېنى ھەممىگە تېتىيتتى. مۇددىتى توشۇپ قايتقاندا، گۇندىپايدىن تارتىپ جىنايەتچىگىچە ھەممىسى ئۇنى كۆز يېشى قىلىپ يىغلىشىپ ئۇزاتقان. تۇرمە باشلىقى:

— بۇ يەر ئادەم كېلىدىغان يەر ئەمەس. بىز سىزنى يەنە كېلىڭ دېمەيمىز. ئەمما، سىزگە بەك كۆنۈپ قاپتىكەنمىز. ئەگەر يۇرتىڭىزغا كۆنەلمەي قالسىڭىز مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلىڭ. ئاتىمىز ئۆلسە يىغلىمىغان، سىزدىن ئايرىلغانغا چىدىمايۋاتىمىز... سىلەر بىزنى يامان كۆرۈسىلەر، بىزمۇ سىلەردەك ئادەم، يۈرىكىمىز ئۇخشاش گۆش. سىلەر ئۆزۈڭلارنى گۇناھكار، بىزنى گۇندىپاي دەيسىلەر. ئەمما، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار ئۇن ـ ئون بەش يىلدا تۈگەپ، بۇ يەردىن كېتىسىلەر، ئەمما، بىز ئۆمۈر بويى تۇرمىدە ياشايمىز... بىز ئوخشاش، ھەتتا سىلەر بىزدىن ياخشى. بىز كۆنۈشۈپ قالدۇق. يۇرتىڭىزدا كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمىسە قايتىپ كېلىڭ... يەنە بىزگە سىزدەك ئاتا ناۋاي ھەر زامان كېرەك، — دېگەندى كۆز يېشى قىلىپ.

شۇنداق قىلىپ، مۇسا كالا پوقى يۇرتىدىن تۇرمىنى ئەۋزەل كۆرۈپ قايتىپ كەتتى. چۈنكى، تۇرمىدىكى ئۆزئارا كۆيۈمچانلىق، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ھاياتقا كۆنۈپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# قارچىغا بالىسى

(تەكلىماكاننىڭ شايار تەۋەسىدىكى ئىپتىدائىي توغراقلىق ئارىسىدا ئاقىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ كېمە قاتنايدىغان غول ئېقىنى بويىدىكى ئوۋچىلارنىڭ ھېكايىسى .)

قىشتىكى سوغۇق ھەم ساپ ھاۋا يۈزگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئالغان نەپەس شەھەرنىڭ بۇزۇق ھاۋاسىدىن زەئىپلەشكەن ئۆپكىنى زەيىپانە ئۇيقۇدىن ئويغاتقاندەك ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، قۇشتەك يەڭگىل، سەگەك، چېچەن بىر راھەتلىك ئېقىم تومۇرلاردا ئۇيۇشقا باشلىغان قانلارنى ئۇرغۇتتى. سۇبھى بىلەن تەڭ شايار بازىرىدىن چىقىپ كەتكەن ماشىنىغا ئەمدىلەتىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاققا ئوت قالاشقا تۇتۇنغان ئاشپەز ئەسنەپ كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ قاراپ قالدى. مەسچىتتىكە ئالدىراپ ماڭغان جامائەت بىردىن - ئىككىدىن يولدا ئۇچراپ، بىر توپقا ئايلاندى. بارا - بارا قويۇق مەھەللە ئاخىرلىشىپ، چەكسىز دالا، دالىدا ئۆسكەن سۆكسۆك، يۇلغۇنلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ يەر - بۇ يەردە مومايىنىڭ ئاق لېچەكىدەك پارچە قارلار كۆرۈندى. كېچە بولسىمۇ قاراڭغۇ ئەمەستەك زەڭگەر كۆرۈنىدىغان ئاسمان، سەبىيىنىڭ كۆڭلىدەك سۈزۈك كۆرۈندى. ئۆچۈش ئالدىدىكى خىرەلەشكەن يۇلتۇزلار يىراقلاپ كېتىۋاتقان قىزغا ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان

ھالـدا تـەلـموٚرگەندەك ، ئادەمنى سىغىندۇرۇپ كۆز قىسقاندەك كۆرۈندى . يىراقتا قارا كۆرۈنگەن مەھەللىدىن ئاندا ـ ساندا ۋاخ قالغان خورازنىڭ چىللىشى ئاڭلاندى . تاڭ سۈزۈلدى . سۈزۈلگەنچە دالا شۇنچە چىرايلىق جۇۋاندەك يېقىملىقلاشتى . قويۇق يۇلغۇننىڭ قىش سوغۇقىدىن قاتقان قىزىل ياپراقلىرى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغان پەردازسىز سەھرا قىزىدەك شۇنچە يېقىملىق ئىدى . ئۇنىڭ ئۇششاق تال چىۋىقلىرى قىرىق كوكۇلىلىق قىزنىڭ ئۆرۈمە چېچىغا ئوخشىسا ، ئاراشلىرىدىن كۆرۈنىدىغان ئاق قارلار ۋىلىقلاپ كۈلسە كۆرۈنىدىغان چىشلىرىدەك ئادەمگە لەززەت بېغىشلىدى . يوغان قارا دۆڭ ھـۆكـىـرەپ يـۈگـۈرۈۋاتـقاندەك ماڭغان يوغان ماشىنىدىن ئۈركىگەن چۆل تورغايلىرى چاتقاللار ئارىسىدىن قاڭقىپ ئىگىز ـ پەس ئۇچۇپ ، بىر ـ بىرىگە قورقۇنچلۇق مەخلۇقتىن شۇم خەۋەر بـېـرىـپ ئەنسىز سايرىسا ، ياۋا توشقانلار ھەر تەرەپكە پەرتىلدەپ قاچتى . يىراقتىن سۈيۈق توغراقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

— تـوشـقان تولىكەن ، مىلتىق بولسىمۇ تازا بىر پۇخادىن چىققۇدەك ئوۋ قىلغىلى بولغۇدەك .

— خەقنىڭ مىلتىقى بولسا بۇنداق جىق توشقان نېمە قىلىدۇ ئاكىچا ، — دېدى بىزنى چۆلگە باشلاپ ماڭغان دوستىمىز ئابلەت .

— نېمە ، يەنە بىر دەڭە ، نېمە دېدىڭىز ؟

— ئاكىچا دېدىم .

— ئاچـا دېـگەندەك ئاڭلىنىپ كەتتى . ئاكىچا دېگەن نېمە دېگىنىڭلا ؟

— ئاغىنە دەيلى دېسەك ، سىلى مەندىن چوڭ . ئاكا دەي دېسەم مەنمۇ ئانچە كىچىك ئەمەس . ئادىشوي دېسەم قوپال ئاڭلىنىدۇ . ھەم ئاغىنىدەك ، ھەم ئاكىدەك ، ھەم يېقىن تۇيغاندەك ئادەمنى ئاكىچا دەيمىز ، — دەپ چۈشەندۈردى ئابلەت .

سۈيۈق قېرى توغراقلار قويۇق ياش توغراقلارغا ئارىلىشىپ بـارغـانـچە قويۇق ئورمانغا ئايلاندى . قېرى توغراقلار ھەر خىل

www.uyghurkitap.com

سۇرلۇك شەكىلدە ئادەمنى ئەيمەندۇرسە ، قويۇق تۇز ئۆسكەن ياش توغراقلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قىبرى سەركەردىنىڭ لەشكەرلىرىدەك سەپراس بولۇپ تىك تۇرغاندەك كۆرۈندى . يۇمشاق ئاي نۇرىدا ماشىنا چاقىدا سۇدەك ئېقىپ ، خۇمدانىنىڭ تۈتۈنىدەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى ، تىلسىماتتەك جىمجىت توغراقلىقتا سەت هۆكىرەپ كېتىۋاتقان ماشىنا توغراقلارنى جەڭ مەيدانىدا ئىس - تۈتەك ئارىسىدا قالغان لەشكەردەك قالدۇرۇپ ، توغراقلار ئارىسىدا ئاي شەكىللىك ئۇزۇن قىلىچىنى تاشلاپ قويغاندەك سوزۇلۇپ ئاستا ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسى بويىدىكى كىچىككە كەلدى… بىنادىن ئىككىنى سالغۇدەك يەرنى ئېگىلەپ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان كېمە هازىر تۆمۈر قوزۇققا باغلىنىپ ، لەيلىمە كۆۋرۈك بولغانىدى . هازىرغىچە تارىم دەرياسىنىڭ ئۇماچتەك لاي سۈيىنى كۆرگەنىدىم . هازىر بۇ سۇزۇك سۇنى كۆرۈپ رەھمەتلىك چوڭ ئانام ئېسىمگە كەلدى . چوڭ ئانام مانا مۇشۇنداق سۇزۇك ئېقىن سۇنى كۆرسە ئەجەب چۆچۈرە سالغۇدەك سۇزۇك ، چىرايلىق سۇكەن دەپ جېنىنى سۆيۈنۈپ كېتىدىغان . بۇ چىرايلىق ، سۇزۇك سۇنىڭ ئاقىنىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولغانىدى . سۇ ناهايىتى ئېغىر سۇكۇنات بىلەن ئاقاتتى . ئەمما تېگى - تېگىدىن ۋۇجۇدىدىن پاكلىق ، سالماقلىق بىلەن ئاقاتتى . ئېقىپ - ئېقىپ تارىم ۋادىسىدىكى بارلىق جانلىق - جانسىزلارنىڭ ئۇسسىغان يېرىنى قاندۇرۇپ ، ئاخىر توغراقلار ئارىسىغا ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا مۇشۇ ۋادىنىڭ بارلىق خۇشاللىق - خاپىلىقلىرىنى قارنىغا سىغدۇرۇپ سۇكۇت ئىچىدە غەمكىن سىڭىپ ئاققىلى قانچە مىڭ يىللار بولغانىدى . ساپ هاۋا ، سۇزۇك سۇ ، بىپايان قۇملۇق ، چەكسىز توغراقلىق روهىمغا سىڭىشىپ دۇغ بولۇپ ، پۇرۇخ بولۇپ ، ئىچىمنى تولدۇرغان بۇرۇختۇملۇقنى تارتىپ كەتتى . بولۇپمۇ تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى ئىچىمدىكى لەختە - لەختە روهىي زەرداپلىرىمنى تارتىپ كەتكەندەك يەڭگىل تىنىپ يېنىكلەپ

كەتتىم. ئۇيغۇر خەلقى ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار دېگەن چۆچەكنى بىكار توقۇماپتىكەن. ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بارلىقىنى تىنالماي كۈندىن - كۈنگە قورسىقى ئېشىلىپ ماڭالماي، ماڭالمىغانچە تىنالماي قالغان ساتىراش ئاخىر بولالماي چۆلگە چىقىپ ئىنس - جىن يوق يەردىكى بىر كونا قۇدۇققا دۈم يېتىپ تۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار، دەپ ئۈچ مەرتەم ۋارقىرىغاندىن كېيىن قورسىقى بوشاپ كېتىپتۇ. ساتىراش كەتكەندىن كېيىن، بۇ كونا قۇدۇقتىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر قومۇش ئۈنۈپ چىقىپتۇ. پادىچى مال بېقىپ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ قارىسا، قومۇش كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ ئۇنىڭدىن بىر نەي ياساپ چاپىتىكەن. نەينىڭ ئاۋازى ئادەم گەپ قىلغاندەك ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار دەپ چىقىپتۇ. نەيچى نەينىڭ گەپ قىلغىنىدىن ھەيران قېلىپ، خاتا ئىشىتتىممۇ، نەي گەپ قىلامدۇ، دەپ ئەتراپقا قارىسا، ئادەم تۇگۇل ئىنسى - جىن يوق. خاتا ئاڭلىغان ئوخشايمەن دەپ نەينى يەنە پۇۋلىگەنىكەن. نەيدىن يەنە ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار دېگەن ئاھاڭ چىقىپتۇ. پادىچى قورقۇپ كېتىپ نەينى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرسا، نەي ياساش ئۈچۈن كەسكەن قومۇشنىڭ قۇلاقلىرىنى يەپ قالغان قوي، ئۆچكە، كالا مەرىسە، مۆرىسە ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار دەپ مەرىگۈدەك، مۆرىگۈدەك. پادىچى تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئاشۇنداق مەرىگەن، مۆرىگەن قوي، كالىنى تاشلىۋېتەي دېسە زىيان بولىدىكەن. باقاي دېسە سەن كالا - قويلىرىڭغا قانداق مەرەش، مۆرەشنى ئۆگەتتىڭ، دەپ پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىدىن قورقىدىكەن. ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپ ئاشۇنداق مەرەپ، مۆرەيدىغان كالا - قويلىرىنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ بازارغا ئەكىرىپ ساتماقچى بوپتۇ. خېرىدار ئالماقچى بوپتۇ. ئەمما، ئاغزى بوغۇقلۇقىنى كۆرۈپ ئاغزىدا كېسەل بارمۇ نېمە، كۆرۈپ باقاي دەپ قوي - كالىنىڭ ئاغزىدىكى بوغۇقنى يەشكەنىكەن، شۇئان

قويمۇ ، كالىمۇ ھېلىقى قورقۇنچلۇق گەپنى دەپ مۆرەپ ، مەرەپتۇ . بازاردىكى بارلىق خالايىق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بازارنىمۇ ، قوي ـ كالىسىنىمۇ تاشلاپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ . بۇنى كۆرگەن پادىچىمۇ قوي ـ كالىسىنى تاشلاپ قېچىپتۇ . لەشكەرلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ بازارغا باستۇرۇپ كىرسە ، مال بازىرىدا بىرمۇ ئادەم يوق . مال ـ چارۋىلار ئىگىسىز قاپتۇدەك . بۇنى كۆرگەن زىندانبېگى ئىگىسىز قالغان بارلىق ماللارنى قاسساپقا سېتىپ ، پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ ، بېيىپ كېتىپتۇ . قاسساپ ئەرزان ئالغان مالنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى سېتىپ باي بوپتۇ . ھېلىقى مالنىڭ گۆشىنى يېگەن ھەممە ئادەمنىڭ ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار دېگەن گەپنى دېگۈسى كېلىپ ئىچى تىتىلدايدىكەن . دېسىلا ئىچىنىڭ سىقىلىشى بوشايدىكەن . ئەمما ، يەنە بىردەمدە دېگۈسى كېلىپ تۇرالمايدىكەن ، ئۆزئارا دېيىشسە ، ۋاي دېمىسەڭمۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان گەپ دەپ بىر ـ بىرىدىن خاپا بولۇشىدىكەنۇ ، ئەمما يەنە ھەممە ئادەم بىلىدىغان شۇ گەپنى يەنە دېيىشمىسە تۇرالمايدىكەن . دېيىشسىلا قىملداپ تۇرالماي قالغان ئىچى بىردەم بېسىقىدىكەن . ئەمما ، دېگەنلەرنى دېمىگەنلەر زىندانبېگىگە دەپ قويىدىكەن . بۇنى ئاڭلاپ قالغان زىندانبېگى ئۇلارنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئاپتۇ . كاللا كېسىشتىن زېرىككەن ، قىلىچىنىڭ بېسى ئۆتمەس بولۇپ كەتكەن جاللاتلار بەش تەڭگە بەرسە قويۇۋېتىدىغان بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن شۇنداق دېگەنلەردىن زىندانبېگى بىلەن جاللاتلار پۇل ئېلىپ باي بولۇپ ، ئىشىكلىرى ئالتۇندىن ، تاملىرى كۈمۈشتىن ، ھەتتا ئىتلىرىنىڭ يالاقلىرىمۇ ئالتۇندىن بولۇپتۇ . خەقلەر كەمبەغەللىشىپ كەتسىمۇ قورساق كۆپىدىغان كېسەلدىن ساقىيىش ئۈچۈن ئاۋۋال بەش تەڭگە تەييارلاپ قويۇپ ، قورساق كۆپۈپ ، تىنالماي ، ماڭالماي قالغان چاغدا شۇنداق دەيدىكەن . دەرھال قورسىقى بوشاپ كېسەلدىن ئادا تاپىدىكەن . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بىر قوغۇنچى قوغۇنلۇقتا قوغۇنغا سۇ قويۇۋېتىپ قورسىقى

كۆپۈپ شۇنداق بولالماي قېلىپ شۇنداق دەپ ساپتىكەن، پېشقان قوغۇنلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپ ئېتىلىپ كېتىپتۇ. قوغۇنچىنىڭ ئەقلىگە يەنە بىر ئەقىل كېلىپ، پېشقان قوغۇنلارنى ئۈزۈپ زىندانبېگى ھەم جاللاتلارغا، ئاندىن خان ئوردىسىغا كىرگۈزۈپ بېرىپتۇ. زىندانبېگى يەپلا شۇنداق دېگۈسى كېلىپ كېتىپ، بولالماي دەپ ساپتىكەن، جاللاتلار زىندانبېگىگە قىلىچلىرىنى تەڭلەپ كېلىپ ئۆزلىرىمۇ شۇنداق دەپ ساپتۇ. زىندانبېگى جاللاتلارنى ئۆلۈمگە بۇيراي دەپ تۇرسا ياساۋۇل، لەشكەرلەرمۇ دەپ ساپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق دەپ تۇرسا پادىشاھمۇ مەززىلىك پۇرىغان قوغۇننى يەپ بولۇپلا ئۆزىنىڭ دېگۈسى كېلىپ قورسىقى كۆپۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ دېسە قورسىقى بوشاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ قورسىقى كۆپۈپ ئاران تۇرغان ئوردا ئەھلىمۇ تەڭلا دەپ ساپتۇ. پادىشاھ ئۆزىدىن باشلاپ ھەممە ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇي دېسە ئەقلىگە سىغماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىسكەندەر بېشىدىكى تاجىنى ئەپ تاشلاپ مۈڭگۈزىنى ئاشكارىلاپتۇ، ھەمدە ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار دېگەنلەرنى ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى بىكار قىپتۇ.

سۈزۈك سۇغا قاراپ ئېسىمگە كەلگەن مومام سۆزلەپ بەرگەن چۆچەك مېنى نەلەرگە ئەكەتتى.

— ئۇخلاۋاتامسەن، ئويغاقمۇسەن؟ — ئابدۇقېيۇمنىڭ كىشىلەر ئامراق، يېقىملىق ئاۋازى مېنى ئۇيقۇدىن ئەمەس، ساماۋى چۆچەكلەرنىڭ خىيالىدىن ئويغاتتى. ھەتتا مەن ماشىنا ماڭالماي پىيادە تېزغىچە سۇيۇق توپىنى كېچىپ، چاتقاللارنى قايرىپ مېڭىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ سەزمەي مەستتەك مېڭىپتىمەن. ئاپلا، نېمىشقا توۋلىغاندۇ ماۋۇ بەغەرەز ئاغىنەم؟! ئاشۇ گۈزەل چۆچەك دۇنياسىدا بولغان بولسام ماۋۇ جاپالىق ھەم سۈرلۈك بىلىنىدىغان توغراق، چاتقال ئارىسىدا پىيادە مېڭىۋاتقىنىمنى بىلمەي كېتىۋەرگەن بولاركەنمەن. ئەسلىدە يولنىڭ ئىككى ئاچىسىغا

كەلگەندە، يول باشلىغان ئاغىنىمىز ئابلەتمۇ يولنى يەرق ئېتەلمەي قايسى يولدا ماڭىمىز دېگەننى دەتالاش قىلىپ مەندىن سورىسا، مەن ئۇنىدىمەستىن مېڭىۋەرگەنىكەنمەن. شۇڭا، مېنى توۋلىغانىكەن ئۇلار. مەن شۇنىڭدىلا سەپرايىم ئۆرلەپ تېخىمۇ سۇرلۇك ھەم سىرلىق، ئاراشلىرىدىن قۇش ئۆتەلمەس توغراقلار بار ھارۋا يولىغا ماڭدىم.

— ئاھاي، ماڭمامسىلەر. يول بولغاندىكىن چوقۇم بىر مەھەللىدىن چىقىمىز. بىرى بارسا كەلمەس، بىرى بارسا كېلەر يول بولمىغاندىكىن، — دېدىم تېرىكىپ.

— ياقەي ئاكىچا، ئانداق ماڭغان بىلەن بىزدە يا يەيدىغان نان، يا ئىچىدىغان سۇ يوق. بىرقانچە كۈنلۈك يولغا چۈشۈپ قالساق سىلىنى جاڭگالدا قويغانىنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقالمايمەن. ما يەردە يېڭى ئىز — موتونىڭ ئىزى بار ئىكەن. ماندىاق ماڭىلى، — ئابلەت مەن تاللىغان يولنى ئەمەس، يەنە بىر يولنى تاللىدى. ھەممىسى ماڭا قارشى چىقىپ شۇنداق مېڭىشتى. ئامالسىز ئەگەشتىم. ئەمدى يەنە ماڭىدىغان بولسا، مەن ئىزىمغا يېقىلىپ ياتىمەن دېگەن چاغدا ئادەمنىڭ يىراقتىن ۋارقىرىغان، ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، شەھەردە بوشاپ كەتكەن بەل، پاچاق بۇ يولغا چىدىمىدى. بىردەم ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئاچلىققا چىداپ ماڭدۇق. تازا بوغۇلۇپ كەتكەندە، بايا چىرايلىق كۆرۈنگەن ئابدۇقېيۇمنىڭ گىرمانىسكى دالا كىيىمى ئەمدى كۆزۈمگە سەت كۆرۈندى. مۇشۇنداقمۇ ماڭدۇرامدۇ ئادەمنى. يا بىر توغرام نان، يا بىر قاپاق سۇ يوق چۆلگە چىققىنىنى كۆر. ئۇ سۇمۇ، نانمۇ كەتمەيدىغان، تاماكا بولسىلا ھەممىگە قانىدىغان ئاداشكەن، دەپ تازا غوتۇلدىدىم ئىچىمدە. كۆزۈمگە چەكسىز توغراقسىز دالا كۆرۈندى. توغراقلارنى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك كۆز ئالدىمدا كېۋەز ئېتىزلىرى، ئېتىزلاردا ئاسماندىكى بارلىق ئاق بۇلۇتلار كۆچۈپ چۈشكەندەك ئۆچكىلەر

پادىسى كۆرۈندى. پۈتكۈل ئۆچكىلەر سۈتتەك ئاق، پاكىز، بىرسىمۇ باشقا رەڭدە ئەمەس ئىدى. يۇگۇرگەندەك ماڭدىم. قىرى جۇۋاز كالىسىدەك لوپۇلداپ ماڭغان بولسام كېرەك، ھەمراھلىرىم كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر ئۆستەڭ، ئۆستەڭدە قەدىمكى سېپىل تېمىدەك قېلىن ئۇيۇلغان مۇز. سۇ ئالىدىغان كاچكۇل، كاچكۇل بويىدا ناۋاتتەك مۇز پارچىلىرى تۇرۇپتۇ. كۆزۈمگە جەننەتنىڭ شولىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. مۇز پارچىلىرىنى ئات قوناق چاينىغاندەك يەپلا كەتتىم. ئۇسسۇزلۇققا قانمايمەن. كۆۋرۈك بويىدىكى يالغۇز ئۆيدىن نەچچە بالا چىقىپ بىزنى يىراقتىنلا كۆرۈپ ئۆيىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەندى. ھەمراھلىرىم گەپ سوراپ يالۋۇرسا، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى. مېنىڭ ئۇلار بىلەن پەرۋايىم پەلەك، كاچكۇل بېشىدا ياتىدىغاندەك ئەلپازدا مۇز چاينايمەن.

— ئۇھ قوڭالچاق مەھەللىسىگە راست كەپتۇق. تاپالاپتۇق. ئەسلى مەن كەپباقمىغان، ئاڭلىغان، — دېدى ئابلەت.

— ئۆزىڭىز كەپباقمىغان يەرگە بىزنى باشلاپ كەلگىنىڭىز قىزىق. ھەرھالدا ئادەم بار، سۇ بار مەھەللىگە ئۇلاشتۇق، توغراقلىق يەنە بىردەم داۋام قىلسا خۇدا دەپ توغراق تۈۋىدىكى توپىغا چۆكۈپ ياتاتتىم، — دېدىمەن مۇز چايناۋېتىپ. ئۇسسۇزلۇق بېسىلغان بىلەن ئاچلىق بىلەن ھارغىنلىق جاننى قىينايدۇ. كۆزۈم خاتىرجەم ئوتلاۋاتقان بىر- بىرىدىن چىرايلىق سېمىز ئۆچكە ھەم شوخ ئوغلاقلاردىن ئۈزۈلمەيدۇ. گاچچىدە بىرنى تۇتۇپ بوغۇزلاپ كاۋاپ قىلساق، قورساق تويسا، ئاندىن ئۇھ دەيتتىم. بالا چاغلىرىمدا قورسىقىم تويمىسا خەقنىڭ توخۇسى بولامدۇ، تۇخۇمى بولامدۇ، غورىسى بولامدۇ، سويمىسى بولامدۇ، يېگىلى بولىدىغانلا نەرسىسى بولسا ئوغرىلاپ يەپ، قورسىقىم تويغاندا، قوشۇقتەك يۇزۇمدىكى پىيالىدەك پىلدىرلاپ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىمگە شوخلۇق يامىشاتتى. قورسىقىم ئاچقانچە

تەلۋىلىشىپ كۆزۈمگە بىر نەرسە كۆرۈنمەي، مۇشۇ پۈتۈن ئالەم بىر نان ياكى بىر قاچا لەگمەن بولسا يەپ تويمايتتىم. خۇدا ھەممە جانىدارغا بەرگەن نەپسىنىڭ ئىچىدە ئەڭ تويماس نەپسىنى ماڭا بەرگەنمىدۇ، ئاچلىقتا چىدىماسلىق، يەپ تۇرسا تويماسلىقنى ماڭىلا بەرگەن ئاچ كۆزلۈكمىدۇ دېگۈم كېلىدۇ. نەپسىمگە سەۋر ـ تاقەت بەرگەيسەن دەپ ئاللادىن تىلەيمەن. نەپسىنى يېڭەلىگەن ئادەمنىڭ يېڭەلمەيدىغان دۈشمىنى بولمايدۇ دەيدۇ، لوقمان ھېكىم.

بىز چۈشمەكچى بولغان، بىزنى كۈتمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئىسمىنى ئابلەت بىر ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغان ياش يىگىتتىن سورىدى.

— ئۆيى ئاۋۇ. شاياردىن مېھمان كېلىدۇ، ئالدىغا چىقىمەن، دەپ ئەتىگەن سەھەردە كەتكەن ھازىرغىچە كەلمىدى، — دېدى يىگىت.

— ھە شۇ مېھمان بىز شۇ.

— ئۇچراشماپسىلە ھە.

— ئۆيىدىكىلەر... ئۆيدە ئادەم يوقمۇ؟

— خوتۇن ـ باللىرىمۇ تەييارلىق قىلغىلى بازارغا كەتتى.

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتكىلى ماڭدى.

— قانداق قوشنا سەنوي. قوشناڭنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، قوشناڭ بولمىغاندىكىن، ئۆيۈڭگە باشلاپ بىرەر پىيالە چاي بېرەي دېمەيسىنا. بۇ يەردە يا باشقا ئۆي بولمىسا، ئاتا ـ ئاناڭ ئادەمگەرچىلىك دېگەننى ئۆگەتمىگەنما.

— ۋاي ئۇ دېگەن سىلى ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىنىسى، — دەپ قويىدى باغچىدىكى مايمۇنلى كۆرۈشكە ئولاشقان باللاردەك بىزگە ئەگىشىپ ئولىشىۋالغان باللاردىن بىرى.

— ھە تېخى مانداق گەپمۇ؟ ئاكاڭ بولمىغاندىكىن، ئاكاڭنىڭ مېھمىنى سېنىڭ مېھمىنىڭ. ئاچە ئىشىكىڭنى، بىزنى باشلا. كۆرۈڭ ماۋۇ گەپنى، — دېدىمەن يىگىتنى قايرىپ قويۇپ ئۆيگە



www.uyghurkitap.com

ئاۋۋال كىرىپ، ئاچلىق ئازابى ھەم زەردىسىدىن ئاچچىقلاپ. ھەمراھلىرىم كۆلۈشۈپ كېتىشتى.

— مانداق مۇتتەھەم مېھماندىن خۇدا ساقلىسۇن، — دەپ كەينىمدىن كۆلكە قىلدى ئابدۇقېيۇم.

— مۇشۇنداق مۇتتەھەم مېھمان بولمىسا ئەخلاقلىق مېھمانلار نان - سۇسىز چۆلدە تېنەپ قالىدۇ، — دېدىمەن ئارقامغا قارىماستىن. لېكىن، ئىچىمدە ئۆزۈمنىڭ ئەخلاقتىن ئايرىلىپ قىلىۋاتقىنىمدىن نومۇس قىلدىم. ئەمما نەپسىم ئەخلاققا يول بېرەر ئەمەس.

— قايسى ئۆيۈڭگە باشلايسەن ئۇكاموي؟

— ئىچكىرى كىرىشسىلە.

ئىچكىرىگە كىرىپ ياغاچ سۇپىدىكى قارا كىگىزگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

— ھە قېنى يەيدىغان نېمەڭنى ئاله. نېمە يېسەڭ شۇنى ئال، بوله چاققان، — دېدىمەن ئۆينىڭ نەرىدىن يەيدىغان نېمە چىقار دەپ.

ئۆي قاراڭغۇ ھەم غورىگىل ئىدى.

— شۇ... شۇ... خىجىل بولۇپ قالدىم. قېتىپ قالغان نان بارتى... ئايال قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە نان ياققىلى كەتكەن. كېلەر چاغ بولدى. ئىسسىق ناندىن ئالاي.

— ئادىشوي تولا بەغەرەزلىك قىلماي، بانى ئال دېگەندىكىن ئاله. بىز تۇنۇگۇن تاماق يېگەنچە.

شۇنداق قىلىپ، بالا سۇلياۋ پەتنۇستا قېتىپ قالغان پارچە ناندىن ئالدى. نان كونا خۇمداننىڭ چالمىسىدەك قاتتىق بولسىمۇ، بالا چاغلىرىمدا چوڭ دادام بازاردىن بەلبېغىغا تۈگۈپ ئەكېلىدىغان ئەدرەكتەك تېتىپ، چىشىم ئۆتمىگەنچە غاجىلاپ ھۇزۇرلاندىم. قورساق ئاچماس، كۆڭۈل تارتماس، ئۇرۇمچى غۇۋا چۈشتەك ئىسىمگە كەلدى، بىردەم ئارام تاپقاندىن كېيىن:

— ئۇكام مەنمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن چىقتىم . سەنمۇ مەندىن كەم ئەمەس . سەن نېمىشقا ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا كەلگەن مېھماننى ئۆيگە باشلىمايسەن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكاڭنىڭ مېھمانلىرى ئىكەنلىكىنى ھېچبولمىسا ئۆيگە كىرىڭ دەپ يالغاندىن بولسىمۇ دەپ قويمىدىڭا ؟ — دېدىم .

— ئەمدى شۇ قالسام ئىبسىل سۆپەت مېھمانلاركەنسىلەر . ئۆزۈمدىن ، ئۆيۈمدىن نومۇس قىلىپ ، يارىتامۇ دەپ ، ئۆيۈمنىڭ مېھمان باشلىغۇچىلىكى يوق ، شۇڭا… باشلىمىغان . تېخى سىز كىرىۋالمىغان بولسىڭىز ئۆيگە كىرىپ بالامنى ئەپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ قاچماقچىدىم ، — دېدى راست گەپ قىلىپ بالا .

— ئاڭلىدىڭلىما ئەخلاقلىق مېھمانلار ، بۇ يەردە مېنىڭ يۈزى قىلىن مۇتتەھەم مېھمانلىقمىنىڭ پايدىسىنى كۆردۈق .

— ھازىرغۇ كىمنىڭ يۈزى قېلىن بولسا راھەت شۇنىڭ . كىم مۇتتەھەم بولسا ئامەت شۇنىڭ بوپكەتتى ، — دېدى ھەمراھلىرىمدىن بىرى .

بىر چاغدا ياش يىگىتنىڭ ياش ئايالى ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ كىرىپ خىجىللىقتىن تەمتىرەپ بىزگە داستىخان سالدى . بار نانىنى داستىخانسىز يەپ بولغىنىمىز ئۈچۈن داستىخانغا قۇرۇق مېۋە ، چىلان ، خاسىڭ دېگەنلەرنى تىزدى . چوكان پىيالىسىنى يۇيۇپ چاي قۇيۇپ بولغۇچە داستىخاندىكى خاسىڭ بىلەن مېۋىنى ھاپ ئەتكەندەك قۇرۇقداپ بولدۇق .

— قېنى يېقىشسىلا ، — دەپ چاي تۇتقان چوكان قۇرۇقدىلىپ قالغان داستىخانغا قاراپ قىزىرىپ كەتتى . بىز تەڭلا ھىجايدۇق . ئۇ قىزاردى ، ئۇ بىزنىڭ نومۇسسىزلىقىمىز ئۈچۈن خىجىللىقتىن قىزارسا ، بىز ئاچ كۆزلۈكىمىز ، نومۇسسىزلىقىمىز ئۈچۈن كۈلدۇق . ئۇ قىزارغاندا ، ئاشۇ ئۆزى ياشىغان ساپ ھاۋالىق تۇغراقلىق دالىدىكى يۇلغۇن چېچىكىدەك قىزارسا ، بىز كىيىمنى سېلىۋېتىپ كوچىدا يالىڭاچ يۈرگەن بىر توپ ھاياسىزلار كىيىمنى



www.uyghurkitap.com

سالماي يالغۇز ماڭغان يولۇچىغا قاراپ كۈلگەندەك كۈلدۇق. گۈزەللىك سەھرادا ئادەملەرنىڭ روھىغا، دەل ـ دەرەخلەرگە سىڭگەن بولسا، شەھەردە تاملاردا، ئادەملەرنىڭ تېرىسىدە، ئاياللارنىڭ پەردازلىرىدىلا قالغاندەك تۇيۇلدى. دېمەك، گۈزەللىك سەھرا ئادەملىرىنىڭ روھىدا، شەھەر ئادەملىرىنىڭ سىرتقى بىر قەۋەت پوستىدا جۇلالايتۇ. شەھەرلىكلەرنىڭ سىرتى گۈزەل، ئىچى قاراڭغۇ، سەھرالىقلارنىڭ سىرتى كۆرۈمسىز، ئىچى گۆھەر بىلەن كۆمۈلۈپ ياتقاندەك كۆرۈندى كۆزۈمگە. بىزنى كۈتمەك بولغان، بىز كۈتكەن ئادەم چۈش قايرىلغۇچە پەيدا بولمىدى.

— مەقسەت ئۇۋ تاماشاسى كۆرۈش بولغاندىكىن، ئۇۋچىلارنىڭ ئۆيىنى تاپمامدۇق؟ — دېدىمەن.

— بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈڭلا، — دېدى بايا كۆرۈشكەن قاۋۇل، ئېگىز كىشى.

— بولدى، ھېساب ئاداش. ئۆيۈڭدە ئوغلاق بارما؟

— بار.

— قانچە پۇل ئالساڭ ئېلىپ دەرھال بىر ئوغلاقنى بوغۇزلاپ پىشۇر. كاۋاپ قىل. ئاندىن ئۇۋ تاماشاسى قىلىپ بەر بىزگە، — دېدى ئابلەت.

شۇنداق قىلىپ، ئىسمى ئېسىمدە قالمىغان ئۇۋچىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلدۇق. شۇنداق بولدى. قورساقمۇ تويدى. پۇت ـ قولغا جان كىردى. ئۇ دۆڭدىن، بۇ توغراق ئارىسىدىن، يىراقتىكى مەھەللىدىن ئادەملەر بىردىن ـ ئىككىدىن پەيدا بولۇپ، مەھەللە كالتە بازارغا ئايلاندى. بالىلار كاۋاپ قىلىۋاتقان گۈلخان ئەتراپىدا ئايلىنىپ قوغلاشتى. ئۇۋچىلار يىغىلىپ ھەر خىل ئۇۋ پاراڭلىرىنى قىلىپ بەردى. ئۆزئارا چاقچاقلاشتۇق. ئۆزۈم ئۇلار بىلەن چاقچاقلاشساممۇ، كۆزۈم لەمپە ئاستىدىكى بالداقتا قوندۇرۇلۇپ پۇتلىرى تاسمىدا چاتقا قىلىپ باغلانغان، بويىنغا چىرايلىق كىچىك قوڭغۇراق ئېسىلغان قارچىغىدا ئىدى. ئۇنىڭ بىزگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بىر خىل تەننى شۈركۈندۈرىدىغان قورقۇنچلۇق نۇر

چىقماقتا ئىدى. بويىنىدىكى ئالتۇن رەڭ قوڭغۇراقتەك سىرىق كۆزلىرىدىن يىرتقۇچلاردا بولىدىغان سۇرلۇك چەكچىيىش بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ چىداپ بولغىلى بولمىدى. ياكى كۆزنى ئەپقاچقاندا ياكى چىمىلداتقاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق كۆزۋازلىق قىلغىلى بولىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇزاقتا سوزۇلغان چەكچىيىپ قاراشلىرىدىن سەن بىر پارچە گۆش، مەن سېنى قامالاپلا بىسىپ يەيمەن دېگەن مەنىدىن باشقىنى ئۇزۇمچە تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. ئۇ بىزگە قاراپ نەچچە قېتىم ئېتىلىپ ئۇچتى. باغلاقلىق تاسما ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇنى بىزگە، قولىمىزدىكى گۆشكە ئېتىلغىلى قويماي رەسۋا قىلىپ، ئۇنى پالاقلىتىپ بالداققا ئېسىلدۇرۇپ قويىدى. ئۇنىڭ بالداققا ئېسىلىپ تۇرغان ھالىتى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ ماڭغان مېكىياننىڭ پۇتىدىن بالداققا ساڭگىلىتىپ قويغان ھالىتىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ يەنە پالاقلاپ يۇرۇپ ئۆزىنى باغلاپ تۇرغان قونداققا قايتا قونۇشقا مەجبۇر بولدى. بالداققا قوندىيۇ، ھېلىقى بىچارە مېكىيان قىياپىتىدىن يەنە بايىقى سۇر - ھەيۋەتلىك قارچىغا قىياپىتىدە ئۆزىنى ئوڭشاپ سۇرلۇك قاراپ تۇردى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئالدىمدا خاتىرجەم دانلاپ يۈرگەن توخۇلارغا قارايمەن. ئۇنىڭ باغلاقتىكى ھالىتىگە قارايمەن. بىچارە جانىۋار. سەنمۇ توخۇ بولغان بولساڭ سېنى ئادەملەر باغلاپ قويمايتتى، ماۋۇ توخۇلاردەك ئەركىن دانلاپ يۈرگەن بولار ئىدىڭ.

— ئاۋۇ قارچىغا نېمانداق توختىماي پالاقلايدۇ؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇۋچى قارچىغىغا قاراپ پەرۋاسىز جاۋاب بەردى.

— ئۇ گۈيىنىڭ قورسىقى ئاچتى. ئىككى كۈن بولدى ھېچنېمە بەرمىدۇق.

— نېمىشقا؟

— قورسىقىنى توق باقساق ئۇۋلىمايدۇ.

— ھەممە قارچىغا شۇنداقمۇ؟

— ياق، ماۋۇ بۇ يىلقى بالىسىكەن. قارچىغا بالىسىمۇ ئادەم



www.uyghurkitap.com

بالىسىدەك تەنتەك بولىدىكەن، قورسىقى ئاچ بولسا توشقانغا ئۆلەر - تىرىلىشىگە قالىماي ئۆزىنى ئاتىدۇ. توق بولسا خۇشياقماي ئۇچۇپ قويۇپ، ئۇۋنى قاچۇرۇپ قويىدۇ.

— ياقەي، بۇ دېگەن كۆندۈرۈشتىكى گەپ. بۇ قارچىغىنى كۆندۈرگەنلەر قارچىغىنى يامان كۆندۈرۈپ قويغان گەپ. ئەگەر چىداپ راۋۇرۇس كۆندۈرىدىغان بولسا قورسىقى توق بولسىمۇ، ئاچ بولسىمۇ ئۇۋنى قاچۇرمايدۇ.

— سىنىڭ گېپىڭ راست ئوخشايدۇ هوي. بۇ ناهايىتى ياش، چىرايلىق قارچىغا بالىسىكەن. كاساپەت چالا باخشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ناچار كۆندۈرۈپ قويۇپتۇ. بولمىسا قورسىقى توق بولامدۇ، ئاچ بولامدۇ، ئۇۋغا سالىدىغان بولسا كۆزىگە ئىلىناشقانلىكى جانلىقنى ئۆۋلىماي قويمايدۇ.

— توشقان ياكى قىرغاۋۇلنى كۆرسەڭلەر، قولۇڭلاردىكى قارچىغىنى قويۇۋېتىسىلەر شۇنداقمۇ؟

— هەئە.

— ئۇ ئاسمانغا ئۇچۇپ بېرىپ ئۇۋنى تۇتۇپ سىلىگە ئەكېلىپ بېرەمدۇ؟

— ها... ها... ها... ياقاي... قىزىق گەپ قىلىدىغان ئاكىچىكىنا. ئۇۋنى تۇتۇپ چىڭ قاماللاپ بېسىپ تۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز قوغلاپ بارغۇچە ئۇ بېسىپ بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بىز بېرىپ پەم بىلەن توشقاننى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجرىتىمىز.

— قانداق ئاجرىتىسىلەر؟

— توشقاندىن بىر لوقما گۆشنى ئاۋۋال كېسىپ ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن ئۇمۇ قولىدىكى پۈتۈن توشقاننى بىزگە بېرىدۇ.

— بىر لوقما گۆش بەرمەي ئالساڭلارچۇ؟

— قامالنىۋېلىپ، چىڭ باسۇرۇپ، بەرگىلى ئۇنىمايدۇ.

— بەرمىسىچۇ؟

— بەرمەي قۇتۇلالامدۇ؟ ئۇ بىزگە باغلانغان تۇرسا.

— ئۇنى سىلەر قويۇۋەتكەندىكىن، قېچىپ كەتسە، هەتتا

ئوۋنىمۇ تاشلاپ قېچىپ كەتسە بولمامدۇ . سىلەرگە ئوۋ ئوۋلاپ سىلەرگە باغلىنىپ ياشىغۇچە سىلەرگە باغلاقتا چۈشۈشتىن بۇرۇنقىدەك ئۆزى خالىغانچە قورسىقى ئاچقاندا ئوۋ ئوۋلاپ يېسە بولمىسا مۇشۇ توغراقلىق ئارىسىدا بۇرۇنقى ئەسلىي پەدىسىدە ياشىسا بولمامدۇ ؟ قانىتى تۇرۇپ ، ئۆزى ئوۋچى تۇرۇپ سىلەر قويۇۋەتسەڭلەر ئوۋ ئوۋلاپ يەنە سىلەرگە بېرىدىكەنۇ ، ئۆزى ئوۋلىغان بىر توشقاندىن سىلەر ئۇنىڭغا بىر لوقما بەرسەڭلەر شۇنىڭغا ماقۇل دەپ سىلەرگە باغلىنىپ ، سىلەرگە ئىشلەپ ياشايدىكەن .

— بىر توشقاندىن بىر لوقما گۆش بەرمەي ، ئوۋنى پۈتۈن ئېلىۋالساق ، ئۇمۇ خاپا بولۇپ قېيداپ قالىدۇ . ئۇۋغا سالساق ئالماي تۇرۇۋالىدۇ . بىر لوقما بېرىپ ئاجراتساق ، شۇنداق خۇشال ئوۋ ئوۋلايدۇ . ئەقىللىق جانۋار بۇ .

— ياق… ياق… قاتتىق دۆت نەرسىكەن بۇ . سىلەر توشقاننى قوغلاپ مىڭ يىلدىمۇ تۇتالمايسىلەر . قارچىغا بولمىسا ھەرگىز تۇتالمايسىلەر .

— ئۇ راست .

— ئۇ نېمىشقا ئۆزى سىلەرگە تۇتۇپ بېرىپ ، يەنە سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن تىلەپ يەيدۇ ؟ بەرسەڭلەر يەيدۇ ، بەرمىسەڭلەر مانا مۇشۇنداق باغلاقتا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ ؟ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق بۇ ؟

— چۈنكى ، بىز ئۇنى باغلاقتا كۆندۈرۈۋالغان ئەمەسما ئاكىچا .

— ھەممە قارچىغا شۇنداقما ؟ ھەممىنى كۆندۈرۈۋالغىلى بولامدا ؟

— ياق .

— ئىككى يىل ئاتلاپ قالغان قارچىغىنى تۇتساقمۇ كۆندۈرگىلى بولمايدۇ . بىزنى ئالداپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ . مانا مۇشۇنداق بالىلىرىنى كۆندۈرۈپ ئۆزىمىزگە باغلىۋالساق ، قېرىپ ئۆلگۈچە بىزگە گۆش تېپىپ بېرىپ ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىپ ئۆلىدۇ .

— ئۇنى قانداق تۇتسىلەر؟

— تور قۇرۇپ، تورغا كەپتەر قويۇپ قويساق قىرى قارچىغا بىكاردىن بىر يەردە جىممىدە تۇرغان كەپتەرگە تەگمەي كېتىپ قالىدۇ. كەپتەر دېگەن ئۇچماي جىم تۇرسا بىر چاتاق بار دەپ ئويلىماي ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان، مانا مانىڭدەك قارچىغا بالىلىرى ۋاي ماڭا ئۇچالمايدىغان تەييار كەپتەر ياكى يۈگۈرەلمەيدىغان توشقان ئۇچرىدى، ئوۋلايمەن دەپلا ئۆزىنى ئۇرىدۇ - دە، تورغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئادەملەر بەرگەن تەييار نەرسىگە كۆنۈپ قالىدۇ.

— ھەي، تەييار نەرسىنىڭ، ئەجىر قىلماي ئېرىشكەن نەرسىنىڭ زادى چاتىقى بار - دە. تەييار ئوۋغا ئۇچرىدىم دەپلا بىر ئۆمۈر ھاياتىنى باغلاقتا تۇتۇپ بېرىدىغان گەپكەن - دە، ھەي گال دېگەن يامان مۇناپىق جۇما... ھەي گال... ھەي گال.

— شۇنداق قىلىپ تورغا چۈشكەن قارچىغا بالىسىنى قانداق كۆندۈرىسىلەر؟

— قارچىغا بالىسىنى تۇتماق ئاسان بولغان بىلەن كۆندۈرمەك تەس. شۇڭا ئوبدان قارچىغا بالىسىنىڭ يېڭى تۇتقىنىنى بەش يۈز كويغا ئالغىلى، ساتقىلى بولسا، كۆندۈرۈلگىنى ئىككى مىڭ كويدىن يۇقىرى توختايدۇ.

— ئىككى مىڭ كويغا قارچىغا ئېلىپ نېمە كەپتۇ؟

— ھاي يېڭىلىشتىلا ئاكىچا، بىر ئاي ئوۋ قىلسىلا سىلى ئالغان پۇل تىرىلىپ، ئاندىن كېيىن سىلىگە بىكارغا ئىشلەيدىغان مەدىكار دېسىلە. قوڭلىرى چىداپ ئوۋغا چىقسىلا، ئايدا سىلىگە ئۈچ مىڭدىن بەش مىڭغىچە كىرىم قىلىپ بېرىدۇ.

— قانداق دەيسىز؟

— بىر توشقان سەككىز كويدىن ئون كويغىچە. بىر قىرغاۋۇل ئون بەش كوي، خەق ئۆيلىرىگە كېلىپ ئۆزى ئەكىتىدۇ. خەقنىڭ دائىم قوي گۆشى يېيىشكە پۇلى يوق. بىر كىلو قوي گۆشىنىڭ پۇلىغا ئۈچ كىلو توشقان گۆشى يەيدىغان گەپ. خەق مانى

ھېسابلايدۇ . تېخى قارچىغىلىرى ئۇبدان چىقىپ تۈلكە ئالسا ، بىر تۈلكە بەش يۈز كويدىن يۇقىرى دېسىلە .

— بۇ گەپنى قويۇپ قارچىغا بالىسىنى قانداق كۆندۈرىدىغانلىقىڭلارنى دەپ بېرىڭلار .

— بىرسى ، بىر ئۆيدە تۆت - بەش ئادەم قارچىغا بالىسىنى توختىماي قوشلاپ ، قولىمىزغا بىر لوقما گۆشنى ئېلىۋېلىپ «گاھ... گاھ... ئاله... كەل» دەيمىز . قورسىقىنى ئاچ قويۇپ ھېچنېمە بەرمەي تاكى قولىمىزغا كېلىپ گۆشنى ئالمىغۇچە ھېچنېمە بەرمەيمىز . قاراڭغۇ ئۆيدە ئاچلىققا چىدىمىغان قارچىغا بالىسى ئاخىر قولىمىزغا ئۇچۇپ كېلىپ بىر لوقما گۆشنى چوقۇلايدۇ . بىر چوقۇغاندىن كېيىن قارچىغا بالىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ يەنە تۇۋلايمىز . قارچىغا قېيداپ ، ئاچچىقلاپ ئۆيدە بىردەم پالاقلاپ ئۇچقاندىن كېيىن ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي يەنە قولىمىزغا كېلىدۇ . بىر چوقۇلا - چوقۇلىماستا يەنە پىرقىرىتىپ چۆرۈۋېتىمىز . ئاشۇنداق قىلىۋەرسەك ، ئاخىر بىزنىڭ قولىمىزدىن بىر لوقما گۆش بەرمىگۈچە ھېچنېمە يېمەيدىغان ھالغا كېلىدۇ . ئۆزگە بىر پارچە گۆش تاشلاپ بەرسەكمۇ بىز قولىمىزغا ئېلىپ بەرمىگۈچە يېمەي بىزگە قاراپ تۇرىدۇ . بىز بەرگەندە ئاندىن يەيدۇ . مانا شۇ ھالغا كەلگۈچە ئۇنى ئاشۇنداق ئاچ قويۇپ قولغا ئۆگىتىمىز . يەنە بىرى ، قىرىق كېچە - كۈندۈز تۆت ئادەم ئۇنى نۆۋەت بىلەن قولدىن قولغا ئېلىپ دەم ئالدۇرماي ، ئۇخلاتماي ، ئۇ قولدىن بۇ قولغا پىرقىرىتىپ تاشلاپ ئۇچۇرتىمىز . قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي ، قولدىن قولغا تاشلانسا ئاندىن بىزگە كۆنىدۇ .

— ئەگەر ئۇخلىسىچۇ ؟

— ئەگەر بىرەر قېتىم قارچىغا بالىسىنى كۆندۈرۈۋاتقان كىشى مۈگدەپ قېلىپ ياكى ھېرىپ قېلىپ قارچىغا بىر ئۇخلاپ ياكى جىمىمىدە ئويلاش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋالسا ، چۆشىدە بۇرۇنقى تۇرمۇشى ، ئاتا - ئانىسىنى كۆرىدۇ - دە ، ئۆلسىمۇ كۆنمەيدۇ . قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلاتماي قولدىن قولغا پىرقىرىغاندىن

كېيىن ئۇ بۇرۇنقى تۇرمۇشى ، ئاتا ـ ئانىسىنى تولۇق ئۇنتۇپ ، مەن ئەقلىمگە كەلسەم مۇشۇنداق ياشايدىكەنمەن دەپ ئادەمنىڭ قولىغا كۆندۇ .

— بۇرۇنقى كۈنلىرى قىرىق كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئۇيقۇسىزلىقتا پۈتۈنلەي ئۇنتۇلامدۇ ؟

— ئەمىسە ئادەمنىڭ قولىغا كۆنەمتى ؟

— جاڭگالدا ئۇچۇش جەريانىدا ئەركىن قارچىغا ياكى ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ قالسا ئېسىگە كەلمەمدۇ ؟

— بۇرۇنقى كۈنلىرىنى ، ئەسلىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن بولغاچقا ، ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمايدۇ .

قونداقتا ئولتۇرغان قارچىغا بالىسىغا قاراپ قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ قولىقىمدىن كىرىپ ئىچىمگە شۇڭغۇپ ، ئۆزۈمنى تەكتى ئەسىراغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك سەزدىم . ئادەملەر نېمانداق ھىيلىگەر يارىتىلغان ، قارچىغىنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ ؟

2004 ـ يىل 4 ـ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرىسى

# ئۇلاق

ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا، چوڭ دادام ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، سەينا ـ سەينا مېۋىلىك بېغى بارلاردىن تارتىپ، ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىر ـ ئىككى تۈپتىن مېۋىلىك دەرىخى بارلارغىچە ھەممە كىشى «ياسىن قارىي ئۇلىغان ئۇلاق ئاسان ئەي بولىدۇ، قولى يەڭگىل، بەرىكەتلىك» دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆچىرەت بولۇپ ئۆيىدىن ئۆيگە، مەھەللىدىن مەھەللىگە، باغدىن باغقا ئېلىپ كېتىشىدۇ. ھەر يىلى ئۇلاق ئۇلاش مەزگىلى چوڭ دادامنىڭ «خامان ئالىدىغان» پەسلى. مەن چوڭ دادامنىڭ ئامراق قىزى پاتىمىدىن بولغان تۇنجى ئوغۇل نەۋرىسى بولغاچقا، ئۇلار مەن تەمتەم ماڭغاندا، مېنى يېزىغا ئەكېلىۋېلىپ ئارزۇلاپ يېنىدا باققانىكەن. شۇڭا، چوڭ دادام قەيەردە بولسا، مەنمۇ شۇ يەردە. باغقا بارسا باغدا، بازارغا بارسا قولۇم ئۇنىڭ پېشىدە، مەسچىتكە كىرسە، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ياكى يېنىدا.

چوڭ دادام مەھەللىدە قارىي ـ قۇرئان كىشى بولغاچقا، مەن مەكتەپ يېشىغا يەتكىچە كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ «قۇرئان» ساۋاتىمنى چىقىرىپ بولغان. سۈرە، ئايەتلەرنى سۇدەك يادلىيالايمەن.

بىر كۈنى ئانام بىلەن دادام چوڭ ئۆيگە كېلىپ، مېنى يېنىغا ئەكېتىپ قايسىدۇر بىر ياتاقلىق مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدىغانلىقىنى، ياخشى ئوقۇيالىسام تېخى چەت ئەللەردە

ئوقۇتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چوڭ دادام بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆزلەپ كەتتى:

— ماقۇل، يېنىڭلاردا تۇرغۇزساڭلار بولىدۇ. دىنىمىز سالغان ئەقىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تاغۇتاشلاردەك مۇستەھكەم بولدى. مۇسۇلمانچىلىق يولى ئۇنىڭغا مەڭگۇ ھەمراھ بولىدۇ. مەندىن نەسىھەت شۇ: بالا دېگەن ئۆزۈڭلەرنىڭ يۈرەك پارىسى، ئۇ بوۋاق ۋاقتىدا ئانا سۈتىگە تەشنا بولغاندەك، تاكى ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغۇچە يەنە ھەر كۈنى ئاتا ـ ئانىغا، ئاتا ـ ئانا مېھرىگە موھتاج بولىدۇ. بۇ ياراتقۇچى ئىنساننىڭ دىلىغا سالغان مېھىر ـ مۇھەببەت. «بالىمىز ۋاپادار، كۆيۈملۈك، دىيانەتلىك ئادەم بولسۇن» دېسەڭلەر، ئۇنى داستىخىنىڭلاردىن ئايرىماي تەربىيىلەڭلار. ئاق ـ قارىنى، ئىسسىق ـ سوغۇقنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىڭلەر. ھەرگىزمۇ «ياتاقلىق مەكتەپ» دەپ خەقنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. بالا دېگەن كىم تەربىيىلىسە، شۇنىڭغا ئامراق بولىدىغان، شۇنىڭغا ئەسقاتىدىغان گەپ. ھازىر خەققە كۆتۈرە بېرىۋېتىپ ئاق ئېتىمەن، كۆك ئېتىمەن دېگەن بىلەن قېرىپ مەندەك بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا، خۇددى سىلەر قول بالىسى قىلىپ ئۇنى باقمىغاندەك، ئۇمۇ سىلەرنى باقمايدىغانغا كۈنۈپ قالىدۇ.

بوۋام سۆزلەۋاتقان چاغدا، ئانامنىڭ چىرايى ئۆڭگەندەك بولدى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئىدىم... ئۇ دادام بىلەن ئانامغا مېنى ئىشارەت قىلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مانا، نەچچە يىلدىن بېرى سىلەرگە قارىغاندا، مەن ئۇنى كۆپرەك باقتىم، ئۇ ھازىر سىلەرگە قارىغاندا ماڭا بەكرەك ئامراق، شۇنداق ئەمەسما؟ بالىنى تاپقانىكەنمىز، ئۇنى راۋۇرۇس باقماق بىزگە قەرزدۇر. بولمىسا كۆيۈمى يوق چوڭ بولۇپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانا مېھرى دېگەن بىر ئۆي، بىر داستىخان تاماقتا ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ باغلىنىپ كۆزگە كۆرۈنمەي رىشتە ھاسىل قىلىدۇ.

ئويلاپ كۆرسەڭلەر ، ئۆيۈڭلەردىكى باللار بىلەن كۆزدىن يىراق بۇ بالىنىنىڭ مېھرى بىر - بىرىگە تازا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىسىلەر...

چوڭ دادام شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا ، ئاۋازى تىترەپ كەتتى ۋە تۇيۇقسىز مېنى باغرىغا بېسىپ ، سۆيۈپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلارنىڭ سىرغىغانلىقىنى بىلىپ تۇردۇم .

— ئىنساننىڭ بالا تېپىپ قاتارغا قوشۇشى بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ئۆزىدىن كېيىن قالغاندا ، يۇرت - مەھەللىسىدە ئۆزىنىڭ ئىزىنى ، چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈندۇر . بۇلتۇر يۇقىرىقى مەھەللىدىكى يۇسۇپ ئاخۇن قاسساپ تۇگەپ كېتىۋىدى ، هازا ئېچىپ جىنازا كۆتۈرىدىغانغا بىرمۇ بالىسى يېنىدا يوق بولدى ! بىر بالىسى دۇبەيدە ، بىرى ئورۇستا ، يەنە بىرى چوڭ شەھەردىمىش . ھېچقايسىسى شۇ مۇسىبەتكە كېلەلمىدى... «باللار دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى ، ئۆلۈمگە كېلەلمىدى» دېسەك ، تارتقۇلۇقنى بىچارە ئانا تارتىۋاتىدۇ . ئۇ مەزلۇم ھۇۋقۇشتەك يالغۇز قېلىپ ، مەھەللىدە چۆرگىلەپ يۈرىدۇ . ئاڭلىساق ، باللىرى «يېنىمىزغا ئەكېتەيلى» دەپ تېلېفون قىلارمىش . بىراق ، ئانا : «قېرىغاندا يات يەردە مۇساپىرچىلىق يامان ، ئۇ يەردە نەۋرىلىرىم مەكتەپكە ، ئوغۇل ، كېلىنىم خىزمەتكە كەتسە ، تۆت تامنىڭ ئىچىدە گاچا بولۇپ ئولتۇرامدىمەن؟ بۇ يەردە ھەممە ئادەم ، يۇرت - مەھەللىنىڭ ئوي - چوڭقۇرى ، ئىت - مۈشۈك ، توخۇ - كەپتەرلىرىمۇ ماڭا تونۇش ؛ بۇ يەردە رەھمەتلىك يۇسۇپ ئاخۇننىڭ باققان موزاي - توپاقلىرى ، قاققان قوزۇقلىرى ، چاپقان ئېرىقلىرى ، سالغان كۆچەتلىرى بار . ئۇلارنى كۆرسەم شۇ قەدىناسنى كۆرگەندەك ، مۇڭداشسام رەھمەتلىك بىلەن مۇڭداشقاندەك بولىمەن... » دەپ ئۇنىماپتۇ . قايسى كۈنى ئۇ ماڭا : «ياسىن قارىم ، ئۆزلىرى ئاتام زاماندىن تارتىپ باغۇەن ئەۋلادى ، يۇمران كۆچەتنى بىر يەردىن باشقا يەرگە يۆتكەپ سالسا ، چانماي ئەي بولىدۇ ، مەندەك قېرى

دەرەخنى قومۇرسا تۇتماي ئۆلىدۇ ئەمەسما؟» دەيدۇ. ئۇ راست دەيدۇ، «ئۆز ئۆيۈڭنىڭ خۇشلۇقى پۇت ـ قولۇڭنىڭ بوشلۇقى»، «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول»...

بوۋامنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.

— سىلەر بىلەن كەتمەي، بوۋاملارنىڭ قېشىدا تۇرىمەن، — دېدىم ھاڭۋېقىپ تۇرغان دادام بىلەن ئانامغا.

— نېمە، ئەمىسە مەكتەپتە ئوقۇمامسەن؟ — ئانامنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەيدىغاندەك تۇراتتى.

— ئوقۇيمەن، بۇ يەردىمۇ مەكتەپ بارغۇ! — شۇنداق دېگەچ، ماڭا سىنچىلاپ تۇرۇۋاتقان بوۋامغا بەكرەك يېپىشتىم.

— ئوغلۇم، بۇ يەردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى شەھەردىكى مەكتەپلەرنىڭكىدىن تۆۋەن، شارائىتىمۇ كۆپ ناچار. بىز ئالايىتەن پۇل چىقىرىپ، سېنى مۇنتىزىم ئوقۇتىدىغان «دانىشمەن مەكتىپى»دە ئوقۇتماقچى. ئالايىتەن شۇڭا...

— سىلەرمۇ ئوقۇغان مەكتەپكەنغۇ ئۇ! — دادامنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم، — مۇشۇ يەردە ئوقۇيمەن. ئاداشلىرىمنىڭ ھەممىسى، مەن بىللە ئوينايدىغانلارنىڭ، قىزىق چۆچەكلەرنى بىللە ئاڭلايدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە...

— بىز ئوقۇغان چاغنىڭ ۋەزىيىتى ھازىرقىغا ئوخشامتى؟ بوۋاڭمۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى دەيدۇ، بىزنىڭمۇ ئويلىغانلىرىمىز بار! — ئانام تېرىككىنىچە مېنى سىلكىشلىدى، نېمىشقىدۇر ئۇ ماڭا ناتونۇش بىر ئايالدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— مەن سىلەردەك ئەتىگەندىن كەچكىچە تار ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇپ، چاي ئىچىپ، بىرنېمىلەرنى يېزىپ، خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئولتۇرىدىغان كادىر بولمايمەن!

— بۇ يەردە ئوقۇپ نېمە بولماقچىتىڭ؟

— بوۋامغا ئوخشاش باغدىن ـ باغقا بېرىپ ئۇلاق ئۇلاپ مېۋە

ئۆستۈرىدىغان ئۇستا ئۇلاقچى، مەسچىتكە كىرىپ ئىبادەت قىلىدىغان باغۋەن بولىمەن...

دادام بىلەن ئانامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىشلىرى غۇچۇرلىشىپ كەتتى. بوۋام باش ـ كۆزلىرىمنى سىلاپ، مەغزىمگە سۆيۈپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە خېلى ئۇزاق تالاش ـ تارتىش، چۈشەندۈرۈش، ھەيۋە قىلىش ۋە يالۋۇرۇشلار بولۇندى. ئانامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشى ۋە بوۋامنىڭ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئېغىز ئاچتىم:

— ئەمىسە بىر يىلدىن كېيىن كېتەي. شۇ چاغدا مەكتەپكە بېرىڭلار...

— ئېمىشقا! — دەپ سورىدى ئانام قىزارغان، ئىششىغان كۆزلىرىنى ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىپ.

— نەچچە ۋاقتا بوۋامنىڭ قارىي ـ قۇرئانلىقىنى ئۆگەندىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۇلاق ئۇلاشنى، باغۋەنچىلىكنى ئۆگىنىۋالاي. نەدە ئۇقۇتساڭلارمۇ ئوخشاش. چوڭ بولغاندا بوۋامنى دورايمەن، كەڭ ئېتىزلاردا بوۋامدەك باغۋەن بولىمەن...

ئانامنىڭ ئاغزىمنى مۇتاۋاتقان قوللىرىنى دادام تۇتۇۋالدى ھەم قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى، ئانام جىم تۇرۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بوۋاملارنىڭكىدە يەنە بىر يىل تۇرىدىغان بولدۇم! دادام، ئانام‌لار مېنى بىر يىل كېچىكتۈرۈپ مەكتەپكە بېرىدىغانلىقىدىن كۆڭلى غەش ھالدا، شەھەردىكى «ئۆيى»گە قايتىپ كېتىشتى.

بوۋام ماڭا ئىلگىرى ھەپتىيەك ئۆگىتىشنى قانداق چىڭ تۇتقان بولسا، بۇ بىر يىلدا ئۇلاق ئۇلاش، كۆچەت پەرۋىشى، مېۋىلىك دەرەخنى قانداق ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، چاتاش ـ پۇتاش، كېسەللىك تېگىشتىن ساقلاش، كېسەللىكنى يوقىتىش قاتارلىقلارنى زېرىكمەي، تەپسىلىي ئۆگەتتى. ھەربىر خىل مېۋىلىك دەرەخنىڭ قانداق چېچەكلىسە، قانداق مېۋە بېرىدىغانلىقىنى، قانداق چاغدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى. ھەتتا شەھەرگە

قايتقاندىن كېيىنمۇ يىلدا پات ـ پات كېلىپ بۇ ھۈنەرنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشۇمنى تاپىلىدى .

— خاتىرجەم بول ، بوۋا ، — دېدىم بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىپ ، — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇساممۇ باغۋەنچىلىك كەسپىنى تاللاپ ، سىنىڭ ھۈنىرىڭگە ۋارىسلىق قىلىمەن .

بوۋام بۇ گېپىمدىن بەك سۆيۈنۈپ كەتكەن چېغى ، مېنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىپ كەتتى . كۆزلىرىگە ياش ئالدى .

— يارايسەن ، — دېدى ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، — سېنى ئاناڭنىڭ قۇچىقىدىن كىچىكلا ياندۇرۇپ يېنىمدا تۇرغۇزۇپ تەربىيىلىشىممۇ مۇشۇنداق گېپىڭنى ئاڭلاش ئۈچۈن ، ماڭا ۋارىسلىق قىلىدىغانغا سېنى ئۆلاش ئۈچۈن ئىدى ئەمەسما ! خەلقئالەم مېنى «ئۆلاقچى» دەپ تونۇسىمۇ ئۆزۈم ئۇنداق دېيەلمەيتتىم . يۇرتىڭدىن چىققان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھازىر ئۆزۈمنى راست ئۆلاقچىدەك ، نەۋرەمنى ئۆزۈمگە ئۆلىيالىغانلىقىم ئۈچۈن ، ۋارىسى بار ئۆلاقچىدەك ھېس قىلىۋاتىمەن . ماڭا قارا ، ئۆلاقچىلىق ئاجايىپ خاسىيەتلىك ھۈنەر . بىر ياخشى مېۋىلىك دەرەخنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمىسۇن ، مەڭگۈ كۆكلەپ تۇرسۇن دېسەڭ ، ئۇ قېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سەر خىل نوتىلىرىنى ، بىخلىرىنى ياش كۆچەتلەرگە ئۆلاش كېرەك . ئۇنى مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك . ئۇنداق بولمىسا ، ئۇمۇ ئادەملەردەك قېرىپ ، ئۆلىدۇ... قېرى دەرەختىن ياش كۆچەتكە ئۆلاق ئۆلانمىسا ، ئۇمۇ بوۋىسىدەك ئېسىل مېۋىلىك دەرەخ بولالمايدۇ ! مانا مەن قېرىغان شېخىمدىن ساڭا نوتا ئۆلىدىم ، مانا بۇ بىخ ئۆلىمىدى ، سورت ـ نەسىل ئۆلمەي ساقلىنىپ قالدى ، دېگەنلىك . شۇنداق بولسا مەن مۇرادىمغا يېتەتتىم...

بوۋام ماڭا ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا دۇئا قىلىپ ، مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرمەك بولۇپ ، بېغىمىزنىڭ بىر چېتىدىكى ياش كۆچەتلەرگە نوتا تاللاپ ئۆلاق ئۆلىشىمنى بۇيرۇدى . مەن باغدىكى

قىرى دەرەخلەرگە مۇشۇكتەك يامىشىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ياش ، سەر خىل نوتىلىرىدىن تاللىۋالدىم . بەزىلىرىنى بەرگ ئۇلاق ، بەزىلىرىنى قوزۇق ئۇلاق ، يەنە بەزىلىرىنى بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلىدىم . كېيىن بۇلارنى بوۋامغا كۆرسىتىۋىدىم، ئۇ رازى بولدى .

— نەق سېپى ئۆزىدىن مىنى دوراپسەن ، — دېدى ئۇ ماڭا قايىل بولۇپ ، — باشقىلار كۆرسىمۇ «ياسىن ئۇلاق ئۇلىغان ئۇلاقلار» دېگۈدەك ئەمدى . كېلەر يىلى بۇنى كۆر، قانچىلىكى تۇتىدۇ ، قانچىسى قۇرۇپ قالىدۇ...

شۇنداق قىلىپ ، مەكتەپكە كىرمەستە ، بوۋامدىن بىر خاسىيەتلىك ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالغانىدىم . ئۆيدىكىلەر كېلىپ ئەكېتىشتى ، مەكتەپكىمۇ كىردىم . كۆڭۈللۈك مەكتەپ ھاياتى باشلاندى : مەكتەپكە بېرىش ، دەرس ئاڭلاش ، كىتاب ئوقۇش ، تاپشۇرۇق ئىشلەش ، ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى ، ئۆيگە قايتىش دېگەنلەر مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇم بولۇپ قالدى...

ياندۇرقى يىلى تەتىلدە يەنە بوۋامنىڭ يېنىغا كەلدىم . بىر يىل ئىچىدە ئىلگىرىكى خۇش چاقچاق ، تەمبەل ، دانىشمەندەك سۆزلەيدىغان بوۋام ماڭا گويا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بىلىندى . دېمىسىمۇ ئۇ ھاسىغا تايىنىپ ، تەستە ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭا ئىلگىرىكىدەك قىزغىن بولمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

چاي ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن ، بوۋام قاپىقىنى تۈرگىنىچە قولۇمدىن تۇتۇپ باغقا ، ئېنىقراقى بۇلتۇر ئەتىيازدا مەن ئۇلاق ئۇلىغان كۆچەتلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى . ئۇلاقلار شۇنداق رەتلىك ، چىرايلىق تۇتۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەندى . مەن خۇشاللىقتىن ئىغىز ئاچتىم :

— قارا بوۋا ، بايا چىرايىڭغا قاراپ ، «ئۇلاقلار تۇتمىغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ كەتكەندىم، ئۇلاق ئۇلاققا كەپتۇ ، شۇنداق چىرايلىق . نېمىشقا يەنە قاپىقىڭنى تۈرۈۋېلىپ ، تۇزۇكرەك

قارشى ئالمايسەن؟

بــوۋامنىڭ قاپىقى تېخى ئېچىلغاندەك ئەمەس، نېمىشقىدۇر كۆڭلى غەش كۆرۈنەتتى. مەن يەنە ئەركىلەي دەۋاتسام، ئۇنىڭ يىرىك قوللىرى قۇلىقىمنى ئامبۇردەك قىستى ۋە سۆرەپ يەنە بىر كــۆچــەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. يۈرىكىم تېز ـ تېز سېلىپ كەتتى. بۇ بىر تۈپ كۆچەتكە ئۇلانغان ئۇلاق تۇتمىغان، ئەسلىدىكى يىلتىزى، تېنىدىن باشقا ياۋا نوتىلار ئۆسۈپ چىقىشقانىدى.

— نەدە، ئۇلانغان ئۇلاقنىڭ ھەممىسى تەڭ تۇتىدىغان ئىش بار؟ — دېدىم، ئۆزۈمنى ئاقلاپ، — سەن ئۇلىغاندىنمۇ بەزىلىرى كۆكلىمەيدىكەنغۇ؟!

— گــېــپــىڭ يوللۇق، — دېدى بوۋام، — ماۋۇ كۆچەت نېمىنىڭ كۆچىتى؟

— ئالما كۆچىتى!

— ئالما كۆچىتىگە نېمىنى ئۇلىدىڭ؟

يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ بوۋامدىن مەخپىي قىلغان بىر ئىشىم ئېسىمگە كەلدى ـ دە، كېكەچلەپ قالدىم.

— قېنى راست گەپ قىل. تۇمشۇقۇڭنىڭ سارغىيىشىدىن، كۆز نۇرۇڭنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ۋە كېكەچلىشىڭدىن خىيانىتىڭنى بىلىۋالىمەن. مەندىن يوشۇرساڭ، ھەممە خىيالىڭ ۋە ئىشىڭنى بىلىپ تۇرغۇچى زات بار، بىر كۈنى قىلمىشىڭنى ئاشكارىلاپ، سېنى رەسۋا قىلىدۇ... ئادەم بالىسى قىلغان يالغانچىلىقى، خىيانەتلىرىنى تەن ئالسا ۋە توۋا قىلىپ تۈزەتسە ئارتۇقچە خارلىنىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ... — شۇ چاغدا بوۋامنىڭ كۆزلىرىدە كۆلكە جىلۋىلەنگەندەك بولدى، — ئۇلاق ئۇلىشىڭدا چاتاق يوق، شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇنىڭ كۆكلىمەسلىكىگە ھېچقانداق باھانە يوق! ھەممىسى تۇتۇپ، نېمىشقا مۇشۇ بىرسى تۇتمايدۇ؟

— مەن سىناپ باقاي دەپ...

— قانداق سىنىماقچىتىڭ؟ ئېسىڭدە بولسۇن، سىناپ باقىمەن

www.uyghurkitap.com

دەپ جۆر كەلمەيدىغان ، ھېچقانداق ئۇرۇقداشلىق ـ تۇغقانچىلىقى يوق ، بىر ـ بىرىنى ياتلايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلىمايمىز . ئۇلىساقمۇ تۇتمايدۇ ، قۇرۇپ قالىدۇ . ھەربىر ئىشنىڭ قانۇنىيىتى بولىدۇ . «بىسمىللا» دېمەيلا ، ئۆگەتكەنلىرىمنى ئۇنتۇدىڭما ؟ بۇنىڭغا قايسى دەرەخنىڭ نوتىسىنى ئۇلىغانتىڭ ؟

— ئامۇتنىڭ !

— ۋاي قاپاق باش ! يوغان باش ! — بوۋام كاچىتىمغا بىرنى سالدى . يۈز ـ كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى .

— تەربىيە ، تەلىملىرىم بۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ ، ئۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتتىما ؟ ئالمىنى نەشپۈتكە ، ئۆرۈكنى ئۈزۈمگە ، قارىغاينى توغراققا ئۇلىغان ئىش نەدە بار ؟ سەن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ، تەبىئىي قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتمەكچىما ؟ ھۇ يېتىم ئاقساقال ! مەن ئۆگەتكەن ئاتا مىراس ھۈنەرنى ئۆزۈڭچە ئۆزگەرتكىلى تۇرۇپسەن ـ ھە ؟ مەن ئۆلسەم ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان بۇ باغلارنى سەن يەنە نېمىلەرگە ئۇلاپ قۇرۇتارسەن...

بوۋام سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، يۆتىلىپ ـ قىقىلىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . مەن بوۋامنىڭ تۇرقىغا قاراپ يىغلاپ كەتتىم .

— خاتا قىپتىمەن ، بوۋا . سىناپ باقاي دەپ خاتا قىپتىمەن .

ئارىنى جىمجىتلىق باستى . ياۋاشلاپ كېتىشىمدىن ۋە بىچارە تۇرقۇمدىن بوۋامنىڭ ئەلپازى سەل پەسكويغا چۈشتى .

— بولدى ، بۇ سېنىڭ ئەمەس ، مېنىڭ خاتالىقىم . ئەسلىدە مەن سېنى تۇغقان ئاناڭنى خاتا ئۇلىغان بولغاچقا ، ئۇ بۇ خاتالىقنى داۋاملاشتۇرۇپ ، سېنى خاتا ئۇلاۋاتىدۇ . سېنى مەندىن تارتىپ ئەكېتىپ ئۆزى بىلگەنچە بېقىپ تەربىيىلەۋاتقاندەك خاتا ئۇلاقنىڭ مېۋىسى بۇ . سەن خاتا ئۇلاشتىن كۆكلىمەي ، مەن ئۇلىغان ئەسلىي يىلتىزدىن كۆكلە ، بالام ! خاتا ئۇلاقتىن كۆكلىسەڭ ئېسىل مېۋە بېرەلمەي قالىسەن . مېۋە بەرگەن تەقدىردىمۇ ، مېۋەڭ

ئەسلىدىكىدەك ئۆز تەملىك ، قۇۋۋەتلىك ۋە سىڭىشلىق بولماي قالىدۇ . بىزنىڭ باغلىرىمىز ، مېۋىلىرىمىز مۇشۇ زېمىندا قانچە مىڭ يىللاپ سىنالغان . قۇم ـ بوران ۋە قۇرغاقچىلىقتەك ئاپەتلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ ، بۇگۈنگىچە ئۇلاشقان . قايسى دەرەخ قايسىسىغا ماس كېلىدۇ ، قايسىسى قايسىسىنى يەكلەيدۇ ، بۇ خىل تاللاش ئايدىڭلىشىپ بولغان . «سىنايمەن» دەپ بىر ئوبدان كۆچەتنى بىھۇدە نابۇت قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز قىلما...

مەن خىجىللىق ئىلكىدە بوۋامغا ۋەدە بەردىم ۋە ئىچىمدە پىچىرلىدىم : «مېنى بىر قېتىم كەچۈرۈڭ ، بوۋا !»

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي ، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

# ھېيىننىڭ ئالا مۈشۈكى

سورۇن تازا قىزىدى . كۆلكىدىن ئۆچەيلەر ئۈزۈلگۈدەك ئاغرىپ ، قورساقتا سانجىق تۇلۇپ ، چىدىيالمىغانلار سورۇندىن يۇمىلىغانچە ياپپېشىل چىمەنلەر ئۈستىگە چىقىپ ياۋا گۈللەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ كۆلۈۋاتامدۇ ياكى كۆلكىگە ئاۋازى يەتمەي يىغلىغاندەك ئىڭراۋاتامدۇ بىلگىلى بولماي قالدى . بىر قانچىسى كۆلكىدىن بىر - بىرىنى يۆلىقىلىشىپ ، يېشىل تۆپىلىكتىن يۇمىلاپ جىلغىدا شوخ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ بويىغا چۈشۈپ كەتتى . يەنە بىرلىرى قورسىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئاچچىق ئۆرۈك يەپ تولغاق بولۇپ قالغاندەك ، ئۇيان - بۇيانغا ۋايجانلاپ دوڭغاقلاپ كەتتى . يەنە بىرلىرىنىڭ كۆلكىدىن ئېڭەكلىرىدىن قاس چىقىپ ، قوۋۇزى ئاغرىپ كېتىپ ، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ قالدى . ئاياللار كۆزىنىڭ قۇيرۇقىغا چۈشكەن قورۇقتىن ئەنسىرەپ ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى بارمىقىدا دەزماللىدى . ئۇلارنىڭ كۆلكىدىن توختىماي چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرى ئەڭلىكلىرىنى ئېقىتىپ ، يۈزلىرىدە پەرداز قالماي ، بارغانچە تەبىئىي چىرايلىقلاشقىلى تۇردى . ھېسامكام ھېيىنغا چاقچاق ئۇلىدى :

— ھوي ھېيى ، يېشىڭ قىرىقتىن ئاشتىمىكىن دېسەم بېقىۋالغان بالاڭ قىرىقتىن ئېشىپ ئېڭىكىگە تاقىشىپتۇ . قاچانغىچە ئۆيلەنمەي خەق تاشلاپ كەتكەن يېتىم باللارغا ئاتا بولۇپ يۈرۈيسەنوي . سەندەك چېغىمدا ئۆزۈم تاپقان بالام ئېڭىكىمگە

تاقاشقان مېنىڭ .
— ئاپامنىڭ ۋەسىيىتى بار ، — دېدى ھېبى .
— نېمە ۋەسىيەت ئۇ ؟
— ئۆزۈڭدىن چوڭ خوتۇن ئالساڭ كۈنۈڭ باياشات ئۆتىدۇ دېگەن .
— يېتىم باللارنىغۇ ھويلاڭغا نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ ئوقۇتۇپ بېقىپسەن . ئىگە - چاقىسىز قېرى خوتۇنلارنى ئۆگزەڭگە ساناتورىيە قۇرۇپ باقارسەنمۇ ؟
— مومايلارنىڭ ساپلا ئىگىسى باركەن .
— بىرەرسىمۇ ئۆچرىمىدىمۇ ساڭا ؟
— ياق .
— ئەمدى قانداق قىلارسەن ؟
— ئاپام تاپالمىساڭ ھېسامنى ساقلاپ تۇر ، ئۇ سەندىن بۇرۇن بۇ دۇنيادىن كەتسە ، زېمىنىخان ساڭا قالىدۇ دېگەن .
سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى .
— يا پەرۋەردىگار ، ئاپاڭ زادى يامان خوتۇنتى . ئاللىمىغان دەردىنى ساڭا ۋەسىيەت قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان ، زېمىنىخانغا مەندىن كېيىن قالساڭ ھەرگىز ياتلىق بولما خوتۇن ، بولۇپمۇ ھېبىبگە يېقىن يولىما ، ئاپىسىنىڭ مەندىن ئاللىمىغان دەردىنى سەندىن ئالىدۇ دەيمەن - دە ، ھا... ھا... ھا...
— زېمىنىخانىنىڭ سەندىن ئاللىمىغان ئۆچىنى ئۆزۈم ئەپىپىرىمەن . ھېسامكام سورۇندا چۈشكەن ئۆرۈمە پۇللارنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالاتتى . ماڭا تەگسىڭىز چۈشكەن پۇللارنى ئۇدۇل ئەكېلىپ سىزنىڭ چۆنتىكىڭىزگە سالىمەن ، دەيدىغان بولسام زېمىنىخان ئاچام نىكاھ ئوقۇيدىغان قارىينى ئۆزى باشلاپلا ئۆيۈمگە كۆچۈپ كېلىدۇ .
— ھا... ھا... ھا... ھا...
— بولمىدى . كۈلگۈدەك ھالىمىز قالمىدى . بىردەم ساز قىلايلى ، — دېدى سورۇننىڭ يىگىتبېشى تۇرغان دوقا .

www.uyghurkitap.com

سازەندىلەر سادىر پالۋان ناخشىسىدىن باشلاپ ، كۆلكىدىن بولالماي ھەريانغا تارقاپ كەتكەن سورۇن ئەھلىنى سورۇنغا جەم قىلدى . ناخشىدىن مەست بولغان بايلار يانلىرىدىن شاراقلىتىپ پۇللارنى چىقىرىپ سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . باشقا سازەندىلەر ، چاقچاقچىلارنىڭ ئالدىدا پۇللار دۆۋىلىنىپ كەتتى پەقەت ھېسامكامنىڭ ئالدىدىلا پۇل توختىمىدى . پۇل چۈشۈپ بولغۇچە ھېسامكام ئۇدۇللۇق ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ تۇردى . يالقۇن قاپاق ئاستا ھېسامكامنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى .

— ھوي ، ھېسامكا ھوي ، نېمانداق ئادەمنى خىجىل قىلىسەنوي ، سەت ئەمەسمۇ ، سازەندە ، چاقچاقچى دېگەن زادى ئاچ كۆز بولىدۇ دېمەمدۇ . مانا قارا ھېچقايسىمىز چۈشكەن ئۆرۈملەرگە قول ئۇزاتماي ، سازىمىزنى چېلىۋەردۇق . سورۇن ئاخىرىدا ئالساقمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ ، سەنمۇ قىرىغانچە بولمىغلى تۇردۇڭ . سېنىڭمۇ ئالدىڭدا بىزنىڭكىدەك دۆۋىلىنىشىپ پۇل تۇرسا سورۇن ئاخىرىدا دۇئا بىلەن ، ئىناۋىتىڭ بىلەن چىرايلىق ئالامسەن ؟ قىلغان قىلىقىڭ بىلەن ئاچ كۆز دېۋانىغا ئوخشاپ قالدىڭ... قەلەندەرنىڭمۇ ئالدىدا پۇل دۆۋىلىنىشىپ تۇرىدۇ .

ھېسامكام بۇ گەپلەرنى چۈشەنمىگەندەك ، چۈشكەن پۇلنى گەپ ئاڭلىغاچ يەنە يانچۇقىغا سېلىۋەردى . يالقۇن ياقۇپ بىر ئالىيىپ قويۇپ ئومۇمغا ئەگىشىپ ناخشا توۋلىدى . ناخشا ئاخىرلىشىپ سازەندىلەر سازلىرىنى قويۇۋاتقاندا ، تۇرغان دوقا ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى يوغان پەتنۇسقا پۈتۈن سازەندە ـ چاقچاقچىلارنىڭ ئالدىدا دۆۋىلىنىشىپ تۇرغان پۇللارنى ھارۋىغا پاخال باسقاندەك بېسىپ ئاپىرىپ ھېيىغا تەڭلىدى .

— ئالە ھېيى ، سەندەك ئۆرۈمگە چۈشكەن پۇللارنى جوغلاپ يېتىم باللار مەكتىپى قۇرغان چاقچاقچىنى كۆرمەپتىكەنمەن . بۈگۈن مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردۈڭ . ماۋۇ پۇللارنىمۇ قىرىق ئۈچ يېتىم بالاڭغا خەجلە . سېنى ئۆزۈم ئۆيلەپ قويىمەن .

سورۇندا قىقاس بىلەن چاۋاك چىقتى . ھەممە سازەندە ،

چاقچاقچىلار بىر ـ بىرىگە قىزىرىشىپ ، ئېسىلىشىپ جامائەتكە ئەگىشىپ چاۋاك چالدى . ھېسامكام چاۋاك چالغاچ يالقۇن ياقۇپنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى .

— ئىناۋىتىنى ساقلاپ ئۇلتۇرسا قانداق بولىدىكەن ؟ ئالدىغا پۇل دۆۋىلەپ ئولتۇرغىنى قەلەندەر ، يانچۇقىغا سالغىنى باي بولىدىغانلىقىنىغۇ كۆرگەنسەن ـ ھە .

يالقۇن ياقۇپ ھېسامكامغا يەنە بىر ئالايدى . ھېسامكام پۇل بار مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى .

— تۇرغان ئۇكام ئوبدان قىلدىڭ . كۆڭلۈمدىكى ئىشنى قىلدىڭ .

— ھە ھېسامكام مەن ھېبىنى ئۆيلىگەندە زېمىنىخانئاچام بىلەن بىراقلا بېرىدۇ ، — دەپ يالقۇن ياقۇپنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى تۇرغان دوقا . ھەربىرىنىڭ باياتىن بېرى ئالدىدا دۆۋىلەنگەن بىر دۆۋىدىن پۇلنىڭ كۆپىدىن ئىلھامى قايناپ تېشىپ ، سورۇندىن قىقاس چىقىرىۋەتكەن سازەندە ، چاقچاقچىلار بىردەمگىچە شۈكلەپ كەتتى . ئەمما ، ھېچكىم ئىلىنىڭ بالادىن قورقمايدىغان قاپ يۈرەك نوچىسى تۇرغان دوقىغا غىدىڭ ـ پىدىڭ گەپ قىلالماستىن ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، يۈرۈشلەشكەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى تەڭ تۈۋلاشتى ، رومكىدىكى ھاراقلارنى سۈنى سۈمۈرگەندەك قانماي ئىچىشىپ ، خۇدىنى يوقىتىپ ، ھەممىنى ئۇنتۇدى . سورۇن ئاخىرىدا تۇرغان دوقا ھېبىنى چەتكە تارتىپ ، يېنىدىن يەنە بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەرگەچ دېدى :

— بۈگۈن ئۆرۈمىگە چۈشكەن پۇللارنى ئىلىدىكى بارلىق سازەندە ، چاقچاقچىلارنىڭ ئۆرۈمىدىن چۈشكەن پۇلى دەپ ، بىر تىيىنىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلماي يېتىم بالىلىرىڭغا خەجلە . قارىسا چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان قەشقەلىقنىڭ ئالا مۇشۈكىگە ئوخشايدىكەنسەن . ئەپتىڭدىن بىر ئادەمگە نەپ بېرىدىغاندەك ئەمەس .

— راست ، ئۆيۈمدە ئۆزۈمگە ئوخشايدىغان بىرلا ئالا

www.uyghurkitap.com

مۇشۇكۇمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق .

— ما سويما نېمە دەيدۇ ئەمدى؟ ئۇنداقتا قىرىق ئۇچ بالىنى نېمە بىلەن باقىسەن؟

— كۇنـدە سورۇندا يۇرىمەن . خۇدا ماڭا بەرگەن كەسىپ چـاقچاقلىشىش ، خەقنى خۇش قىلىش ، كۇلدۇرۇش ، يىل بويى كۇنوم شۇنداق ئۆتىدۇ . ئۆرۈمە چۇشىدۇ . يىلىغا يىگىرمە بەش مىڭ سومدىن ئوتتۇز مىڭ سومغىچە ئۆرۈمە ئالىمەن . شۇ ئۆرۈمە پۇل قىرىق ئۇچ بالىنى بېقىپ ئوقۇتۇشقا يېتىدۇ . ئۆرۈمە پۇلنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ ئۇيان ـ بۇيان قىلماي بالىلارغا خەجلەيمەن . بۇ پۇللارنى ئاشۇ قـىرىق ئۇچ بالامغا ئاتىۋەتكەن . بىر تىيىنىغا چېقىلسام يېـتـىمـنىڭ ھەققىنى يېگەن توڭگۇزغا ئايلىنىپ ، گېپىم پۇلغا ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ . يېقىندا ئىككى بالامنى نۇرتاي ھاجىمنىڭ مەكتىپىگە ئۆستۇرىدىغان بولدۇق . ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە ئىككى بالا ئالىمەن . بالىلارنىڭ شتاتى مۇقىم . بىر بالا ئارتۇق كەلسە پۇلۇم يەتمەيدۇ . بالا كەملىسە ، بىر بالىنىڭ پۇلى ئاشىدۇ .

— مۇشۇكتەك تۇگۇلۇپ تۇرغان بىلەن مەندىن ئارتۇق ئوغۇل بالىكەنسەن . قىسىلساڭ مېنى ئىزدە ، ئالا مۇشۇك ، — تۇرغان دوقا شۇنداق دەپ ئالىي ماشىنىسىغا چىقىپ كەتتى . ھېبى چىقىدىغانغا مـاشىنا تاپالماي ، يولنىڭ قىرىنى بويلاپ ، مۇشۇكىنى ئەسلەپ پىيادە ماڭدى .

ھـېـبـى مـاڭـغـانچە يول كىرىپ يايىدىغان تانىدەك توختىماي پۇلاڭلاشقا باشلىدى . قاراڭغۇدا كەڭسايىنىڭ يولى يۇلتۇز كۆچۈپ چـۈشـكـەنـدەك ساناپ بولماس ماشىنا چىراغلىرى بىلەن يورۇپ تۇراتتى . ھېبى ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا شامالدا قالغان يالغۇز دەرەخـتـەك پـۇلاڭلاپ ماڭدى . ئىككى تەرەپتىكى ئېگىز تاغنىڭ ئـۇسـتـىدە بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن قارىغايلىقتا كۇندۇزى قارىسا قـورقـۇپ ، تـېـنى شۇركەنگەندى . مانا ئەمدى تاغ تۆپىسىدىكى قارىغايلىق غايەت زور قارا بۇلۇتتەك سۇرلۇك بولسىمۇ ، ھېبىدە قورقۇشتىن ئەسەر بولمىدى . ئۇنىڭ ئوڭ قولى پومپىيىپ كەتكەن

تۆش يانچۇقى ، قويۇنلىرىنى توختىماي سىلايتتى . بايلار نېمىشقا قورقۇمسىز ، ئەيمەنمەس بولىدىكىن دېسە ئۇلارنىڭ يانچۇقى پۇلغا تولغاچقا ، يۈرىكى يوغىناپ ھېچنېمىدىن قورقمايدىكەن ـ دە ، دېگەن خىيال ھېبىنىڭ كاللىسىدىن غىل ـ پال ئۆتتى . بايا سورۇن تارقىغاندا ھەممە ماشىنا ئادەم بىلەن تولغان ، چاقچاقچىلار بىلەن سازەندىلەر بىر ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان . سورۇن تارقىلىشقا يېقىن سازەندىلەر بىلەن چاقچاقچىلار مەستچىلىكتە ئۆزئارا تىللىشىپ ، غۇدىرىشىپ ، ھەممىسى دېگۈدەك ھېبىنى ئەيىبلەپ ، ئۇنى بۇ سورۇنغا چاقىرغانىنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە تىللىدى . ئاندىن ھېبى بىر ماشىنىغا چىقىپ قايتقۇچە يولدا ئۇنىڭدىن ئازراقتىن بولسىمۇ پۇل بەر دەپ ئالماقچى بولۇشتى . يەنە بىرقانچىسى بۇ نامەرتلىك بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇل يېتىم ھەققىگە ئاتىۋېتىلدى ، بولدى بىز رازى ، ئالمايمىز دېيىشتى . يەنە بىرلىرى ھەممىنى ئالىمىز دېمىدۇق ، ئازراقتىن بەرسۇن دەپ غۇدۇراشتى . يەنە بىرلىرى بۇنداق قىلساق ئەتە ـ ئۆگۈن بۇ گەپ تارقايدۇ . خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋاچىلىقتا قالمايلى ، دېيىشتى .

ھەر خىل كۈس ـ كۈس مۇنازىرە پاراڭلىرى ھېبىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ۋەسۋەسە چۈشۈپ خەق ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ، كىم قايسى ماشىنىغا چىقىدۇ دەپ بولغۇچە چىغىر يول بىلەن پىيادە غىپپىدە قاچتى . ھېبى قوغلاپ كېلىپ قويىدىكى پۇلنى تارتىۋالىدىغاندەك بىر ۋەسۋەسە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىدى . كاللىسى قىزىغان مەستلەرنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ . ھېبى تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان ئېغىر بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئېسىلىپ چىقىپ ، يۈك ئۈستىدىكى پالاسقا يۆگىنىپ ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتتى . راھەتلىك بىر سېزىم ئەزايىغا تارىدى ، كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇز قىرىق ئۈچ يېتىمنىڭ ئۆزىگە لۆمۈلدەپ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدەك شۇنداق يېقىملىق ئوماق كۆرۈندى . ئۇ باللىرىنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۈنسىز كۈلۈۋەتتى . ئۇ

كۆلۈشكىلا پۈتۈن باللار پۈتۈشۈۋالغاندەك بىر ئاقلا كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز قالمىغاندەك، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىۋالغاندەك بولدى.

ئىسسىق، يۇمشاق ھەم ھۆل بىر تاتلىق نەرسە ھېبىبىنىڭ مەڭزى، كۆزى، ساقال باسقان ئېڭەكلىرىگە توختىماي تەگكىلى تۇردى. ئەجەب بوۋاقنىڭ قولىدەك... ياق... كىم مېنىڭ يۈزۈمنى ئىسسىق لۆڭگە بىلەن... ياق... مېنى كىم... قايسى قىز سۆيۈۋاتقاندۇ؟... ئەجەب تاتلىق سۆيىدا... ئاخشام مەستچىلىكتە قايسىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغاندىمەن؟... پاشا ئوخشىمامدۇ... ياق... ئۇ ئەمەس... ئۇ... ئۇنداق سۆيمەيدۇ. ئۇ ئەمەس بولسا كىمدۇ؟ ئەجەب تونۇش تاتلىق بىر سۆيۈشقۇ بۇ... قايسىدۇ؟... ئەجەب ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. بەك يېقىن بىرى، ئەجەب ھۇزۇرلاندۇردى. جانغا راھەت سۆيدى. ھېبى كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئۆزى ئامراق ئالا مۈشۈكى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يالىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۆزى بولسا قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىغا يۆلىنىپ ئۇخلاپتۇ. قولىدا «ئۈلكەر» كەمپۈتلىرى قاچىلانغان چوڭ بىر خالتا تۇرۇپتۇ. چۆچۈپ مۈشۈكنى چۆرۈۋېتىپ قوينىنى، يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. يېقىملىق ئالا مۈشۈك توپىغا پاققىدە چۈشۈپ بىر يۇمىلاپ، يەنە ھېبىبىغا يامىشىپ مۈرىسىگە چىقىۋالدى. ھېبىبىنىڭ قوينى يانچۇقلىرىدىكى پۇل ئاخشام ئۆزى رەتلىك سالغان پېتى چىرايلىق تۇرۇپتۇ. ھېچ يىتكەن، يوقالغان سىنى يوق. ھېبىبىنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستىبېشىنى قاقتى. توۋا، شۇنچە يەردىن قانداق كەلگىنىمنى، بۇ كەمپۈتلەرنى نەدىن ئالغىنىمنى بىلمەيمەن. شۇنچە يەردىن ئۆيۈمنى تېپىپ كەپتىمەنۇ، ئۆيۈمگە كىرىپ ئۇخلىماي دەرۋازىغا يۆلىنىپ ئۇخلىغىنىم نېمىسى؟! تازا قىزىق ئىش بوپتۇغۇ. ئۇ دەرۋازىسىدىن كىرىشىگە ھويلىدىكى مەيداندا ئەتىگەنلىك تەنھەرىكەت ئويناۋاتقان باللار چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ سۆيۈپ، قولىدىكى بىر خالتا ئۈلكەرنى بۇلاپ - تالاپ كېتىشتى.

— ھېبى دادا... ھېبى دادا... سىزنى سېغىندۇق.
باللار ھېبىنى پوملاقلاپ بېسىۋالدى. ھېبى ئوڭدا يېتىپ بىر توپ باللارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى. باللار گۆلگە ئولاشقان ھەسەل ھەرىسىدەك ھېبىنى كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى كۆرۈنمەي قالدى. ئالا مۇشۇك ھېبىنى يىتتۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، مىياڭلاپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ ھېبىنى پومىلاقلىۋالغان باللارنىڭ دۈمبىسىگە چىقتى- دە، توختىماي مىياڭلاپ زارلىنىپ كەتتى. مۇشۇكنىڭ زارى خۇداغا يېتىپ، تەنتەربىيە مۇئەللىمى كېلىپ پۇشتەك چېلىپ بىر ۋارقىرىغاندى، باللار قۇرغۇيدىن ئۈركۈگەن قۇشقاچلاردەك ھەش- پەش دېگۈچە تارقاپ، توپىدا ئوڭدىسىغا ياتقان ھېبىلا قالدى. ھېبىنى ئاران تاپقان ئالا مۇشۇك خۇشال مىياڭلاپ ھېبىنىڭ مەيدىسىگە چىقىۋالدى. ھېبى كۆزىنى يۇمۇپ كۇلۇمسىرەپ ياتقانىدى.
— ماۋۇ باللارنىڭ قىلىقىنى كۆرمەمدىغان، ئەركىلەك دېسە شۇنداقمۇ ئەركىلەمدۇ ئەمدى. سەت بولدى، ھېبى سەت بولدى. مەن باللارغا تەربىيە قىلاي. سىزنى توپىغا چەيلەپ قىلىۋەتكەن قىلىغىنى قاراڭ ئەمدى. سىزنى مىجىقلاپ بىر يېرىڭىزنى ئاغرىتىۋەتتىمۇ؟ كېلىڭ، مەن سىزنى يۆلەپ قوياي... مېنى ئەپۇ قىلىڭ ھېبى. باللارنى ياخشى تەربىيىلىمىگەن گۇناھ مەندە. ئەكېلىڭ قولىڭىزنى، مەن سىزنى يۆلەي.
— ياق مۇئەللىم بولدى. مېنى يۆلىمەڭ. باللارغا تەربىيەمۇ قىلماڭ. مېنى مۇشۇنداق سوزۇلۇپ ياتقىلى قويۇڭ، ھاردۇقۇم چىقتى.
— بىر يېرىڭىز ئاغرىمىغاندۇ؟ قىرىق ئۈچ بالا پوملاقلاپ بېسىۋالسا بىر يېرىڭىز ئاغرىماي قالامتى. كېلىڭ.
— ياق، ياق... ماڭا تەگمەڭ... بىردەم راھەتلىنىپ ياتقىلى قويۇڭ... سىز... سىز... بۇ راھەتنى بىلمەيسىز. چۈنكى، سىزنىڭ قىرىق ئۈچ بالىڭىز يوق، ھەم ئۇلار سىزنى بۇنداق پوملاقلاپ ئەركىلەپ سۆيۈپ باقمىغان. سىز بۇنى چۈشەنمەيسىز... مېنى

ياتقىلى قويۇپ ، بىرنىپ باللارغا دەرسىڭىزنى ئۆتۈۋېرىڭ .
مۇئەللىم گەدىنىنى تاتىلاپ باللارنى رەتكە چاقىرىپ پۈشتەك چالغىنىنچە كېتىپ قالدى . باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا نەچچىدىن ئۆلكەر ، ئاغزىلىرىدىمۇ ئۆلكەر ، ئاز ئالغانلىرى جىق ئالغانلىرىنى قوغلىشىپ يۈرەتتى .

ھېبىگە ئوچچە ئىرىشكەن ئالا مۈشۈك تەبەسسۇم بىلەن كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان ھېبىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ئىسسىق يۇمران تىللىرى بىلەن توختىماي يالايتتى . خۇشاللىقتىن مۈشۈكنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كەتكەن بولۇپ ، دىڭگايتىۋالغان قۇيرۇقىنى توختىماي پۇلاڭشىتىپ ، ھېبىنىڭ مەيدىسىدە سەكرىگىلى تۇردى .

— ھېبى ، بالام قوپە .

ھېبى چاچراپ قوپتى . پاكىز قىرىغان دادىسى ئاپئاق ساقاللىرى ئارىسىدىكى چىرايلىق ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇراتتى .

— نېمانداق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىگىناپلا ھاردۇق چىقىرىۋاتقان تەخىيدەك ياتىسەن ؟

— ئىشەك توپىغا ئىغىنىسا نېمانداق قىلىدىغاندۇ دەپتىكەنمەن . راست ھاردۇق چىقىپ راھەتلىنىدىغان ئىشكەن ئەمەسمۇ ؟

— ئەمما ئىشەك بولۇپ قالما بالام . ئادەم بولغىنىڭغا پۇشايمان قىلمايدىغانسەن ؟

— ياق ، دادا .

— ئانداق بولسا ئۆيدە كۆمۈر تۈگەپتۇ ، يۈز سوم قەرز بېرىپ تۇر . كۆمۈر ئەكەلگۈزۈۋالاي .

— قەرز بەرگۈدەك پۇلۇم يوق .

— باللارنىڭ پۇلىدىن باردۇ ؟

— ئۇ دېگەن باللارنىڭ پۇلى دادا . سەن بىلەن بىز يېتىم ھەققىنى يېسەك بولمايدۇ .

— هازىرچە بېرىپ تۇر ، شىمشكا پىشقاندا قايتۇرۇپ بېرىمەن . يېتىم ھەققىنى يېمەسلىكنى مەن ساڭا ئۆگىتىپ چوڭ قىلسام ، ئەمدى سەن ماڭا ئۆگەتكىلى تۇردۇڭما ، ئىشەكنىڭ تەخيى ئالدىغا ئۆتۈۋالغاندەك .

— تۇتە مانا يۈز كوي . ئۆتكەندە ئالغان قەرز قانچىتى ؟

— ئۆتكەندە ئەللىك سوم ئېلىپ ، يىگىرمە سومنى قايتۇردۇم .

— قانچىسى قالدى .

— ئوتتۇزى .

— ئەمدى قانچە بولدى ؟

— يۈز ئوتتۇز سوم .

— ئەمسە شىمشكا پىشقاندا بىر تىيىن كەم قىلماي قايتۇرھە ، بۇ دېگەن يېتىملەرگە ئاتىۋاتقان پۇل . سەن بىلەن مېنىڭ بىر تىيىن ھەققىمىز يوق .

ئاتا ـ بالا ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈۋەتتى .

— تۇنجى دورام ساتقان شىمشكىنىڭ پۇلىدا بالىلاردىن ئالغان قەرزنى بېرىمەن خۇمپەر . ئاغزىڭ يەنە ئېچىپ قالغان چۈخەي پۇراپ كەپسەن . قاچانمۇ ماڭا ئەگىشىپ مەسچىتنى تاپارسەن ؟

— سەنچە بولغۇچە .

— ھە مۇنداق دە ، — بوۋاي شۇنداق دەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى . ھېبى ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن زوقلىنىپ قاراپ قالدى . ئالا مۇشۇك يامىشىپ مورىسىگە چىقتى .



# كېچىدىكى مەرگەن

كۈننىڭ قاراڭغۇ تاغنىڭ چوققىسىغا باش قويۇشى بىلەن تاغنىڭ كۆتەك ھەرىسىنىڭ چىشىدەك، سىمىز تۆگىنىڭ لوككىسىدەك باش ئۇچلىرى قىزىرىپ قاراڭغۇ تاغ باغرىدىكى تاقىر باشنىڭ چوققىسىدىكى ئۇ يەر، بۇ يەردىكى يالغۇزسىراپ، يېتىمسىراپ سارغىيىپ قالغان تۈكتەك توغراقلارمۇ قۇياشنىڭ قىزىل نۇرىغا چىدىمىغاندەك تەلمۈرۈپ بويۇن قىسىپ قاراپ قېلىشتى. بۇ تاغ قاراڭغۇ تاغ دەپ ئاتالغاچقىمىكىن، بۇ تاغنىڭ باغرىدىكى سۇيۇق، شالاڭ توغراقلىق قاراڭغۇ توغراق دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. بۇرۇن ئىنتايىن قېلىن ـ قويۇق ئۆسكەن توغراقلىق بولۇپ، كېيىن سۇسىز چۆلنىڭ قاغجىرىغان قۇملۇقىدا نەم ئالمىغانلىقتىن توغراقلار قۇرۇپ، سەكرەپ ئىلگىرىلەشتىكى ئوت قويۇپ ئۆرتەشلەردە كۆيۈپ تۈگىگەچكىمۇ بۇ توغراقلار ئىسمىنىڭ تەتۈرىچە قاراڭغۇ چۈشۈرگۈدەك قويۇق توغراق بولۇش تۈگۈل ئۆزىگىمۇ سايىسى چۈشمەيدىغان تاپتاقىر ئىدى. شۇڭا، ئۇ سۈيى ئاچچىق شورلۇق كۆلنى خەق تەتۈر مەنىدە كىنايە قىلىپ شېكەركۆل دەپ ئاتىۋالغاندەك تەتۈر ئات بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، قاراڭغۇ تاغ دېگەن ئات جايىدا قويۇلغاندەك قىلاتتى. چۈشتىن بۇرۇن تاغنىڭ چوققىسى تەرەپ يورۇق، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى قاراڭغۇ كۆرۈنسە، چۈشتىن كېيىن تاغنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى قاراڭغۇ، بېلىنىڭ تۆۋىنى «ئوشۇقلىرىغىچە» يورۇق ئىدى. مانا ھازىرقىدەك



www.uyghurkitap.com

كۈن ئولتۇرغان نامازشام، ئېغىر زاۋال ۋاقتىدا بولسا، تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىن تارتىپ بەل، پۈت، ئۇشۇقلىرىغىچە قاراڭغۇ كۆرۈنىدىغان تەبىئىتى بار تاغلىق ھەم توغراقلىق ئىدى. ئۆزى تاقىر بولغان بىلەن مېھرى ئىسسىق، سەت كۆرۈنگىنى بىلەن رىشتىنى ئۈزگىلى بولمايدىغان بۇ تاغلىق ئەلمىساقتىن تارتىپ مۇشۇ زېمىنغا قوزۇق قىلىپ قېقىلغان، مۇشۇ كەڭ زېمىنغا تولىمۇ ياراشقانىدى. ئاندا ـ ساندا قالغان بولسىمۇ توغراقلارمۇ گويا تاغدىن ئىلھام ئالغاندەك قۇملارنىڭ كۆچمەسلىكى، ھاۋاغا ئۇچماسلىقى ئۈچۈن قۇملارنى قاماللاپ تۇرغانىدى. توغراقلارنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا «خىيۇنداي» ماركىلىق بىر دالا ماشىنىسى ئالەمنىڭ توپىسىنى سورۇپ تاغ ئارىسىدىن قۇملۇق ئارىسىغا بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاق توپا زاۋالدىكى كۈننىڭ قىزىل نۇرىدىن قىزىل تۇمان ھاسىل قىلىپ قاراڭغۇ تاغنىڭ قارامتۇللاشقان كۆك ئاسمىنىنى تۇمانلاشتۇردى.

ماشىنا بەزىسى پاكار، بەزىسى ئېگىز، بەزىسى توم، بەزىسى ئىنچىكە توغراقلار ئارىسىدا ئەپچىل بېغىرلاپ، يولسىز، نەمسىز قاغجىرىغان قۇم ئۈستىدە چار يىلاندەك تولغىنىپ، پادىدەك توپا سورۇپ توغراقلىق قۇم دېڭىزى ئىچىگە شۇڭغۇدى. ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا كۆڭۈلسىز، خاپىغان ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋاتقان دولقۇن قاراڭغۇلۇقتىكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان توغراقلارغا قاراشتىن سۇر بېسىپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. بۇرنىغا ئاچچىق توپىنىڭ ھىدى ئۇرۇلۇپ دىماغلىرى ئېچىشىپ، بېشىدىكى ئامېرىكانچە مەرگەنلەر شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى تېخىمۇ كۆزىگە تارتىپ، بۇرۇنلىرىغىچە يېپىۋالدى. ئويلىماي، خىيالىدىن چىقىرىۋېتەي دېسىمۇ بايا ئانىسىنىڭ قاڭغىر قاقشاپ ناله ـ زار قىلىپ يىغلاپ قالغان كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، زادى كەتكىلى ئۇنىمىدى. باياقى كۆڭۈلسىز جېدەلدە گۇناھ دادامدىن ئۆتتىمۇ؟ ئانامدىن ئۆتتىمۇ؟ ياكى مەندىن ئۆتتىمۇ؟ دەپ دەماللىققا ئايرىيالماي قالدى. كېيىن

مەيلى كىمدىن ئۆتسۇن ـ ئۆتمىسۇن ، بۇ جېدەل ـ ماجىرا مەن سەۋەبچى دەپ توختىماي ئۆزىنى ئەيىبلەپ ، ھەسرەت ـ نادامەتتە ماڭدى . پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى . «ئىسىت ئانىمە دەپ تەتىلدە ئۆيگە كەلگەندىمەن . خاڭجۇ ، سۇجۇ ، جوڭچىڭلەرنى ساۋاقداشلىرىم بىلەن ساياھەت قىلىپ كۆڭۈل ئاچسام ، كىلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندىكىن كۆڭۈللۈك دەم ئالسامچۇ . ئانامنىڭ يىغىسىغا چىدىماي ، بوپتۇلا ، ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇدۇم دەپ ئاتا ـ ئانام بىلەن يىلدا كۆرۈشىدىكەنمەن ، ئانام ئەتكەن تاماقنى يەپ ، يۇرتنى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى كۆرۈپ كېلەي دەپ كەپتىمەن . مانا كەلگىنىمگە تويدۇمما ؟ بولدىمۇ ؟ ئىسىت ، ساۋاقداشلىرىم جەنۇبىي جۇڭگونىڭ شەھەرلىرىنى ساياھەت قىلىپ ئويناپ كېلىمىز دىگەندە كەلمەي ئويىنسامچۇ ، مىنى دەپ دادام ـ ئانام قاتتىق سوقۇشۇپ قالدى . مۇشۇ دادامنىزە ، قانداقمۇ قىلارمەن ؟...

— ئانا ، دادامغا گەپ قىلساڭچۇ ! — دىگەنىدى ئۇ جىلە بولۇپ ، — مەن ئۇۋغا ، ئوۋچىلىققا قىزىقمايمەن . ئوۋچىلىق قىلغۇم يوق . مەرگەن بولغۇم تېخىمۇ يوق .

— مىنى دېمىدى دەمسەن بالام . بۇ غالجىر ، تەلۋە داداڭ بىر ئىشنى قىلمەن دەۋالدىمۇ بولدى ، بولۇپ بېرىدۇ ، تۇغۇلغاندا تاش چىشلىتىپ ئىغىزلاندۇرۇپتۇمىكى بۇ مۇتتەھەم داداڭنى... يەنە دەيمەن . سەنمۇ دە ، مەنمۇ دەي . تاشتەك باغرى ئېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، — ئانىسى بىلەن شۇ غەمدە ئولتۇرغاندا ، قارا تەرگە چۆمۈپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ كىرگەن دادىسى ئانا ـ بالىنى كۆرۈپ قايناپلا كەتتى .

— ۋاي ، تېخى يىبلى چىقىپ كەتكەن كونا بالوندەك ماكچىيىپ ئولتۇردۇڭلارمۇ ؟ قېنى نان ـ توقاچ ، قېنى مىۋە ـ چىۋە قاچىلىدىڭمۇ ؟ ئۇ چۆلدە بىزگە بەتتە پولۇ يوق . مىۋىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان باغ ـ ۋاران ، قوغۇن ـ قاپاق يوق . چاي ـ سۇ ئىچىدىغان يوغان سۇدان ، چىدىر ، قازان ـ چۆگۈن ، چاقماق ، گۈڭگۈرت ،

قولچىراغ، بولۇپمۇ قولچىراغ دېگەننى زاپاس بەش ـ ئالتىنى ئالدىغان گەپ. قېنى تەييارلىدىڭمۇ كالۋا خوتۇن.

— دادا مەن ئۇۋغا قىزىقمايمەن.

— مەرگەن بولۇش ئۈچۈن، مانا داداڭدەك مەرگەن بولۇش ئۈچۈن، ئۇۋچى بولمىساڭ قانداق مەرگەن بولىسەن؟ مەن دائىم يېزىپ، تېلېۋىزىيىدە، مەكتەپلەردە سۆزلەپ يۈرگەن ساپا مائارىپى دېگەن مۇشۇ. مائارىپ دېگەن يالغۇز مەكتەپتە، سىنىپتا ئەمەس، ئۆيدە، باغدا، تاغدا، ئادەملەر ئارىسىدا، كەڭرى تەبىئەت قوينىدا بولىدۇ. بۇ سەن ئۈچۈن مۇھىم ساپا مائارىپى، تەربىيە. مەن ئائىلىدە ئۇزاقتىن پىلانلاپ، تەييارلاپ ئورۇنلاشتۇرغان ئوق، ئوۋ، ئوۋچىلىق، مەرگەنلىك دېگەنلەر ئوغۇل بالا ئۆگىنىدىغان، ئەرنى ئەر قىلىپ تاۋلايدىغان، ئەر كىشى قىلىدىغان ئىش. ئوۋچىلىق دېگەن كاتتا بىر مەكتەپ. سېنىڭ بېيجىڭدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىڭدە مىڭ يىل ئوقۇساڭمۇ بۇ دەرس، بۇ پۇرسەت يوق. بۇنداق پۇرسەت يۇرتۇڭدا، داداڭدا بار. داداڭ ئائىلىدە سەن ئۈچۈن بۇ ئوۋچىلىق، مەرگەنلىك پۇرسىتىنى تەييارلىدى، بۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت، مۇناسىۋەت، چىقىم كەتتى، بىلەمسەن؟ سېنى ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەۋەتىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇل، قىلغان خۇشامەتتىن ئېشىپ ئىش كەتتى. مەن ئوغلۇم ئۈچۈن شۇنچە كۆيۈپ ـ پىشۋاتسام، تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق دېگەندەك، نېمانداق لايغەزەل، بوش ئولتۇرىسەن دەيمەن. ھەي بالا دېگەن راھەت، ئاسان تۇرمۇشتا چوڭ بولسا، مانا مۇشۇنداق ئۆلۈك، لايغەزەل چوڭ بولۇپ قالىدۇ. ئەتىگەنگە تاپسا كەچكە يوق، زاغرا يەپ، ئۇماچ ئىچىپ چوڭ بولسا ئاندىن ئادەم بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى دېگەن سەندەك لاتا قاس ـ قاس، لايغەزەل ئوغۇل بالىنى ئوتتۇندەك، جىگدە كۆتىكىدەك تاۋلاپ چىقىدۇ.

— سەن بىر داڭلىق مۇخبىر. گېزىتكە يېزىڭ، سۆزلەڭ دېسە ئالتە ئېشەككە يۈك قىلىپ سۆزلەيسەن. ھايۋانلارنى ئوۋلاش

دۆلەتنىڭ قانۇنىدا چەكلەنگەن ئىش تۇرسا، نېمىشقا قانۇنغا خىلاپ ئىشنى ئۆزۈڭ قىلىسەن؟

— تەشۋىقات دېگەن تەشۋىقات، قانۇن دېگەن قانۇن. گېزىت، تېلېۋىزور دېگەن تېلېۋىزور. يازىمىز، سۆزلەيمىز، تۇرمۇشتا نېمە قىلغۇمىز كەلسە شۇنى قىلىپ ياشايمىز. بۇ يالغۇز مەن ئەمەس، ھەممە ئادەم قىلىۋاتقان ئىش.

— شۇڭا داداڭ ئۇۋچىلىقنى كېچىسى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ پايدا ئېلىپ كۆنگەن، — ئاپىسى سۆز قاتتى.

— ئەسلىي سەن ھەممە ئادەمگە تەشۋىق قىلغاندىكىن ئۆزۈڭ قىلماسلىقىڭ كېرەك. مېنىڭ ئاشۇ بىچارە جەرەن، كېيىك، بۆكەنلەرنى ئۆلتۈرگۈم يوق.

— مانا ئەرلىك، ئوغۇل بالىلىق، بۇزۇش — قۇرۇش روھى ئۆلگەن، تۇرقى ئەركەك، قىلىقى ئايال دېگەن مانا شۇ. مانا مۇشۇ ئوۋ ئارقىلىق سېنىڭ مانا مۇشۇ ئايال تەبىئىتىڭنى ئەركەكلىككە قايتۇرۇپ كەلمەكچى، يەتكەن پۇلنى تېپىپ جايىغا سېلىش دېگەن مانا مۇشۇ. مەن ساڭا بىر قىممەتلىك ھېكمەتلىك دەرس ئۆتمەكچى. بۇ دەرس دەل ئوۋچىلىق جەريانى، كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ، قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ، ئېتىپ، ئاندىن ئاڭلايسەن. مەن بۇ دەرستە ساڭا ئىنتايىن مۇھىم ھېكمەتنى ئۆگىتىمەن.

— دۆلەتنىڭ قانۇنىدا قوغدىلىدىغان ھايۋانىنى ئوۋلاش، ئۆلتۈرۈش جىنايەت. ئاندىن شەخسلەرنىڭ قورال ساقلىشى تېخىمۇ قانۇنسىز تۇرسا، سەن قورالنى نەدىن تاپىسەن؟

— ھەببەللى، داداڭنىڭ ئەپچىلەملىكى مەشەدە. دەل دۆلەت چەكلىگەن، خەق قىلالمايدىغان، قىلىشتىن قورقىدىغان ئىشلارنى ئەپچىللىك بىلەن قىلالىشى، سۇ كىرمەيدىغان، ئىزى قالمايدىغان قىلىپ قىلالىشى داداڭنىڭ ئالاھىدىلىكى. ھەممە نىمىنىڭ، ھەر ئادەمنىڭ، ھەرقانداق قاتتىق قانۇن — تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرنىڭ ئاجىز يېرى بولىدۇ. مەن ئاشۇ ئاجىز يەرنى قارىغا ئېلىپ تۇرۇپ، جايلاپ، ئەپلەپ ئىشنى پۈتتۈرىمەن، مەقسىتىمگە يېتىمەن.

مەسىلەن، ئوۋنى، قورالنى قانداق ھەل قىلدىڭ دېگەننى مىسالغا ئەپبېرەي. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى قوغدىغۇچىلارنى چۆلدىكى پىداكار جەڭچىلەر، تىلسىز ھايۋانلارنىڭ ئۈنسىز قوغدىغۇچىلىرى، پىداكارلىرى دەپ گېزىتلەردە يازدىم. رادىئولاردا تونۇشتۇردۇم. تېلېۋىزورغا خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىللە چىقاردىم. ئۇلار شۇنىڭ خۇشلۇقىدا ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ مىلتىقىنى بېرىپ، ئۆزلىرى قوغدايدىغان ھايۋانلارنى مانا قانغۇچە ئېتىۋالسىلا، دەيدۇ. مانا يىل بويى بىزنىڭ ئۆيىدە جەرەن، كېيىك، بۇغا، ئارقارنىڭ گۆشى ئۈزۈلمەيدۇ. گۆشنىڭ غېمى پۈتتى دېگەن گەپ. مەن يىلدا بىر ئوۋ ئوۋلايمەن، قوغدىغۇچىلار بىزنى يىل بويى ئوۋ گۆشىدە باقىدۇ. مەن ئۇلارنى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىر تېلېۋىزورغا چىقىرىپ قويىمەن، ئىش تامام ۋەسسالام. مانا ھازىرقى ئوۋ مەخسۇس سەن ئۈچۈن. ھەممىسى تەييار.

— تاسادىپىي تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقمامسىز.

— تۇتۇلۇپ قېلىش دېگەن نېمە؟ داداڭنى كىم تۇتۇۋالىدۇ؟ داداڭ دېگەن داداڭ ـ دە، داڭلىق مۇخبىر شاۋقۇن دېسە چوڭدىن كىچىككىچە ھەممە ئادەم تونۇيدۇ.

— داداڭ ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىشتىن يۈزى چىم قىلىپ قويمايدۇ. ئىككى قېتىم تۇتۇلۇپ سوتقا چۈشتى. ھەممە تۆشۇكتىن، سوتتىن كەمەك ھەييارەك چىقىپ يەنە ئۆز مۇخبىرىمىز بولۇپ، يۈزىنى پولۇدەك قىلىپ شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ يۈرۈۋېرىۋاتىدۇ. مەن نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەي يۈرسەم، داداڭ قېلىن سۇ ئىچىپ چوڭ بولغان ئوخشايدۇ. يۈزىدىكى قارا پاتقاقلارنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇلۇغ سۆزلەپ يۈرۈۋېرىۋاتىدۇ. داداڭ ئۈچۈن نومۇس قىلىشنىڭ ئۆزى نومۇس.

— ئاناڭنىڭ گېپىگە ھە دەپ قويۇپ يۈرۈۋەر. ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭ چالا ئادەم بولۇپ، مەڭگۈ پاتقاقتىن چىقالمايسەن.

— دادا ئــىشقىلىپ ، قانۇنسىز ، يولسىز ئىشنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايدۇ . سەن خەقنى قىلماڭلار دەپ خەققە چاقىرىق قىلىپ قويۇپ ، ئۆزۈڭ دەل شۇ ئىشنى قىلساڭ ، مەن دوستلىرىم، ساۋاقــداشــلــىــرىــم ئالدىدا سەندەك دادام بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىكەنمەن . سەن كۆزۈمگە ئىككى ئادەمدەك كۆرۈنۈۋاتىسەن...

شۇ گەپ بىلەن تەڭ شاپىلاق تېگىپ ئوغلىنىڭ بۇرنى قانىدى .

— هۇ ناكەس . سەن داداڭدىن نومۇس قىلىۋاتامسەن ؟ مەندەك داداڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىشتە يوق ، نومۇس قىلىۋاتامسەن ؟ سەن بېيجىڭدا ئوقۇپ مېنى ياراتمىغۇدەك ، جاۋابياندۇرغۇدەك بولدۇڭما ؟

— نېمانداق قىلىدىلا دەيمەن . ساراڭ بولدىلىما ؟ يىلدا بىر قېتىم ئاران كېلىدىغان بالىنى مۇشۇنداق ئۇرامدىلا هە ؟ قانداق دېگەن باغرى تاش دادا . سىلىنىمۇ دادا دېگىلى بولامدۇ ؟

ئانىسى دادىسىغا ئېسىلدى . دادىسى ئانىسىنى بىرنى سىلىپ ئوڭدا چۈشۈردى .

— ئــاغــزىڭنى يۇم قانجۇق . سەن تۆگىدەك بولغان بالىنى ئەركــىــلــىــتــىــپ ، مــانــا مــۇشــۇنــداق دادىسىنى ياراتمايدىغان ، هاقارەتلەيدىغان قىلغان قانجۇق سەن . تېخى سېنىڭ تايىغىڭ نېسى . مــاڭــە لاتا قونجا ، — دادىسى شۇنداق دەپ دولقۇننىڭ قولىدىن سۆرىگەنچە سۆرەپ ماشىنىغا ئىتتىرىپ چىقاردى . ئانىسى يىغا-زار بىلەن قاقشاپ قالدى . كۆڭۈلسىز سەپەر مۇشۇنداق باشلاندى .

— دولقۇن... دولقۇن... بالام ئۇخلاپ قالدىڭما؟

— ياق .

— مــانــا كــەپــقالدۇق . قاراۋۇللۇق پونكىتىغا كەپقالدۇق . كۆزۈڭنى ئاچ ، — دادىسى مېھرىبانلىق بىلەن چاقىردى . دولقۇن كۆزىنى ئېچىپ شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى كۆتۈردى . ماشىنىنىڭ چــىــراغــنىڭ يورۇقىدا قىرى توغراقلارنىڭ ئارىسىغا سېلىنغان ئەنجان تاملىق پاكار ئۆيدىن ئۈچ ئادەم چىقتى . دادىسى سەكرەپ چــۈشــتى . شوپۇرمۇ چۈشتى ؛ ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى .

دولقۇن تۇگۇلۇپ ئۇلتۇرىۋەردى.

— چۇشـە، بالام دولقۇن چۇشە. ماۋۇ ئاكىلىرىڭ بىلەن چىرايلىق كۆرۈش، — دولقۇن قىمىر قىلماستىن تۇگۇلۇپ ئۇلتۇرىۋەردى.

— بالا قائىدە ـ يوسۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بەك بىلىپ كېتەلمىدى.

— تېخى كىچىك ئەمەسمۇ. چوڭ بولغانچە ئەقلىگە كېلىپ ئادەم بولىدۇ. قېنى ناھىيىدىن كەلگەن باشلىقلار. ھەرقايسىلىرىنى تۆگە سويۇپ ساپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدۇ. جەرەن، بۆكەن گۆشى پىشۇرۇپ قويدۇق. ئۆيگە چىقايلى.

— ئۆيگە كىرىپ گۆش يەپ ئولتۇرساق ئىسسىق بېسىپ ئۇخلاپ قالىمىز، ئىش ئۆلىدۇ. گۆشنى ئېلىۋېلىپ ئىش ئۇستىدە يەيمىز. قالغىنىنى ئەتە ئەتىگەندە كەلگەندە يەرمىز. قورال ـ ئوقلارنى تەخلەپ قويغانسىلەر؟

— تەخلەپ قويىمىدىغان. ئىككى مىلتىق، ئەللىك پاي ئوق، بەش قول چىراغ، ئون بەش تال ماي (باتارېيە) تەييارلاپ قويدۇق. يېتە، ھە؟

— ئېشىپ قالىدۇ. شوپۇر ئۇستام قادىخان، ئوغلۇم، مەن ئۇچىمىز كەڭتاشا يېتىدۇ. تاڭ ئاتارغا، تورغاي چۇچۇغا كېلىپ بولىمىز.

— بىزەر يېرىمىز بىللە بارامدۇق يا ئۆزلىرى بارىۋېرىشەملا؟

— قورالدىن ئەنسىرىسەڭلەر ياكى باشقا ئىشتىن خاتىرجەم بولالمىساڭلار بارساڭلارمۇ مەيلى.

— ۋاي بۇ سىلىگە ئىشەنمىگەنلىك ئەمەس. قورالدا چاتاق يوق. سىلىمۇ پارتىيە ئەزاسى، پارتىيىنىڭ مۇھىم ئاغزى. بىزمۇ پارتىيە ئەزاسى، پارتىيىنىڭ ـ تەشكىلىنىڭ ئادەمى. بىز سىلىگە ئىشىنىمىز. بۇ قوراللارنى، ئوقلارنى نەگىمۇ ئەكىتەتتىلە. ئەكىتىپىمۇ ھېچ يەرگە ئاپىرالمايلا. قوغداش رايونىنىڭ

خادىملىرىدىن باشقا ئادەمنىڭ قورال كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە يۈرىكى ئۇن ئەمەس .

— بۇ جەھەتتە ئەنسىرىمىسەڭلەر...

— ماۋۇ قۇملۇق ، چۆل يامان . سىلىنى ئېزىپ قالامىكىن دەپ ئەنسىرەيمىز شۇ .

— ئاھا . شۇمۇ ئەندىشە بولدىمۇ ؟ ماشىنىمىز ساز . ھەرقانداق قۇملۇقتا ئېزىپ قالساقمۇ چىقالايمىز . مەن يا تۇنجى قېتىم چىققان ئۇۋچى بولمىسام . ھەر يىلى بارغۇ مەن .

— ئۇغۇ راست . بۇ تەرەپتىنمۇ سىلى ئىشەنچلىك . ئەمما ، قۇم كۆچۈپ تۇرىدۇ . توغراقلار بىر - بىرىگە ئوخشاش . بۇلتۇرقى قۇم تاغلىرى بۇ يىل يوق ، تۈنۈگۈنكى قۇملۇق ئويمان بۈگۈن يوق ، شۇڭىزە ، قۇملۇقتا ئېزىپ قېلىپ سىلىنى ، بولۇپمۇ ماۋۇ ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك جاپا چەكمىگەن ، قۇملۇق ، جاڭگال كۆرمەي چوڭ بولغان ئاق تۇمشۇق بالىنى ھەرەج تارتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمىز .

— ھە ئانداق بولسا غەم يېمەڭلەر . مەن كونا ئۇۋچى . قۇم ، جاڭگالغا پىششىق . ئۇنىڭ ئۈستىگە قادىخان ئۇستامۇ پىشقان شوپۇر ، ماشىنىمىزدا چاتاق يوق . ھە قانداق دېدىم قادىخان ؟

— تۇمۇرگە ئىشەنگىلىمۇ ، چاقچاق قىلغىلىمۇ بولمايدۇ - دە .

— بۇ دېگەن كورىيىنىڭ ، جىڭ مالغۇ ئۇستام . سىلىنى بۇ ماشىنا بىرەر قېتىم يولدا ، قۇمدا قويمىغان بولغىدى .

— ئۇغۇ شۇ ئەمدى .

— سىلى قۇملۇققا تولا كىرگەن . چوڭلارنى قۇملۇققا دائىم ئۇۋغا ئاپىرىمەن دېگەنتىلە ، ئۇ كەپلىرىدىن يېنىۋالمىغانلا ؟

— ھازىرغىچە قۇملۇقتا ماشىنا بۇزۇلۇپ يا قۇمغا يېتىپ قالىدىغان ، يا ئېزىپ قالىدىغان ئىش بولمىدى . ئەمما ، كوزا كۈندە سۇنمايدۇ ، كۈندە سۇنىدۇ دەپ ، ھازىر مەيدە قاققان بىلەن بولمايدۇ ، — تاماكىسىنىڭ ئاخىرىنى شوراپ يۆتىلىپ كەتتى شوپۇر قادىخان . ئۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ، كىرپە تىكىنىدەك ساقاللىق

ئېڭىكىنى قاشلاپ ، ئېچىدە نارازى بولۇپ مىڭنى تىللاپ كەتتى . «دائىم ئادەمنى ئاۋارە قىلىدۇ . يوغانچى مۇخبىرچاق... چىقماي دېسە پونكىت باشلىقىنىڭ ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا چىرىۋېلىپ ، ئاغزىدىن چىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ ، ئادەمنى چىقىپ قويامدىكىن دەپ قورقىدۇ ئادەم . بولمىسا مەن ئۆتەپ - تېشىپ مۇشۇ كۆتۈرمىچىگە شوپۇرلۇق قىلامدىمەن ؟ كېچىسى قومغا ئېچىرەمدىمەن ؟ بۇ كۆڭلى قارا بەتنىيەتنىڭ چىشىغا بىر تېگىپ قويۇپ ، كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان رودۇپاي ئەمەس . بىر سەت كۆرۈنۈپ قالغان ئادەمگە ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە لالما ئىتتەك قاۋاپ ئارام بەرمەيدۇ .»

— ماڭدۇقمۇ ئۇستام ئەمىسە .

— ئۆزلىرى ماڭ دېسىلە ماڭىدىغان ، تۇر دېسىلە تۇرىدىغان ئادەممەن ، — دېدى شوپۇر ئۇستام يۆتىلىپ .

— بولدى ئەمىسە كەتتۇق . سەھەردە بامداتتا كۆرۈشەيلى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار قاراۋۇل پونكىتىدىن قورال ، ئوق ، گۆش ، يوغان سۇلياۋ تۇڭدا بىر سۇ ئېلىپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈرۈپ كەتتى . ئېگىز - پەس قۇملۇقتا ماشىنا بىردەم ئۆگزىگە چىققاندەك ، بىردەم ئازگالغا چۈشكەندەك ، بىردەم تامدا يانتۇ ماڭغاندەك بولۇپ ماڭسا ، بىردەم قويۇق توغراقلىق ، بىردەم گىياھسىز ئوچۇقچىلىقتا ماڭدى .

— بالام دولقۇن ئۇخلاپ قالدىڭما ؟

— ياق .

— ھە ئۇخلىمىغان بولساڭ ئەمدى مەن بۇ ئوۋچىلىقنىڭ ھېكمىتىنى ، نېمىشقا كېچىدە ، قاراڭغۇدا ئوۋغا چىقىشىمىزنىڭ سىرىنى ساڭا سۆزلەپ بەرگەچ ماڭاي . چۈشەنگەچ ماڭ . بىردەم ماڭساقلا كېيىك جىلغىسىغا بارىمىز . ئاندىن ئوۋنى باشلايمىز . تاماشانى شۇ چاغدا كۆرىسەن . مانا ئەمدى نېمىشقا كېچىسى ئوۋغا چىقتۇق دېگەن سوئالغا جاۋاب چىقىدۇ . قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا . ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئادەمدىن تارتىپ بارلىق سۇ ، شامال ،

www.uyghurkitap.com

تاغ، ئوت، هايۋانات، هاشاراتلارغىچە كۈچلۈك يېرى، ئاجىزلىقى بولىدۇ. سەن بۇ هاياتىڭدا غەلىبە قىلىمەن، غالىبە بولالا ياشايمەن، مەغلۇپ بولمايمەن، كۈچلۈك بولسىمۇ، ئاجىز بولمايمەن، داۋاملىق كۈچلۈك بولۇپ غەلىبە ئۈستىدە ياشاپ ئۆلىمەن دەيدىكەنسەن، ئالدىڭغا ئۇچرىغان هەرقانداق نەرسە، ئادەم بولامدۇ، هەرقانداق مەخلۇق بولامدۇ، ئۇ ساڭا دوست بولامدۇ، دۈشمەن بولامدۇ بىرىنچى قاراشتا، بىرىنچى سالامدىلا ئۇنىڭ ئاجىز يېرىگە قارا، ئاجىز يېرىنى ئىزدە، ئاجىز يېرىنى كۆزلە. ئاشۇ ئاجىز يېرىنى، ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالساڭ، ئىلىۋالساڭ سەن ئۇنى دوست يا دۈشمەن دىمەي بويسۇندۇرۇۋالىسەن، ئىلىۋالىسەن، ساپىقىدىن تۇتۇۋالىسەن ـ دە، مەيلى دوستۇڭ بولسۇن، دۈشمىنىڭ بولسۇن سەن ئۇنىڭدىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىسەن. ئۈستۈنلۈك قازانغىنىڭنىڭ ئۆزى غەلىبە قىلغىنىڭ. دوست بولساڭمۇ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇر. دۈشمەن بولساڭمۇ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇر. سەن ئۈستۈنلۈك هالىتىدە بولساڭ دائىم غەلىبە ئۈستىدە بولغان بولىسەن. غەلىبە دىگەن مانا شۇ. ئادەم دائىم ئۈستۈنلۈك ئۈستىدە بولمىسا غەلىبە قىلالمايدۇ. غەلىبە قىلمىدى دىگەن مەغلۇپ بولدى دىگەن سۆز. مەغلۇبىيەت دىگەن دائىم باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرماق، باشقىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا، ئارقىسىدا، باشقىلارنىڭ قولىغا قىلىش، ئاغزىغا قاراپ قىلىش دىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىلاردىن تۆۋەندە قىلىش دىگەنلىك خارلىقتىن، خارلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك. بۇ دۇنيانىڭ دوزىخى دىگەن مەغلۇبىيەت ئىچىدە، خارلىنىش ئىچىدە قىلىش دىگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، مىنىڭ ئوغلۇم بولىدىكەنسەن، مىنىڭ بارلىقىم، بايلىقىم، غورۇرۇم، ئىپتىخارىم، شان ـ شەرىپىم دىگەن سۆز. شۇڭا، هەرقانداق يول، هەرقانداق ۋاستە، هەرقانداق ئۇسۇل قوللىنىشىڭدىن قەتئىينەزەر بۇ هاياتتا غەلىبە قىلىشىڭغا، دائىم باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشۇڭغا بولىدۇكى، تۆۋەن تۇرۇشقا، مەغلۇبىيەت ئىچىدە تۇرۇشۇڭغا بولمايدۇ. غەلىبە

قىلىش ئۈچۈن ، بىرىنچى قەدەمنى ئېلىپ بوسۇغاڭدىن قەدەم ئېلىشىڭ بىلەنلا چۈمۈلە ئۇچرامدۇ ، توخۇ ، كەپتەر ، مۈشۈك ، ئىت ئۇچرامدۇ ، ئادەم ئۇچرامدۇ ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن قارا ، ئۇنىڭ كۈچلۈك يېرى قايسى ، ئاجىز يېرى قايسى ، ئۇنى بايقاشقا ھېزى بول . ھەرقانداق نەرسىنىڭ كۈچلۈك يېرى ئۇنى غەلىبە قىلدۇرسا ، ئاجىز يېرى ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ . مەسىلەن ، چۈمۈلە دەيلى . چۈمۈلىنىڭ ئاجىز يېرى — دەسسىۋەتسەك ، مىجىۋەتسەك شۇئان ئۆلىدۇ . كۈچلۈك يېرى — ئۇنى قويۇۋەتسەك ھەر يوغان ، ھەتتا ئۆزىدىن يۈز ھەسسە كۈچلۈك نەرسىنى تۈگىتىۋېتەلەيدۇ . مانا شۇنداق . ئىتنىڭ كۈچلۈك يېرى — قورقساڭ چىشلەيدۇ . ھەرقانداق يامان غالجىر ئىتقىمۇ قورقماي ، كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرساڭ ، ئۇقتەك ئېلىپ كەلگەن ئىتمۇ سېنىڭ قورقماي كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغىنىڭنى كۆرسە ساڭا يېقىن كېلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ . ئەگەر ئۇ زادىلا قورقماي ساڭا ئېتىلسا ، قولۇڭغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ ئۇنى تەڭلىسەڭ شۇ نەرسەڭگە ئېتىلىدۇ . ئۇنى ئېگىز كۆتۈرسەڭ ئۇ ئادەمدەك ئىككى پۇتلۇق تىك بولۇپ شۇنىڭغا بوي سوزىدۇ . سول قولۇڭدا ئىت ئېسىلغاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئوڭ قولۇڭدا ئىتنىڭ كانىيىدىن چىڭ بوغۇپلا قوش قوللاپ كانىيىنى سىقىپ كۆتۈرۈپ ، قۇيرۇق چۆرۈگۈچنى چۆرگىلەتكەندەك تۆتنى پىرقىرىتىپ بىر تاشلايدىغان بولساڭ ، بېشى قېيىپ ئىچى سۈرۈپ كېتىپ غىڭشىغانچە دەلدۈگۈنۈپ سەندىن قاچىدۇ . مەغلۇپ بولىدۇ . مانا بۇ ئىتنىڭ ئاجىزلىقى . سەن ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتقىنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەغلۇپ بولدى . سەن غەلىبە قىلدىڭ . تۇرمۇش دېگەن شۇ . سەن ھەر قەدەم ، ھەر تىنىقتا غەلىبە ئىچىدە ياشىساڭ ، باشقىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالمايسەن . مەسىلەن ، ساڭا ھەر قەدەمدە ئۇچراپ ساڭا سالام بەرگەنلىكى ئادەمنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدىشىڭ كېرەك .

ئاغزىڭدا سالاملىشىۋاتقان بىلەن كۆزۈڭ ، پۈتۈن زېھنىڭ شۇ ئادەمنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدەشنىڭ پېيىدا بولۇشى كېرەك . سەن

بىر ئادەم بىلەن سالاملاشتىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى مۇناسىۋەت پەيدا بولدى دېگەن گەپ . سەن سالاملاشقان تىنىقتىن باشلاپ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ ، ئۇنى ئۆزۈڭدىن تۆۋەن ئورۇندا قويۇشنى ئۆگەن . سەن ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئەمەس ، ئۇنىڭدىن ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ سۆزلەشسەڭ ھەربىر ئېغىز سۆزۈڭ ، ھەربىر قەدىمىڭدە سەن ئۈستۈنلۈكتە ، ئۇ پەستە ، سەن غەلىبە ئىچىدە ، ئۇ مەغلۇبىيەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ . مانا بۇ مېنىڭ ياشاش مىزانىم . سەن ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولغاندىكىن ، سەنمۇ مېنى دورىشىڭ كېرەك . سېمىز ئادەم ئۇچرىسا سېمىزلىكى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى . كاللاڭغا سېمىزلىكنىڭ كېسەللىك ئىكەنلىكى ، سېمىز ئادەم كالۋا ، ھۇرۇن ، يەپ تويماس ئىكەنلىكىگە ئائىت نەرسىلەرنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرۈپ ، ئۇنى كەمسىتىشنىڭ ئەپچىل تىل - چارىلىرىنى ئىزدىگەچ تۇرۇپ ، گەپ ئارىسىدا شۇلارنى گەپلىرىڭگە سىڭدۈرۈپ ، سېمىز ئادەمگە بۇ ئۇقۇملارنى سىڭدۈرۈپ ، ئۇنىڭ سەن بىلەن باراۋەر ، دوستانە ھېسسىياتىنى ئۆزىنى كەمسىتىش ، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ بولۇشۇڭ كېرەك . ئورۇق ئادەمنى ھەسەتخور كەنمەن ، ئېگىزنى ئەخمەق ، پاكارنى پىتنىخور كەنمەن ، تاقىرباشنى تازكەنمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈۋېتىشكە ماھىر بولۇشۇڭ كېرەك . ھايات دېگەن كۈرەش دېمەكتۇر . ھەربىر تىنىق ، ھەربىر قەدەمدە كۈرەش قىلىسەن . كۈرەشتە يېڭىلدىڭمۇ سەن مەغلۇبىيەتچى ، خەقتىن پەستە قالغۇچى دېگەن گەپ .

— ئەگەر دەمال بايقىيالمىسامچۇ ؟ !

— بايقايسەن . بىر قاراشتا ، بىر ئېغىز گەپتە بايقايسەن .

— زادىلا بايقىيالمىسامچۇ ؟ — دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىگە بىردىنلا قىزىقىپ قالغان دولقۇن باياتىن بېرىقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىردىنلا ئۇنتۇپ دادىسىغا قىزىقىپ جاۋابىنى سورىدى .

— بۇ سورىغىنىڭ جايىدا بولدى . بەربىر مېنىڭ قىلمىسا

مېنىڭ بالام ـ دە . تومۇرۇڭدا ئېقىۋاتقىنى مېنىڭ قېنىم ـ دە .

— بالاڭنى مۇشۇنداق تەربىيىلەپ ، ئەرشىئەلاغا چىقىرىۋېتىدىغان بولدۇڭلىدە ، شاۋقۇن ھەزرەت .

— مانا بۇ مەن توختىماي سۆزلەۋاتقان ، تەشەببۇس قىلىۋاتقان ساپا مائارىپى دېگەن شۇ . مەن سۆزلىگەن بۇ دەرسلەر مەكتەپ ، سىنىپ ، مۇئەللىم دېگەنلەردە يوق . بالىنى مانا مۇشۇنداق تەربىيەلىسەك بۇنىڭدىن كېيىنكى جاھاندا كۈن ئالالمايدۇ . بىلدىڭلىمۇ قادىخان .

— ئاجايىپ ئەقىللىق ئادەمكەنسىلە شاۋقۇناخۇن جۇما . سىلىنى بۇگەن مەن باشقىدىن كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن . مېنىڭ پونكىت باشلىقى دېسە ، جۆيلۇپ قوپۇپ يالىڭاچ تالاغا چىقىپ كېتىدىغان ئاجىزلىقىمنى ئاللىقاچان بىلىپ ، مېنى مۇشۇنداق ئېشەك ئېتىپ مىنىۋاپسىلە ـ دە . شەيتانكەنسىلە ، شەيتان .

— ئاداش گەپنى گەپ قىلە بۆلمەي . دەرسنى دەرس قىلە . ماشىناڭنى ھەيدىگىنە .

— خوپ باشلىق ، — قادىخان دېمى ئىچىگە چۈشۈپ شۈك بولدى . ئىچىدە مىڭنى تىللىدى . «ما كۆتۈرمىكەش سولامچىنى قايلاڭ . ئەزۋەيلەپ بىر نارەسىدە بالىنىڭ سەبىي قەلبىگە تىرىۋاتقان شۇمبۇيىسىنى قايلاڭ . بالا ئەسلىي پاكىز ، پاك بىر ئادەم . ئۇنى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى تۈلكە قىلىدۇ ، ئالۋاستى قىلىدۇ ، ئوغرى قىلىدۇ ، قىمارۋاز قىلىدۇ ، كەمەك ھەييار ، جىن ـ شەيتان قىلىدۇ دېگەن گەپ راستىكەن ـ دە» دەپ ئىچىدە غۇدۇرىدى .

— ھە بالام قايلا . سەن دېگەندەك گەپ ـ سۆزلىرىدىن ، تۇرقىدىن ئۇۋەن تاپقىلى بولمايدىغان ئادەم ئۇچرايدۇ . ئەمما ، بۇنداق ئادەم ناھايىتى ئاز ، ئوندىن بىرى ۋە ھەتتا يۈزدىن بىرى ئۇچرايدۇ . ئەمما ئۇنىڭمۇ نوختىسى تەييار ، ئورىسى تەييار . ئۇنى بىلىۋېلىشىڭ ئىنتايىن مۇھىم . ئۇنىڭدىن زادى ھېچبىر ئۇۋەن، قۇسۇر تاپالمىساڭ مانداق چېكىپ باقىسەن . ئۇنى كولدۇرلىتىشنى بىلىشىڭ كېرەك . قوينۇڭدا داۋاملىق خەقنى كولدۇرلىتىدىغان

كولدۇرماق تەييار بولسۇن . يانچۇقۇمدا سەندەك نادان ، ئەخمەقتىن مىڭى بار دېگەن غالىبانە پىسخىكا بولسۇن ، ئادەم خالتاڭ تەييار بولسۇن . ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقى — بىرى ، قاتتىق غەزەپلىنىپ ئاچچىقىنى يېگەلمەي يېڭىلىپ قالىدۇ . يەنە بىرى ماختاشقا بەرداشلىق بېرەلمەي خۇدىنى يوقىتىپ يېڭىلىپ قالىدۇ . شۇڭا ھەرقانداق سۇر ـ سالاپەتلىك ئادەمنى ئاۋۋال ماختاپ باقىسەن .

— ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن ، ئەمدى سالاملاشقان ئادەمنى قايلاپ تۇرۇپ قانداق ماختايمەن ؟ !

— ھەببەللى . مۇشۇ سوئالنى سورىشىڭ دەرسىمنىڭ ئىچىگە كىرگىنىڭ ، دەرسىنىڭ ساڭا ھەزىم بولۇۋاتقىنى ، سەندە ئۈمىد بار دېگەن گەپ . دۇنيادا ماختىسا خۇش بولمايدىغان ئادەم يوق . مەسىلەن ، قايلاپلا ناھايىتى ساغلامكەنسىز ، ماۋۇ كاستۇمىڭىز بەك يارىشىپتۇ . بەك سالاپەتلىككەنسىز ، دېگەندەك گەپنى قىلساڭ ئۆچكە يېغىدەك ئېرىمەيدىغان ئادەم ئاساسەن يوق .

— ئامېرىكىلىق كارنىگىنىڭ كىتابىدىمۇ شۇنداقراق بىر گەپ بار ئىدى .

— ۋۇي بۇنى سەن مۇشتەك تۇرۇپ نەدىن بىلدىڭ ؟

— بىز بىر قېتىملىق كۇرژۇك پائالىيىتىدە كارنىگ نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرغان . ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى بەزىلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولسىمۇ ، بەزىلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ . بىز يەنىلا نورمال ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئادەم بولغىنىمىز تۈزۈك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدۇق .

— ۋاي شاۋقۇن ئەپەندى . بالاڭلا سىلىدىن ئەقىللىق ھەم بىلىملىككەن جۇما .

— ۋاي قادىخان مەن سىلىنى ماشىناڭلىنى ھەيدەشنى بىلگىلا دېدىم جۇما . ھەقىچان يەنە پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىغا باراسىلەر .

— ئاھاي ، ئادەم قورقۇتماڭلا . بىر گەپنىڭ ئايىغى چىقىپ بولغۇچە ئادەم قورقۇتۇپلا تۇرىدىكەنسىلە ، نېمە كارىم .

— ھە مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەن . سىلىنىڭ بىز دادا ـ بالىنىڭ گېپىڭگە قوشۇق سېلىشقا سالاھىيىتىڭلار يوق . سىلە يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ يېشىل پاسپورتىنى ئېلىپ گۇمانتارلىق بىلەن ياشايمەن دەيدىكەنسىلە ، خەقنىڭ گېپىگە قوشۇق سالماڭلا ، خەقنىڭ گېپىڭگە قۇلاق سالماڭلا . ئاندىن سىلە ھەقىقىي گۇمانتارلىق پەللىسىگە يەتكەن گۇمانتار ئادەم بولىسىلە . ھە بالام ، نېمە دەۋاتاتتۇق . راست ، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن سىنىپتا ، چوڭ يىغىن ـ سورۇنلاردا ئەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك ۋەدىلەر ، جاراڭلىق چاقىرىقلارنى ئالدىدا مۇشت كۆتۈرۈپ توۋلايسەن . ئەمما ، ئاشۇ شوئارنى ئاغزىڭدا توۋلاۋاتقاندا ، كۆڭلۈڭدە ھە سىلەرنى ئاۋۇ تۇيۇق يولغا سەپ قويدۇم . سىلە شۇ يەرگە كېتىشىۋېرىڭلار . مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىمغا پۇختا بولاي . ئۆزۈمنىڭ غېمىنى قىلاي دەپ ساۋاقداشلىرىڭ ، ھەم دوستلىرىڭنى كولدۇرلىتىۋېتىپ ، جېنىڭ ئارام تاپىدىغان نېنى يۇمشاق تەرەپكە ماڭ . مەنپەئەت نەدە بولسا ، جان نەدە ، نېمىدە ئارام تاپسا شۇ ياققا غىپپىدە ماڭ... بولمىسا سەنمۇ باشقىلارنىڭ كولدىرلىتىدىغان ئەرمىكىگە ئايلىنىپ قالىسەن .

— ئەللامە مۇخبىر ئەپەندى . ئالدىمىزدا كېيىك توپى كۆرۈندى . گېپىڭلىنى توختىتىپ ئىشنىڭ ئېپىنى قىلامسىلە يا ؟ ئاپلا مۇشۇ ئاغزىمنى مەن بىر قوتا ھارۋىكەش بولغاندىكىن ، ھارۋامنى ھەيدەشنى بىلمەي ، ماۋۇ دانىشمەن كىشىنىڭ گېپىگە نېمە دەپ قۇلاق سالىمەن ، قوشۇق سالىمەن دەيمەن .

— قېنى ، قېنى نەدە كۆرۈندى ؟

— سىلىگە خۇدايىم ۋالاقلايدىغان ئېغىزلام بەرمىگەندىكىن ، مەرگەننىڭ كۆزى بولغاندىكىن ، قايىلمامسىلە .

— ھە راست ، راست ، قايىلا بالام دولقۇن ، كۆردۈڭمۇ ؟ قايىلا ئاۋۇ ساناقسىز يۇلتۇزلارغا ، كۆردۈڭمۇ ؟ يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك پاقىرىغاننى كۆردۈڭمۇ ؟

— ھەئە كۆردۈم . ئۇنى يۇلتۇز دېگەندىن كۆرە چىراغ دېگەن

تۇزۇككەنغۇ . يۇلتۇز دېگەن جايىدا جىم تۇرۇپ پارقىرايدۇ . ئۇلار ساناقسىز چىراغلار ئۇياق ـ بۇياققا يۇگۇرۇپ يۇرگەندەك كۆرۈنىدىكەنغۇ . بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا مەھەللىدە ئايدىڭدا بالىلار بىلەن ئاق ياغاچ ئويۇن ئوينىغاندا ھەممىمىزنىڭ قولىدا بىردىن قولچىراغ ، ئاق ياغاچنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە يۇگۇرۇيتتۇق . بۇ ساناقسىز قولچىراغلارنى كۆرۈپ ، شۇ بالا چاغلىرىمدىكى قاراڭغۇ كېچىدە قولچىراغ كۆتۈرۈپ ، ئېتىزلىقمۇئېتىزلىق ، دۆڭمۇدۆڭ چاپقان چاغلىرىم ئېسىمگە كەلدى .

— ھەببەللى ، مانا ئەمدى بۇگۇنكى ساڭا بېرىدىغان دەرسىمنىڭ نەخ جەۋھىرى گۇمانتارلىق كۆلىمىناتسىيىسىگە كەلدۇق . قايلا ئاشۇ ساڭا قولچىراغدەك يورۇپ كۆرۈنگەنلەر ئەمەلىيەتتە قولچىراغ ئەمەس ، جەرەن ، كېيىك ، بۆكەن ، بۇغىلارنىڭ كۆزى . بۇ جانىۋارلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى كېچىسى كۆزىنىڭ يورۇيدىغانلىقى . ئۇنىڭ ئاشۇ يورۇپ تۇرغان كۆزى ئوۋچى ـ مەرگەنلەرنىڭ قارىغا ئالىدىغان نىشانى . مەسىلەن ، مەرگەن دادىڭ ئاشۇ يورۇپ تۇرغان قولچىراغنى ئوبدان چەنلەپ ، چىنەپ تۇرۇپ بىرنى ئاتسا ، بىر كېيىك ياكى بىر بۆكەننى ئوۋلىدى دېگەن گەپ .

— ئەمىسە ئۇلار كۆزىنى يۇمۇپ يېتىۋالسا ، كېچىدە ئۇخلىسا بولىدىكەنغۇ ؟ !

— ھەي بالىدە بالا ، سەن دېگەندەك ئەسلىدە ئۇلار كېچىدە ئۇخلايدۇ . ئەمما ، ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچىدۇ . ئېچىپلا ئوۋچىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدۇ . مانا ئاجىزلىق ئۈستىگە ئاجىزلىق .

— دادا ، ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئوۋلاش ـ ئۆلتۈرۈش بەكمۇ ۋەھشىلىككەن . ئادەم بۇنچە ـ ۋالا ۋەھشىي بولۇپ كەتسە ، ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈن بۇنداق ۋەھشىيلىك قىلسا ، بۇ نامەردلىك بولىدۇ . ئادالەتسىزلىك ، قاتىللىق بولىدۇ .

— ئاتا ـ بوۋىمىز ياۋاشنى بوزەك قىلماسلىق قىيامەتتە سورىقى

بولىدۇ دەيدۇ. تەبىئەتنىڭ گۇمانتارلىق ئاناسىرى شۇنداق.

— بۇ مېنىڭچە خاتا، قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق پەلسەپىسىكەن. ئەگەر ھەقىقىي ئەركەكلەرچە ئۆلسەڭ، مەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدا ئەمەس، كۈچلۈكلۈكىدە ئۆلسەڭ بولىدۇ. بولمىسا كېسەل ياتقان ئادەمنى ساق ئادەم ئۇرغاندەك بولمامدۇ؟

— ھەببەللى. مانا مەن دەيدىغان گەپنى سەن دېدىڭ. مېنىڭ نېمىشقا سېنى كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىسەن، چوقۇم دوختۇرلۇقتا ئوقۇيسەن، دوختۇر بولىسەن دېگەن گېپىمنىڭ جاۋابى مانا ئەمدى چىقىدۇ. بىلەمسەن، مەن سېنى نېمىشقا دوختۇرلۇقتا ئوقۇيسەن، دوختۇر بولىسەن دەپ مەجبۇرلاۋاتىمەن. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇ يەردىكى، بىز بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، سەن دوختۇر ئورۇندۇقىدا ئولتۇرساڭ كېسەل ئالدىڭغا كېلىدۇ. كېسەل دېمەك ئاجىز. بىر ئاجىز سېنىڭ ئالدىڭغا كەلدىما، سەن غالىپ. ئۇ تەبىئىي مەغلۇپ. مانا مۇشۇ كېيىكلەر مېنى ئاتساڭ مەن تەييار دەپ ئالدىڭغا ئۆزلىرى كەلگەندەك ئىش. ئۇنى ئاتامسەن، ئوينامسەن، چالامسەن، كولدۇر قاپىقىڭغا سېلىپ ھاردۇقۇڭ چىققۇچە، ئىچ پۇشۇقۇڭ چىققۇچە كولدۇرلاتساڭ بولىدۇ. يات دېسەڭ ياتىدۇ، قارىنىڭنى يارىمەن دېسەڭ خۇش بولۇپ ياتىدۇ. ئۇنى تىرىلدۇرسەڭمۇ، ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ بولىدۇ.

— ئاجىزنى مانداق بوزەك قىلسا ئۇنىڭمۇ سورىقى بولار.

— پالتا چۈشكۈچە كۆتەك دەم يەپتۇ دېگەن گەپ بار. بۇ پالتا چۈشمەيدۇ، بۇنداق سوراق بولمايدۇ. بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن شۇنداق. جاھاندا مەندەك ياشاش يولىنى تونۇغانلار ناھايىتى كۆپ. پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشمەن دەيدىكەنسەن ئالدىڭدىكى توسۇقلارنى ئۆرۈشۈڭ، ھەر ئىشتا ئۆزۈڭگە قولايلىق يارىتىمەن دەيدىكەنسەن ۋاستە تاللىماي مېڭىشىڭ، پەنتلىك، پاراسەتلىك بولۇشۇڭ كېرەك.

— بۇ بىر يىرگىنچلىك ئىدىيىكەن .

— بالام بۇ ئىدىيە ئەمەس ، ئەمەلىيەت . ساڭا يىرگىنچلىك ئاڭلانغىنى بىلەن ، جاھاننىڭ رەپتارى ، پەلەكنىڭ گەردىشى شۇ جاھان شۇ ئوقتا ئايلىنىۋاتىدۇ . سەن يىرگەنگەن بىلەن بۇ ئىشنى قىلمىساڭ ياشىيالمايسەن . جېنىڭنى جان ئېتەلمەيسەن . نېنىڭنى تېپىپ يېيەلمەيسەن . قايلا ئاۋۇ جانىۋارنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئاجىزلىقى مانا ماشىنىنىڭ چىرىغىغا ئۇدۇل كېلىپ قالدىمۇ ئۇنىڭ كۆزى ھېچنىمىنى كۆرمەيدۇ . ماشىنىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقى نەگە چۈشسە شۇنىلا كۆرىدۇ . سەن يېنىغا كەلسەڭمۇ سېنى كۆرەلمەيدۇ . ئۇلار ماشىنىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقى چۈشكەنلا يەرگە قاچىدۇ ، باشقا يەرگە قاچمايدۇ . بۇ ئۇنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى . بىز قوغلايمىز ، ئۇ ماشىنىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقى چۈشكەنلا يەرگە قاچىدۇ . قېچىپ ، قېچىپ ھارىدۇ . ئاخىر ھاردۇق يېتىپ ماڭغۇدەك ھالى قالماي تۇرۇپ قالىدۇ ياكى يىقىلىدۇ . مانا شۇ چاغدا بىز ئوبدان چېنەپ ئاتىمىز .

— ئۇچىغا چىققان ۋەھشىيانە ئوۋچىلىقكەن بۇ . بۇنداقمۇ ھەددىدىن ئاشقان نامەرد ئوۋچىلىق بولامدۇ ؟ بۇنچىۋالا شەرمەندە ، زالىملىقنى قانداقمۇ كۆڭۈل كۆتۈرىدۇ ؟

— كۆڭۈل كۆتۈرمىگەننى جاھان كۆتۈرىدۇ .

— مەن ئاڭلاپ چىدىمىدىم . دادا بۇ ئوۋچىلىقنى تاشلاڭ . دۆلەتنىڭ ئوۋچىلىقنى چەكلىگىنى ئاشۇ بىچارە ئاجىزلارنى قوغداشتىكى ھەققانىي قانۇنىكەن . بۇنداق رەزىللىك بىلەن تولغان ئوۋچىلىق قۇرۇسۇن .

— ياق ، بۇ دىگەن خۇمار . ئوۋچىلىقنىڭ ، مەرگەنلىكنىڭ خۇمارى . مەن ئەركەك دىگەن ئادەم ئوۋچىلىق ئارقىلىق ئۆزىنى تاۋلىمايدىكەن ، ئەركەك بولالمايدۇ .

— بۇنداق ئەركەكلىك ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئەركەكلىك ئەمەس ، نامەردلىككە تەۋە . ھەقىقىي ئەركەكلىك ئاجىزنى بوزەك قىلماسلىق ، كۈچلۈكتىن قورقماسلىق . ھە ، ئەسلىدە سىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

دائىم ئانامنى بوزەك قىلىشىڭىز مۇشۇ ئوۋچىلىقتىن كەلگەنىكەن ـ دە ، ئانام بىچارە ھازىر ئاشۇ كېپىكتەك ھالەتتە قالدى .

— مانداق يۇمشاق كۆڭۈل ، خېنىم تەبىئەت بولساڭ داداڭنىڭ ئوغلى بولالمايسەن . مانا قايلا .

مۇخبىر شۇنداق دەپلا ماشىنىنىڭ ئالدىدا قېچىپ ھېرىپ ھالى قالمىغان بىر كېپىكنى «پاڭ» قىلىپ ئاتتى . كېپىك ئايانچلىق مەرەپ يىقىلدى . قالغانلىرى ھارغىنىغا قارىماي قاچتى ، ماشىنا قوغلىدى .

— مەن قالىمەن . ئاشۇ كېپىكنىڭ يېنىدا قالىمەن .

— بوپتۇ ، توختاڭ ئۇستام ، ئۇ كېپىكنىڭ قانداق قىينىلىپ جان بېرىۋاتقىنىنى كۆرسۇن . كۆزى پىشىدۇ ، يۈرىكى پىشىدۇ ، يۈرىكى قاتىدۇ . مانا بۇ ئوۋچىلىقنىڭ تۇنجى قەدىمى .

— ياق ، ياق… مەن ھەرگىز ، ھەرگىز ئۆلسەممۇ ئوۋچى بولمايمەن .

— ياق . مەن سېنى ئۇستا ئوۋچى ، يېتۇك مەرگەن قىلىپ چىقىمەن . ئوغلۇم ئىزىمنى باسمىسا مەن ئوغۇل تاپقان ، ئوغۇل باققان ، ئوغۇل قاتارغا قوشقان بولمايمەن .

— ھەرگىز ، ھەرگىز ئوۋچى بولمايمەن .

— بولىسەن .

— مېنى مۇشۇ كېپىكنى ئاتقاندەك ئېتىۋەتسىڭىزمۇ ئوۋچى ، مەرگەن بولمايمەن .

— ئەگەر بولمىساڭ ، مەنمۇ سېنى ئوغلۇم بار دەپ ھېسابلىمايمەن . سەندەك ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسمىغان ئوغۇلنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى .

— ھاي ، ئانداق دەپ كەتمىسىلە مۇخبىر ئەپەندىم ، ئاغزىلىرىدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن يەنە !

— ئىشىڭنى قىل ، ماشىناڭنى ھەيدە زەنىمنى دوڭغايتماي .

بالا جان تالىشىۋاتقان كېپىكنىڭ يېنىدا قالدى . ئۇلار قاچقان كېپىكلەرنى قوغلاپ ، ماشىنىدا قۇملۇق ئىچكىرىسىگە كىرىپ

كەتتى . بالا قولچىرىغىنى كېپىككە ياقتى . ئۇ كېپىكنىڭ بوينىغا تەگكەن بولۇپ ، كېپىك دۈم چۈشكەن ، ئاھۇ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ قۇمغا سىڭمەكتە . ئۇنىڭ كۆزلىرى تىنىق بولاق كۆزلىرىدەك ئوچۇق ئىدى . قانلار تۇمشۇقلىرىغا بۇلدۇقلاپ چۈشۈۋاتقان ، قوش بىلـــەن لاي بـولۇپ كىرىلگەن بۇرۇن تۆشۈكلىرى لاي بولۇپ تـوسۇلغانىدى . پۇتلىرى ، دۈمبىلىرى ، قوۋۇرغىلىرى توختىماي دىر ـ دىر تىترىمەكتە ئىدى . دولقۇن ئاستا زوڭ ئولتۇرۇپ ، كېپىكنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ ، تۇمشۇقىدىكى لاي بولغان قـانـلارنـى سۈرتتى . قاننىڭ ھىدى كۆڭلىنى ئاينىتتى . كېپىك بىرقانچىنى تىرتاڭلاپ جان بەردى .

«نېماندااق ئادالەتسىز ئىش بۇ ؟ ئېھ خۇدا ، ھېساباتى ، سورىقى يوق ، مۇشۇنداق كېتتۈېرىدىغان ئىشمۇ بۇ ؟ ئەقلىمگە كەلسەم دادام ئوۋچىلىقتا چىقىدىكەن . ئۆيىمىزدىن ئوۋ گۆشلىرى ئۆكسۈمەيتتى . مانا مەن ئوۋ گۆشى يەپلا چوڭ بولدۇم دېسەم بولىدۇ . مەن دادامنى ئـاجايىپ يامان ئوۋچى ، كۆزىگە ئىلىناشقان نەرسىنى سوقىدىغان مەرگەن ، بىزنى ئوۋ گۆشى ، قارا گۆش بىلەنلا باقىدۇ ، شۇنداق بـېـقـىـپ چـوڭ قـىـلـغان دەپ دوستلىرىمغا ، ساۋاقداشلىرىمغا پـەخــرلـىـنـىـپ ماختاپ كەپتىكەنمەن . ئەسلىي دادام ئاجىزنى ، ياۋاشنى ئوۋلايدىغان ، ئۆلتۈرىدىغان نامەرد ، نەپسى ئوچۇن پۈتۈن جاھاننى قۇربانلىق قىلىۋېتىدىغان رەزىل ئوۋچىكەن ئەمەسمۇ . مەن نېمانچە يىرگىنچلىك ئادەمنىڭ ئوغلى بولۇپ قالغاندىمەن ؟ دادام ئـوتـتـۇز يىلدىن بېرى مۇشۇنداق ياشاپ كەپتۇ . ئادەملەرنىڭمۇ ، ھايـۋانلارنىڭمۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ياشاپ كەپتۇ . بۇ بىر قورقۇنچلۇق ياشاش ئۇسۇلىكەن . مەن دادامدىن نەپرەتلىنىمەن . ئۇنىڭ قانداق دادا بولۇش كېرەك ، قانداق ئانا بولۇش كېرەك دەپ ۋالاقلاشلىرى ، مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈنما ؟ »

جاھاننى چەكسىز قاراڭغۇلۇق باستى . يىراق ئاسماندىكى كۆز قىسىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلاردىن باشقا يورۇقتىن ئەسەر يوق . دولقۇن دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى . يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئانىسىنىڭ

ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ قالغان سىيماسىنى كۆرگەندەك، ئۇستىدىكى غايەت زور قاراڭغۇ ئۆگزىدە، غايەت زور تۆمۈر پەنجىرە پەيدا بولۇپ ئانىسى شۇ تۆمۈر پەنجىرىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن تەلمۈرۈپ، چەكسىز قاراڭغۇ زىنداندا قالغان ئوغلىغا ئىنتىلىپ چاقىرغاندەك بولدى. دولقۇنىنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىرىۋالدى. ئاۋۇ قاغجىراپ ھەر خىل شەكىلگە كىرىپ قالغان توغراقلاردىن جىن ـ شاياتۇنلار چىقىپ كېلىپ، ئۇنى بوغۇپلا ئەكېتىدىغاندەك تۇيغۇ بىلەن ئۇنى سوغۇق تەر بېسىپ، پۇت ـ قوللىرى توختىماي دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى. ئۆلگەن كېيىك تىرىلىپ قوپۇپ ئۇنىڭ كانىيىدىن ئالىدىغاندەك سۇر بېسىپ سەكرەپ قوپۇپ قاچتى. ئۇ ماشىنا كەتكەن تەرەپكە قاچتى. ئۆلگەن كېيىك، جىن ـ شاياتۇن، ئۆلگەن توغراقلار كەينىدىن قوغلاۋاتقاندەك بەدەر قاچتى. ئېشقىلىپ، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر شەپە تاپان بېسىپ قوغلاۋاتقاندەك ئىدى. قېچىۋېتىپ قولچىراغنى كەينىگە تۇتۇۋىدى، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئەمما، ئالدىغا قاراپ قاچسا كەينىدىن بىر شەپە قوغلايتتى. قولچىراغنى ئالدىغا يورۇتۇپ قاچتى، قاچتى، ۋارقىراي دېسە ئۇنى چىقمىدى.

ئەمدى دولقۇن قۇملۇقتا قېچىپ تۇرسۇن، گەپنى كېيىك قوغلاپ كەتكەن ماشىنىغا يۆتكەيمىز. ماشىنا بىر توپ كېيىكنى قوغلاپ ماڭدى. كېيىكلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. ماشىنىمۇ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قوغلىدى. قوغلاپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئۆگزىدىن سەكرىگەن ئۈۋچىنىڭ ئىتىدەك ماشىنا شۇنداق بىر ھاڭغا چۈشتىكى، ئون گەز ئېگىز قۇم چوققىدىن بىر ئازگاللغا چۈشۈپلا گۈپ قىلىپ ماتور ئۆچتى. قاتتىق چۈشكەنلىكتىن ماشىنا بىر غېرىچ سەكرىگەندەك بولۇپ يەنە يۇملاپ كەتتى. قانچىنى يۇملاپ توختىغاننى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. بىر چاغدا ماشىنىنىڭ چاقى ئاسمانغا بولۇپ توختىدى.

— قادىخان، ھوي ئۇستام قادىخان!

شوپۇردىن سادا چىقمىدى. مۇخبىر ئەمدى ھەممە يېرىنى

مىدىرلىتىپ باقتى. قوزۇققا ئولتۇرۇپ قالغاندەك، قوزۇق ئىچىنى قوچۇۋاتقاندەك ئىچ ـ باغرى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئىنجىقلاپ، ۋايجانلاپ يۈزلىرىنى سىلاپ، پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ باقتى، ساق. قوۋۇرغىسى سۇنغاندەك سېزىم بولۇپ سول تەرىپى قاتتىق ئاغرىدى. شۇنچە چۈشۈپ يۇمىلاپمۇ مىلتىق قولىدىن چۈشۈپ كەتمەپتۇ. بېشى يېرىلىپ ئاققان قان يۈزىگە ئىسسىق ئۇرۇلدى. ئۇ «ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، ئۇستام ئۆلگەن ئوخشايدۇ. ئەمما، مەن ساق قاپتىمەن. شوپۇر ئۆلۈپ مېنىڭ ساق قالغىنىم، خۇداغا شۈكۈر. بۇنداق ھاياتتا قىممەت يارىتالماي زېمىنغا يۈك بولغان ئادەملەرنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى. ئۇ ھايات قالسا قانچىلىك قىممەت يارىتالايتتى. مەسىلەن، ئۆلمىگەن، بىرەر يېرى سۇنغان، كېسەل، پالەچ بولۇپ قالغان بولسا، يۈزمىڭ، ئىككى يۈزمىڭ، ئۈچ يۈزمىڭ كېتەتتى. ئۇھ خۇداغا شۈكۈر. ئۇ ئۆلمەي قالسا بۇ تىرىكى ئون تىيىن، ئۆلۈكى بىر تىيىنغا ئەرزىيدىغان شوپۇرنى داۋالىتىمەن دەپ خانىۋەيران بولمامدىمەن. ساقايمىغان كېسەللىنىڭ بىرمۇنچە پۇلنى زايە قىلغىنىدىن مۇشۇنداق تىن تارتماي ئۆلگىنى ياخشى. بىر شوپۇر ئۆلگەنگە جاھاندا شوپۇر كەملەپ قالامتى؟ كىم ئۇنى مۇشۇنداق ماشىنا ھەيدىسۇن دەپتۇ؟ ئىسىت، ما بىر ئوبدان كورىيىنىڭ ماشىنىسى قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ پونكىت باشلىقىغا نېمە دەرمەن؟ قانچە پۇل بىلەن ئۆرە بولا؟ ھە بوپتۇ، مەن ساق قالغاندىكىن. ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ پونكىت باشلىقىنى ئېلىپ تۇرۇپ مۇشكۇلاتتىن ئۆتۈۋالىمەن. ھە راست، بالامنى... تېپىۋالاي، قاراڭغۇدا كىچىك بالا يالغۇز چۆلدە قورقۇپ كېتىدۇ.

«مەرگەن» مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چېقىپ ئۆمىلەپ ئىنجىقلاپ چىقتى. ئىچىگە چۈشكەن يارا بوش ئەمەستى، ئۆمىلەپ چىقىپ بىر ئۆرە بولۇپ تۇرالماي، يىقىلىپ چۈشتى. بىردەم ئۆزىنى تىڭشاپ يېتىپ ئوغلىدىن ئەنسىرەپ ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە، قۇملۇقنىڭ چوققىسىدا

بىرمۇنچە چىراغلار يورۇپ مىدىرلاشقا باشلىدى. «هۇ ئۆلگۈرلەر، سەنلەر مېنىڭ تاماشايىمنى كۆرگىلى تۇرۇشتۇڭمۇ؟ سەنلەرنى تۇتىمەن دەپ بولغان خاپىلىق مۇشۇ. سىلەرنى تاماشا كۆرۈشكە كىم قويدى؟ سەنلەر تېخى مېنىڭ مۇشۇ رەسۋا هالىمنى كۆرمەكچىمۇ؟» مەرگەن جان ئاچچىقىدا دۈم يېتىپ مىلتىقنى بەتلەپ قارىغا ئالدى. «قايسىسىنى ئاتاي، بىرسىنى ئاتسام قالغانلار قېچىپ كېتىدۇ» دەپ تۇرغاندا، بىر چىراغ ئاستا پەسلەپ، گويا يېقىن بىرىنىڭ كۆرەي دېگەندەك ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. «هىم، سەن تېخى مېنى يېقىندىن كۆرمەكچىمۇ؟ بېشىمدىكى قانلىرىمنى يۇراپ، قوپالماي ياتقىنىمنى تاماشا قىلماقچىمۇ؟ مېنى زاڭلىق قىلماقچىمۇ؟» مەرگەننىڭ جان ئاچچىقى مېڭىسىگە تېپىپ تەپكىنى باستى. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن كېلىشۋاتقان، ئېگىزدە كۆرۈنۈۋاتقان ساناقسىز چىراغلار غايىب بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇۋچى هوشىدىن كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئاللىقاچان يورۇق چۈشكەن بولۇپ، بىر بەدرەڭ ئادەم يېنىدا گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆزىگە بىر تەتۈر جۇۋا يېپىقلىق تۇرۇپتۇ.

— هە... هوشۇڭغا كەلدىڭمۇ هوي، — دەپ سارغىيىپ، سېمىز كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى.

— ئاكا... ئاكا... ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— مېنى قاراڭغۇ تاغلىقلار قۇنەك باخشى دەيدۇ. قاراڭغۇ توغراقلىقلار قۇنەك رەۋەندە دەيدۇ. قۇمچى، جاڭگالچى، قاراڭغۇ تاغدىكىلەر ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلىشقا ئامراق. مەن بىرلىرىگە ئىسسىتقۇ ئوقۇپ يار يېلىمىدەك چاپلاشتۇرۇۋېتىمەن. بىرلىرىگە سوۋۇتقۇ قىلىپ بىر - بىرىدىن ئاجرىتىۋېتىمەن. بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىۋېتىمەن. مېنىڭ ئوقۇغان سېھرى - ئەپسۇنۇمدا قان چېچىشىپ دۈشمەنلىشىدۇ، شىلىمدەك يەملىشىپ كېتىشىدۇ. قاراڭغۇ تاغلىقلار مېنى هاي قۇنەك باخشىم دېسە، قۇنەك باخشىم دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. ماۋۇ قۇملۇقتىكىلەر، قاراڭغۇ

توغراقلىقلار مېنى قۇنەك رەۋەندە دەپ چوڭ بىلىنىدۇ. سەۋەبى مەن ئۆمۈر بويى ئوتتۇز - قىرىق ئېشەكنى بىر ئاۋۋال قىلىۋېلىپ رەۋەندىلىك قىلىمەن.

— رەۋەندىلىك دېگەن نىمە؟

— ئېشەكلەرگە ئۇن، گۈرۈچ، ياغ ئارتىپ، مۇشۇ قۇملۇق چۆللۈكتىكى ئارىلىقى بىر كۈنلۈك، نەچچە كۈنلۈك توغراقلار ئارىسىدا ياشايدىغان پادىچىلار، جاڭگالچىلار، قۇمچىلارغا نىمە لازىم بولسا شۇنى بېرىپ، تېرە، يۇڭغا تېگىشىپ، ئۇ نىمىلەرنى ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىغان ئادەمنى رەۋەندە دەيمىز. يېقى زاماندا ماۋۇ شەيتانچاقتا مىنىپ چوڭ بولغان سەندەك مەزلۇم چىراي ئادەملەر بىلمەيسىلەر - دە، — قۇنەك باخشى شۇنداق دەپ، چىلىمنى خورۇلدىتىپ تارتتى. نەشىدىكى مەززىلىك كەندىر ھىدى دىماققا ئۇرۇلدى.

— بۇ جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاق كېچىدە يوق بار دەپ كەلگەن بولغىيمىدىڭ؟ ئاۋۇ شەيتانچاقىڭنى چاغلاپ قوغلىساڭ بولمامدۇ قوڭالتاقلار؟ ماشىناڭنىڭ ئىچىدە بىرى ئۆلۈپتۇ. تېشىدا بىر نارەسىدە بالىنىڭ ئۆلۈكى تۇرىدۇ. ئاۋۇ شوپۇرنىڭ بېشى چۈۋۈلۈپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئاۋۇ بالا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلىغاندەك چىرايلىق ياتىدۇ. ھېچ يېرى ھېچنېمە بولماپتۇ. پېشانىسىدە نەق قاڭشىرىدا بىر ئوقنىڭ تۆشۈك ئىزى تۇرىدۇ...

— ھە... نىمە... ۋاي ئوغلۇم... ئوغلۇم.

مەرگەن ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، چىرايلىق ئۇخلىغاندەك ياتقان دولقۇننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى.

— ۋاي جېنىم ئوغلۇم! ۋاي بارلىقىم ئوغلۇم! ۋاي بايلىقىم ئوغلۇم! ئابرۇيۇم ئوغلۇم! شان - شەرىپىم ئوغلۇم! بايلىق، ياق بارلىقىم ئوغلۇم! ئىززىتىم ئوغلۇم!... مەن... سېنى ئاتقۇچە سەن مېنى ئاتساڭچۇ ئوغلۇم! مەن سېنى كىيىكمىكىن دەپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ ئوغلۇم...

— ھەي... ھەي... قوپە، خوتۇن خەقتەك كەچكىچە قوشاق قوشۇپ ھازا ئىچىپ يىغلىماي قوپە. بۇ قۇملۇقتا كەچكىچە يىغلىغان بىلەن مىيىت سىسىپ كېتىدۇ. ھەقىچان بۇلارنى بۇ يەرگە كۆممەيسەن. ھېلىقى تېلېفونۇڭ بولسا ئۇر، بولمىسا ماڭ...

مەرگەن ھۆكرەپ يىغلاپ تۇرۇپ يانچۇقىدىن قول تېلېفونىنى چىقىرىپ باستى. سىگنال يوق. تېلېفون ئىشلىمىدى. مەرگەن تېلېفونىنى تۇكۇرۇپ چۆرۈۋەتتى.

— زۇۋانىدارىڭمۇ كارغا كەلمىگەن بولسا، مەن ساڭا ئۇچ ئىشەك بېرەي. بىرىگە ئۆزۈڭ مىن، ئىككىسىگە مېيىتلارنى ئارتىپ كەلگەن يېرىڭگە كەت. بۇ يەردە بىردەم ئۇزۇن تۇرساڭ ئۆلۈكلەر سېسىپ ئېقىپ، ئەكەتكىلى بولمايدۇ. قۇملۇقتا كۆممەي ئامال يوق. ئانداق قىلساڭ بولماس ھەقىچان. ساڭا ياۋاش مادا ئىشەكلەردىن كۈچلۈك، قاۋۇللىرىنى تاللاپ بېرەي. ئاۋۇ قارا مادا ئىشەك، قۇمۇلدىن ئالغاننى ئال. ئاۋۇ كۆك مادا غۇلجىنىڭ، ماۋۇ بوز مادىنى كورلىدىن ئالغان. سەن مۇشۇ ئۇچ ئىشەكلىك يۇكۇڭنى ئېلىپ ئىلدام ماڭ. ئادەم سېسىسا بەك چاتاق. جاھاندىكى ھەممە سېسىقنى ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنىڭ سېسىغى بېسىپ كېتىدۇ، — رەۋەندە شۇنداق دەپ جەسەتلەرنى بىردىن ئىشەككە ئارتىپ، باغلاپ مەرگەننى بىر ئىشەككە مىندۈرۈپ تەرەپنى بەلگىلەپ يولغا سالدى.

— مەن ئاپىرىپ قوياي دېسەم، قىرىق ئىشەكتىكى كۆكتات، مېۋە - چېۋە سېسىپ كېتىدۇ. شۇڭا مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي، سەنمۇ يولۇڭغا ماڭ. ماۋۇ ئۇچ ئىشەكنى ئىنسابىڭ بولسا بېرەرسەن، بولمىسا خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت. جاھاندا كىشىنىڭ بېشىغا بۇنىڭدىن ئېغىر كۈن كەلمەيدۇ. مېنىڭمۇ ھەقىچان ئالتە - بەش كۈندە ئۆلۈكۈم مۇشۇ چۆلدە قالىدۇ. بۈگۈن مەن سېنى بۇ ئۆلۈكى چۆلدە قېلىشتىن قۇتقۇزسام، ماڭىمۇ خۇدايىم بىر سېخىينى ئەۋەتىپ ئۆلۈكۈم چۆلدە قالماس. ماڭە، خىخە قوتۇرلار.

مەرگەندىن زۇۋان چىقمىدى. ئۇ ئاۋۇ ئۆلۈكلەردىنمۇ بەك ئۆلگەندەك جانسىز بولۇپ قالغانىدى. ئىشەكلەر زور ئىشەك

كارۋىنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ھەمراھلىرىغا چىدىمىغاندەك بىر ئۈن يېتىم يەرگە بېرىپ ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ھاڭراپ كەتتى. يىراقلاپ كېتىۋاتقان رەۋەندىنىڭ ئېشەك كارۋىنىدىكى ئېشەكلەرمۇ خۇشلاشقاندەك ھاڭراپ كېتىشتى.

«مەيلى ھاڭراڭلار، قانداق ھاڭرىساڭلار ھاڭراڭلار. جېنىمغا ئەسقاتقان ئېشەكلىرىم. سىلەرنىڭ ھاڭرىشىڭلار ھازىر ماڭا ھەرقانداق ئېسىل نەغمە ـ ناۋادىنمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ. سىلەر جېنىمغا ئەسقېتىپ، دۇنيادىكى بېشى كۆككە تاقاشقان ئادەمدىنمۇ، ھەتتا ئانامدىنمۇ، دادامدىنمۇ ئۇلۇغ بىلىنىۋاتىسىلەر. تۇغسىلا ئانىمۇ، تاپسىلا دادىمۇ؟ ئۇلار ھازىر ماڭا سىلەرچىلىكمۇ ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا، مەن سىلەرنى ئۇلۇغلايمەن» دەپ ھەسرەت بىلەن نىدا قىلدى مەرگەن.

2007 ـ يىل 5 ـ ئاي



[General Information]
书名=胆怯的爱  维吾尔文
SS号=40250831